
ئورخان پامۇك (تۈركىيە)

# يېڭى ھايات



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئورخان پاموك (تۈركىيە)

يېڭى ھايات

مىللەتلەر نەشرىياتى




ISBN 978-7-105-09189-8

9 787105 091898 >

定价:20.00元

# ئورخان پامۇكنىڭ بېغىشلىمىسى

Mayıs 2008

Çin Halk Cumhuriyeti'nin Milletler Yayınları'nın Benim Adım Kırmızı'yı uygurcaya çevrilmesine özel olarak çok sevindim. Uygur okurunun beni ana dilinden okuması benim için büyük bir şeref ve sevinç kaynağı oldu. Uygur okuruna sevgilerimi, saygılarımı sunuyor, kitaplarımı seveceklerini umuyorum. İnşallah, Kara Kitap'ı, Yeni Hayat'ı, Kar'ı, İstanbul'u da uygurca okurlar..

Orhan Pamuk

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلماقچى بولغانلىقىدىن ئالاھىدە سۆيۈندۈم. ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسەرلىرىمنى ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇشى مەن ئۈچۈن بۈيۈك بىر شەرەپ ۋە كىشىنى تولىمۇ خۇرسەن قىلىدىغان ئىش. ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە سۆيگۈلىرىمنى، ھۆرمىتىمنى سۇنۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىمنى سۆيۈپ ئوقۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىنشائاللا، ئۇلارغا «قارا كىتاب»، «يېڭى ھايات»، «قار»، «ئىستانبۇل» نىمۇ ئۇيغۇرچە ئوقۇش نېسىپ بولار.

ئورخان پامۇك

2008 ـ يىل ماي


ئورخان پامۇك (تۈركىيە)

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەنۋەر مۇھەممەت

# يېڭى ھايات

(رومان)

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ



ئاپتور ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە بېغىشلىما يېزىپ بېرىۋاتىدۇ

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# «يېڭى ھايات» رومانى ھەققىدە:

*"بىر كۈنى بىر كىتاب ئوقۇدۇم، شۇنىڭدىن باشلاپ پۈتۈن ھاياتىم ئۆزگەردى."*

*ئورخان پامۇكنىڭ جۇشقۇن، لىرىك ۋە سېھىرلىك رومانى «يېڭى ھايات» مۇشۇ جۈملە بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇ ئوقۇغان كىتابىدىن زىلزىلىگە كېلىپ ئۈنىڭغا ئەسىر بولغان، كىتاب بەتلىرىدىن ھەر دەم چېچىلغان نۇرغا پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان ۋە كىتابتا تەسۋىرلەنگەن يېڭى ھاياتنى قوغلاشقان بىر قەھرىماننىڭ ئاجايىپ ھېكايىسىدۇر. ئۇ كىتابنىڭ سېھرىي كۈچىگە سەۋدايىلارچە بېرىلىدۇ، بىر قىزغا ئاشىق بولىدۇ، ئۈنىۋېرسىتېت ھاياتىدىن يىراقلىشىدۇ، ئىستانبۇلدىن ئايرىلىپ، ئاپتوبۇس بىلەن ئۇزۇن سەپەرگە چىقىپ، چەت شەھەرلەرنى كېزىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە رومان ۋەقەلىكىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن ئوقۇرمەن باش پېرسوناژ ئوقۇغان سېھىرلىك كىتابقا ئەمەس، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرگە دىققەت قىلغاچ ئۆزىمىزگە خاس بىر قايغۇ-ئەلەمنىڭ ۋە شىددەتلىك تۇيغۇنىڭ نەق مەركىزىدە ئۆزىنى كۆرىدۇ. رەڭسىز تېلېۋىزورى بار قەھۋەخانىلارغا، ۋىدېيوسى بار ئاپتوبۇسلارغا، قاتناش ۋەقەلىرىگە، سىياسىي سۇيىقەست ۋە جىنايەتلەرگە، بايلار تەشكىلاتىغا، ئاقماس نەزەرىيىلەرگە، سەزگۈر مۇخبىرلارغا، يوقالغان كونا نەرسىلەرنىڭ ئىلھام تېۋىشلىرىغا، چەت جايلارنىڭ ھەسرەت-خاپىلىقلىرىغا قەدەر كەتكەن بۇ ئاجايىپ سەپەر ئورخان پامۇكنىڭ مودېرنىزم دۇنياسى رومانچىلىقىنىڭ ئەڭ خاسلىقىغا ئىگە*

يازغۇچىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن، ھاياتنىڭ تەڭداشسىز پەيتلىرىنىڭ، ئۆلۈمنىڭ، ئەسەرنىڭ، ھادىسىنىڭ سىرلىرىغا، بىر تەرەپتىن بالىلىققا ئائىت رەسىملىك رومانلارغا، بىر كۆرۈنۈپ، بىر يوقايدىغان پەرىشتىگە، دانتې[①] نىڭ، رىلكې[②] نىڭ شېئىرلىرىغا قۇچاق ئاچقان ئۆزگىچە بىر رومان.

بىزگە خاس قايغۇ-ھەسرەتنىڭ ۋە شىددەتلىك تۇيغۇنىڭ مەركىزىگە سەپەر قىلغان رومان.

"«يېڭى ھايات» كىشىگە ۋالتېر بېنجامىن[③] نىڭ: ' بارلىق ئۇلۇغ ئەدەبىي ئەسەرلەر بىر شەكىلنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ ياكى يېڭى بىرىنى باشلىتىدۇ، يەنى ئۇلار ئۆزگىچە ۋەقەلەردۇر' دېگەن سۆزىنى ئەسلىتىدۇ. «يېڭى ھايات» ئۆزگىچە بىر ۋەقە".

«THE GUARDAN»، ئەنگلىيە.

---

[①] دانتې ــ ئىتالىيىلىك يازغۇچى، مىلادىيە 1265-يىلى فلورېنسىيىدە تۇغۇلۇپ، 1321-يىلى راۋېننادا ۋاپات بولغان، ــ ت.

[②] رىلكې ــ(1926 ــ 1875)، ئاۋستىرىيىلىك شائىر، ــ ت.

[③] ۋالتېر بېنجامىن ــ گېرمانىيىلىك يازغۇچى، 1892-يىلى بېرلىندا تۇغۇلغان، 1940-يىلى فاشىستلار ھاكىمىيىتىدىن قېچىپ فرانسىيىگە بارماقچى بولغاندا قاچالمىغان ۋە گېستاپوچىلارغا مەلۇم بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۆلۈۋالغان، ــ ت.

# ئاپتور ھەققىدە

ئورخان پاموك[1] 1952 - يىلى ئىستانبۇلدا تۇغۇلغان، نىشانتاش[2] تا «جەۋدەت بەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى»، «قارا كىتاب» ناملىق رومانلىرىدا تەسۋىرلىگەن ئائىلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئائىلىدە چوڭ بولغان؛ نيۇ-يوركتا ئۆتكۈزگەن ئۈچ يىلنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن ئىستانبۇلدا ياشىغان؛ ئوتتۇرا مەكتەپنى روبېرت كولېژ[3]دە ئوقۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىستانبۇل تېخنىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۈچ يىل مېمارلىق كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1976 - يىلى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخباراتچىلىق ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. بالىلىق ۋە ياشلىقىدا رەسسام بولۇشنى ئويلىغان پاموك 1974 - يىلىدىن باشلاپ رەسمىي ھالدا يېزىقچىلىققا كىرىشكەن. ئۇنىڭ تۇنجى رومانى «جەۋدەت بەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى» 1979 - يىلى "مىللەت نەشرىياتى رومان مۇكاپاتى"غا ئېرىشكەن. ئۈچ ئەۋلاد ئىستانبۇللۇق بىر سودىگەر ئائىلىسى ھېكايە قىلىنغان بۇ كىتاب 1983 - يىلى "ئورخان كامال رومان مۇكاپاتى"غا ئېرىشكەن. شۇ يىلى تۇنجى نەشر قىلىنغان «جىمجىت ئۆي» رومانى 1984 - يىلى "مادارالىق رومان مۇكاپاتى"غا ۋە بۇ كىتابنىڭ فرانسىيىدە چىققان تەرجىمىسى 1991 - يىلى "ياۋروپا ئىجادىيەت مۇكاپاتى"غا

---

[1] ئورخان— قەدىمىي تۈركچە سۆز بولۇپ، "شەھەر باشلىقى" دېگەن مەنىدە. پاموك— "پاختا" دېگەن مەنىدە، ئورخاننىڭ تەگئاتى،— ت.

[2] نىشانتاش— ئىستانبۇلدىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى، —ت.

[3] كولېژ—تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرىجىسىدىكى خۇسۇسىي مەكتەپ، — ت.

ئېرىشكەن. 1985-يىلى نەشر قىلىنغان، ۋېنېتسىيىلىك بىر قۇل بىلەن ئوسمانلى (ئوسمان ئىمپېرىيىسى) ئالىمى ئارىسىدىكى ئىشلار بايان قىلىنغان تارىخىي رومان «ئاق قەلئە» پامۇكنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تېخىمۇ كەڭ تونۇتقان. «نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى» "شەرقتە بىر يۇلتۇز پارلىدى" دەپ مەدھىيىلىگەن بۇ كىتاب ياۋروپادىكى ئاساسلىق تىللارنىڭ ھەممىسىگە تەرجىمە قىلىنغان. 1990-يىلى نەشر قىلىنغان «قارا كىتاب» مۇرەككەپلىكى، مەزمۇنغا بايلىقى، پىكرىنىڭ موللۇقى بىلەن ھازىرقى زامان تۈرك ئەدەبىياتىدا ئەڭ كۆپ مۇنازىرە قوزغىغان ۋە ئەڭ كۆپ ئوقۇلغان رومانلارنىڭ بىرىدۇر. پامۇك 1992-يىلى ئۆمەر كاۋۇر رېژىسسورلۇق قىلغان «سىرلىق چىراي» فىلىمىنىڭ سېنارىيىسىنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. ئاجايىپ سېھىرلىك بىر كىتابقا ئەسىر بولغان ستۇدېنت ياشلارنىڭ ھېكايىسى بايان قىلىنغان «يېڭى ھايات» رومانى 1994-يىلى نەشر قىلىنغاندا تۈرك ئەدەبىياتى ساھەسىدە زىلزىلە پەيدا قىلغان ۋە تۈركىيە تارىخىدا ئەڭ تېز سۈرئەتتە سېتىلغان كىتاب بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ 1998-يىلى نەشر قىلدۇرغان، ئوسمان ئىمپېرىيىسى نەققاشلىرىنىڭ ھاياتى ۋە سەنئەت ئەسەرلىرى ھەققىدىكى «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل» ناملىق تارىخىي رومانى پەۋقۇلئاددە تەسىر قوزغىغان؛ 2001-يىلى كۆپلىگەن دۆلەتتە نەشر قىلىنغان بۇ كىتاب شۇ دۆلەتلەردە شۇ يىللىق ئەڭ ياخشى چەت ئەل كىتابى سۈپىتىدە قارشى ئېلىنغان. پامۇك ياشلىق دەۋرىدىن تارتىپ يازغان خاتىرىلىرى، گېزىت-ژۇرناللارغا بېسىلغان ماقالىلىرى، مەشىق ئەسەرلىرى، ئوبزورلىرى، خەۋەرلەر ۋە ساياھەت خاتىرىلىرىدىن ئەستايىدىل تاللىغان ئەسەرلىرىنى، ئىلگىرى ئېلان قىلىنمىغان «دېرىزىدىن قاراش» ناملىق ئۇزۇن ھېكايىسىنى 1998-

يىلى «باشقا رەڭلەر» ناملىق كىتاب قىلىپ جەملىگەن. 2002-يىلى پاموك كارس[1] تا يۈز بەرگەن مۇھەببەت ۋە سىياسىي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك «قار»ناملىق رومانىنى نەشر قىلدۇرغان. ئورخان پاموكنىڭ كىتابلىرى 40 نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئۇ ئەدەبىيات ساھەسىدە قازانغان ئاشۇنداق مول نەتىجىلىرى بىلەن 2006-يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى ئورخان پاموكقا " ئۇ ئۆز دىيارىدىكى غېرىب روھنى ئىزدەش داۋامىدا مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە گىرەلىشىپ كەتكەن يېڭى سىمۋولنى بايقىغان" دەپ باھا بەردى.

[1] كارس — تۈركىيىنىڭ شەرقىي ئاناتولىيە رايونىدىكى، ئەرمەنىيە بىلەن قوشنا ۋىلايىتى، — ت.

# تەرجىماندىن

مەن 2002-يىل 10-ئاينىڭ ئاخىرىدىن 2003-يىل 4-ئاينىڭ باشلىرىغىچە تۈركىيىنىڭ ئىزمىر شەھىرىدە تۈركچە ئۆگىنىپ بىر ئاز كىتاب، گېزىت ئوقۇيالىغۇدەك بولغاندا ناھايىتى تەشنالىق بىلەن تۈركىيە مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى ئاۋانگارت يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىدىم. شۇ ۋاقىتتا مەن ئەڭ كۆپ ئاڭلىغان يازغۇچى ئورخان پاموك بولدى. ياتاقدىشىم مېنىڭ قىزىقىشىمدىن خەۋەردار ئىدى، بىر كۈنى ئۇ ئورخان پاموكنىڭ «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل» ناملىق رومانىنى كۆرسەتتى. كىتابنىڭ ئالدى- كەينىدىكى چۈشەندۈرۈش، باھالار كىشىنى خېلى قىزىقتۇراتتى. چۈشەنمىگەن سۆزلەرنى لۇغەت ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئوقۇشقا باشلىدىم. رومانىنىڭ جۈملىلىرى ئۇزۇن، مەنىسى چوڭقۇر، تۈيغۇ تەسۋىرلىرى تولىمۇ كۆپ ئىدى. ھالبۇكى، بۇ ئەسەردىكى ئۆزگىچە ۋەقەلىك، بايانلارغا سىڭدۈرۈلگەن بىلىم ۋە پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەر مېنى ئىنتايىن جەلپ قىلدى. مەن بۇ رومانىنى بىر ئاي ئىچىدە بەكمۇ ھۇزۇرلىنىپ ئوقۇپ تۈگەتتىم، تۈركچە ئۆگەنگىنىمنىڭ دەسلەپكى مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولدۇم. بۇ رومان غەربچە رەسىملەرنى مەخپىي ھالدا سىزىدىغان ئوسمان ئىمپېرىيىسى رەسساملىرىنىڭ تارىخىغا بېغىشلانغانىدى، مەن بۇ ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكىدىن تەسىرلىنىپلا قالماستىن، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن تارىخىي بىلىم، جۈملىدىن شەرق پەلسەپىسى ۋە رەسساملىق سەنئەتكە ئائىت مول ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولدۇم. تۈركىيەدىن

قايتىپ كېلىپ يەنە ئورخان پامۇكنىڭ «ئاق قەلئە»، «يېڭى ھايات»، «قار» ناملىق رومانلىرىنى ئوقۇپ، تۈركىيە ۋە غەرب مەتبۇئاتلىرىنىڭ "تۈركىيىدىن بىر يېڭى يۇلتۇز پارلىدى"، " ئۇ بىزگە رومان يېزىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى"، "ئۇنىڭ ھەر بىر رومانى بىر بەدىئىي قامۇس" دەپ مەدھىيىلەشلىرىنىڭ ئورۇنسىز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم.

«يېڭى ھايات» رومانى1994 ـ يىلى نەشر قىلىنغاندا تۈركىيىدە زىلزىلە قوزغىغان، بولۇپمۇ ياشلار ئىچىدە ئوقۇرمەنلىرى ئەڭ كۆپ بولغان. بۇ رومانىنى ئوقۇۋاتقىنىمدا تۈركىيىدىكى چېغىمدا بىزگە دەرس ئۆتكەن بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ: " دۆلىتىمىزدە بىر قاتناش يالماۋۇزى بار، ئۇ يىلىغا نەچچە مىڭ ئىنسانىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ" دېگەن سۆزىنى ئەسلىدىم. بەلكىم بىر ئاز مۇبالىغە قىلىۋەتكەندۇ دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما تۈركىيىنىڭ تېلېۋىزور، گېزىتلىرىدە ھەپتىدە بىر دېگۈدەك ئاشۇنداق قاتناش ھادىسىلىرى خەۋەر قىلىناتتى. تۈركىيىدە تۆمۈر يول ئاز، پويىزلار قالاق، ھازىرقى پويىز قاتنىشى ئوسمان ئىمپېرىيىسى ۋاقتىدىن قالغان. قاتناش ئاساسەن شىركەتلەرنىڭ تاشيول قاتنىشىغا تايىنىدۇ. نېمىشقا؟ دەپ سورىسىڭىز، ئون تۈركنىڭ توققۇزى "غەربنىڭ دۈشمەنلىكىدىن" دەيدۇ. بۇنىمۇ چۈشەنمەي قالىمىز. بۇ بىر دۆلەتنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئىچكى ئىشلىرى بولسا كېرەك. بۇ رومانىنى ئوقۇۋېتىپ تۈركىيىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى، ياشلارنى، ئىزمىر، ئەنقەرە، ئىستانبۇل ئارىسىدىكى ئىككى قېتىملىق ئاپتوبۇس سەپىرىمنى ئېسىمگە ئالدىم، ئاپتوبۇسلار ھەقىقەتەن ئېسىل، مۇلازىمىتى ياخشى ئىدى، ھەر قېتىمدا مەن سىرتتىكى مەنزىرىنى كۆرۈشكە بېرىلىپ، قاتناش ۋەقەسى دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتمەيتتىكەنمەن.

بۇ روماننى ئوقۇغاندا بىز باش پېرسوناژ ئوسمان بىلەن بىللە تۈركىيىنى بىر ئايلىنىپ چىققاندەك بولىمىز، ئۇنىڭ چوڭقۇر ھېس-تۇيغۇلىرىغا ئورتاقلىشىمىز، ئاپتورنىڭ مول بىلىمى، چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارى، تېرەن تەپەككۇرى، لىرىك، جۇشقۇن ھېسسىياتى، گۈزەل تەسۋىرى، جانلىق دىئالوگى، ھەر ياقتىن يىغىپ ئەكەلگەن جۇغلانما ۋە ئۇلانما تەسەۋۋۇرى، پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرى بىلەن تونۇيغان، ھەقىقەتەن بىر بەدىئىي قاموس خاراكتېرىنى ئالغان بۇ نادىر ئەسەر ئارقىلىق ئۆزىمىز ھەققىدە ئويلانغاچ، تۈركىيىگىلا خاس بولغان ئاجايىپ ئىشلار ۋە تۈركىيىنىڭ مۇرەككەپ ئەھۋالى بىلەن قىسقىچە تونۇشىمىز.

مەن بۇ روماننى بىر قېتىم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى تەرجىمە قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. تۈرك مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق شەخس، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بۇ مۇھىم يازغۇچىنى بىرەر رومانى ئارقىلىق ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا چوقۇم تونۇشتۇرۇش كېرەك دەپ قارىدىم. رومانچىلىقتا يېڭى پەللە ياراتقان بۇ يازغۇچىنىڭ ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىش ھەقىقەتەن كۈچ كېتىدىغان ئەمگەك ئىدى، يېڭى پروزىچىلىق ئېقىمىغا مايىل، ئادەم بىلەن شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ھەم بۇ ئارىدىكى شېئىرىي تۇيغۇلارنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن، ۋەقەلىكى ئاجايىپ بۇ روماننى ئوقۇۋېتىپ ھاياجانلىنىپ ئۇنى چوقۇم راۋان، ئۆز ئۇسلۇبى بويىچە تەرجىمە قىلىۋېتىمەن دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما تەرجىمە قىلىش جەريانى تولىمۇ جاپالىق بولدى، ئىككى يىلدىن ئارتۇق سوزۇلغان، ئىپادىلەش جەھەتتىكى توغرىلىق ۋە گۈزەللىكنى نىشان قىلغان بۇ تەرجىمە جېڭى جەريانىدا ئۇيغۇر تىلى بىلەن تۈرك تىلى گاھى يارىشىپ، گاھى ئۇرۇشىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ

ئۆزى بولدى. ئاپتورنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئىنچىكە يەرلىرىگىچە قويماي ئىپادىلەپ بېرىش ئاسانغا توختىمىدى. پېشقەدەم تەرجىمان توختى ئىللا ھاجى تەرجىمە تەھرىرلىكىگە كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى.

بۇ رومان ئەدەبىياتىمىزنىڭ رومانچىلىق ۋە شېئىرىيەت سەھنىسىگە يېڭى، ئۆزگىچە بىر پۇراق ئېلىپ كېلەلىسە، بۇ ئەمگىكىمدىن خۇرسەن بولاتتىم.

2007-يىل 6-ئاينىڭ 15-كۈنى

بېيجىڭ

# شەکۆرەگە

ئوخشاش ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، باشقىلار ھېچقاچان مۇنداق بىر ھاياتنى بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىدى.

نوۋالىس①

---

① نوۋالىس (1772ــــ1807) گېرمانىيىلىك رومانتىك شائىر، ــ ت.

# 1

بىر كۈنى بىر كىتاب ئوقۇدۇم، شۇنىڭدىن باشلاپ پۈتۈن ھاياتىم ئۆزگەردى. تېخى كىتابنىڭ باشتىكى سەھىپىلىرىنى ئوقۇۋېتىپلا ئۇنىڭ شۇنداق بىر سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلدىمكى، جىسمىم مەن ئولتۇرغان بۇ ئۈستەل-ئورۇندۇقتىن ئاجراپ يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى، شۇنداقتىمۇ گويا ھەر ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەك پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ۋە ھەممە نەرسەم بىلەن يەنىلا ئۈستەلنىڭ ئالدىدا ۋە ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە ئىدىم، كىتاب جىمى تەسىرىنى يالغۇز روھىمدىلا ئەمەس، مېنى مەن قىلىپ تۇرغان ھەممە نەرسىدە كۆرسىتىۋاتاتتى. بۇ شۇنداق كۈچلۈك بىر تەسىر ئىدىكى، ئوقۇۋاتقان كىتابنىڭ سەھىپىلىرىدىن يۈزۈمگە نۇر، يەنى شۇ پەيتتە پۈتۈن ئەقلىمنى غۇۋالاشتۇرغان ھەم ئۇنى ۋال-ۋۇل چاقناتقان بىر نۇر چېچىلىۋاتقاندەك بولدى. بۇ نۇر بىلەن ئۆزۈمنى يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغانلىقىمنى ئويلىدىم، بۇ نۇر بىلەن تاپتىن چىقىدىغانلىقىمنى سەزدىم، بۇ نۇردا مەن كېيىن تونۇشىدىغان، يېقىنلىشىدىغان بىر ھاياتنىڭ كۆلەڭگىلىرىنى كۆردۈم. ئۈستەلدە ئولتۇرىمەن، ئولتۇرۇۋاتقانلىقىمنى كاللامنىڭ بىر يېرىدە بىلىپ تۇرىمەن. كىتاب بەتلىرىنى ئۆرۈگەچ، خىيالىمدا پۈتۈن ھاياتىم ئۆزگىرىۋاتقاندا يەنە يېڭى سۆزلەرنى ۋە سەھىپىلەرنى ئوقۇۋاتاتتىم. بىر مەزگىلدىن كېيىن بېشىمغا كېلىدىغان ئىشلارغا نىسبەتەن ئۆزۈمنى شۇ قەدەر تەييارلىقسىز ۋە چارىسىز ھېس قىلدىمكى، خۇددى كىتابتىن چىقىۋاتقان سېھرىي كۈچتىن قوغدانماقچى بولۇۋاتقاندەك بىر تەبىئىي تۇيغۇدا يۈزۈمنى كىتاب سەھىپىلىرىدىن قاچۇردۇم. ئەتراپىمدىكى دۇنيانىڭمۇ باشتىن-ئاخىر ئۆزگەرگەنلىكىنى شۇ پەيتتىكى قورقۇنچتا بايقىدىم ۋە ھازىرغىچە

ھېس قىلمىغان بىر تەنھالىق تۇيغۇسىغا ئەسىر بولدۇم. مەن شۇ تاپتا بەئەينى تىلىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، جۇغراپىيىسىنى بىلمەيدىغان بىر دۆلەتتە تەنھا قالغانىدىم.

بۇ تەنھالىق تۇيغۇسى ئېلىپ كەلگەن چارىسىزلىك شۇ پەيتتە مېنى كىتابقا تېخىمۇ چىڭ باغلىدى. بۇ كىتاب ماڭا مەن قەدەم باسماقچى بولغان دىياردا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى، ئېشەنمەكچى بولغانلىرىمنى، كۆرىدىغانلىرىمنى، ھايات يولۇمنى كۆرسەتتى. كىتابنى بىر-بىرلەپ ۋاراقلاپ، ئۇنى ئەمدى دەھشەتلىك ۋە يات بىر دىياردا ماڭا يول كۆرسىتىدىغان بىر يولباشچىدەك كۆرۈپ ئوقۇۋاتاتتىم. ئۇنىڭغا " ماڭا ياردەم قىل، ياردەم قىلغىنكى، بالا-قازاغا ئۇچرىماستىن يېڭى ھاياتنى تاپاي"دېگۈم كېلەتتى. ئەمما بۇ ھاياتنىڭمۇ ئىگىسىنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. سۆزلەرنى بىر-بىرلەپ ئوقۇغاچ، بىر ياندىن يولۇمنى تېپىشقا تىرىشسام، بىر ياندىن يولۇمنى پۈتۈنلەي يوقىتىدىغاندەك خىيال ئاجايىباتلىرىنى ھەيرەت بىلەن بىر-بىرلەپ تەسەۋۋۇر قىلىۋاتاتتىم.

بۇ چاغدا ئۈستىلىمنىڭ ئۈستىدە يۈزلۈمگە نۇر چېچىۋاتقان كىتاب ئۆيۈمدىكى باشقا بىساتلاردەك تونۇش كۆرۈنەتتى. بۇنى ئالدىمدا ئېچىلغان يېڭى بىر ھاياتنىڭ، يېڭى بىر دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەيرانلىق ۋە سۆيۈنۈش بىلەن قارشى ئېلىۋېتىپ ھېس قىلدىم: ھاياتىمنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان كىتاب ئەسلىدە ئادەتتىكى بىر نەرسە ئىدى. ئەقلىم روجەكلىرى كىتاب سۆزلىرى ماڭا ۋەدە قىلغان يېڭى بىر دۇنيانىڭ ئاجايىباتلىرى ۋە ۋەھىمىلىرىگە ئاستا-ئاستا ئېچىلىۋاتقاندا، بىر ياقتىن مېنى بۇ كىتابقا ئېلىپ بارغان قىسمەتنى يېڭىدىن ئويلاۋاتاتتىم، ئەمما بۇ كاللامدا چوڭقۇرلىشالمايۋاتقان بىر خىيال ئىدى. كىتابنى ئوقۇغانچە بۇ خىيالغا قايتىشىم گويا بىر خىل قورقۇنچتىن ئىدى: كىتاب ماڭا

ئاچقان يېڭى دۇنيا شۇنچىلىك يات، شۇنچىلىك ئاجايىپ ۋە ھەيران قالارلىق ئىدىكى، بۇ دۇنيانىڭ ئىچىگە پۈتۈنلەي چۆكۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ھازىرغا ئائىت بىر نەرسىلەرنى ھېس قىلىش زۆرۈرلۈكىنى تۇيۇۋاتاتتىم. بېشىمنى كىتابتىن كۆتۈرۈپ ئۆيۈمگە، ئىشكاپىمغا، كارىۋىتىمغا قارىسام، دېرىزىدىن تالاغا نەزەر سالسام، دۇنيانى تاشلاپ كەتكىنىمدەك، ئۇنى تاپالماسلىق قورقۇنچىمۇ ئىچىمگە ئورناۋاتاتتى.

مىنۇتلار ۋە كىتاب بەتلىرى بىر-بىرىنى قوغلايتتى، يىراقتا پويىزلار ئۆتتى، ئانامنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، خېلى ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى سەزدىم. شەھەرنىڭ ھەر ۋاقىتتىكىدەك شاۋقۇنىنى، ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن قېتىقچىنىڭ قوڭغۇرىقىنى ۋە ماشىنىلارنىڭ ماتور ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، ماڭا تونۇش بارلىق ئاۋازلارنى يات ئاۋازلاردەك ھېس قىلدىم. تالادا يامغۇر قۇيۇۋەتتىمىكىن دەپ ئويلىدىم، ئەمما ئاتلاڭغۇچ ئويناۋاتقان قىزلارنىڭ ئاياغ تاۋۇشلىرى كەلدى. ھاۋا ئىچىلغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم، ئەمما دېرىزەمنىڭ ئەينىكىدە يامغۇر تامچىلىرى تىرىقلىدى. كىتاب ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم. باشقا ھاياتنىڭ يوچۇقىدىن چىققان نۇرنى كۆردۈم. ئۇنىڭدا ھازىرغىچە مەن بىلمىگەن ۋە بىلگەنلىرىمنى، ئۆز ھاياتىمنى ۋە ھاياتىم ئاچماقچى بولغان يولنى كۆردۈم...

سەھىپىلەرنى ئاستا-ئاستا ئۆرۈگەنچە، بۇنىڭدىن ئىلگىرى بارلىقىنى مەن زادى بىلمىگەن، ھېچ ئويلىمىغان ۋە سېزەلمىگەن بىر دۇنيا روھىمغا سىڭدى. ھازىرغىچە مەن بىلگەن، ئويلىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بۇ ھەقتە توختىلىشقا ئەرزىمەيدىغان تەپسىلاتلارغا ئايلاندى، بىلمەيدىغانلىرىم يوشۇرۇنغان يەرلىرىدىن چىقىپ ماڭا ئىشارەت يوللىدى. كىتابنى ئوقۇۋېتىپ ئۆلارنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتقىن دېسە بەلكىم ئېيتالمايتتىم، چۈنكى ئوقۇغانچە بارسا كەلمەس يولدا

ئېغىر قەدەم بىلەن كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلىۋاتاتتىم، ئارقامدا قالغان بەزى نەرسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك قىزىقىشىمنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتاتتىم، ئەمما كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇۋاتقان يېڭى ھاياتقا شۇنچە زور ھاياجان ئىچىدە قىزىقىۋاتاتتىمكى، مەۋجۇت ھەممە نەرسە ماڭا قىزىقىشقا تېگىشلىك بىلىنەتتى. بۇ قىزىقىشنىڭ ھاياجىنىدىن تىترىگەن پۈتلىرىم جانسىزلىنىشقا باشلىغان ھامان، بولۇپ ئۆتىدىغان ئىشلارنىڭ كۆپلۈكى، رەڭدارلىقى، مۇرەككەپلىكى ئىچىمدە بىر خىل دەھشەتكە ئايلاندى.

بۇ دەھشەت بىلەن بىرلىكتە، كىتابتىن يۈزۈمگە چېچىلغان نۇردا كونىرىغان ئۆيلەرنى، ئەسەبىي ئاپتوبۇسلارنى، ھارغىن ئىنسانلارنى، تۈتۈق ۋىۋىسكىلارنى، ۋەيرانە يېزىلارنى ۋە داۋاملىشىۋاتقان ھاياتنى، خىيالىي نەرسىلەرنى كۆردۈم. كىتابتا بىر سەپەر سۆزلىنەتتى، ھەممە نەرسە بىر سەپەر ئىدى. بۇ سەپەردە مېنى دائىم كۆزىتىدىغان، ھېچبولمىغاندا ئالدىمغا تۇيۇقسىز چىقىدىغاندەكلا تۇيۇلىدىغان، كەينىدىنلا غايىب بولىدىغان، غايىب بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئىزدىتىدىغان بىر نىگاھ[1]نى كۆردۈم. بۇ گۇناھ-جىنايەتتىن بۇرۇنلا پاكلانغان مۇلايىم بىر نىگاھ ئىدى... مەن شۇنداق نىگاھ بولالىشىمنى، ئۇ نىگاھ كۆرگەن دۇنيادا بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتىم. بۇلارنى شۇنچە زور ئۈمىد

[1] نىگاھ— ”نەزەر تاشلاش، بىر قاراپ قويۇش“ دېگەن مەنىدىكى بۇ سۆز بۇ روماندا كۆپ قوللىنىلغان بولۇپ، ئاساسەن پەرىشتە، ئۆلۈم ھەققىدىكى پىسخىك تەسەۋۋۇرلەردە پەرىشتىنىڭ ئىنسانغا خىيالەن كۆرۈنۈشى، ئىنسانغا نەزەر سېلىشى ... دېگەندەك چوڭقۇر شېئىرىي تۇيغۇلارنى ئىپادىلەپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان پەرىشتە سىمۋوللۇق ھەم لىرىك تۈستە گۈزەللىك، پاكلىق ئۇقۇمىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن، شۇڭا ئۇنى ئىسلام ئېتىقادىمىزدىكى مالائىكە (پەرىشتە) بىلەن مەلۇم جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈپ چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. — ت.

قىلدىمكى، ئۇ دۇنيادا ياشايدىغانلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلدى. ياق، ئىشىنىشىمنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى؛ مەن ئۇ يەردە ياشاۋاتاتتىم. دەرۋەقە، كىتابمۇ مېنىڭ ئۇ يەردە ياشىغانلىقىمغا گۇۋاھ بولۇپ مەن توغرۇلۇق گەپ قىلىۋاتقان بولسا كېرەك. بۇ، مېنىڭ ئويلىغانلىرىمنى مەندىن بۇرۇن بىرى ئويلاپ يازغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولغانىدى.

ئۇلار ماڭا سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرگەن ئىشلارنىڭ بىر-بىرىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق بولۇشى كېرەكلىكىنىمۇ مانا مۇشۇنداق چۈشەندىم. چۈنكى كىتابنىڭ بېشىدىن تارتىپ مەن ئۈچۈن يېزىلغانلىقىنى سەزگەنىدىم. ئۇنى ئوقۇۋاتقاندا ھەر بىر سۆزنىڭ، ھەر بىر گەپنىڭ قەلبىمگە تەسىر كۆرسىتىشى شۇ سەۋەبتىن ئىدى. ئۇلار پەۋقۇلئاددە گەپلەر، يالت-يۇلت پارقىرايدىغان سۆزلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كىتابنىڭ مەن توغرۇلۇق گەپ قىلىۋاتقانلىق تۇيغۇسىغا ئەسىر بولغانلىقىم ئۈچۈن ئىدى. بۇ تۇيغۇغا قانداق ئەسىر بولغانلىقىمنى بىلەلمىدىم. بىلىسەممۇ ئۇنتۇغان بولۇشۇم مۇمكىن. چۈنكى مەن قاتىللار، ھادىسىلەر، ئۆلۈملەر ۋە غايىب ئىشارەتلەر ئارىسىدا يولۇمنى تېپىشقا تىرىشىۋاتاتتىم.

شۇنداق قىلىپ، كىتابنى ئوقۇغانچە مېنىڭ قارىشىم كىتابنىڭ گەپلىرىگە، كىتابنىڭ گەپلىرى بولسا مېنىڭ قارىشىمغا ئايلاندى. نۇردىن قاماشقان كۆزلىرىم كىتابتىكى دۇنيا بىلەن دۇنيادىكى كىتابنى بىر-بىرىدىن ئايرىيالماي قالدى. گويا يوچۇن بىر دۇنيا، مەۋجۇت ھەممە نەرسە، ھەممە رەڭ ۋە جىسىملارمۇ كىتابنىڭ ئىچىدە، سۆزلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى. مەن ئۇنى ئوقۇۋېتىپ مۇمكىن بولىدىغان ھەممە نەرسىنى ئۆز ئەقلىم بىلەن، بەختىيارلىق ۋە ھەيرانلىق بىلەن ئۆزلەشتۈرۈۋاتاتتىم. كىتابنى ئوقۇغانچە چۈشىنىۋاتاتتىمكى، كىتاب ماڭا ئاۋۋال پىچىرلىغانىدەك، ئاندىن

ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل زىڭىلداتقاندەك، ئاندىن پەرۋاسىز بىر شىددەت بىلەن كۆرسەتكەن نەرسە ئۇ يەردە، روھىمنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدا نەچچە يىللاردىن بېرى ياتاتتى. كىتاب ئۇلارنىڭ تېگىدە ئەسىرلەر بويى ياتقان غايىب بىر خەزىنىنى تېپىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىۋاتاتتى، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ قۇرلار ۋە سۆزلەر ئارىسىدا تاپقانلىرىمنى "ئەمدى مۇشۇ مېنىڭمۇ؟" دېگۈم كېلىۋاتاتتى. ئاخىرقى بەتلەردىكى بىر يەردە، بۇنى مەنمۇ ئويلىغانىدىم دېگۈم كەلدى. ئاندىن كېيىن كىتاب بايان قىلغان دۇنياغا پۈتۈنلەي كىرگىنىمدە قاراڭغۇلۇق بىلەن غۇۋا قاراڭغۇلۇق ئارىسىدىن چىققان بىر پەرىشتىگە ئوخشاش ئۆلۈمنى، يەنى ئۆز ئۆلۈمۈمنى كۆردۈم...

بىر دەمدىلا ھاياتىمنىڭ ئۆزۈم ھېچ ئويلاپ يېتەلمىگۈدەك مول، رەڭدار بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇ پەيتتە بىرلا قورققان نەرسەم دۇنياغا، شەيئىلەرگە، ئۆيۈمگە، كوچىلارغا قاراپ ئۇ يەردە كىتابنىڭ بايان قىلغانلىرىنى كۆرەلمەسلىك بولماستىن، پەقەت كىتابتىن يىراق قېلىش ئىدى. كىتابنى ئالقانلىرىمنىڭ ئارىسىدا تۇتتۇم ۋە بالىلىقىمدا رەسىملىك رومانلارنى ئوقۇپ تۈگەتكەن ۋاقىتلاردا قىلغىنىمدەك، بەتلەر ئارىسىدىن چىققان قەغەز ۋە سىياھ ھىدىنى پۇرىدىم. ئوخشاش پۇراقتا پۇرايتتى.

ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ، بالىلىق چېغىمدىكىدەك دېرىزىگە قاراپ مېڭىپ، پېشانەمنى سوغۇق ئەينەككە چاپلاپ، كوچىغا قارىدىم. بەش سائەتنىڭ ئالدىدا، يەنى چۈشتىن كېيىن كىتابنى ئۈستەلگە قويۇپ تۇنجى ئوقۇشقا باشلىغان ۋاقتىمدا، ئۇدۇلدىكى پىيادىلەر يولى ياقىسىدا تۇرغان يۈك ئاپتوموبىلى ئەمدى كەتكەنىدى، ئەمما بوشالغان ماشىنىدىن ئەينەكلىك ئىشكاپلار، ئېغىر ئۈستەللەر، كىچىك ئۈستەللەر، قاپلار، تىكلەنمە چىراغلار چۈشۈرۈلگەن، ئۇدۇلدىكى بوش ئۆيگە يېڭى بىر ئائىلە ئورۇنلاشقانىدى. پەردىلەر تارتىلمىغان، لامپۇچكىنىڭ كۈچلۈك يورۇقىدا ئوتتۇرا ياشلىق بىر

ئاتا-ئانا بىلەن مەن قۇراملىق بىر ئوغۇل ۋە قىزنىڭ تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ كەچلىك تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. قىزنىڭ چاچلىرى قوڭۇر، تېلېۋىزور ئېكرانى يېشىل ئىدى.

بۇ يېڭى قوشنىلارغا بىر هازا قارىدىم، يېڭى بولغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇلارنى تاماشا قىلغۇم كېلەتتى. بۇمۇ گويا مېنى قانداقتۇر ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئەتراپىمدىكى تونۇش، كونا دۇنيانىڭ باشتىن-ئاخىر ئۆزگىرىشىنى ئۈمىد قىلمايتتىم. ئەمما كوچىلارنىڭ كونا كوچىلار، ئۆيۈمنىڭ كونا ئۆي، ئانامنىڭ، دوستلىرىمنىڭ ئوخشاش ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قويمايتتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل دۈشمەنلىك، نېمىدەپ نام قويۇشۇمنى بىلەلمىگەن بىر تەھدىت ۋە ۋەھىمە بولسا كېرەك. دېرىزىدىن بىر قەدەم چېكىندىم، ئەمما ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىن مېنى چاقىرىۋاتقان كىتابنىڭ يېنىغىمۇ بارالمىدىم. ھاياتىمنى ئۆزگەرتىدىغان نەرسە ئۇ يەردە، كەينىمدىكى ئۈستەلدە مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. قانچىلىك كەينىمنى قىلسام قىلاي، ھەممە نەرسىنىڭ ئېپتىداسى ئۇ يەردە، كىتاب قۇرلىرى ئارىسىدا ئىدى، مەن ئەمدى يولغا چىقاتتىم.

كونا ھاياتىمدىن تۇيۇقسىز ئايرىلىش ماڭا شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق كۆرۈنگەچكىمىكىن، ئاقىۋەتتە بىر پالاكەتتىن ھاياتى قايتا ئەسلىگە كەلمەيدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەن كىشىلەرنىڭ قىلغىنىدەك، ھاياتىمنىڭ بۇرۇنقىدەكلا ئۆز جەريانىنى داۋام قىلىدىغانلىقىنى، بېشىمغا كەلگەن ھادىسىنىڭ، پالاكەتنىڭ ياكى قورقۇنچلۇق نەرسىنىڭ ئۇ ئەمەسلىكىنى خىيال قىلغاچ ھۇزۇرلىنىشنى توغرا تاپتىم. ئەمما ئارقامدىكى ئۈستەلدە تېخىچە ئېچىقلىق تۇرغان كىتابنىڭ بارلىقىنى شۇنداق بىر ھالەتتە ھېس قىلىۋاتاتتىمكى، ھاياتىمنىڭ قانداق قىلىپ بۇرۇنقىدەك داۋاملىشىدىغانلىقىنى خىيالمۇ قىلالمىدىم.

شۇنداق قىلىپ، بىر ئازدىن كېيىن ئانام مېنى چاقىرغاندا كەچلىك تاماق يېيىش ئۈچۈن ئۆيۈمدىن چىقتىم ۋە يېڭى بىر دۇنياغا كۆنۈشكە تىرىشۋاتقان يات بىر ئادەمگە ئوخشاش ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ئانام بىلەن پاراڭلىشىشقا تىرىشتىم. تېلېۋىزور ئوچۇق ئىدى، تەخسىلەردە قىيمىلىق ياڭيۇ، زەيتۇن يېغىدا قورۇغان كۈدە، كۆكتات سالاتى ۋە ئالمىلار بار ئىدى. ئانام ئۇدۇلغا يېڭى كۆچۈپ كەلگەن قوشنىلار، مېنىڭ چۈشتىن كېيىن مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ ئىش قىلغانلىقىم، بازار، يامغۇر، تېلېۋىزوردىكى خەۋەر، خەۋەرنى ئاڭلاتقان ئادەملەر ھەققىدە گەپ قىلدى. ئانامنى ياخشى كۆرەتتىم، ئۇ چىرايلىق، نازۇك، مۇلايىم ۋە ئوڭلۇق بىر ئايال ئىدى، بۇ كىتابنى ئوقۇپ ئۆتكەندىن ئايرىم بىر دۇنياغا كىرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلىك سانىدىم.

بۇ كىتاب ھەممە كىشى ئۈچۈن يېزىلغان بولسىدى دەپ ئويلايتتىم، بىر تەرەپتىن، ھايات بۇرۇنقىدەكلا مۇشۇنداق ئېغىر ۋە پەرۋاسىز ئۆتۈپ كېتەلمەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، كىتابنىڭ پەقەت مەن ئۈچۈن يېزىلغانلىق چۈشەنچىسىمۇ مەندەك مەنتىقلىق، ئىنژېنېرلىقتا ئوقۇيدىغان بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن توغرا بولمايتتى. ئۇ چاغدا ھەممە نەرسە قانداقمۇ بۇرۇنقىدەك داۋام قىلالىسۇن؟ كىتابنىڭ پەقەت مەن ئۈچۈن خىيال قىلىنغان بىر سىر ئىكەنلىكىنى ئويلاشتىنمۇ قورقتۇم. بىر ئازدىن كېيىن ئانام قاچىلارنى يۇيۇۋاتقاندا ئۇنىڭغا ياردەملەشكۈم، ئىچىمدىكى دۇنيانى بۇ ۋاقىتقا يۆتكىگۈم كەلدى.

— قوي، قوي، ئۆزۈم قىلىمەن بالام، — دېدى ئانام.

تېلېۋىزورغا بىر ھازا قارىدىم. بەلكىم ئۇ يەردىكى دۇنياغا كىرەلەيتتىم ياكى تېلېۋىزورنى بىر تېپىپ چۇۋۇۋېتەتتىم. ئەمما كۆرگىنىم بىزنىڭ ئۆينىڭ تېلېۋىزورى ئىدى، بىر خىل دۇنيا، بىر خىل لامپا... چاپىنىمنى، ئايىغىمنى كىيدىم.

— تالاغا چىقىمەن، — دېدىم.

— قاچان قايتىپ كېلىسەن؟— دېدى ئانام، — ساڭا قاراپ ئولتۇرامدىمەن؟

— مېنى ساقلىما، بولمىسا تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئۇخلاپ قالىسەن.

— ياتىقىڭنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈردۈڭمۇ؟

شۇنداق قىلىپ، 22يىلدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان ئۆز مەھەللەمنىڭ كوچىلىرىغا خۇددى ناتونۇش بىر دۆلەتنىڭ خەتەرلىك كوچىلىرىغا چىقىدىغاندەك چىقتىم. دېكابىرنىڭ نەم سوغۇقىنىڭ يۈزۈمگە يېنىك شامالدەك تېگىشىنى سەزگەن ھامان، بەلكىم كونا دۇنيادىن يېگىسىغا ئۆتكەن بىر نەچچە نەرسە باردۇر، دېدىم ئىچىمدە. بۇنى ئەمدى مەن ياشىغان كوچىلاردا، پىيادىلەر يولىدا كېتىۋېتىپ كۆرەتتىم، يۈگۈرگۈم كېلەتتى.

قاراڭغۇ پىيادىلەر يولىدىن، يوغان ئەخلەت تۇڭلىرى، پاتقاقلىقلار ئارىسىدىن، تام تۈۋىلىرىدىن تېز-تېز مېڭىپ ئۆتتۈم ۋە تاشلىنىغان ھەر قەدەمدە يېگى بىر دۇنيانىڭ رېئاللىققا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بالىلىقىمدىكى چىنار ۋە قاپاق تېرەكلەر تۈنجى قاراشتا ئاشۇ چىنار ۋە تېرەكلەر ئىدى، ئەمما ئۇلارغا مېنى باغلايدىغان خاتىرە- ئەسلىمىلەرنىڭ كۆچى يوقاپ كەتكەنىدى. ھارغىن دەرەخلەرگە، ئىككى قەۋەتلىك تونۇش ئۆيلەرگە، ئۇلدىن تارتىپ تا ئۆگزىسىنىڭ كاھىشلىرىغىچە قانداق سىپلىنىغانلىقىنى بالىلىقىمدا كۆرگەن، كېيىن يېگى دوستلىرىم بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدە ئوينىغان كىرلەشكەن بىنالارغا ھاياتىمنىڭ ئايرىلماس بۆلەكلىرىدەك بولمىسىمۇ، قاچان قانداق تارتىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان سۈرەتلەرگە قارىغاندەك قارىدىم: سايلىرى، يورۇق دېرىزىلىرى، باغلىرىدىكى دەرەخلىرى ياكى دەرۋازىلىرىدىكى خەتلىرى، بەلگىلىرى بىلەن ئۇلارنى تونۇدۇم، ئەمما تونۇغان نەرسىلەرنىڭ كۈچىنى پەقەتلا ھېس قىلالمىدىم. تونۇش مىلىچمال دۇكانلىرى،

ئېرەنكۆي ۋوگزالى مەيدانىدىكى چىرىغى تېخىچە يېنىق تۇرغان ناۋايخانا، باققالنىڭ مېۋە ساندۇقلىرى، قول ھارۋىلىرى، "ھايات" تورتخانىسى، كونا ئاپتوموبىللار، قاراڭغۇ ۋە ھارغىن چىرايلار ئۇ يەردە، ئۇدۇلۇمدا، يېنىمدا، كوچىلارنىڭ ئىچىدە كونا دۇنيا بولۇپ كۆرۈنەتتى، ھەممىسى ئەتراپىمدا ئىدى. كېچە نۇرىدا يېنىك تەۋرىنىۋاتقان بارلىق كۆلەڭگىلەرگە قاراپ يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى مۇزلىدى. ئۇ يەردە بىر جىنايەتنى يوشۇرغاندەك، كىتابنى ئېلىپ كېتىۋاتاتتىم. مېنى ھازىرقىدەك قىلغان بۇ تونۇش كوچىلاردىن، ھۆل دەرەخلەرنىڭ ھەسرىتىدىن، پىيادىلەر يولىدا يىغىلىپ قالغان سۇلار ۋە ئاسفالتتا ئەكس ئەتكەن نېئون خەتلەردىن، باققال-قاسساپلارنىڭ چىراغلىرىدىن قاچقۇم كېلەتتى. سەلكىن بىر شامال كەلدى، دەرەخ شاخلىرىدىن سۇ تامچىلىرى تۆكۈلدى، بىر شەپە ئاڭلىدىم ۋە كىتابنىڭ ماڭا بېرىلگەن بىر سىر ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدىم. قورقتۇم، بىر كىم بىلەن پاراڭلاشقۇم كەلدى.

مەھەللىدىكى بەزى دوستلىرىم كېچىلىرى توپلىشىپ قارتا ئوينايدىغان، تېلېۋىزوردا پۇتبول مۇسابىقىلىرىنى كۆرىدىغان، بىر-بىرى بىلەن تېپىشقىلى كېلىپ كىرىپ قويىدىغان ۋوگزال مەيدانىدىكى "ياشلار قەھۋەخانىسى" غا كىردىم. دادىسىنىڭ موزدۇزلۇق دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان بىر ستۇدېنت بىلەن ھەۋەسكارلار گۇرۇپپىسىدا پۇتبول ئوينايدىغان باشقا بىر مەھەللىلىك ئاغىنىسى ئارقا ئۇستەلدە تېلېۋىزورنىڭ رەڭسىز نۇرلىرى ئاستىدا ئىككەك يۆلەپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا تولا ئوقۇلۇپ سەھىپىلىرى بىر-بىرىدىن ئاجراپ كەتكەن گېزىتلەرنى، ئىككى چاي ئىستاكانى، تاماكىلار ۋە بوتكىدىن ئېلىپ ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا يوشۇرغان بىر پىۋا بوتۇلكىسىنى كۆردۇم. بىراۋلار بىلەن ئۇزۇن، ھەتتا سائەتلەرچە پاراڭلاشقۇم بار ئىدى، ئەمما ئۇلار بىلەن پاراڭلىشالمايدىغانلىقىمنى دەرھال ھېس قىلدىم. ئىچىمنى

مەيۈسلۈك، ئېچىنىش چۇلغىۋالدى، غۇرۇر بىلەن سىلكىندىم: كۆڭلۈمنى ئاچچىدىغان كىشىلەرنى كىتابتىكى دۇنيادا ياشايدىغان كۆلەڭگىلەر ئارىسىدىن ئىزدەيتتىم.

شۇنداق قىلىپ كېلەچىكىمگە پۈتۈنلەي ئىگە بولغىنىمغا ئىشەنگۈم كەلدى، ئەمما بىلەتتىمكى، بۇ كىتاب ئەمدى ماڭا خوجايىن ئىدى. بۇ كىتاب ئىچىمگە پەقەت بىر سىر ۋە گۇناھتەك سىڭىپ كېتىش بىلەنلا قالماي، مېنى چۈش كۆرۈۋاتقان ۋاقتىمدىكىدەك بىر خىل گاچىلىققا ئاپارغانىدى. مەن بىلەن پاراڭلىشالايدىغان كىشىلەر نەدىدۇ، قەلبىمگە نىدا قىلغان چۈشنى تاپالايدىغان دىيار نەدىدۇ، بۇ كىتابنى ئوقۇغان كىشىلەر زادى نەدە؟

تۆمۈر يولدىن ئۆتۈپ خالتا كوچىلارغا كىردىم، تۆكۈلۈپ ئاسفالتقا چاپلىشىپ قالغان سېرىق ياپراقلارنى دەسسەپ ئەزدىم. ئىچىمدە بىردىنلا چوڭقۇر بىر ئۈمىدۋارلىق پەيدا بولدى: مۇشۇنداقلا ماڭسام، توختىماي تېز ماڭسام، گويا كىتابتىكى دۇنياغا باراتتىم. ئىچىمدە شولىسىنى ھېس قىلغان يېڭى ھايات يىراق بىر يەردە، بەلكىم يەتكىلى بولمايدىغان بىر دىياردا ئىدى، ئەمما ھەرىكەت قىلغانچە ئۇنىڭغا يېقىنلاشقانلىقىمنى، ھېچ بولمىسا كونا ھاياتىمدىن ۋاز كېچەلەيدىغانلىقىمنى سېزەتتىم.

ساھىلغا بارغىنىمدا دېڭىزنىڭ قاپقارا كۆرۈنۈشىگە ھەيران قالدىم. كېچىلىرى دېڭىزنىڭ بۇنداق قاراڭغۇ، سۈرلۈك ۋە رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى نېمىشقا بۇرۇن بايقىمىغان بولغىيدىم؟ شەيئىلەرنىڭ گويا بىر تىلى بار ئىدى، كىتاب مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ئۆتكۈنچى جىمجىتلىقتا بۇ تىلنى بىر ئاز بولسىمۇ ئاڭلاشقا باشلىغانىدىم. يېنىك چايقىلىۋاتقان دېڭىزنىڭ تۇرغۇنلۇقىنى شۇ چاغدا گويا كىتابنى ئوقۇۋاتقىنىمدا ئۆزۈمگە تۇيۇقسىز ئۇچرىغان، كەتسەم كەلمەيدىغان ئۆلۈمدەك ھېس قىلدىم. ئەمما ئىچىمدە ھەقىقىي ئۆلۈم، يەنى ”ھەممە ئىش ئاخىرلاشتى“ دېگەن تۇيغۇ

ئەمەس، بەلكى هاياتنى يېڭى باشلىغان بىرىنىڭ قىزىقىشى، هاياجىنى تىپىرلايتتى.
ساھىلدا ئۇياق ـ بۇياققا ماڭدىم. كىچىك چاغلىرىمدا بۇ يەرگە جەنۇبتىن كېلىدىغان قارا بوراندىن كېيىن مەھەللىلىك دوستلىرىم بىلەن كېلىپ، دېڭىز سۈيى ئەكىلىپ يىغىپ قويغان كونسېرۋا قۇتىلىرى، پلاستىك توپلار، بوتۇلكىلار، پىلاژ[1] كەشلىرى، مېتال پارچىلار، لامپۇچكىلار، پلاستىك قورچاقلار ئارىسىدىن بىر خەزىنىنىڭ بىر قىسمى بولغان، نېمە ئىكەنلىكى نامەلۇم پارقىراق، يېپيېڭى بىر سېھىرلىك نەرسىنى ئىزدەيتتۇق. كىتابنىڭ نۇرىدىن يورۇغان كۆزۈم كونا دۇنيانىڭ ھەر قانداق ئاددىي بىر نەرسىسىنى تېپىپ كۆزەتسە، بۇ نەرسىنى باللىق چاغلىرىمىزدا ئىزدىگەن ھېلىقى سېھىرلىك نەرسىگە ئايلاندۇرالايدىغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلدىم. ئەمما شۇ تاپتا كىتابنىڭ مېنى بۇ دۇنياغا تەنھا تاشلاپ قويغانلىق تۇيغۇسى ئىچىمنى شۇنداق چۇلغىۋالدىكى، قاراڭغۇ دېڭىز بىردىنلا ئۆرلەپ مېنى غەرق قىلىۋېتەمدىكىن دەپ ئويلىدىم.
ھودۇقتۇم، ھەر قەدەمدە يېڭى دۇنيانىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆيۈمدە بىر دەم بولسىمۇ بۇرۇنراق كىتابىم بىلەن يالغۇز قېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭدىم، يۈگۈرگەندەك كېتىۋېتىپ ئۆزۈمنى ھەتتا كىتابتىن چىقىۋاتقان نۇردىن ھاسىل بولغان بىر ئادەمدەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم، بۇمۇ مېنى پەسكويغا چۈشۈرۈۋاتاتتى.
دادامنىڭ دۆلەت تۆمۈر يول ئىدارىسىدە ئۆزىگە ئوخشاش ئۇزۇن يىل ئىشلەپ مۇپەتتىشلىككىچە ئۆسكەن تەڭ دېمەتلىك ياخشى بىر دوستى بار ئىدى، ئۇ تۆمۈر يول ژۇرنىلىغا تۆمۈر يولچىلىق قىزغىنلىقى ھەققىدە ماقالىلەرنى يازاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزى

[1] پىلاژ ـــ سۇ ئۈزۈشكە ئەپلىك دېڭىز ساھىلى. ـــ ت.

يېزىپ، رەسىملىرىنى ئۆزى سىزغان بالىلار رومانلىرى «يېڭى زامان بالىلار ھېكايىلىرى» مەجمۇئەسىدە نەشر قىلىناتتى. تۆمۈر يولچى رىفقى تاغا ماڭا سوۋغا قىلغان«پېرتېر بىلەن پېتېر» ياكى «كامەر ئامېرىكىدا» ناملىق كىتابلىرىنى ئوقۇۋاتقان كۈنلىرىمدە دەرھال ئۆيگە قايتىپ بېرىپ كىتابقا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەن چاغلىرىم كۆپ بولغانىدى، ئەمما ئۇ بالىلار كىتابلىرىدا ھامان بىر خاتىمە بولاتتى. ئۇ يەردە، ئۈچ ھەرپ بىلەن خۇددى كىنولاردىكىدەك SON (تۈگىدى) دەپ يازاتتى، بۇ ئۈچ ھەرپنى ئوقۇغىنىمدا مەن ئىچىدە بولۇشنى ئارزۇ قىلغان دۆلەتنىڭ چېگرىلىرىنى كۆرۈپلا قالماي، يەنە ئۇ سېھرلىك دىيارنىڭ تۆمۈر يولچى رىفقى تاغا تەسەۋۋۇر قىلىپ يازغان بىر يەر ئىكەنلىكىنى مەيۈس ھالدا چۈشىنەتتىم. يېڭىدىن ئوقۇش ئۈچۈن ئۆيگە ئېلىپ كېتىۋاتقان كىتابتا بولسا ھەممە نەرسىنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم ، شۇڭا بۇ كىتابنى قەلبىمدە ئېلىپ كېتىۋاتاتتىم. شۇڭىمىكىن، مەن يۈگۈرگەندەك كېتىۋاتقان بۇ پاتقاق كوچىلار ماڭا رېئاللىق بولماي، بەلكى بىر كىمنىڭ مېنى جازالاش ئۈچۈن بەرگەن قىيىن تاپشۇرۇقلىرىدەك بىلىنەتتى. چۈنكى بۇ كىتاب ماڭا بۇ دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

تۆمۈر يولدىن ئۆتۈپ جامەنىڭ يېنىدا كېتىۋاتاتتىم، سۇ يىغىلىپ قالغان بىر يەرگە دەسسەيدىغانلىقىمنى كۆرۈپ سەكرىدىم، بىر نېمىگە پۇتلىشىپ دەلدۈگۈنۈپ كەتتىم-دە، پاتقاق ئاسفالت يولغا ئوڭدا چۈشتۈم. دەرھال قوپۇپ ماڭاي دەپ تۇراتتىم، — يىقىلىپ چۈشەتتىڭ ئەمەسمۇ بالام، — دېدى سوزۇلۇپ ياتقىنىمنى كۆرگەن ساقاللىق بىر بوۋاي، — چاتاق يوقتۇ؟

— بار، — دېدىم، — تونۇگۈن دادام ئۆلدى، بۈگۈن كۆمۈپ قويدۇق. پوقتەك ئوسال بىر نېمە ئىدى، دائىم ھاراق ئىچىپ يۈرەتتى، ئانامنى ئۇراتتى، بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋشىمىزنى

خالىمىدى، مەن نەچچە يىل ۋەيرانباغدا ياشىدىم.
"ۋەيرانباغ شەھىرى" دېگەن بۇ سۆز كاللامغا قانداق كەلدى؟ دېگەنلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئۇ بوۋايمۇ چۈشەنگەندۇ بەلكىم، ئەمما ئۆزۈمنى بىردىنلا ئىنتايىن ئەقىللىق ھېس قىلدىم. قىلىۋەرگەن يالغانچىلىقتىنمۇ، كىتاب سەۋەبىدىنمۇ ياكى تېخىمۇ ئاددىيسى، ئۇ بوۋاينىڭ ھاماقەتلەرچە تۇرقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، چۈشىنەلمەي ئۆزۈمگە: "قورقما، قورقماي ماڭ! ئۇ دۇنيا، يەنى كىتابتىكى دۇنيا توغرا دۇنيا!" دېدىم، لېكىن يەنە قورقۇۋاتاتتىم...
نېمىشقا؟
بىر كىتاب ئوقۇپلا ھاياتىدا بۇرۇلۇش ياسىغان ماڭا ئوخشاشلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. «پەلسەپە ئاساسلىرى» دېگەن بىر كىتابنى ئوقۇپ، بىر كېچىدە ئوقۇغان ھەر بىر سۆزگە ئىشىنىپ، ئەتىسى "ئىنقىلابچى پرولېتارىيات يېڭى ئاۋانگارتى"غا قېتىلىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بانكا بۇلاڭچىلىقىدا تۇتۇلۇپ ئون يىل تۈرمىدە ياتقانلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. «ئىسلام ۋە يېڭى ئەخلاق» ياكى «غەربلىششىش خائىنلىقى» دېگەندەك كىتابلاردىن بىرىنى ئوقۇپ، بىر كېچىدىلا قاۋاقخانىدىن مەسچىتكە كىرىپ، مۇزدەك سوغۇق گىلەملەردە، مۇئەتتەر ھىدى ئىچىدە ئولتۇرۇپ، 50 يىلدىن كېيىن كېلىدىغان ئۆلۈمنى سەۋر بىلەن كۈتۈشكە باشلىغانلارنىمۇ بىلەتتىم. ئاندىن «مۇھەببەت ئەركىنلىكى» ياكى «ئۆزۈمنى تونۇدۇم» دېگەندەك كىتابلارغا ئەسىر بولۇپ قالغانلارنىمۇ بىلگەنىدىم. بۇنداقلار كۆپىنچە مەسئۇلىيەتكە ئىخلاس قىلىدىغان ئىنسانلار ئارىسىدىن چىقاتتى، ھالبۇكى، بۇلارمۇ سەمىمىيەت بىلەن: "بۇ كىتاب بىر كېچىدە پۈتۈن ھاياتىمنى ئۆزگەرتتى!" دەيتتى.
ئەسلىدە كاللامدىكى بۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەرنىڭ

پەرىشانلىقى ئەمەس ئىدى، يالغۇزلۇقتىن قورقاتتىم. مەندەك بىر هاماقەتنىڭ سادىر قىلىپ قويۇش ئېھتىماللىقىدەك، كىتابنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشتىن، بۇ چۈشىنىشنىڭ يۈزەكى بولۇش ياكى بولماسلىقىدىن، يەنى باشقىلاردەك بولالماسلىقتىن، مۇھەببەتتىن زېرىكىشتىن، ھەر ئىشنىڭ سىرىنى بىلىپ، بۇ سىرنى بىلىشنى زادى خالىمايدىغانلارغا ئۇنى ئۆمۈر بويى چۈشەندۈرۈپ مازاققا قېلىشتىن، تۈرمىگە كىرىشتىن، بېشى يېرىق كۆرۈنۈشتىن، ئەڭ ئاخىرىدا دۇنيانىڭ مەن ئويلىغاندىنمۇ ۋەھشىي ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشتىن، گۈزەل قىزلارغا ئۆزۈمنى سۆيدۈرەلمەسلىكىمدىن قورقاتتىم. چۈنكى كىتابتا يېزىلغانلار راست بولسا، ھاياتلىق شۇ سەھىپىلەردە ئوقۇغىنىمدىكىدەك بولسا، شۇنداق بىر دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقى مۇمكىن بولسا، نېمىشقا ھەممە ئادەم ھېلىمۇ جامەگە بارىدۇ، قەھۋەخانىدا تاغدىن-باغدىن گەپ سېتىپ مۈگدەپ ئولتۇرۇشىدۇ ۋە ياكى ھەر ئاخشىمى بۇ ۋاقىتتا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدۇ؟ بۇنى ھېچ چۈشەنگىلى بولمايتتى. كوچىلاردىمۇ تېلېۋىزورغا ئوخشاش كۆرگۈدەك قىزىقارلىقراق بىر نەرسە بولۇشى مۇمكىن، مەسىلەن، بىرەر ماشىنا تېزلىكتە ئۆتۈشى، بىرەر ئات كىشنىشى، ياكى بىرەر مەست ۋارقىراپ قېلىشى مۇمكىن دەپ بۇ كىشىلەر دېرىزە پەردىلىرىنى قىيا ئوچۇق قويىدۇ.

قىيا ئوچۇق پەردىلەر ئارىسىدىن ئۆينىڭ ئىچىگە بىر ھازا قارىدىم. ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆينىڭ تۆمۈر يولچى رىفقى تاغىلارنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى قاچان بايقىغانلىقىمنى بىلەلمىدىم، تاسادىپىي بايقىغان بولۇشۇم مۇمكىن، ھاياتىم بىر كىتاب بىلەن باشتىن-ئاخىر ئۆزگەرگەن كۈنى ئاخشىمى بەلكى ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز سالام يوللاۋاتقان بولۇشۇم مۇمكىن. كاللامدا غەلىتە بىر ئىستەك، يەنى دادام بىلەن ئۇ يەرگە ئاخىرقى قېتىم بارغان

چاغلىرىمدا ئۆينىڭ ئىچىدە كۆرگەن نەرسىلەرنى — قەپەستىكى تورغايلارنى، تامدىكى بارومېتىرنى، كۆكۈل قويۇپ رامكىلىنىپ تامغا ئېسىلغان تۆمۈر يول رەسىملىرىنى، بىر يېنىغا ئىسپىرتلىق مېۋە شەربەتلىرى، ۋاگون مودېللىرى، كۈمۈشرەڭ كەمپۈت قۇتىسى، تەكشۈرگۈچ سايمانلار، تۆمۈر يول خىزمىتى مېداللىرى، بىر يېنىغا قىرىق-ئەللىك كىتاب تىزىلغان ئەينەكلىك ئىشكاپنى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تۇتۇلمىغان شاماۋارنى، ئۈستەلدىكى قارتىلارنى... تېخىمۇ يېقىندىن كۆرۈش ئىستىكىم بار ئىدى. قىيا ئوچۇق پەردىلەر ئارىسىدىن ئۆيدىكى تېلېۋىزورنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، يورۇقىنى كۆرەلەيتتىم.

نەدىن كەلگىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمىگەن بىر قەتئىي نىيەت بىلەن بىنا باغچىسىنى پىيادىلەر يولىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان تامغا چىقتىم ۋە تۆمۈر يولچى رىفقى تاغىنىڭ تۈل خوتۇنى راتىبە هامىنىڭ بېشىنى ۋە ئۇ كۆرەلەيتتى تېلېۋىزورنى كۆردۈم. ئۇ ئېرىنىڭ بوش قالغان ئورۇندۇقىغا قىرىق بەش گرادۇس يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرەلەيتتى، ئۇ خۇددى ئانامدەك بويىنىنى قىسىپ ئولتۇراتتى، ئەمما ئانامدەك بىر نېمە توقۇماي، پۈرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى.

تۆمۈر يولچى رىفقى تاغا ئۆتكەن يىلى يۈرەك كېسىلى بىلەن قازا قىلغان دادامدىن بىر يىل ئاۋۋال ئۆلۈپ كەتكەنىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆلۈمى تەبىئىي ئۆلۈم ئەمەس ئىدى، بىر كۈنى كېچىدە قەھۋەخانىدا كىتىۋاتقاندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، قاتىل تۇتۇلماي قالغانىدى؛ بۇ ھەقتە بىر ئۆسەك گەپ چىققان، دادامنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى بىر يىلىدا ئۇ گەپكە زادى ئىشەنمىگەنىدى. رىفقى تاغىنىڭ بالىسى يوق ئىدى.يېرىم كېچىدە ئانام ئۇخلاپ خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئورۇندۇقۇمدا تىك ئولتۇرۇپ بىلەكلىرىم، جەينەكلىرىم، ئالىقانلىرىم ئارىسىدا تۇرغان كىتابقا قاراۋېتىپ مەھەللىنىڭ ۋە شەھەرنىڭ ئۆچكەن چىراغلىرىنى، ئادەمسىز ۋە پاتقاق كوچىلارنىڭ

سـولغۇنلۇقىنى، ئـاخىرقى قېـتىم ئـۆتكەن بوزىچىنىــڭ ئـاۋازىنى، بىمەھەل ئۆتكەن بىر-ئىككى قاغىنى، شەھەر ئەتراپىغا قاتنايـدىغان ئەڭ ئـاخىرقى پـويىزدىن كېـيىن ئۆتۈشـكە باشـلىغان ئـۇزۇن يـۈك پويىزلىرىنىڭ تاقىر-تۇقۇرلىرىنى، يېرىم كېچىدە بىزنىڭ مەھەللىنى مۇشۇ يەرلەردەك قىلغان ھەمـمە نەرسـىنى ئاسـتا-ئاسـتا، ھاياجـان، شادلىق ۋە بەخـت ئىلكىـدە ئۇنتـۇدۇم ھەمـدە كىتـابتىن چىقىۋاتقـان نۇرغا ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي بېغىشلىۋەتتىم. شۇنداق قىلىـپ، ھايـاتىمنى ۋە خىيــاللىرىمنى مۇشــۇ كــۈنگىچە شــەكىللەندۈرگەن چۈشــلۈك تاماقلار، كىنوخانا ئىشىكلىرى، سىنىپداشلار، كۈنـدىلىك گېـزىتلەر، گــازلىق سـۇلار، پۇتبـول مۇسـابىقىلىرى، رەت-رەت دەرسـخانىلار، پــاراخوتلار، گــۈزەل قىـزلار، بەخــت خىيــاللىرى، كەلگۈســىدىكى سـۆيگىنىم، خوتۇنـۇم، خىـزمەت ئۈسـتىلىم، ئەتىگەنلىـرىم، ناشتىلىقلىرىم، ئاپتوبۇس بېلەتلىـرىم، ئۇشـشاق كۆڭۈلسىزلىكلىرىم، ئىشلەپ بولالمىغان فىزىكا تاپشۇرۇقلىرىم، كونا ئىشتانلىرىم، يۇزۇم، ئـۇخلاش كىيىملىــرىم، كېچىلىــرىم، مېنـى ئانــانىزم قىلـدۇرغان ژۇرنـاللار، تامـاكىلىرىم، ھەتتـا ئارقامـدىكى ۋاپـادار كـارىۋىتىمنى كاللامدىن پۈتۈنلەي چىقتـى، مەن ئـۆزۈمنى ئـۇ يەردە، ئاشـۇ يـورۇق دىياردا ساياھەت قىلىۋاتقان ھالدا كۆردۈم.

## 2

ئەتىسى ئاشىق بولدۇم. كىتـابتىن يـۈزۈمگە چېچىلغـان نـۇردەك كۈچلۈك بۇ ئاشىقلىق ھاياتىمنىڭ خېلى بۇرۇنلا تاپتىن چىققانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

ئەتىگىنـى ئـويغىنىش بىلەنــلا، بىــر كــۈن ئــاۋۋال بېـشىمدىن ئۆتكەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ، ئالدىمدا نامايان بولغان يېڭى دىيارنىــڭ بىــر دەملىــك خىيــال بولماســتىن، بەلكـى بەدىــنىم،

قوللىرىم، پۇتلىرىمغا ئوخشاش ھەقىقىي بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى شۇ ھامان چۈشەنگەنىدىم. ئۆزۈم ئىچىگە كىرىپ قالغان بۇ يېڭى ئالەمدىكى چىدىغۇسىز يالغۇزلۇق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزۈمگە ئوخشايدىغان كىشىلەرنى تاپمىسام بولمايتتى.

كېچە ياغقان قار دېرىزە تەكچىلىرى، پىيادىلەر يوللىرى ۋە تاملارنى قاپلىغانىدى. ئۈستەلدە ئېچىقلىق تۇرغان كىتاب سىرتتىن كەلگەن ئاق ۋە مۇزدەك سوغۇق نۇرنىڭ ئىچىدە تۇرغاندىنمۇ بەك يالىڭاچ، پاك كۆرۈنەتتى، بۇمۇ ئۇنى قورقۇنچلۇق ھالەتكە كىرگۈزگەنىدى.

لېكىن يەنە ھەر ئەتىگەنكىدەك ئانام بىلەن ناشتا قىلىشقا، قىزارغان بولكا ھىدىنى پۇراپ «مىللىيەت»گېزىتىنى ۋاراقلاشقا، جەلال سالىكنىڭ ماقالىسىغا كۆز يۈگۈرتۈشكە مۇۋەپپەق بولالىدىم. ھەممە ئىش ئۆزۈم ئادەتلەنگەن كونا قېلىپتا كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى، داستىخاندىكى پىشلاقتىن يېدىم، چاي ئىچىۋېتىپ ئانامنىڭ خۇش چىرايىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم. پىيالە، چەينەك، قوشۇقلارنىڭ جاراڭلاشلىرى، كوچىدىكى ماندارىن ساتقۇچىنىڭ ماشىنىسى گويا ماڭا ھاياتنىڭ بۇرۇنقىدەك داۋاملىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەن دەيتتى. ئەمما ئالدانمىدىم. دۇنيانىڭ باشتىن-ئاخىر ئۆزگەرگەنلىكىگە ئىشەنچىم شۇنچىلىك كامىل ئىدىكى، ئۆيدىن چىققۇچە دادامنىڭ ھېلىقى ئېغىر، كونا پەلتوسىنى كىيىشىمۇ ئۆزۈمگە غەيرىي تۇيۇلمىدى.

ۋوگزالغا بېرىپ پويىزغا چىقتىم، پويىزدىن چۈشۈپ پاراخوتقا ئۈلگۈردۈم، قاراكۆيدە[1] پاراخوت توختايدىغان پورت كۆۋرۈكىگە سەكرىدىم، قىستاڭچىلىقتا جەينەكلەشتىم، پەلەمپەيلەردىن يۇقىرىغا

---

[1] قارا كۆي، تاكسىم، تاشقىشلا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىستانبۇلدىكى مەھەللە، كوچا ناملىرى. — ت

چىقىپ، ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ تاكسىمگە باردىم، تاشقىشلاغا كېتىۋېتىپ پىيادىلەر يولىدا گۈل سېتىۋاتقان سىگانلارغا بىر پەس قاراپ تۇردۇم. ھاياتنىڭ بۇرۇنقىدەك داۋاملىشىشىغا ئىشىنەلەمدىم، كىتابنى ئوقۇغانلىقىمنى ئۇنتۇيالامدىم؟ بۇلار ماڭا بىردىنلا قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كەتتىكى، يۈگۈرگۈم كەلدى.

فىزىكىدىكى قارشىلىق كۈچى دەرسىدە دوسكىغا سىزىلغان شەكىللەرنى، خەتلەرنى، سانلارنى ۋە فورمۇلالارنى دەپتىرىمگە ئەستايىدىل كۆچۈردۇم. دوسكىغا بىر نەرسە يېزىلمىغان چاغدا قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ پاينەكۋاش پروفېسسورنىڭ مۇلايىم ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. راستىنلا ئاڭلاۋاتامدىمەن ياكى ھەممەيلەندەك ئاڭلاۋاتقان بولۇۋېلىپ، ھەر قانداق بىر تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنشائات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسىنى دوراۋاتامدىمەن، بىلەلمىدىم. بىر ھازادىن كېيىن، مەن بىلىدىغان ئۇ كونا دۇنيانىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئۈمىد يوق دۇنيا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانچە يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى، تومۇرلىرىمدا دورىلىق قان ئېقىۋاتقاندەك بولۇپ بېشىم قايدى، ئۇ كىتابتىن يۈزۈمگە چېچىلغان نۇرلارنىڭ گەجگەمدىن پۈتۈن گەۋدەمگە ئاستا-ئاستا تاراۋاتقانلىقىنى پەيزىم بىلەن ھېس قىلدىم. يېڭى بىر دۇنيا خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت ھەممە نەرسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھەتتا ھازىرقى زاماننى ئۆتكەن زامانغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. مەن كۆرگەن، تۇتقان ھەممە نەرسە ئېچىنىشلىق دەرىجىدە كونا ئىدى.

ئۇ كىتابنى دەسلەپتە بىناكارلىق كەسپىدە ئوقۇيدىغان بىر قىزنىڭ قولىدا كۆرگەنىدىم. ئۇ ئاستىنقى قەۋەتتىكى كانتىن[1]دىن

---

[1] كانتىن — ھەربىي لاگېر، زاۋۇت ۋە مەكتەپلەرنىڭ ئىچىدە ئۇششاق يېمەك-ئىچمەك ساتىدىغان، مەخسۇس شۇ يەرگە تەۋە، ئىچىدە ئولتۇرغىلى ۋە تېلېۋىزور كۆرگىلى بولىدىغان يەرنى كۆرسىتىدۇ. — ت.

بىر نەرسە ئالماقچى ئىدى، سومكىسىدىن ھەميانىنى ئىزدەۋاتاتتى، ئەمما يەنە بىر قولى بوش بولمىغاچقا سومكىسىنى ئاختۇرالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ قولىدا كىتاب بار ئىدى، قولىنى بوشىتىش ئۈچۈن ئۇنى مەن ئولتۇرغان شىرەگە قويۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىتابقا مۇنداقلا بىر قارىغانىدىم. پۈتۈن ھاياتىمنى ئۆزگەرتكەن تاسادىپىيلىق پەقەت مۇشۇنچىلىكلا ئىدى. ئاندىن قىز كىتابنى ئېلىپ سومكىسىغا سالدى. چۈشتىن كېيىن ئۆيۈمگە قايتىش يولىدىكى بىر كوچا يايمىسىدا كونا كىتابلار، رىساللەر، شېئىر ۋە پال كىتابلىرى، مۇھەببەت ۋە سىياسەت رومانلىرى ئارىسىدا شۇ كىتابنى قايتا كۆرگەن ھامان سېتىۋالغانىدىم.

چۈشتە قوڭغۇراق چېلىنىشى بىلەنلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاشخانىدا تاماق ئېلىش ئۈچۈن تۇرۇش ئۈچۈن پەلەمپەيلەرگە قاراپ يۈگۈردى، مەن پارتامدا جىممىدە ئولتۇردۇم. كېيىن كارىدورلارنى كەزدىم، كانتىنغا كىردىم، ھويلا- سەينالاردىن ئۆتتۈم، تۈۋرۈكلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ، بوش سىنىپلارغا كىردىم، ئۇدۇلدىكى باغچىدىكى قارغا كۆمۈلگەن دەرەخلەرگە دېرىزىلەردىن قارىدىم، خالادىكى جۈمەكتىن سۇ ئىچتىم. تاشقىشلانىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ چىقتىم. ئۇ قىز ھېچنەدە يوق ئىدى، لېكىن بەك تەقەززا بولۇپ كەتمىدىم.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كارىدورلار ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولۇپ كەتتى. بىناكارلىق سىنىپى جايلاشقان كارىدورلاردا ئارىلاپ يۈرۈپ ئىشخانىلارغا كىردىم، ئۇ يەردە پۇل تىكىشىپ قارتا ئويناۋاتقانلارنى تاماشا قىلدىم ۋە بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ، پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەن گېزىتلەرنى يىغىپ ئوقۇدۇم. ئاندىن كارىدورلاردا ماڭدىم، پەلەمپەيلەردىن چۈشتۈم، چىقتىم؛ پۇتبول، سىياسەت ۋە تۈنۈگۈن ئاخشام تېلېۋىزوردا كۆرگەنلىرى ھەققىدە ئاغزى- ئاغزىغا تەگمەي

سۆزلىشۋاتقانلارنىڭ گېپىنى تىڭشىدىم. بالىلىق بولۇش نىيىتىگە كەلگەن بىر كىنو چولپىنى بىلەن چاقچاقلىشىۋاتقانلارغا قېتىلدىم. تاماكا، چاقماق سورىغانلارغا بەردىم، بىرسى بىر لەتىپە سۆزلەۋاتاتتى، ئاڭلىدىم، شۇ ئەسنادا بىرسى مېنى توختىتىپ: "پالانچىنى كۆردۈڭمۇ؟" دەپ سورىۋىدى، ياخشى نىيەتتە جاۋاب بەردىم. گاھى ئۈچرىشىپ قالىدىغان بىر-ئىككى ئاغىنە، قارايدىغان بىر دېرىزە ياكى ماڭىدىغان بىرەر نىشان تاپالمىغاندا كاللامغا ناھايىتى مۇھىم بىر نەرسە كېلەتتى-دە، بىر يەرگە بېرىشقا قارار قىلىپ، ناھايىتى ئالدىراش ئىشىم باردەك ئىتتىك ماڭاتتىم. ئەمما بارىدىغان تەرەپ ئېنىق بولمىغانلىقتىن كۆتۈپخانا ئالدىغا كەلگىنىمدە، پەلەمپەيلەرنىڭ سۇپىسىغا قەدەم باسقىنىمدا، ياكى تاماكا سورايدىغان بىرسىگە ئۇچراپ قالغىنىمدا يولۇمنى ئۆزگەرتىپ، توپ ئارىسىغا قېتىلاتتىم، بەزىدە تاماكىدىن يەنە بىرنى چېكىش ئۈچۈن توختاپ تۇراتتىم. بىر چاغدا ئېلان تاختىسىغا يېڭى ئېسىلغان بىر ئۇقتۇرۇشقا قارىشىم بىلەنلا يۈرىكىم تۇيۇقسىز دۈپۈلدەپ كەتتى، بىرسى غىل-پال كۆرۈنۈپ كېتىپ قالدى، مېنى چارىسىز قويدى: مەن قولىدا كىتابنى كۆرگەن قىز ئەنە شۇ يەردە ئىدى، توپلىشىۋالغانلار ئارىسىدا مەندىن يىراقلىشىۋاتاتتى، خۇددى چۈشۈمدىكىدەك، ئاستا كېتىۋېتىپ مېنى چاقىرىۋاتاتتى. ھوشۇمنى يوقاتتىم، مەن ئەمدى مەن ئەمەس ئىدىم؛ بۇنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتىم ، ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم.

ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ئاقۇش، ئەمما ئاق رەڭدە ياكى باشقا ھېچ بىر رەڭدە بولمىغان بىر كىيىم بار ئىدى. پەلەمپەيلەرگە بارمايلا ئۇنىڭغا يېتىشتىم ۋە چىرايىغا يېقىندىن قارىغانىدىم، يۈزۈمگە كىتابتىن چېچىلغان نۇردەك كۈچلۈك، ئەمما ئىللىق بىر نۇر ئۇرۇلدى. بۇ دۇنيادا ئىدىم ۋە يېڭى ھاياتنىڭ ئىشىكىدە تۇراتتىم. ئۇ يەردە تازىلانمىغان پەلەمپەيلەرنىڭ بېشىدا ۋە كىتابتىكى ھاياتنىڭ ئىچىدە

ئىدىم. بۇ نۇرغا قارىغانچە قەلبىمنىڭ مېنىڭ گېپىمنى ھەرگىز ئاڭلىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئۇنىڭغا كىتابنى ئوقۇغانلىقىمنى ئېيتتىم، كىتابنى ئۇنىڭ قولىدا كۆرگەنلىكىمنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغانلىقىمنى دېدىم. كىتابنى ئوقۇماستا بىر دۇنيايىم بار ئىدى، ئوقۇغاندىن كېيىن باشقا بىر دۇنيايىم بولدى. ئەمدى پاراڭلىششىمىز كېرەك ئىدى، چۈنكى مەن بۇ دۇنيادا تىككەندەك يالغۇز قالغانىدىم.

— ھازىر دەرسىم بار، — دېدى قىز.

تېخىمۇ ھەيران بولدۇم، بۇنى ئۇمۇ چۈشەندى بولغاي، بىر ئاز ئويلاندى.

— بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئاخىر بىر قارارغا كېلىپ، — بوش بىر سىنىپنى تېپىپ پاراڭلىشايلى.

ئىككىنچى قەۋەتتىن بىر بوش سىنىپ تاپتۇق. سىنىپقا كىرىۋاتقاندا پۇتلىرىم تىترەپ كەتتى. كىتاب ماڭا ۋەدە قىلغان دۇنيانى كۆرگەنلىكىمدىن قانداق گەپ ئېچىشنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. كىتاب مەن بىلەن پىچىرلاشقاندەك پاراڭلاشقان، دۇنيانى بىر سىرنى ئاچقاندەك ئېچىپ بەرگەنىدى. قىز ئىسمىنىڭ جانان ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، مەنمۇ ئىسمىمنى ئېيتىپ بەردىم.

— سېنى كىتابقا باغلىغان نەرسە نېمە؟ — دەپ سورىدى قىز.

"كىتابنى سېنىڭ ئوقۇغانلىقىڭ بولمامدۇ پەرىشتە"دېگۈم كەلدى بىر ئىلھام بىلەن. بۇ پەرىشتە نەدىن كەلدى، كاللامنى ئېلىشتۇرۇپ؛ كاللام دائىم ئېلىشاتتى، ئەمما كېيىن بىرسى ياردەم قىلاتتى، بەلكىم شۇ پەرىشتە بولسا كېرەك.

— كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن پۈتۈن ھاياتىم ئۆزگەردى، — دېدىم مەن، — مەن ياشىغان ھۇجرا، ئۆي، دۇنيا مېنىڭ ياتىقىم، ئۆيۈم، دۇنيايىم بولۇشتىن قالدى-دە، ئۆزۈمنى يات بىر دۇنيادا يۇرت-ماكانسىز ھېس قىلدىم. كىتابنى دەسلەپتە سېنىڭ قولۇڭدا

كۆردۈم. كىتابنى سەنمۇ ئوقۇدۇڭ. ماڭا سەن بېرىپ كەلگەن دىيارنى ئېيتىپ بەر. ئۇ دىيارغا قەدەم بېسىشىم ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بەر. نېمىشقا ھازىر، تېخىچە بۇ يەردە ئىكەنلىكىمىزنى ماڭا چۈشەندۈر. بۇ دۇنيا قانداقچە ئۆز ئۆيۈمدەك تونۇش بولالايدۇ، ئۆز ئۆيۈم قانداقچە پۈتۈن دۇنيادەك يات كۆرۈنىدۇ، بۇنى ماڭا چۈشەندۈر.

بۇ كەيپىيات ۋە شۇ تەلەپپۇز بىلەن بەلكىم تېخىمۇ كۆپ سۆزلەيتتىم، ئەمما كۆزلىرىم بىردىنلا قاماشقاندەك بولدى. تالادىن قىشتىكى چۈش ۋاقتىنىڭ قارلىق ۋە كۈمۈشرەڭ نۇرى شۇ قەدەر تۈز، پارلاق كېلىۋاتاتتىكى، بور پۇرايدىغان كىچىك سىنىپنىڭ ئەينەكلىرى گويا مۇزدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا ئەيمىنىپرەك قارىدىم.

— كىتابتىكى دۇنياغا كىرىش ئۈچۈن قانداق قىلاتتىڭ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇنىڭ يۈزى سولغۇن، قاشلىرى، چاچلىرى قوڭۇر، بېقىشلىرى مۇلايىم ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ بۇ ھالىتى بۇ دۇنيادىن بولغان بولسا، بۇ كۆپىنچە بۇ دۇنيانىڭ ئەسلىمىلىرىدىن بولغانىدى. ئەگەر كېلەچەكتىن بولسا، بۇ كۆپىنچە كېلەچەكنىڭ قورقۇنچى ۋە ئازابلىرىنىڭ بېشارىتى ئىدى. ئۇنىڭغا كۆپرەك قاراپ كەتسەم راستتىنلا شۇنداق بولۇپ قېلىشىدىن قورقىدىغاندەك قاراپ تۇراتتىم.

—كىتابتىكى دۇنيانى تېپىش ئۈچۈن ھەممىنى قىلاتتىم، — دېدىم.

ئۇ سۇس كۈلۈمسىرەپ ماڭا يېقىملىق باقتى. پەۋقۇلئاددە گۈزەل بىر قىز، سۆيۈملۈك بىر قىز سىزگە شۇنداق قارىسا قانداق بولۇشىڭىز كېرەك؟ سەرەڭگىنى قانداق تۇتۇش، تاماكىنى قانداق يېقىش كېرەك؟ دېرىزىدىن قانداق قاراش، ئۇنىڭ بىلەن قانداق پاراڭلىشىش، ئۇنىڭ ئالدىدا قانداق تۇرۇش، قانداق نەپەس ئېلىش كېرەك؟ بۇلارنى بۇ دەرسخانىلاردا زادى ئۆگەتمەيدۇ. مەندەكلەر مانا

مۇشـۇنداق بىـر ئامالـسىزلىقتا، يۈرەكلىرىنىـڭ دۈپۈلدەشـلىرىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ تولغىنىدۇ.

ـــ زادى قانداق ئىـشلارنى قىلالايـسەن؟ ـــ دەپ سـورىدى ئـۇ مەندىن.

ـــ ھەمــمە ئىــش...ـــ دېـدىم ۋە يۈرىكىمنىـڭ سوقۇشـىنى تىڭشاپ جىمىپ قالدىم.

نېمىشقىكىن بىلمىدىم، ناھـايىتى ئـۇزۇن، ئاخىرلاشـمايدىغان ئۇزۇن سەپەرلەر، توختىماي ياغىدىغان قاتتىق يامغۇرلار، ھەممىسى بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشىدىغان بىكىـنمە كـوچىلار، غەمكىـن دەرەخـلەر، پاتقاقلىق ئېرىقلار، باغچىلار، دىيارلار كاللامغا كەلدى. ئۇنىڭغا بىـر كۈنلەردە مۇيەسسەر بولالىسام، بۇ دىيارلارغا كەتسەم بولاتتى.

ـــ مەسىلەن، ئۆلۈمنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرەلەمسەن ؟

ـــ كەلتۈرەلەيمەن.

ـــ ئـۇ كىتـابنى ئوقۇغـانلارنى ئۆلتۈرىـدىغانلارنىڭ بـارلىقىنى بىلسەڭمۇ شۇنداق قىلالامسەن؟

كۈلۈمـسىرەشكە تىرىـشتىم، چـۈنكى، ئىچىمـدىكى بولغۇسـى ئىنژېنېر: بۇ بىر كىتـابقۇ ئـاخىر! دەيتتـى، ئەمما جانـان كـۆزلىرىنى ماڭا پۈتۈن دىققىتى بىـلەن تىككەنىـدى. سـەللا دىـققەت قىلمىسام، خاتـا بىــر نەرسـە دەپ سالـسام كىتـابتىكى دۇنيـاغىمۇ، ئۇنىڭغىمـۇ يېقىنلىشالمايدىغانلىقىمنى ئويلاشقا باشلىدىم.

ـــ مېنى بىر كىمنىـڭ ئۆلتۈرۈشـىگە ئىـشەنمەيمەن،ـــ دېـدىم ئىكەنلىكىنـى ئـويلاپ يېتەلمىگەن بىرىنـى دوراپ،ـــ راسـتىنى ئېيتسام، شۇنداق بولسىمۇ ئۆلۈمدىن قورقمايمەن.

دېرىزىـدىن چۈشـكەن بـور رەڭ ئـاق نۇرنىـڭ ئىچىـدە ئۇنىـڭ خورما رەڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

ـــ سىېنىڭچە ئـۇ دۇنيـا بـارمۇ؟ يـاكى شـۇ كىتابقـا يېزىلىـپ كەتكەن چۈشىمان بىر خىيالمۇ؟

— ئۇ دۇنيا بار!— دېدىم،— سەنمۇ شۇنچىلىك گۈزەلسەنكى، شۇ يەردىن كەلگەنلىكىڭنى بىلىمەن.

ئۇ ماڭا قاراپ چەبدەسلىك بىلەن ئىككى قەدەم مېڭىپ، بېشىمنى ئىككى تەرەپتىن قامالاپ، بويىنىنى سوزۇپ لېۋىمگە سۆيدى، تىلى لېۋىمدە بىر پەس تۇردى، قولۇم يېنىك بەدىنىنى تۇتۇپ بولغۇچە كەينىگە داجىدى.

— ناھايىتى جەسۇر ئىكەنسەن،— دېدى ئۇ.

ئۇنىڭدىن لاۋانتا[1] ۋە كولونيا[2] پۇرىقىنى سەزدىم-دە، ئۇنىڭغا قاراپ مەستانىلەرچە بىر-ئىككى قەدەم ماڭدىم. ئىشىك ئالدىدىن ئىككى ئوقۇغۇچى ۋارقىرىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

— ئەمدى توختاپ گېپىمنى ئاڭلا،— دېدى ئۇ،— بۇ دېگەنلىرىڭنى مەھەممەتكىمۇ ئېيتىشىڭ كېرەك. ئۇ كىتابتا ئېيتىلغان دۇنياغا بېرىپ يېنىپ كەلدى. ئۇ شۇ يەردىن كېلىۋاتىدۇ، بىلدىڭمۇ؟ چۈشەندىڭمۇ؟ ئەمما ئۇ باشقىلارنىڭمۇ ئۇ كىتابقا ئىشىنىشىگە، ئۇ يەرگە بارالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇ قورقۇنچلۇق ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەنمىش، ئىشەنچىنى يوقاتقانمىش. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويامسەن؟

— مەھەممەت دېگەن كىم؟

— ئون مىنۇتتىن كېيىن، تۈنجى دەرس باشلانماستا 201-سىنىپنىڭ ئىشىك تۈۋىدە بول،— دېدى ۋە بىردىنلا ئىشىكتىن چىقىپ غايىب بولدى.

سىنىپ قۇپقۇرۇق قالدى، گويا مەنمۇ ئۇ يەردە يوق ئىدىم،

---

[1] لاۋانتا— تۈركىيە ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە ئۆسىدىغان سۆسۈن رەڭلىك خۇش پۇراق ئۆسۈملۈك، ئۇنىڭدىن ئەتىر ئىشلىنىدۇ، — ت.

[2] كولونيا— يۈزگە، قولغا سۈرۈلسە تېرىنى خۇش پۇراق قىلىدىغان ۋە دېزىنفېكسىيىلەيدىغان خۇش پۇراق سۇيۇقلۇق، — ت.

داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. ھېچكىم مېنى ئۇنداق سۆيمىگەنىدى، ھېچكىم ماڭا ئۇنداق قارىمىغانىدى. ئەمدى تىكەندەك يالغۇز قالغانىدىم. قورقۇۋاتاتتىم، ئۇنى يەنە كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلىدىم، ئەمدى بۇ دۇنياغا يەنە راۋۇرۇس قەدەم تاشلىيالمايتتىم؛ ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگۈم كەلدى، ئەمما يۈرىكىم شۇنداق تېز سوقۇۋاتاتتىكى، نەپەس ئالالماسلىقىمدىن قورقتۇم. ئاق، ئاپئاق بىر نۇر كۆزلىرىمنىلا ئەمەس، ئەقلىمنىمۇ غۇۋالاشتۇرغانىدى. بۇ شۇ كىتاب سەۋەبىدىن دەپ ئويلىدىم ھەم توساتتىن ئۇ كىتابنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرگىنىمنى، ئۇ يەردە، ئۇ دۇنيادا بولۇشنى شۇنچىلىك ئارزۇلىغىنىمنى شۇ قەدەر چۈشەندىمكى، گويا ھازىرلا يىغلاپ سالارمەنمىكىن دەپ ئويلىدىم. ئۇ كىتابنىڭ بارلىقى قەددىمنى تىك تۇتۇپ تۇرۇشۇمغا ئىمكان بېرەتتى. بىلمەنكى، ئۇ قىزمۇ مېنى چوقۇم يەنە بىر قېتىم قۇچاقلايتتى. پۈتۈن دۇنيانىڭ مېنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى ئويلىدىم.

ئۇ يەردىن ئاۋازلار ئاڭلىناتتى، دېرىزىدىن تالاغا قارىدىم. بىناكارلىق كەسپىدىكى بىر توپ ئوقۇغۇچى پەستىكى باغچىنىڭ ئەتراپىدا ۋارقىرىشىپ قار پومزىكى ئېتىپ ئويناۋاتاتتى. نېمىگە قارىغىنىمنى بىلمەيلا ئۇلارغا قارىدىم. ئەمدى ھەرگىز بالا ئەمەس ئىدىم، غايىب بولغانىدىم.

ئادەتتىكىچە بىر كۈن ھەممىمىزگە نېسىپ بولغۇسى ھەم بولغان، بۇ دۇنيادا ئادەتتىكىچە قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتىمىز دەپ يۈرگىنىمىزدە تۇيۇقسىز بايقايمىزكى، ئېڭىمىزدا مەۋجۇت گېزىت خەۋەرلىرى، ماشىنا شاۋقۇنلىرى، كۆڭۈلسىز سۆزلەر، يانچۇقلىرىمىزدا ئىشلىتىپ بولغان كىنو بېلەتلىرى ۋە تاماكا كۈللىرى ئەسلىدە خېلىدىن بېرى باشقا بىر يەرگە كېتىپ بولغان؛ ئەسلىدە بىز بۇ يەردە — قەدەملىرىمىز بىزنى ئېلىپ بارغان يەردە ئەمەسمىز. مەن بۇرۇنلا غايىب بولغانىدىم، موز ئەينەكلەرنىڭ ئارقىسىدا،

ئۆچكەن بىر رەڭنىڭ ئىچىدە ئېرىپ كەتكەنىدىم. ئۇنداقتا قەدەم بېسىلىدىغان ھەر قانداق بىر زېمىنغا، ھەر قانداق بىر دۇنياغا بارالىشىم ئۈچۈن بىر قىزغا، يەنى ھېلىقى قىزغا يېپىشىش، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشىم كېرەك. تىنجىماس قەلبىم بۇ ئەخمەقلىقنى قانداقىسىگە تېزلا ئۆگىنىۋالغان بولغىيدى! ئاشىق بولغانىدىم، ئۆزۈمنى قەلبىمنىڭ ئۆلچەمسىز ئۆلچىمىگە قوياتتىم، سائىتىمگە قارىدىم. دەرسكە كىرىشكە سەككىز مىنۇت قاپتۇ.

بىر تېنىم، بىر ھاياتىم، بىر چىرايىم، بىر ھېكايەم بولغانلىقىنى غەلىتە ھالدا ھېس قىلغاچ ئېگىز تورۇسلۇق كارىدورلاردا ئەرۋاھتەك ماڭدىم. ئوقۇغۇچىلار توپى ئارىسىدا ئۇنى ئۇچرىتالامدىمەن، ئۇچراتسام نېمە دەيمەن،چىرايىم قانداق ئىدى، ئەسلىيەلمىدىم. پەلەمپەيلەرنىڭ يېنىدىكى خالاغا كىرىپ، ئاغزىمنى جۈمەككە تىرەپ سۇ ئىچتىم ۋە ئەينەككە، بايا سۆيۈلگەن لەۋلىرىمگە قارىدىم. ئانا، مەن ئاشىق بولدۇم؛ ئانا، مەن غايىپ بولۇپ كېتىۋاتىمەن؛ ئانا، مەن قورقۇۋاتىمەن، ئەمما ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى قىلالايمەن. جانانىدىن"مەھەممەت دېگەن كىم؟" دەپ سورايمەن، نېمىشقا قورققۇلۇق؟ كىتابنى ئوقۇغانلارنى ئۆلتۈرىمىز دەيدىغانلار كىملەر؟ مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن، كىتابنى چۈشەنسەڭ، ئۇنىڭغا ئىشەنسەڭ، ئەلۋەتتە مەندەك قورقمايسەن.

كارىدورلاردىكى ئوقۇغۇچىلار توپى بىلەن ئۇچراشقان ھامان بىردىنلا ئۆزۈمنى يەنە ناھايىتى ئالدىراش بىر ئىشىم باردەك ئىتتىك كېتىۋاتقان ھالەتتە سەزدىم. ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتىم، كۆلچەكلىك ئىچكى سەيناغا قارىغان ئېگىز دېرىزىلەرنى بويلاپ ماڭدىم، ئۆزۈمنى ئارقىدا قويۇپ، جانانىنى ئويلىغاچ ماڭدىم. دەرسىم بار سىنىپنىڭ ئالدىدىن، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئارىسىدىن ئۆتتۈم. ئاجايىپ يېقىملىق بىر قىز بايا مېنى شۇنداق سۆيدىكى، بىلەمسىلەر؟ پۈتۈم مېنى ئىتتىك قەدەملەر بىلەن كېلەچىكىمگە

ئـۇدۇل ئېلىـپ كېتىۋاتـاتتى. ئـۇ كېلەچەكـتە قـاراڭغۇ ئورمـانلار، مېھمانخانا ياتاقلىرى، سۈسۈن ۋە كۆك رەڭ خىياللار، ھايات، ھـۇزۇر ۋە ئۆلۈم بار ئىدى.

دەرسكە ئۈچ مىنۇت قالغانـدا 201 ـ سىنىپنىڭ ئالـدىغا كېلىـپ، جاناننى كـۆرمەي تـۇرۇپلا مەھەممەتنىـڭ كىم ئىكەنلىكىنـى بىلـدىم: چىرايـى سـولغۇن، مەنـدەك ئـاۋاق، ئېگىـز، خىيالچـان، پەرۋاسـىز، ھارغىن ئىدى. ئىلگىرى ئۇنى جانان بىلەن بىللە كۆرگىنىمنى غىل-پال ئەسلىدىم. ئۇ مەندىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلـدۇ، مەنـدىن كـۆپ ياشىغان، مەندىن بىر-ئىككى ياش چوڭ دەپ ئويلىدىم.

ئۇنىڭ مېنـى قانـداق تونۇغـانلىقىنى بىلمەيـمەن. بىـر چەتـكە، ئىشكاپلارنىڭ ئارىسىغا ئۆتتۇق.

— كىتـابنى ئوقۇپـسەن، ئۇنىڭـدىن نېمىنـى چۈشـەندىڭ؟— دەپ سورىدى ئۇ.

— يېڭى بىر ھاياتنى،— دېدىم.

— ئۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟

— ئىشىنىمەن.

ئۇنـــىڭ چىرايـــى شـــۇنچىلىك ھـــارغىن كـــۆرۈنەتتىكى، كەچۈرمىشلىرىدىن قورقتۇم.

— قـارا، گېـپىمگە قـۇلاق سـال،— دېـدى ئـۇ،— مەنمـۇ ئـىشەنگەنىدىم. ئـۇ دۇنيـانى تـاپىمەن دەپ ئـويلاپ ئاپتوبۇسـلارغا چىقىـپ-چۈشـۈپ شـەھەرمۇ شـەھەر ئايلانـدىم، ئـۇ دىيـارنى، ئـۇ ئىنـسانلارنى، ئـۇ كـوچىلارنى تاپىدىغانـدەك ئويلىغانـدىم. ماڭـا ئىشەن، ئاخىرىدا ئۆلۈمدىن باشقا ئاقىۋەت يوق ئىكەن. ئـادەملەرنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرىدىكەن. بەلكىم ھـازىرلا بىزنـى ئىزدەۋاتقـان بولۇشى مۇمكىن.

—ئۇنى قورقۇتما،— دېدى جانان.

ئارىنى بىر دەم سۈكۈت باستى. مەھەممەت ماڭا مېنى ئۆزۈنـدىن

بىرى  تونۇيدىغاندەك بىر پەس قارىدى. ئۇنىڭ خىيالىنى بەربات قىلغانلىقىمنى ئويلىدىم.
— قورقمايمەن، — دېدىم جانانغا قاراپ، — يەنە ئاخىرىغىچە بارالايمەن، — دېدىم كىنولاردىكى ئىرادىلىك ئادەملەردەك.
جانانىنىڭ پەۋقۇلئاددە گۈزەل قامىتى مەندىن ئىككى قەدەم نېرىدا، ماڭا قارىغاندا مەھەممەتكە يېقىنراق ئىدى.
— ئاخىرىغىچە بارغۇدەك نېمىسى بار، — دېدى مەھەممەت، — ئۇ بىر كىتاب، بىرسى ئولتۇرۇپلا يازغان خىيال. ئۇنى قايتا ـ قايتا ئوقۇشتىن باشقا ئىش يوق.
— ماڭا دېگىنىڭنى ئۇنىڭغىمۇ دەپ باق، — دېدى جانان.
— ئۇ دۇنيا بار، — دېدىم. جانانىنى چىرايلىق، ئۆزۈن بىلىكىدىن تۇتۇپ تارتقۇم كەلدىيۇ، ئىككىلىنىپ، — ئۇ دۇنيانى تاپىمەن، — دەپ تەكىتلىدىم.
— ئۇنداق دۇنيا يوق، ھەممىسى بىر ھېكايە. ئۇنى بىر ئەخمەق بوۋاينىڭ بالىلارغا ئويناپ بەرگىنىدەك بىر ئويۇن دەپلا ئويلا. ئۇ بوۋاي بالىلارنى ئويناتقاندەك، كۆنلەرنىڭ بىرىدە چوڭلار ئۈچۈنمۇ بىر كىتاب يازاي دېگەن گەپ. نېمە دېمەكچى بولغىنىنى ئۆزى بىلەمدۇ ـ يوق، گۇمانلىق. ئوقۇساڭ خۇش بولىسەن، ئىشەنسەڭ ھاياتىڭ تاپتىن چىقىدۇ.
— ئۇ يەردە بىر دۇنيا بار، — دېدىم كىنولاردىكى ئىرادىلىك ئەخمەقلەردەك، — مەن بىر يولىنى تېپىپ ئۇ يەرگە بارىدىغانلىقىمنىمۇ بىلىمەن.
— يول بولسۇن ئەمىسە.
مەھەممەت كەينىگە بۇرۇلدى ۋە مەن ساڭا دېگەنتىمغۇ دېگەن مەنىدە جانانغا قارىدى، كېتىۋېتىپ سورىدى:
— ئۇ ھاياتقا قانداقچە بۇنچىۋالا ئىشىنىپ كەتتىڭ؟

— چۈنكى ئۇ كىتاب ماڭا ئۆز ھېكايەمنى بايان قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

ئۇ دوستلارچە كۈلۈمسىرەپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى.

— سەن كەتمەي تۇر، — دېدىم جانانغا، — سۆيگىنىڭمۇ ئۇ؟

— ئەسلىدە ئۇ سېنى ياقتۇرىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئۇ ئۆزىدىن ئەمەس، مەن ۋە سەندەكلەردىن ئەنسىرەيدۇ.

— ئۇ سېنىڭ سۆيگىنىڭمۇ ؟ ماڭا ھەممىنى دېمەي تۇرۇپ كەتمە!

— ئۇ ماڭا موھتاج، — دېدى جانان.

بۇ گەپنى كىنولاردا كۆپ ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن ئىشىنىپ ھاياجان بىلەن جاۋاب قايتۇردۇم:

— مېنى تاشلىۋەتسەڭ ئۆلىمەن.

جانان كۈلۈمسىرىدى، ئوقۇغۇچىلار توپى بىلەن بىرلىكتە ئىككى چىراي بىر بولدى. ئىككىسىنىڭ ئارقىسىدىن دەرسكە كىرىپ كەتكۈم كەلدى. سىنىپنىڭ كارىدورلارغا قارىغان كەڭ دېرىزىلىرىدىن ھەممىسى ئوخشاش ئاچ يېشىل ۋە بوزرەڭ كىيىملىك، كاۋبوي① كىيىملىك ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىككىسىنىڭ بىر يەردە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئىككىسى جىمجىت ئولتۇرۇپ دەرسنىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈۋاتاتتى، جانان سىلىق قول ھەرىكىتى بىلەن قوڭۇر چاچلىرىنى قۇلاقلىرىنىڭ كەينىگە يىغدى، قەلبىمنىڭ بىر قىسمى يەنە ئېرىپ كەتتى. كىنولاردىكى مۇھەببەت ھەققىدىكى گەپلەرنىڭ ئەكسىچە ئۆزۈمنى ئىنتايىن پەرىشان ھېس قىلىپ، بېشىم قايغان، پۈتۈم تايغان يەرگە كەتتىم.

---

① بۇ يەردە تۈركچىگە ئىنگلىزچە blujeans دېگەن سۆزدىن قوبۇل قىلىنغان blucin دېگەن سۆز كەلگەن بولۇپ، قوپال توقۇلغان كۆك رەڭلىك كاۋبوي(نيۇزەي) رەخت ياكى كىيىملەرنى كۆرسىتىدۇ، — ت.

جانان مەن توغرۇلۇق نېمىنى ئويلايدىغاندۇ، ئۆيىنىڭ تاملىرى قانداق رەڭدىدۇ، دادىسى بىلەن نېمە ھەققىدە پاراڭلىشىدىغاندۇ، مۇنچىسى چىنىدەك پاكىزمىدۇ، قېرىنداشلىرى بارمىدۇ، ناشتىلىقتا نېمە يەيدىغاندۇ، ئۇلار سۆيۈملۈكمىدۇ، ئۇنداقتا ئۇ مېنى نېمىشقا سۆيدى؟

ئۇ مېنى سۆيگەن كىچىك سىنىپ بوش ئىدى. مەغلۇپ بولغان بىر قوشۇندەك، ئەمما يېڭى بىر جەڭنىڭ خىياللىرى بىلەن ئىرادىلىك ھالدا ئۇنىڭ ئىچىگە كىردىم. بوش سىنىپتا ئەكس سادا چىقىرىۋاتقان ئاياغ تاۋۇشلىرىم، تاماكا قېپىنى ئېچىۋاتقان پەرىشان ۋە گۇناھكار قوللىرىم، بور پۇرىقى، مۇزدىن ئاق بىر نۇر... ئالىقىنىمنى ئەينەككە تىرىدىم. ئەتىگەن ئۆزۈمنى بوسۇغىسىدا كۆرگەن يېڭى ھايات مۇشۇمىدۇ؟ كاللامدىن ئۆتكەنلەردىن ھارغىن ئىدىم، ئەمما كاللامنىڭ بىر يېرىدىكى بولغۇسى مەنتىقىلىق ئىنژېنېر بىر ھېساب-كىتاب قىلىۋاتاتتى: دەرسكە كىرگۈدەك ھالىم يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىككى سائەتتىن كېيىن چىقىشىنى كۈتەتتىم. ئىككى سائەت!

پېشانەم سوغۇق ئەينەككە تىرەلگەنىدى، قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن بولغىيدى، بىلمەيمەن، ئۆزۈمگە ئىچىم ئاغرىۋاتاتتى، بۇنىڭدىن خۇشال بولۇۋاتاتتىم، كۆزلىرىمگە ياش كېلىدىغاندەك قىلاتتى، يېنىك شاماللار بىلەن تەڭ قار ئۇچقۇنداشقا باشلىدى. پەستە، دولماباغچە[1] گە چۈشىدىغان دۆڭلۈكتىكى چىنار ۋە كاشتان دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدا ھەممە نەرسە شۇنچىلىك جىمجىت ئىدى! دەرەخلەر دەرەخ ئىكەنلىكلىرىنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلىدىم. قار چۈمكىگەن شاخلارنىڭ ئارىسىدىن قاغىلار قانات قېقىپ ئۇچۇشقانىدى، ھەيران بولۇپ قارىدىم.

قارلارنى تاماشا قىلدىم، ئۇلار يېنىك لەپىلدەپ بىر-بىرىنى

---

[1] دولماباغچە— ئىستانبۇلدىكى بىر قەسىر، — ت.

قوغلىشىپ چۈشەتتى، بوشلۇقتا تۇرۇپ قالغاندا يېنىك بىر شامال كېلىپ ئۇلارنى ئېلىپ كېتەتتى. گاھىدا بىر قار دانىسى بوشلۇقتا بىر پەس لەيلىگەندىن كېيىن ھاۋادا قىمىرلىماي تۇراتتى، ئاندىن تۇيۇقسىز بىر نەرسىدىن ۋاز كەچكەندەك، خىيالىنى ئۆزگەرتكەندەك قىلىپ ئارقىغا ـ ئاسمانغا ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەشكە باشلايتتى. نۇرغۇن قار دانىسىنىڭ ئەسلىدە پاتقاقتا، باغچىغا، ئاسفالتقا ياكى دەرەخلەرگە قونماستىن بارا ـ بارا ئارقىغا، ئاسمانغا قايتقانلىرىنى كۆردۈم. بۇنى كىم بىلىدۇ، بۇلارغا كىم دىققەت قىلغان؟

باغچىنىڭ ئۈستۈپ چىققان بىر يېرىدەك تۇرغان ۋە ئىككى يېنىدىن ئاسفالت يول بىلەن كېسىشكەن ئۈچ تەرەپلىكنىڭ ئۈچلۇق بۇلۇڭىنىڭ "قىز مۇنارى"نى كۆرسىتىدىغانلىقىغا كىم دىققەت قىلغان؟ پىيادىلەر يولى بويىدىكى قارىغايلارنىڭ شەرق شامىلىدىن يىل بويى مۇكەممەل بىر سىممېترىك شەكىلدە ئېگىلىپ، مىنبۇس بېكەتلىرىنىڭ ئۈستىدە بىر سەككىز تەرەپلىك شەكىللەندۈرگەنلىكىنى كىم كۆرگەن؟ پىيادىلەر يولىدا قىزغۇچ يالتىراق خالتا كۆتۈرۈپ ماشىنا كۈتۈۋاتقان ئادەمنى كۆرۈپ، ئىستانبۇللۇقنىڭ يېرىمىنىڭ كوچىلاردا يالتىراق خالتا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغانلىقىنى كىم ئويلاپ باققان؟ پەرىشتە، سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى بىلەلمەي، شەھەرنىڭ قار ۋە كۆل بىلەن قاپلانغان جىمجىت باغچىلىرىدىكى ئاچ ئىتلارنىڭ، قۇرۇق بوتۇلكا يىغقۇچىلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرىغا قاراپ سېنىڭ ئىشارەتلىرىڭنى كىم ئويلىغان؟ ئىككى كۈن ئاۋۋال ئۇ يەردىكى پىيادىلەر يولى يايمىسىدىن سېتىۋالغان كىتاب ماڭا بىر سىرنى ئاچقاندەك كۆرسىتىپ بەرگەن يېڭى دۇنياغا مۇشۇنداق شاھىد بولامدىم؟

كۈمۈش رەڭگە كىرگەن نۇرنىڭ ۋە بارغانچە كۈچىيۋاتقان قارنىڭ ئىچىدە، يەنە شۇ پىيادىلەر يولىدا جانانىنىڭ كۆلەڭگىسىنى

ئاۋۋال كۆزلىرىم ئەمەس، دۇپۇلدەۋاتقان يۈرىكىم بايقىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا سۆسۈن پەلتو بار ئىدى، دېمەك، مەن تونۇياستىنلا كۆڭلۈم ئۇ پەلتوغا ئەيىب قويغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدا كۈل رەڭ كاستۇم كىيگەن مەھەممەت قارلىق يولدا يامان بىر ئەرۋاھتەك ئىز قالدۇرماي كېتىۋاتاتتى. كەينىدىن يۈگۈرۈپ يېتىشىۋالغۇم كەلدى.

ئۇلار ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا كىتاب كۆرگەزمىسى بولغان يەردە تورۇپ پاراڭلىششقا باشلىدى. پاراڭلىشىشىدىن بەكرەك، ئۇلارنىڭ قول ھەرىكەتلىرى، جانانىنىڭ ئاچچىقلىنىشى، كەينىگە داجىشلىرىدىن مەلۇم ئىدىكى، ئۇلار ئۇرۇشقاق ئاشىق-مەشۇقلاردەك تاكاللىشىۋاتاتتى.

ئاندىن ئۇلار يەنە مېڭىشقا باشلىدى ۋە يەنە توختاشتى. مەن ناھايىتى يىراقتا ئىدىم، ئەمما بۇ قېتىم تېخىمۇ قاتتىق تاكاللىشىۋاتقانلىقىنى ئۇلارنىڭ تورۇشلىرىدىن، پىيادىلەر يولىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئۇلارغا قاراشلىرىدىن سوغۇققانلىق بىلەن ھۆكۈم قىلالايتتىم.

بۇمۇ كۆپ داۋاملاشمىدى. جانان كەينىگە يېنىپ تاشقىشلاغا، ماڭا قاراپ كېلىۋاتقاندا مەھەممەت بىر دەم ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ، تاكسىمغا قاراپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. قەلبىم يەنە تەگپۈڭلۈقىنى يوقاتتى.

شۇ ئەسنادا سارىيەر مىنىبۇس بېكىتىدە ماشىنا كۈتۈۋاتقان، قىزغۇچ يالتىراق خالتا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئادەمنىڭ يولىنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە ئۆتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئەمما سۆسۈن رەڭ پەلتولۇق گۈزەل كۆلەڭگىنىڭ چىرايلىق قەدەملىرىگە تىكىلگەن كۆزلىرىم يولنى كېسىپ ئۆتۈۋاتقان بىرسىگە دىققەت قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا يۈگۈرۈپ ئۆتكەن، قولىدا يالتىراق خالتا بار ئۇ ئادەمنىڭ ھەرىكەتلىرىدە مۇزىكا ئارىيىسىدىكى بىر خاتا نوتىغا ئوخشاش دىققەت قوزغايدىغان بىر

يەر بار ئىدى. پىيادىلەر يولىغا ئىككى قەدەم قالغاندا ئۇ ئادەم يالتىراق خالتىدىن بىر نەرسە، يەنى بىر قورال چىقىرىپ مەھەممەتكە تەڭلىدى. ئۇمۇ بۇ ئادەمنى كۆردى.

ئاۋۋال مەھەممەتنىڭ تىترىگىنىنى، ئوق يېگەنلىكىنى كۆردۈم. ئاندىن قورال ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئارقىدىن ئىككىنچى ئوق ساداسىنى ئاڭلىدىم. ئۈچىنچىسىنىمۇ ئاڭلايمەن دەپ تۇراتتىم، مەھەممەت سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى. ئۇ ئادەم يالتىراق خالتىسىنى تاشلاپ باغچىگە قېچىشقا باشلىدى.

جانان ئاشۇ بەختسىز، نەپەس، ئۇششاق قەدەملىرى بىلەن دىكىلداپ مېڭىپ ماڭا يېقىنلىشىۋاتاتتى، قورال ئاۋازىنى ئاڭلىمىغانىدى. ئاپپىلسىن قاچىلىنىپ ئۈستى قار بىلەن قاپلانغان بىر يۈك ماشىنىسى شاۋقۇن-سۈرەن بىلەن دوقمۇشقا كىردى، ئەتراپ گويا ئەمدى ھەرىكەتكە كەلدى.

ئۇ يەردىكى مىنىبۇس بېكەتلىرىدە بىر جەسەدنىلىكىنى كۆردۈم. مەھەممەت ئورنىدىن تۇرۇۋاتاتتى. يىراقتا، دۆڭلۈكتە يالتىراق خالتىسى يوق بىر ئادەم قارلىق باغچىدا باللارغا ئويۇن كۆرسىتىدىغان قىزىقچىدەك سەكرەپ-تاقلاپ پەسكە ــ ئىنۆنۈ تەنھەرىكەت سارىيىغا قاراپ يۈگۈرەيتتى، ئىككى ئويۇنچى ئىت ئۇنى قوغلايتتى.

يۈگۈرۈپ پەسكە چۈشۈپ جانانىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، خەۋەر بېرىشىم كېرەك ئىدى، ئەمما مەھەممەتنىڭ دەلدەڭشىگىنىگە، ئەتراپىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراشلىرىغا قاراپ تۇردۇم. قانچىلىك ۋاقىت؟ جانان تاشقىشلانىڭ بىر بۇرجىكىدىن، مېنىڭ كۆرۈش دائىرەمدىن چىقىپ كەتكۈچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت.

پەلەمپەيلەردىن يۈگۈرۈپ چۈشتۈم، پوقراچە كىيىنگەن ساقچىلارنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ، ئىشسىزلىكى خادىملارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتتۈم. ئەمما ئىشىككە بارغىنىمدا ئۇ يەردە جانان

كۆرۈنمەيتتى، بىرەر ئىز-ئەسىرىمۇ يوق ئىدى. يۇقىرىغا قاراپ ئىتتىك ماڭدىم، جاناننى كۆرەلمىدىم. بىر ئازدىن كېيىن دوقمۇشقا بارغىنىمدا بايا كۆرگەنلىرىمگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر نەرسىمۇ كۆرەلمىدىم، ھېچكىمنىمۇ ئۇچرىتالمىدىم. ئارىدا مەھەممەتمۇ، تاپانچىسى بار ئادەم يەرگە تاشلىۋەتكەن يالتىراق خالتىمۇ يوق ئىدى.

مەھەممەت ئوق يەپ يىقىلغان يەردە پىيادىلەر يولىدىكى قار ئېرىپ-ئېرىپ پاتقاقلىشىپ كەتكەنىدى. بېشىغا بۆك كىيگەن ، ئىككى ياشلىق بىر بالا بىلەن مودا كىيىنگەن، گۈزەل ئانىسى ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

— توشقان نەگە قېچىپتۇ ئانا، توشقان نەگە؟— دېدى بالا.

يولنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە، سارىيەر مىنىبۇس بېكەتلىرىگە قاراپ تېز يۈگۈردۈم. دۇنيا يەنە قارنىڭ سۈكۈتلىرىگە، دەرەخلەرنىڭ پەرۋاسىزلىقىغا پۈركەنگەنىدى. مىنىبۇس بېكەتلىرىدە بىر-بىرىگە ئوپئوخشاش ئىككى شوپۇرنىڭ ئىككىلىسى سورىغانلىرىمغا ھەيران قېلىشتى: ئۇلار ھەممە ئىشتىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇلارغا چاي سۇنىدىغان، چىرايى قورقۇنچلۇق قەھۋەچىمۇ ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىمىغانىدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ھېچنەرسىگە ھەيران قېلىش خىيالىمۇ يوق ئىدى. قولىدا كاناي تۇتۇۋالغان باشقۇرغۇچى خۇددى ئوق چىقارغان جىنايەتچى مەندەك ماڭا قارىدى. بېشىمدىكى قارىغاي شاخلىرىغا قاغىلار توپلىنىشتى. قوزغىلىۋاتقان بىر مىنىبۇسقا ئاخىر چىقىۋالدىم ۋە جىددىي ھالدا سوئاللىرىمنى سورىدىم، بىر ئايال:

— بايا بىر قىز بىلەن ئوغۇل بۇ يەردىن تاكسى توسۇپ چىققان،— دېدى.

ئۇنىڭ بارمىقى تاكسىم مەيدانىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. قىلغان ئىشىمنىڭ بىمەنىلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇ يەرگە قاراپ يۈگۈردۈم. مەيداندىكى كىشىلەر توپىنىڭ ئىچىدە سېتىقچىلار، ماشىنىلار،

دۇكانلار ئارىسىدا تەنها قالغىنىمنى ئويلىدىم. بەيئوغلى[1]غا كىرىدىغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى. "سىراسەلۋىلەر كوچىسى"دىن "تۈنجى ياردەم دوختۇرخانىسى"غا قاراپ يۈگۈرۈپ چۈشتۈم، جىددىي كېسەلدەك تېز قۇتقۇزۇش بۆلۈمى ئىشىكىدىن ئىسپىرت ۋە يود پۇرىقىنىڭ ئىچىگە كىردىم.

ئىشتانلىرى يىرتىلغان، پۇشقاقلىرى تۈرۈلگەن، قانلارغا مىلەنگەن ئەپەندىلەرنى كۆردۈم. ئاشقازىنى تازىلانغان، كېسەل كارىۋىتىدا ياتقۇزۇلۇپ، هاۋالانسۇن دەپ قارلار ئىچىدىكى توشقان قۇلاق گۈلى تەشتەكلىرىنىڭ ئارىسىغا قويۇلغان، يۈز-كۆزى كۆكىرىپ كەتكەن زەھەرلەنگەنلەرنى، ئاشقازىنى بۇزۇلغانلارنى كۆردۈم. قانسىراشتىن ئۆلۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بىلىكىنى چىڭ باغلىغان ئىچ كىيىمىنىڭ يېپىنى تۇتۇپ ئىشىكمۇ ئىشىك ئارىلاپ، نۆۋەتچى دوختۇرنى ئىزدەپ يۈرگەن سېمىز، قاملاشقان بىر تاغىغا يول كۆرسەتتىم. بىر-بىرىنى پىچاقلىشىپ، پىچاقنى ئۆيدە ئۇنتۇغاندىن كېيىن نۆۋەتچى ساقچىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، تۇتۇلغاندا ئۇنتۇپ قالغان پىچاق ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ ئەدەپلىك ئىپادە كۆرسىتىۋاتقان كونا دوستلارنى كۆردۈم. نۆۋىتىمنى كۈتۈپ، ساقچىلاردىن ئاۋۋال سېستىرالاردىن بىلدىمكى، بۈگۈن بۇ يەرگە ئوق تەگكەن بىر ئوقۇغۇچى بىلەن قوڭۇر چاچلىق قىز كەلمىگەنىدى.

ئاندىن كېيىن "بەيئوغلى شەھەرلىك دوختۇرخانىسى"غىمۇ باردىم، ئوخشاشلا بىر-بىرىگە پىچاق سېلىشقان دوستلارنى، يود ئىچىپ ئۆلۈۋالغان قىزلارنى، قولىنى ماشىنا چاينىۋەتكەن، بارمىقىغا يىڭنە سانجىۋالغان شاگىرت موزدۇزلارنى، ئاپتوبۇس بىلەن بېكەت، پاراخوت بىلەن پورت ئارىسىدا تىقىلىشىپ يۈرگەن يولۇچىلارنى كۆردۈم. يازمىلارنى دىققەت بىلەن تەھلىل قىلدىم، شۈبھىلىك

[1] بەيئوغلى — ئىستانبۇلدىكى ئاۋات مەھەللىلەردىن بىرى، — ت.

ھەربكەتلىرىمدىن گۇمانلانغان بىر ساقچىغا گۇماندار ئەمەسلىك ئىپادەمنى كۆرسەتتىم، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى تۇغۇت بۆلۈمىدىن چىقىپ كەلگەن بىر بەختلىك ئاتىنىڭ ھەممىمىزنىڭ قولىغا جىق-جىق سەپكەن لاۋانتا كولونىياسىنى پۇرىغاندىن كېيىن يىغلاپ سېلىشتىن قورقتۇم.

قاراڭغۇ چۈشۈۋاتقاندا ۋەقە يۈز بەرگەن يەرگە قايتىپ، مىنىبۇسلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كىچىك باغچىگە كىردىم. قاغىلار ئاۋۋال غەزەپ بىلەن باش ئۈستۈمدە ئۇچۇشتى، ئاندىن شاخلار ئارىسىغا مۆكۈنۈپ كۆزىتىپ يېتىشتى. بەلكىم مەن شۇ تاپتا شەھەرنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدىم، ئەمما بىر بۇلۇڭغا كىرىۋالغان، بىرىگە پىچاق سالغان قاتىلدەك قۇلاقلىرىمدا بىر جىمجىتلىق سېزەتتىم. يىراقتا جانان مېنى سۆيگەن سىنىپنىڭ چىراغلىرى غۇۋا يېنىپ تۇراتتى؛ ئۇ يەردە دەرس داۋاملىشىۋاتقان بولسا كېرەك. ئەتىگەندە مەن بىچارىلىكىگە ئەجەبلەنگەن دەرەخلەر قوپال ۋە رەھىمسىز قوۋزاق يىغىندىلىرىغا ئايلانغانىدى. ئاياغلىرىمنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن قارغا دەسسەپ ماڭدىم ۋە تۆت سائەتنىڭ ئالدىدا بۇ قاردا خۇشال بىر قىزىقچىدەك سەكرەپ-تاقلاپ يۈگۈرگەن، قولىدا يالتىراق خالتىسى يوق ئادەمنىڭ ئىزلىرىنى تاپتىم. ئىزلارنىڭ بارلىقىغا تېخىمۇ ئىشىنىش ئۈچۈن تۆۋەنكى يولغىچە ئىز قوغلاپ ماڭدىم، يولدىن قايتىپ، يەنە يۇقىرىغا ماڭغاندا يالتىراق خالتىسى يوق ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزلىرى بىلەن مېنىڭ ئاياغ ئىزلىرىمنىڭ بىر-بىرىگە ئاللىقاچان ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. شۇ چاغدا چاتقاللىقتىن مەندەك جىنايەتكار ۋە شاھىد ئىككى قارا ئىت چىقىپ قورقۇپ قېچىشتى. بىر پەس تۇرۇپ، ئاسمانغا قارىدىم، ئاسمان ئىتقا ئوخشاش قارا ئىدى.

ئۆيدە ئانام بىلەن كەچلىك تاماق يەۋېتىپ تېلېۋىزورغا قارىدۇق. ئېكراندىكى خەۋەرلەر، ئارىلاپ كۆرۈنۈۋاتقان ئادەملەر،

جىنايەت، ھادىسە، ئوت ئاپىتى ۋە سۇيىقەست خەۋەرلىرى ماڭا تاغلار ئارىسىدىن كۆرۈنگەن كىچىك بىر دېڭىز بۆلىكىدىكى بوران دولقۇنلىرىدەك يات ۋە غەلىتە كۆرۈندى. ئەمما يەنە، يىراقتىكى ئۇ كۆمۈش رەڭ دېڭىزنىڭ بىر قىسمى بولۇش، "ئۇ يەردە" بولۇش ئارزۇسى ئىچىمنى تىنىم تاپقۇزمايۋاتاتتى. ئانتېنناسى ياخشى تەڭشەلمىگەن رەڭسىز تېلېۋىزوردا سەل-پەل دولقۇنلىنىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر ئىچىدە ئوق تەگكەن بىر ئوقۇغۇچى ھەققىدە گەپ قىلىدىغان بىرسى چىقمىدى.

تاماقتىن كېيىن ياتىقىمغا كىردىم. كىتاب ئۈستەلدە قويغىنىم پېتى ئۇچۇق تۇراتتى، ئۇنىڭدىن قورقتۇم. كىتابنىڭ چاقىرىقىغا قايتىش، ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي بېغىشلاش ئۈچۈن ئىچىمدە كۆچىيىۋاتقان ئارزۇ-ئىستەكتە قوپال بىر كۈچ بار ئىدى. ئۆزۈمنى تىزگىنلىيەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ كوچىغا چىقتىم. پاتقاق ۋە قار بىلەن قاپلانغان كوچىلاردا دېڭىزغىچە ماڭدىم. دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقى ماڭا كۈچ بەردى. ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا بۇ كۈچ بىلەن ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم ۋە ۋۇجۇدۇمنى مۇقەددەس بىر نەرسىگە تاپشۇرىدىغاندەك، كىتابتىن چېچىلىۋاتقان نۇرنى يۈزۈمگە جاسارەت بىلەن تۇتتۇم. بۇ نۇر دەسلەپتە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۇنىڭدىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ، بەتلىرىنى ئۆرۈگەنچە مېنى شۇنچىلىك كۈچلۈك جەلپ قىلىۋالدىكى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنىڭ ئېرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ كىتابنى چىدىغۇسىز بىر ياشاش ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش ئارزۇسى بىلەن، ئىچ-باغرىمدا بىر تاقەتسىزلىك ۋە ھاياجان ئاغرىقىنى ھېس قىلغاچ تاڭ ئاتقۇچە ئوقۇدۇم.

## 3

كېيىنكى كۈنلەرنى جانانىنى ئىزدەش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. ئەتىسى

ئۇ تاشقىشلادا كۆرۈنمىدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردىمۇ شۇنداق بولدى. ئۇنىڭ يوقلىقىنى دەسلەپتە توغرا چۈشەندىم، كېلىدۇ دەپ ئويلايتتىم، ئەمما قەدىمىم ئاستىدىكى كونا دۇنيا ئاستا-ئاستا يوقىلىۋاتاتتى. ئىزدەشتىن، ئۇياق-بۇياققا قاراشتىن، ئۈمىدلىنىشتىن ھارغانىدىم؛ ھالى خاراب ئاشىق ئىدىم، يەنە كېلىپ ھەر كۈنى ئاخشامدىن تاڭ ئاتقىچە ئوقۇغان كىتابنىڭ تەسىرىدىن ئۆزۈمنى تەنھا ھېس قىلاتتىم. بۇ دۇنيانىڭ قاتار-قاتار كۆرۈنۈشلەر، بىر قاتار خاتا ئىزاھلانغان ئىشارەتلەر ۋە قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىنغان بىر تۈركۈم ئۆرپ-ئادەتلەردىن شەكىللەنگەنلىكىنى، ئەسلى دۇنيانىڭ ۋە ھاياتنىڭ بۇلارنىڭ ئىچىدە ياكى تېشىدا، ئەمما يېقىن بىر يەردە ئىكەنلىكىنى ئېچىنىش ئىچىدە ھېس قىلاتتىم. جاناندىن باشقا بىر كىمنىڭ ماڭا يول كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدىم.

سىياسىي جىنايەتلەر، مەستلىكتىن بولغان ئادەتتىكى ئادەم ئۆلتۈرۈشلەر، قانلىق ۋەقەلەر، ئوت ئاپەتلىرىنىڭ تەپسىلاتلىرى يېزىلغان بارلىق گېزىتلەرنى، شەھەرنىڭ قوشۇمچە گېزىتلىرى ۋە ھەپتىلىك ژۇرناللارنى دىققەت بىلەن ئوقۇدۇم، ئەمما بىر يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدىم. كېچىچە كىتاب ئوقۇپ، ئەتىسى چۈشكە يېقىن تاشقىشلاغا كېلىپ ئۇنى ئۈچرىتىمەن، بەلكىم ئەمدى كەلگەندۇ دەپ كارىدورلاردا ماڭاتتىم، ئارىلىقتا كانتىنغا بىرىپ قوياتتىم، پەلەمپەيلەردىن چۈشۈپ چىقاتتىم، ھويلىغا قارايتتىم، كۇتۇپخانىلارنى ئارىلايتتىم، سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرى ئارىسىدىن ئۆتەتتىم، ئۇ مېنى سۆيگەن سىنىپنىڭ ئىشىكىدە توختىۋالاتتىم، سەۋر-تاقىتىم يار بەرسە بىرەر دەرسكە كىرىپ بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكۈزەتتىم ۋە مۇشۇ مېڭىشنى يەنە تەكرارلاش ئۈچۈن سىنىپتىن چىقاتتىم. ئىزدەشتىن، كۈتۈشتىن، كېچىلىرى كىتابنى يېڭىۋاشتىن ئوقۇشتىن باشقا قىلىدىغان ئىشىم يوق ئىدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن جانانىنىڭ ساۋاقداشلىرى ئارىسىغا كىرىشكە تىرىشتىم. مەھەممەتنىڭمۇ، جانانىنىڭمۇ ئانچە كۆپ دوستى يوقلۇقىنى بۇرۇنلا پەرەز قىلغانىدىم. مەھەممەتنىڭ تاكسىمىنىڭ يېنىدىكى بىر مېھمانخانىدا كاتىپلىق ھەم كېچە كۈزەتچىلىكى قىلىدىغانلىقىنى، ئۆيىنىڭمۇ شۇ يەردىلىكىنى بىلىدىغان بىر-ئىككى كىشى بار ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ بۇ كۈنلەردە تاشقىشلاغا نېمىشقا كەلمىگەنلىكى توغرۇلۇق ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمىدى. ئوتتۇرا مەكتەپنى جانان بىلەن بىللە ئوقۇغان، ئەمما ئانچە يېقىن بولالمىغان، ئۇنىڭغا رەقىبەتەك كۆرۈنىدىغان بىر قىز جانانىنىڭ ئۆيىنىڭ نىشانتاشتا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. جانان بىلەن بىللە تاڭ ئاتقىچە چېرتيوژ سىزىپ ئۇنى تاماملاشقا تىرىشقانلىقىنى ئېيتقان باشقا بىرسى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىش ئورنىدا ئىشلەيدىغان كېلىشكەن، مەغرۇر بىر ئاكىسى بارلىقىنى ئېيتتى؛ ئۇ جاناندىنمۇ بەك ئۇنىڭ ئاكىسىغا قىزىقىدىغاندەك قىلاتتى. جانانىنىڭ ئادرېسىنى ئۇنىڭدىن ئەمەس، ساۋاقداشلىرىمغا يېڭى يىلدا ئاتكىرىتكا ئەۋەتىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، ئارخىپ ئىشخانىسىدىن ئالدىم.

كېچىلىرى تاڭ ئاتقىچە، كۆزلىرىم تېلىپ، ئۇيقۇسىزلىقتا چىدىماي قالغىچە ئۇ كىتابنى ئوقۇيتتۇم، ئوقۇش جەريانىدا بەزىدە كىتابتىن يۈزۈمگە ئۇرۇلغان نۇر ماڭا شۇنچە كۈچلۈك ۋە پارلاق تۇيۇلاتتىكى، پۈتۈن روھىمىلا ئەمەس، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ۋۇجۇدۇمنىڭمۇ ئېرىپ كەتكەنلىكىنى، مېنى مەندەك قىلغان ھەممە نەرسىنىڭ كىتابتىن چېچىلغان نۇر بىلەن بىرلىكتە يوق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم. ئۇ چاغدا مېنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ چوڭايغان نۇرنىڭ ئاۋۋال يەر ئاستىدىكى بىر يېرىقتىن چىققان يورۇقلۇقتەك بولۇپ، ئاندىن بارغانچە كۈچىيىپ، يېيىلىپ دۇنيانى قاپلىغانلىقى، ئۇ دۇنيادا مېنىڭمۇ بىر ئورنۇمنىڭ بارلىقى كۆز ئالدىمدا جانلىناتتى؛ مەن جەسۇر ۋە يېڭى ئادەملەرنى، ئۆلمەس

دەرەخلەرنى ۋە غايىب شەھەرلەرنى كۆرۈۋاتقاندەك قىلغان شۇ دىيارنىڭ كوچىلىرىدا جانان بىلەن ئۇچراشقانلىقىمنى، ئۇنىڭ مېنى قۇچاقلىغانلىقىنى ئويلاپ قالاتتىم.

دېكابىرنىڭ ئاخىرىغا يېقىن بىر ئاخشىمى جانانىنىڭ مەھەللىسى بولغان نىشانتاشقا باردىم. چوڭ كوچىدا يېڭى يىل ئۈچۈن يورۇتۇلغان ئەينەك دۇكانلار ۋە سودا-سېتىقتىن يانغان، بالا يېتىلىۋالغان چوكانلار ئارىسىدا مەقسەتسىز مېڭىپ يۈردۈم. ھامبۇرگ بولكىچىلىرىنىڭ يېڭى ئاچقان دۇكانلىرى، گېزىت-ژۇرنالچىلار، تورتخانا ۋە تىككۈچىلەرنىڭ ئەينەك بوتكىلىرى ئالدىدا ۋاقىت ئۆتكۈزدۈم.

دۇكانلار تاقىلىپ، كوچىلاردا ئادەم شالاڭلىغاندا بىر ئارقا كوچىدىكى بىنانىڭ ئىشكىنى چەكتىم. بىر خىزمەتچى ئىشكنى ئاچقاندى، جانانىنىڭ ساۋاقدىشى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم؛ ئۇ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى؛ ئېچىقلىق تېلېۋىزوردىن بىر سىياسىي نۇتۇق ئاڭلىنىۋاتاتتى. پىچىرلاشلارنى ئاڭلىدىم. بىر دەمدىن كېيىن قولىدا ئاپئاق سالفېتكا تۇتقان، ئېگىز بويلۇق، ئاق كۆڭلەكلىك دادىسى چىقىپ مېنى ئۆيىگە باشلىدى. ئۆيدە ھەيران بولغان، گىرىم قىلغان بىر ئانا، كېلىشكەن ئاكا ۋە تۆتىنچى بۇرجىكى بوش قالغان بىر تاماق شىرەسى بار ئىدى، تېلېۋىزوردا خەۋەر بېرىلىۋاتاتتى.

جانانىنىڭ بىناكارلىق كەسپىدىكى ساۋاقدىشى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم. جانان مەكتەپكە كەلمەيۋاتىدۇ، بارلىق ساۋاقداشلار ئەنسىرىدۇق. تېلېفون قىلغانلار بىزدىن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئالالمىدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭدا مېنىڭ تامامىلىشىم كېرەك بولغان ۋە قايتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىدىغان بىر فىزىكا تاپشۇرۇقۇم بار ئىدى. مەرھۇم دادامنىڭ رەڭگى ئۆچكەن پەلتوسىنى سول قولۇمدا كۆتۈرۈۋالغان بۇ ھالىتىمدە ئۆگۈپ كەتكەن

قوي تېرىسىگە ئورنىتىۋالغان ياۋۇز بۆرىدەك كۆرۈنگەن بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى.

— ياخشى بالىدەك قىلىسەن، ئوغلۇم، — دەپ گەپ باشلىدى جانانىنىڭ دادىسى. مەن بىلەن ئوچۇق پاراڭلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سورىغانلىرىغا ئوچۇق جاۋاب بېرىشىمنى ئۈمىد قىلاتتى. سولچى ياكى ئوڭچى، دىندار ياكى سوتسىيالىست، قانداقتۇر بىر سىياسىي قاراشقا مايىل بولغىيمىدىم؟ ياق! ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ياكى جەمئىيەتتىكى سىياسىي تەشكىلاتلار بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتىم بارمىدى؟ ياق، بۇنداق مۇناسىۋىتىممۇ يوق ئىدى.

ئارىنى سۈكۈت باستى. ئانىنىڭ قاشلىرى تەستىق ۋە يېقىنلىق تۇيغۇسى بىلەن ھىمىرلىدى. دادىسىنىڭ جانانىڭكىگە ئوخشايدىغان قوڭۇر رەڭ كۆزلىرى تېلېۋىزوردىكى قالايمىقان كۆرۈنۈشلەرنى كەزدى، بىر دەم مەۋجۇت بولمىغان دۆلەتلەرگە باردى ۋە بىر قارارغا كەلگەندەك ماڭا بۇرۇلدى.

جانان ئۆينى تاشلاپ يوقاپ كەتكەندى. لېكىن بۇنى يوقاپ كەتتى دېگىلىمۇ بولمايتتى. ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر كېلىدىغان تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشىغا قارىغاندا ئۇ يىراق بىر شەھەردىن تېلېفون بېرىپ، ئۆزىدىن ئەنسىرىمەسلىكنى، ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتاتتى، دادىسىنىڭ سوراپ تۇرۇۋېلىشلىرىغا، ئانىسىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماستىن، ئارتۇق پاراڭلاشمايلا تېلېفوننى قويۇۋېتەتتى. بۇ ئەھۋالدا ئاتا-ئانىسى قىزىنىڭ بىرەر سىياسىي تەشكىلاتنىڭ مەخپىي ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشقا سېلىنغانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا ھەقلىق ئىدى ۋە ساقچىغا خەۋەر بېرىشنى ئويلاشقانىدى، ئەمما قىزىنىڭ ھەر قانداق ئەھۋالدا كاللىسىنى ئىشقا سېلىپ پالاكەتتىن قۇتۇلالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە بۇنداق قىلمىغانىدى. تۇرقۇمدىن چاچلىرىمغىچە، ئورۇنىدۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئارتىپ قويغان ئاتا مىراس پەلتويۇمدىن ئاياغلىرىمغىچە

بىرمۇ بىر سىنچىلاپ قاراپ چىققان ئانىسى يىغلامسىرىغاندەك گەپ قىلىپ، مېنىڭ بۇ ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان ھەر قانداق بىر ئۇچۇر، تەسىراتىم بولسا ئېيتىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھەيران قالغان قىياپەتكە كىرىۋالدىم، خانىم، مېنىڭ ھېچقانداق پىكرىم، پەرىزىم يوق دېدىم. ھەممىمىز شىرەدىكى سامسا تاۋىقىغا، سەۋزە سالاتىغا بىر ھازا قاراپ قالدۇق. ئېچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ چىققان كېلىشكەن ئاكىسى مېنىڭ چالا قالغان تاپشۇرۇقۇمنى تاپالمىغانلىقىنى ئۆزرە ئېيتىپ چۈشەندۈردى. ئۆيگە ئۆزۈم قارىسام بەلكىم تاپالايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۇم، ئەمما ئۇ سىڭلىسىنىڭ ياتاق ھۇجرىسىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا داستىخاندىكى بوش ئورۇننى بەك تەكەللۇپ قىلماستىن ماڭا كۆرسىتىپلا قويدى. مەن غۇرۇرلۇق بىر ئاشىق ئىدىم، تەكلىپنى رەت قىلدىم. ئەمما ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، پىئانىنونىڭ ئۈستىدە رامكىغا ئېلىنغان بىر سۈرەتنى كۆرگەن ھامان پۇشايمان قىلدىم. سۈرەتتىكى توققۇز ياشلىق، چاچلىرى ئۆرۈلگەن جانان— پەرىزىمچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئويۇنى ئۈچۈن كىيىنگەن بولسا كېرەك— غەربچە، كىچىك قاناتلىق سۆيۈملۈك پەرىشتە قىياپىتىدە ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىدا بىلىنەر-بىلىنمەس، غەمكىن كۈلۈمسىرەيتتى.

تاشقىرىدا كېچە نېمىدېگەن زەھەردەك سوغۇق، قاراڭغۇ كوچىلار نېمىدېگەن رەھىمسىز! پادىلاردەك ئۆتۈۋاتقان كوچا ئىتلىرىنىڭ بىر-بىرىگە نېمىشقا شۇنچە چاپلىشىۋالىدىغانلىقىنى بىردىنلا چۈشەندىم. تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئۇخلاپ قالغان ئانامنى مېھرىبانلىق بىلەن ئويغىتىپ، سولغۇن بويىنىنى سىلاپ، ئانىلىق ھىدىنى سەزدىم ۋە مېنى قۇچاقلىشىنى ئارزۇلىدىم. ھۇجرامغا كىرگىنىمدە ئەسلى ھاياتىمنىڭ پات يېقىندا باشلىنىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم.

ئۇ كىتابنى ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ مېنى بۇ دىياردىن ئېلىپ كېتىشىنى تىلەپ تۇرۇپ ھۆرمەت بىلەن ئوقۇدۇم. ئالدىمدا يېڭى دىيارلار، يېڭى ئىنسانلار، يېڭى كۆرۈنۈشلەر ئايان بولدى. يالقۇن رەڭگىدىكى بۇلۇتلارنى كۆردۈم، قاراڭغۇ دېڭىزلار، سۆسۈن رەڭ دەرەخلەر، قىزىل دولقۇنلار. ئاندىن بەزى باھار سەھەرلىرى يامغۇردىن كېيىنلا كۈن چىققاندا كىرلەشكەن بىنالارنىڭ، قارغىش تەگكۈر كوچىلارنىڭ، تىمتاس دېرىزىلەرنىڭ ئۈمىدۋار ۋە ئىشەنچلىك قەدەم بىلەن مېڭىشىم نەتىجىسىدە بىردىنلا كەينىگە چېكىنىپ ئېچىلىپ كەتكىنىدەك، كاللامدىكى مۇرەككەپ تەسەۋۋۇرلار ئاستا-ئاستا ئېچىلدى ۋە ئاپئاق نۇرنىڭ ئىچىدە ئالدىمغا بىر ئاشىق چىقتى؛ ئۇنىڭ قۇچىقىدا بىر كىچىك بالا بار ئىدى، بۇ مەن پىئانىنونىڭ ئۈستىدە رامكىغا ئېلىنغان سۈرىتىنى كۆرگەن قىز ئىدى.

قىز ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىدى ، بەلكىم بىر نەرسە دېمەكچى ئىدى، بەلكىم بىر نەرسە دېگەن بولسا ئۇنى ئاڭلىيالماي قالغاندىم. ئۆزۈمنى بىردىنلا چارىسىز ھېس قىلدىم. ئىچىمدىن بىر ئاۋاز مېنىڭ ھېچقاچان بۇ گۈزەل سۈرەتنىڭ بىر قىسمى بولمايدىغانلىقىمنى ئېيتتى، ئۇنى چىداپ تۇرۇپ ئېتىراپ قىلدىم ھەمدە ئىچىمنى پۇشايمان قاپلىۋالدى. شۇ ئەسنادا ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر ئۆرلەپلا غايىب بولغانلىقلىرىنى ئىچىم ئۆرتەنگەن ھالدا كۆردۈم.

بۇ خىياللار ئىچىمدە بىر دەم شۇنداق قورقۇنچ پەيدا قىلدىكى، خۇددى كىتابنى تۈنجى ئوقۇغان كۈنى بەتلەردىن چېچىلغان نۇردىن قوغدىنىۋاتقاندەك، يۈزۈمنى كىتابتىن ئەپقاچتىم. ھۇجرامنىڭ جىمجىتلىقىنى، ئۈستىلىمنىڭ ماڭا بەرگەن ھۇزۇرىنى، قوللىرىمنىڭ تەمكىن تۇرۇشىنى، بىساتلىرىم، تاماكا قېپىم، قايچام، دەرسلىك كىتابلىرىم، پەردىلەر ۋە كارىۋىتىم ئارىسىدا ئۆز تېنىمنىڭ بۇ يەردە، باشقا بىر ھاياتنىڭ ئىچىدە قېپقالغانلىقىنى ئازاب ئىچىدە كۆردۈم.

ئىسسىقلىقىنى ھېس قىلغان، تومۇرىنىڭ سوقۇشىنى سەزگەن ۋۇجۇدۇمنىڭ بۇ دۇنيادىن يىراقلىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم، ئەمما بىر ياقتىن بىنانىڭ ئىچكى تىۋىشلىرىنى، تالادا يىراقلاردىكى بوزىچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتاتتىم، بۇ مۇھىتتا يېرىم كېچىدە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇشىنىڭ، بۇ پەيتتە مەۋجۇت بولۇشىنىڭمۇ چىدىغىلى بولىدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم. بىر دەم يالغۇز بۇ ئاۋازلارنى— ناھايىتى يىراقلاردىكى ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرىنى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىنى، بىلىنەر-بىلىنمەس ئۇرۇلغان شامالنى، كوچىدىن ئۆتكەن ئىككى كىشىنىڭ پاراڭلىشىشلىرىنى (ئەمدى تاڭ ئاتتى دېدى بىرسى) ۋە كېچىنىڭ ئاۋازلىرىنى بىردىنلا ئۆز ئىلكىگە ئالغان ئۇزۇن يۈك پويىزلىرىدىن بىرسىنىڭ گۈرۈلدەشلىرىنى ئاڭلىدىم. خېلىدىن كېيىن ھەممە نەرسە بىر ھازا مۇتلەق تىمتاسلىق ئىچىدە ئېرىۋاتقاندەك بولغاندا، كۆز ئالدىمدا بىردىنلا بىر تەسەۋۋۇر ئايان بولدى، كىتابنىڭ روھىمغا قانداق ئۆزلەشكەنلىكىنى چۈشەندىم. كىتابتىن چېچىلغان نۇرغا يۈزۈمنى تۇتقىنىمدا روھىم گويا ئېچىقلىق دەپتەرنىڭ ئاپئاق بەتلىرى ئىدى. كىتابتا يېزىلغانلار روھىمغا بىر-بىرلەپ مۇشۇنداق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك.

ئولتۇرغان يېرىمدىن سوزۇلۇپ تارتمىدىن بىر دەپتەرنى ئالدىم. بۇ چاقماقلىق، خەرىتە ۋە مېتود دەپتىرى ئىدى، شۇ كىتابنى كۆرۈشتىن بىر قانچە ھەپتە ئاۋۋال ئۇنى فىزىكا دەرسىگە ئاتاپ ئالغان، لېكىن ئىشلەتمىگەنىدىم. بىرىنچى بېتىنى ئاچتىم، پاكىز، ئاق بەتنىڭ ھىدىنى پۇرىدىم، ماي قەلىمىمنى ئېلىپ كىتابنىڭ ماڭا ئېيتقانلىرىنى دەپتەرگە جۈملىمۇ جۈملە يېزىشقا باشلىدىم. كىتاب ئېيتقان بىر جۈملىنى دەپتەرگە يېزىپ كېيىنكى جۈملىگە ئۆتەتتىم، ئۇ جۈملىنىمۇ ئالدىنقىسىدىن كېيىن يازاتتىم. كىتاب بىر پاراگراف بېشىغا كەلگەندە مەنمۇ يېڭى بىر پاراگرافنى

باشلىدىم ۋە بىر ئازدىن كېيىن ئۇ پاراگرافنىڭ سۆزلىرىنى دەپتەرگە ئەينى پېتى يازغىنىمنى كۆردۈم. شۇنداق قىلىپ بىر پاراگرافنى، ئارقىدىن باشقىسىنى يازغاچ كىتاب ماڭا ئېيتقان ئىشلارنى يېڭىدىن جانلاندۇردۇم. بىر هازادىن كېيىن بېشىمنى خەت يازغان سەھىپىلەردىن كۆتۈردۈم ۋە بىر دەم كىتابقا، بىر دەم دەپتەرگە قارىدىم. دەپتەرگە مەن يازغانىدىم، ئەمما يازغانلىرىم كىتابتا يېزىلغانلارنىڭ ئۆزى ئىدى، بۇ ئىش ماڭا شۇنداق كۆڭۈللۈك تۇيۇلدىكى، ھەر ئاخشىمى تاڭ ئاتقۇچە شۇ ئىشنى قىلىشقا باشلىدىم.

ئەمدى دەرسلەرگە پەقەت بارمايتتىم. كۆپ ۋاقىتلاردا قەيەردە قايسى دەرس بارلىقىغا پەقەت كۆڭۈل بۆلمەي، ئۆز ئەرۋاھىدىن قاچقان بىرسىدەك كارىدورلاردا يۈرەتتىم، بىر يەردە تۇراي دېمەستىن يەنە بىر قېتىم كانتىنغا، ئاندىن ئۇستۇنكى قەۋەتكە، كۇتۇپخانىغا، سىنىپلارغا، يەنە كانتىنغا كىرەتتىم، بۇ يەرلەردە جانانىڭ يوقلۇقىنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە، ئىچىمگە كىرگەن قاتتىق ئاغرىقتىن ئازاب چېكەتتىم.

كۆڭلەر ئۆتكەنسېرى ئىچىمدىكى بۇ ئاغرىققا كۆنۈپ قالدىم، بۇ دەرد-ئاغرىق بىلەن ياشاشقا، ھېچ بولمىسا بۇنى بىر ئاز سىناپ بېقىشقا مۇۋەپپەق بولالىدىم. ئىتتىك مېڭىشىنىڭ، تاماكا چېكىشىنىڭمۇ بەلكىم بىرەر پايدىسى بار ئىدى، ئەمما ئەڭ مۇھىمى ۋاقىت ئۆتكۈزەلەيدىغان كىچىك ئىشلارنى تېپىش ئىدى: بىرسى ئېيتقان بىر ھېكايە، سۆسۈن رەڭ ساپلىق يېڭى چېرتيوژ قەلىمى، مەن دېرىزىلەردىن كۆرگەن دەرەخلەرنىڭ سۇنۇشى، كوچىدا ئالدىمغا ئۇچرىغان ھەر قانداق يېڭى چىراي بىر دەم بولسىمۇ مېنى ئىچ-قارىمدىن پۈتۈن بەدىنىمگە تارىغان ئۇ تاقەتسىزلىك ۋە تەنھالىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇراتتى. جانانى ئۇچرىتالايدىغان ھەر قانداق جايغا، مەسىلەن، كانتىنغا كىرگىنىمدە ھەممە يەرگە

تاقەتسىزلىك بىلەن نەزەر سېلىپ، بۇ جاي ئاتا قىلىدىغان بارلىق مۇمكىنچىلىكلەرنى بىر دەمدە تۈگىتىپ قويمايتتىم، كاۋبوي كىيىملىك بەگگى قىزلار ئاغزى بېسلماي گەپ قىلىپ ئولتۇرغان بۇلۇڭغا ئاۋۋال بىر قارايتتىم ۋە بۇ چاغدا سەل نېرىدا، ئارقامدا جانانىنىڭ بىر يەردە ئولتۇرغانلىقىنى خىيال قىلاتتىم. بۇ خىيالغا شۇئان شۇنچىلىك ئىشىنەتتىمكى، جانان يوق بولۇپ قالمىسۇن دەپ كەينىمگە بۇرۇلمايتتىم، بوتكا ئالدىدا نۆۋەت ساقلاپ تۇرغانلار بىلەن ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا جانان ئۇ كىتابنى ئالدىمغا تاشلاپ قويغان ئۇستەلدە ئولتۇرغانلارغا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن نەزەر سالاتتىم، شۇنداق قىلىپ جانانىنىڭ ئوتلۇق خىيالى بىلەن تەڭ جانلانغان بىر قانچە بەختىيارلىق دەقىقىلىرى ماڭا يەنە نېسىپ بولاتتى ـ دە، بۇ خىيالىمغا تېخىمۇ قاتتىق ئىشىنەتتىم. تومۇرلىرىمغا شەربەتتەك ئاستا ـ ئاستا تارقاۋاتقان بۇ خىيال بېشىمنى بۇراپ ئۇ يەردە جانانىنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلدۈرگىدەك بىر نەرسىنىڭ يوقلىقىنى كۆرگىنىمدە ئۆز ئورنىنى ئىچ ـ قارىنىمنى كۆيدۈرىدىغان بىر زەھەرگە بوشىتىپ بېرەتتى.

مۇھەببەتنىڭ ئازاب ئىكەنلىكىنى كۆپ ئاڭلىدىم، كۆپ ئوقۇدۇم. كۆپىنچە پال كىتابلىرىدا، گېزىتلەرنىڭ «مۇچىلىگىز » سەھىپىسىنىڭ سەل بېشىدا، ياكى «ئائىلە ۋە بەخت» سەھىپىلىرىدە سالات رەسىملىرى، مەلھەم ياساش ئۇسۇللىرى ئارىسىدا ئورۇن ئالغان بۇ يالغان گەپلەرگە ئۇ كۈنلەردە تولا ئۇچرايتتىم. چۈنكى ئىچ ـ قارنىمغا تۆمۈر ئېرىتمىسى قۇيغاندەك دەرد ـ ئاغرىقىم سەۋەبىدىن سەزگەن ئەبگار تەنھالىق ۋە ھەسەتخورلۇق مېنى ئىنسانلاردىن شۇنچە ئايرىپ، شۇنچە ئۈمىدسىز قىلىۋەتكەن ئىدىكى، پەقەت گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ بۇرۇجلار، يۇلتۇزلار سەھىپىسىدىن ئەمەس، باشقا بەزى ئىشارەتلەردىنمۇ ھاماقەتلەرچە مەدەت كۈتۈشكە باشلىغانىدىم: ئۇستۈنكى قەۋەتكە

چىقىدىغان پەلەمپەيلەرنىڭ سانى تاق بولسا جانان ئۇستۈنكى قەۋەتتە... ئىشىكتىن تۈنجى بولۇپ بىر ئايال چىقسا بۈگۈن جاناننى كۆرىمەن ... يەتتىنگىچە ساناپ بولغىچە پويىز قوزغالسا ئۇ مېنى تېپىپ پاراڭلىشىدۇ... پاراخوتتىن قىرغاققا تۇنجى چۈشكەن كىشى مەن بولسام ئۇ بۈگۈن كېلىدۇ...ۋەهاكازالار.

پاراخوتتىن تۇنجى بولۇپ مەن چۈشتۈم. پىيادىلەر يولىنىڭ تاشلىرى ئارىسىدىكى سىزىقلارغا پەقەت دەسسىمىدىم. قەھۋەخانىدا يەرلەرگە تاشلانغان گاز سۈيى قۇتىلىرى سانىنىڭ تاق ئىكەنلىكىگە توغرا ھۆكۈم قىلدىم. پەلتوسى بىلەن ئوخشاش سۆسۈن رەڭدە بىر پوپايكا كىيگەن كەپشەرچى شاگىرت بىلەن چاي ئىچتىم. ئالدىمغا تۇنجى بولۇپ ئۇچرىغان بەش تاكسىنىڭ نومۇر تاختىلىرىدىكى خەتلەر بىلەن نامىنى يېزىۋالالىغۇدەك تەلىيىم بولدى. قاراكۆي يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولىنىڭ بىر ئېغىزىدىن كىرىپ نەپەس ئالماي يەنە بىر ئېغىزىدىن چىقالىدىم. نىشانتاشقا بېرىپ جانانىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ دېرىزىلىرىگە قاراپ توققۇز مىنۇتقىچە ھېچ ئازماي سانىدىم. ئۆز ئىسمىنىڭ يېقىملىق ھەم ئاللاھ ئۇقۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلمىگەنلەر بىلەن دوستلۇقىمنى ئۈزدۈم. ئىسىملىرىمىزنىڭ قاپىيىلىك بولۇشىغا قاراپ خىيالىمدا باستۇرغان توي باغاقلىرىنى "يېڭى ھايات" كاراميلا[1] قەغەزلىرىنىڭ بىر خىلىدا چىرايلىق يەتتىلىك شېئىر بىلەن زىننەتلىدىم. بىر ھەپتە ھەر كۈنى كېچە سائەت دەل ئۈچتە دېرىزەمدىن كۆرۈنگەن يورۇق دېرىزىلەرنىڭ سانىنى، ئۆزۈمگە تېگىشلىك يۈزدە بەش پىرسەنت خاتا ئۆلۈشىنى بىر دەمدىلا پەرەز قىلالىدىم. فۇزۇلىنىڭ« جانان بولمىسا، كېرەك

---

[1] كاراميلا ــ تۈركچىگە ئىتالىيانچە "caramella"سۆزىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، ئېرىتىلگەن ۋە بىر ئاز كۆيدۈرۈلگەن شېكەر بىلەن ياسىلىدىغان كەمپۈتنى كۆرسىتىدۇ. ــ ت.

ئەمەس جان» دېگەن مىسراسىنى تەتۈرىسىگە 39 كىشىگە سۆزلىدىم. جانانىنىڭ ئۆيىگە 28 خىل ئوخشىمىغان ئاۋاز ۋە سالاھىيەتتە تېلېفون بېرىپ ئۇنى سورىدىم، تام ئېلانلىرىدا، ۋاراق ئېلانلاردا، يېنىپ ئۆچىدىغان نېئون چىراغلاردا، قىيمىلىق بولكىچى، لاتارىيىچى ۋە دورىخانا ئىشكاپلىرىدا كۆرۈپ خىيالىمدا ئۇ يەرلەردىن سۆكۈپ چىقارغان يېزىقلار بىلەن ھەر كۈنى 39 قېتىم جانان دېمەي ئۆيگە قايتمىدىم، ئەمما جانان كەلمىدى.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە بارلىق ئويۇنلىرىمنى ئىككى ھەسسىلەپ، ھېچ بولمىسا جانانىنى ئۈمىدلىرىمدە ئازغىنە بولسىمۇ ماڭا يېقىنلاشتۇرالايدىغان ۋاقتى ئېنىق ۋە تاسادىپىي كۈچ سىنىششلاردا سەۋرچانلىق بىلەن غەلىبە قىلىپ ئۆيگە قايتقىنىمدا، كوچىدىن ھۇجرا ئۆيۈمنىڭ يېنىقلىق چىراغلىرىنى كۆردۈم. كەچ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئانام مەندىن يا ئەنسىرىگەنىدى، يا بولمىسا ئۆيۈمدە بىر نەرسە ئىزدەۋاتاتتى، ئەمما كاللامدا پۈتۈنلەي باشقىچە بىر مەنزىرە نامايان بولدى.

ئۇ يەردە، يورۇق دېرىزىسىنى كۆرگەن ئۆيۈمدە، ئۈستىلىمنىڭ قېشىدا ئۆزۈمنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى خىيال قىلدىم. بۇنى شۇنداق بىر ئىستەك بىلەن ۋە تەسلىكتە خىيال قىلدىمكى، پەردىلەرنىڭ ئارىسىدا بىلىنەر-بىلىنمەس كۆرۈنگەن كىرلەشكەن ئاق تامنىڭ ئالدىدا، ئاپپىلسىن رەڭگىنى مەن ئوكايلا بىلەلەيدىغان لامپۇچكىنىڭ يېنىدا دېگۈدەك ئۆز بېشىمنى دەرھال كۆرەلەيمەن دەپ ئويلىدىم. شۇ چاغدا ئىچىمدە بىر توك ئېقىمىدەك پەيدا بولغان ئەركىنلىك تۇيغۇسى مېنى شۇنچىلىك چۇلغىۋالدىكى، ھەيران قالدىم. ھەممە نەرسە ئىنتايىن ئاددىي ئىكەن دېدىم ئۆزۈمگە: مەن باشقا بىرسىنىڭ كۆزى بىلەن قارىغان ئۆيدىكى ئادەم شۇ يەردە، شۇ ئۆيدە بولۇشى كېرەك ئىدى. مەن بولسام ھۇجرامدىن ، ئائىلەمدىن، بىساتلىرىمدىن، ئانامنىڭ ھىدىدىن، كارىۋىتىمدىن ۋە 22 يىللىق

كەچۈرمىشىمدىن قېچىشىم كېرەك ئىدى. يېڭى هاياتنى شۇ ئۆيدىن چىقىپ باشلايتتىم، چۈنكى مەيلى جانان، مەيلى ئۇ دىيار بولسۇن، شۇ ئۆيدىن ئەتىگىنى چىقىپ ئاخشىمى قايتىپ كېلەلىگۈچىلىك يېقىن بىر يەردە ئەمەس ئىدى.

هۇجرامغا كىرىپ كارىۋىتىمغا باشقا بىرسىنىڭ نەرسىلىرىگە قارىغاندەك قارىدىم، ئۈستەلنىڭ بۇرجىكىدە تۇرغان باشقا كىتابلارغا، جاناننى كۆرگىنىمدىن بۇيان ئانىنىزم قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن ۋاراقلىمىغان يالىڭاچ ئايالLAR ژۇرنىلىغا، تاماكىلىرىمنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن پارۋاينىڭ ئۈستىگە قويغان كارتون قەغەزگە، بىر تەلەڭگە ئىچىدە تۇرغان پارچە پۇللىرىمغا، ئاچقۇچلىرىمغا، ئىشكى هەم ئېتىلمەيدىغان ئىشكاپىمغا، مېنى بۇ كونا دۇنياغا باغلاپ تۇرغان بىساتلىرىمغا قارىدىم ۋە قېچىپ كېتىشىم كېرەكلىكىنى هېس قىلدىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىتابنى ئوقۇغاندا ۋە دەپتەرگە يازغاندا، ئوقۇپ يازغانلىرىمنىڭ دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بىر هەرىكەتنى ئىشارەت قىلىدىغانلىقىنى سەزدىم. بىر يەردىلا ئەمەس، گويا هەر يەردە بولۇشۇم كېرەك ئىدى. هۇجرام هەر يەر ئەمەس، بىر يەر ئىدى! ئەتىگەنلىكتە تاشقىشلاغا نېمىشقا باراتتىم دېدىم ئۆز-ئۆزۈمگە، جانان تاشقىشلاغا كەلمەيدۇ! جانان كەلمەيدىغان باشقا يەرلەرمۇ بار ئىدى، ئۇ يەرلەرگە بىكاردىن بىكار بارغاندىم، ئەمدى بارمايتتىم. ئەمدى كىتاب مېنى ئاپىرىدىغان يەرلەرگە باراتتىم. جانانمۇ يېڭى هاياتتا، ئۇ يەردە بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلىپ، كىتابنىڭ ماڭا ئېيتقانلىرىنى يېزىۋاتقاندا، بارىدىغان يەرلىرىمگە بولغان تونۇش كاللامغا ئاستا-ئاستا تەسىر قىلدى هەمدە ئۆزۈمنىڭ ئاستا-ئاستا باشقا بىر ئىنسانغا ئايلانغانلىقىمنى بەختىيارلىق ئىچىدە هېس قىلدىم. بىر هازادىن كېيىن، دەپتىرىمگە يېزىپ تولدۇرغان بەتلەرگە قارىغىنىمدا، چىققان سەپىرىدىن مەمنۇن بولۇۋاتقان

يولۇچىدەك ئۆزۈم ئۆزگەرمەكچى بولغان يېڭى ئىنسانىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئوپئوچۇق كۆردۇم.

ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كىتابنى دەپتىرىگە جۈملىمۇ جۈملە يازغان ۋە يازغانچە ئۆزى ئىزدىگەن ھاياتقا چىقىدىغان يولنىڭ نىشانىنى سەزگەن ئۇ ئادەم مەن ئىدىم؛ بىر كىتابنى ئوقۇپ پۈتۈن ھاياتى ئۆزگەرگەن، ئاشىق-بىقارار بولغان، يېڭى بىر ھاياتقا قاراپ يول ئالىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئۇ ئادەم مەن ئىدىم؛ يېتىشتىن ئاۋۋال ئانىسى ئىشىكنى چېكىپ: "تاڭ ئاتقۇچە يازسەن، تاماكا چەكمە جۇمۇ" دەپ جېكىلىگىنىدىغان ئادەم مەن ئىدىم؛ كېچىنىڭ شاۋقۇنى بېسىققان ھامان مەھەللىدە پەقەت ئۇزاقتىن ئۇزاق قاۋايدىغان ئىت توپىنىڭ غىڭشىشلىرى ئاڭلانغان چاغدا ئۈستىلدىن تۇرۇپ، نەچچە ھەپتە ئوقۇغان كىتابقا، ئۇ كىتابنىڭ ئىلھامى بىلەن تولدۇرۇلغان دەپتەرنىڭ بەتلىرىگە ئاخىرقى قېتىم قارىغان ئادەم مەن ئىدىم؛ ئىشكاپىنىڭ ئاستىدىن، پايپاقلىرىنىڭ تېگىدىن يىغىلىپ قالغان پۇللىرىنى ئېلىپ، ھۇجرىسىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي، ئانىسىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ، ئىچىدىن ئاڭلانغان نەپەس تىنۋىشلىرىنى سۆيۈنچ بىلەن تىڭشىغان ئادەم مەن ئىدىم؛ ئەي پەرىشتە، يېرىم كېچىدىن خېلى كېيىن ئۆز ئۆيىدىن خۇددى باشقا بىرسىنىڭ ئۆيىدىن قاچقان تارتىنچاق، يات ئادەمدەك جىمجىت چىقىپ كوچىلارغا كىرىپ كەتكەن ئادەم مەن ئىدىم؛ پىيادىلەر يولىدىن ئۆز ئۆيىنىڭ يورۇق دېرىزىلىرىگە باشقا بىرسىنىڭ ۋەيران بولۇپ تۈگەشكەن ھاياتىغا كۆز ياشلىرى ۋە تەنھالىق تۇيغۇسى بىلەن قارىغاندەك قارىغان ئادەم مەن ئىدىم؛ جىمجىتلىقتا مەزمۇت قەدەملىرىمنىڭ ئەكس ساداسىنى ئاڭلىغاچ يېڭى ھاياتقا ھاياجان بىلەن يۈگۈرگەن ئادەم مەن ئىدىم.

مەھەللىدە پەقەت تۆمۈر يولچى رىفقى تاغىنىڭ ئۆيىنىڭ چىراغلىرى غۇۋا يېنىپ تۇراتتى. باغچە تېمىغا چىقتىم ۋە يېرىم

ئوچـۇق پەردىـلەر ئارىـسىدىن غـۇۋا يورۇقلۇقتـا تاماكـا چېكـىپ ئولتۇرغـان خوتـۇنى راتـىبە ھـامىنى كـۆردۈم. رىفقـى تاغىنىـڭ بـىر بالىلار ھېكايىسىدىمۇ ئالتۇن دىيارنىڭ كويىغا چۈشكەن بىر جەسۇر قەھرىمـان قـاراڭغۇ كوچىلارنىـڭ چاقىرىـشىغا، يىـراق دۆلەتلەرنىـڭ شـاۋقۇن - سـۈرەنلىرىگە، كـۆرۈنمەس دەرەخلەرنىـڭ شىۋىرلاشـلىرىغا خۇددى ماڭا ئوخشاش قۇلاق سالغاچ، بالىلىقىنىـڭ دەرد - ئەلەملىـك كوچىلىرىدا كۆز يېشىنى تۆكۈپ ماڭاتتى. ئۇچامدا دۆلەت تۆمـۈر يـول ئىدارىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان رەھمەتلىك دادامنىڭ پەلتوسى بار ئىدى. كۆز يېشىمنى تـۆككەچ قـاراڭغۇ كېچىنىـڭ مەركـىزىگە قـاراپ ماڭدىم.

كېچە مېنى يوشۇردى، كېچە مېنى ساقلىدى، كـېچە ماڭـا يـول كۆرسەتتى. شەھەرنىڭ ئاستا - ئاستا تىترىگەن ئىچكى ئورگانلىرىغا، مۇسكۇلى كېسىلگەن پالەچتەك بېتونلۇق كوچىلىرىغا، سۈت، گۆش، كونـسېرۋا ۋە قـاراقچى ماشـىنىلىرىنىڭ نـالىلىرى بىـلەن تىتـرىگەن نېئون چىراغلىق كەڭ كوچىلارغا كىردىم. ئىچىدىكى لىق ئەخلەتلەر، يالتىراپ تۇرغـان ھـۆل پىيـادىلەر يولىغـا تۆكـۈلگەن، ئـاغزى ئوچـۇق ئەخـلەت سـاندۇقلىرىنى مـۇقەددەس بىلـدىم؛ ئـۆز ھالىتـىدە تۇرالمايـدىغان قورقۇنچلـۇق دەرەخلەردىـن يـول سورىدىم؛ غېرىـب دۇكانلاردا غەلـلە بېشىدا ھېساب - كىتـاب قىلىۋاتقـان ۋەتەنداشـلارغا كـۆز قىـسىپ قويـدۇم؛ سـاقچىخانا دەرۋازىلىرىـدا نۆۋەتچىلىـك قىلىۋاتقـان سـاقچىلاردىن ھەزەر ئەيلىـدىم. يېگـى ھاياتىنىـڭ شولىسىدىن خەۋەرسىز مەستلەر، ئـۆي - ماكانـسىزلار، دىنـسىزلار ۋە سەرگەردانلارغا ئېچىنىش بىلەن كۈلۈمسىرىدىم؛ يېنىـپ ئۆچـىدىغان قىزىـل چىراغلارنىـڭ جىمجىتلىقىـدا ماڭـا ئۇيقۇسـىز گۇناھكـارلاردەك ئاستا سوقۇنۇپ قويغان كـاتەك بەلگىلىـك تاكسىلارنىڭ شوپۇرلىرى بىلەن قاراڭغۇدا كۆز بېقىشتىم. تاملارغا ئېسىقلىق سوپۇن ئېلانلىرىدا ماڭـا كۈلۈمـسىرىگەن گـۈزەل ئايالالارغـا ئىـشەنمىدىم؛ تاماكـا

ئېلانلىرىدىكى كېلىشكەن ئەرلەرگە، ئاتاتۈرك ھەيكەللىرىگە، مەستلەر بىلەن ئۇيقۇسىزلار تالىشۋاتقان ئەتىلىك گېزىتلەرگىمۇ ئىشەنمىدىم. ئەتىگەنلىك قەھۋەخانىلاردا چاي ئىچكەن دۆلەت لاتارىيە بېلىتى ساتقۇچىسى بىلەن مېنى قول پۇلاڭلىتىپ چاقىرىپ" ئولتۇر يىگىت" دېگەن بۇرادەرگىمۇ ئىشەنمىدىم. چىرىگەن شەھەرنىڭ بېقىسغان پۇراقلىرى مېنى دېڭىز ۋە كۆفتە[1]، تەرەتخانا ۋە گاز تۇمانى، بېنزىن ۋە كىر پۇرايدىغان ئاپتوبۇس باش بېكىتىگە ئاپاردى.

ئاپتوبۇس سەپىرى تىزىملىكىدىن ماڭا يېڭى دىيار، يېڭى قەلب، يېڭى ھاياتلارنى ۋەدە قىلغان بىرەر يۈزدەك رەڭگارەڭ شەھەر ۋە بازار ئىسمىنىڭ قۇيما ھەرپلىرىدىن مەست بولماسلىق ئۈچۈن كىچىك بىر ئاشخانىغا كىردىم. كەڭ ئەينەكلىك توڭلاتقۇدا شەھەر ئىسملىرى ۋە ئاپتوبۇس شىركەتلىرىنىڭ ھەرپلىرىدەك قاتار-قاتار تىزىقلىق تۇرغان، بەلكىم نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراق بىر يەردە، بەلكىم ئاللىقانداق ئاشقازانلاردا سىڭدىغان رەۋانى[2]، مۇھاللەبى[3] ۋە سالاتلارغا يېنىمنى قىلىپ بىر شىرەدە ئولتۇردۇم ۋە نېمىنى كۈتۈشكە باشلىغانلىقىمنى ئۇنتۇدۇم. بەلكىم، پەرىشتە، سېنىڭ مېنى يېنىڭ تارتىپ، ئۇن-تىنسىز يول كۆرسىتىپ، چىرايلىقچە ئاگاھلاندۇرۇشۇڭنى كۈتۈۋاتقاندىمەن. ئەمما ئاشخانىدا ئۇيقۇچان ھالدا ئاچ كۆزلەرچە تاماق يەۋاتقان، بۇ يەردىن ئايرىلىدىغان بىر قانچە يولۇچى بىلەن قۇچىقىدىكى بالىسى بىلەن ئولتۇرغان ئانىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. كۆزلىرىم يېڭى ھاياتنىڭ ئىزلىرىنى ئىزدەۋاتقاندا "چىراغ بىلەن ئويناشماڭ" دېدى

---

[1] كۆفتە ــ بىر خىل يېمەكلىك، ــ ت.

[2] رەۋانى ــ تورتقا ئوخشاش تاتلىق يېمەكلىك، ــ ت.

[3] مۇھاللەبى ــ سۈتكە شېكەر، گۈرۈچ ئۇنى قوشۇپ ياسىلىدىغان تاتلىق ئىچىملىك، ــ ت.

بىر تام لوزۇنكىسى، "ھاجەتخانىغا ھەق ئېلىنىدۇ" دېگەن بىر يەنە بىرسى، "سىرتتىن ھاراق-شاراب ئەكىرىشكە بولمايدۇ" دېگەن ئۇچىنچىسى تېخىمۇ قاتتىق ۋە كەسكىن ھەرپلەر بىلەن. ئەس-ھوشۇم كۆزنەكلىرى ئالدىدىن قارا قاغىلارنىڭ ئۇچۇپ ئۆتۈشلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۆز ئۆلۈمۈمنىڭ مۇشۇ چىقىش نۇقتىسىدىن باشلىنىدىغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم. بېكەت ئاشخانىسىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئاستا-ئاستا سىڭىۋاتقان دەرد-ئەلىمىنى ساقا ئېيتالىشىمنى ئارزۇ قىلاتتىم پەرىشتە، لېكىن شۇنچىلىك ھارغىن ئىدىمكى، نەچچە ئەسىر ۋاقتىنىڭ ئۇيقۇسىز ئورمانلاردەك شۇۋىرلاشلىرىنى، ئىڭراشلىرىنى ئاڭلاۋاتاتتىم، ھەر بىرى باشقا بىر دىيارغا قاراپ يولغا چىققان جەسۇر ئاپتوبۇسلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ماتورلىرى ئىچىدىكى ئەسەبىي روھنى سۈيەتتىم، يىراقلاردىكى بىر يەردە چىقىش نۇقتىسى ئىزدەۋاتقان جانانىنىڭ مېنى چاقىرغىنىنى ئاڭلاۋاتاتتىم، ئەمما بىر تېخىنكىلىق كاشىلا تۈپەيلىدىن كىنونى ئاۋازسىز كۆرۈشكە رازى بولغان تاماشىبىندەك ئۇنى ئاۋازسىز ئاڭلايتتىم، چۈنكى بېشىم شىرەگە موكلا چۈشۈپ، بىر ئاز ئۇخلاپ قالغان بولسام كېرەك.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، بىلمەيمەن. ئويغانغاندا يەنە شۇ ئاشخانىدا باشقا ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئىدىم. مېنى تەڭداشسىز مىنۇتلارغا ئاپىرىدىغان بۇيۇك سەپەرنىڭ چىقىش نۇقتىسىنى بۇ قېتىم پەرىشتىگە ئېيتالايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئالدىمدا پارالڭ سېلىپ پۇل ۋە بېلەت ھېسابى قىلىۋاتقان ئۈچ ياش بار ئىدى. پەلتوسىنى ۋە يالتىراق خالتىسىنى شىرەدىكى شورپا قاچىسىنىڭ يېنىغا قويغان تىكەندەك يالغۇز بىر بوۋاي قولىدىكى قوشۇق بىلەن ئۆزىنىڭ ھەسرەتلىك ھاياتىنى ھىدلايتتى، ئارىلاشتۇراتتى، بوش شىرەلەر ياتقۇزۇلغان غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا بىر كۆتكۈچى ئەسنەپ ئولتۇرۇپ گېزىت ئوقۇۋاتاتتى. يېنىمدىلا تورۇستىن مەينەت تاپسىغىچە چۈشكەن ھورداپ كەتكەن ئەينەك، ئۇنىڭ كەينىدە قارا

كۆك كېچە، كېچە قويندا ماتورلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرى ۋە مېنى ئۇ دىيارغا چاقىرىۋاتقان ئاپتوبۇسلار بار ئىدى.

نائىپنىق بىر ۋاقىتتا ئاپتوبۇسلارنىڭ بىرىگە چىقىۋەردىم. سەھەر ۋاقتى ئەمەس ئىدى، لېكىن ئاستا-ئاستا تاڭ ئاتتى، كۆن چىقتى، ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىم كۆن نۇرىغا تولدى. ئۇخلاپ قالغانىدىم.

ئاپتوبۇسلارغا چىقتىم، چۈشتۈم، بېكەتلەردە كەزدىم؛ يەنە ئاپتوبۇسلارغا چىقتىم، ئۇخلىدىم، كۆنلەرنى كېچىلەرگە ئۇلىدىم؛ ئاپتوبۇسلارغا چىقتىم، بازارلارغا چۈشتۈم، كۆن بويى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ماڭدىم ۋە ئۆزۈمگە دېدىم: ئۆزىنى ئۇ ناتونۇش دىيارنىڭ بوسۇغىسىغا ئاپىرىدىغان يوللاردا مېڭىشقا بۇ ياش يولۇچىنىڭ ئىرادىسى قانچىلىككىن.

## 4

سوغۇق قىش كېچىلىرىنىڭ بىرىدە ھەر كۆنى بىر-ئىككىسىگە ئولتۇرغان ئاپتوبۇسلارنىڭ بىرىنىڭ ئىچىدە نەدىن كەلگىنىمنى، ھازىر نەدە ئىكەنلىكىمنى، نەگە بارىدىغانلىقىمنى بىلمەستىن، قانچىلىك تېز ماڭغانلىقىمىزنى پەرق ئەتمەستىن كېتىۋاتاتتىم. نەچچە كۆندىن بېرى كېتىۋاتاتتىم، ئەي پەرىشتە. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدىكى چىراغلار ئاللىقاچان ئۆچكەن، گۈركىرەپ كېتىۋاتقان ھارغىن ئاپتوبۇسنىڭ ئوڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىر يەردە ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئارىسىدا، ئۇيقۇدىنمۇ تولىراق چۈشلەرگە، چۈشلەردىنمۇ تولىراق سىرتتىكى قاپقاراڭغۇلۇقنىڭ خىيالەتلىرىگە يېقىن ئىدىم. كۆزۈمنى يېرىم يۇمۇق ئېچىپ، ئاپتوبۇسىمىزنىڭ يىراقنى كۆرسىتىدىغان بىر كۆزى ئالغايدەك چىراغلىرى يورۇتقان يولنىڭ قىرىدىكى ئاجىز بىر دەرەخنى، ئۈستىگە كولونيا ئېلانى يېزىلغان بىر قورام تاشنى، سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرىنى، ئاندا-ساندا ئۆتكەن

ئاپتوموبىللارنىڭ تەھدىتلىك چىراغلىرىنى ۋە شوپۇرنىڭ ئۈستىدىكى ۋىدىيوغا چېتىلغان تېلېۋىزور ئېكرانىدا چىقىۋاتقان كىنولارنى كۆرەتتىم. قىز ئارتىس پاراڭلىشىۋاتقاندا ئېكران جانانىنىڭ پەلتوسى رەڭگىگە كىرىپ سۆسۈنلىشەتتى، ئالدىراقسان، شوخ يىگىت ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىۋاتقاندا ئۇ بىر چاغلاردا ئىچىمگە سىڭگەن خۇنۇك كۆك رەڭگە ئايلىناتتى. ساپلا مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ دەپ تۇرغىنىمدا، مەن سىنى ئويلىغاندا، سەن مېنى ئەسلىگەندە، شۇ سۆسۈن ۋە خۇنۇك كۆك رەڭ بىر كاتەكچىدە بىرلەشتى، ئەمما سۆيۈشمىدى.

دەل شۇ چاغدا، ئاپتوبۇس سەپىرىنىڭ ئۈچىنچى ھەپتىسىدە، كىنونىڭ دەل شۇ يېرىدە، ھەيران قالدۇرغىدەك بىر كەمچىلىك، بىزارلىق ۋە كۈتۈش ھېسسىياتىغا مەھكۇم بولغىنىم ئېسىمدە. قولۇمدا تاماكا بار ئىدى، كۈلنى بىر دەمدىن كېيىن قاپقىنى ئالقىنىمنىڭ قاتتىق، كەسكىن زەربىسى بىلەن ياپىدىغان كۈلدانغا ئاچچىق بىلەن سىلكىيتتىم. قانداقتۇر تېخىچە سۆيۈشەلمىگەن ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ جۈرئەتسىزلىكى بىلەن ئىچىمدە كۈچەيگەن ئاچچىق تاقەتسىزلىك تېخىمۇ كەسكىن، تېخىمۇ قاتتىق بىئاراملىققا ئايلاندى. مانا، ئەمدى ئۇ كېلىۋاتىدۇ، چوڭقۇر ۋە ھەقىقىي نەرسە ئەمدى يېقىنلىشىۋاتىدۇ دېگەن تۇيغۇ! پادىشاھقا تاج كىيدۈرۈلۈشتىن ئاۋۋال كىنودىكىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر بىر تاماشىبىن سېھىرلىك بىر جىمجىتلىقنى ھېس قىلىدۇ، ئۇ جىمجىتلىقتا سەلتەنەت مەيدانىنى باشتىن ئاخىر كەزگەن بىر جۈپ كەپتەرنىڭ قانات قېقىشلىرى ئاڭلىنىدۇ. مەن يېنىمدا ئۇخلاۋاتقان بوۋاينىڭ تۇيۇقسىز ئىڭرىغىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىدىم. يۈز كىلومېتىر ئارىلىقتىكى، بىر-بىرىنى كۆرەلمەسلىك بىلەن تەقلىد قىلىپ سېلىنغان ئىككى كىچىك ئەبگار شەھەر ئالدىمىزدا ئىدى، بوۋاينىڭ ماڭا ئىچىدىكى قورقۇنچلۇق ئاغرىقلىرىنى ئېيتقان تاقىر بېشى قاراڭغۇ ئەينەكنىڭ مۇزدەك سوغۇقىغا يۆلىنىپ، بەھۇزۇر

تەۋرىنەتتى. ئەتىگىنى ناھىيە بازىرىغا بارغىنىمىزدا بارىدىغان دوختۇرخانىدىكى دوختۇر ئۈنىڭغا بىشىنىڭ سالقىنداپ تۇرۇشى ئۈچۈن بېشىنى سوغۇق ئەينەككە تىرەشنى تەۋسىيە قىلىشى كېرەك دېدىم ئۆزۈمگە، قاراڭغۇ يوللارغا نەزەر سالغىنىمدا شۇ ھامان نەچچە كۈندىن بېرى زادى بولۇپ باقمىغان بىر ئىزتىراپقا چۈشتۈم: مەندىكى بۇ چوڭقۇر ۋە قارشى قويغۇسىز ئارزۇ زادى نېمە؟ ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلىۋالغان بۇ سەۋرسىز ئىستەك ئەمدى نەدىن كەلدى؟

قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىچ باغرىمنى قوزغىغۇەتكەن بىر كۈچنىڭ بېسىمىدىن سىلكىندىم، ئورنۇمدىن ئۈچۈپ، ئالدىمدىكى ئورۇندۇققا ئۇرۇلدۇم ۋە تۇمۇر-قەلەي، ئاليۇمىن، ئەينەك پارچىلىرىغا قاتتىق سوقۇلۇپ ماكچايدىم. شۇ پەيتتە يېڭىدىن، پۈتۈنلەي باشقا بىرسى بولۇپ كەينىمگە يىقىلىپ، ئۆزۈمنى ئاپتوبۇستىكى شۇ ئورۇندۇقتا كۆردۈم.

ئەمما ئاپتوبۇس بۇرۇنقى ئاپتوبۇس ئەمەس ئىدى. كابىنكىنىڭ كەينىدىكى ئورۇندۇقلار بىللە پارە-پارە بولۇپ كەتكەنلىكىنى مەڭدەپ ئولتۇرغان يېرىمدىن، كۆك ئىسنىڭ ئىچىدىن كۆرەلەيتتىم.

دېمەك، ئارزۇ قىلغىنىم مۇشۇ ئىكەن، ئىزدىگىنىم مۇشۇ ئىكەن. تاپقان نەرسىلەرنى يۈرەك قېتىمدا قانداق ھېس قىلدىم: ھۇزۇر، ئۈيقۇ، ئۆلۈم، ۋاقىت! ھەم ئۇ يەردە ئىدىم، ھەم بۇ يەردە؛ ھەم ھۇزۇرنىڭ ھەم قانلىق ئۇرۇشنىڭ ئىچىدە؛ خورەكلىك ئۈيقۇسىزلىقنىڭ ھەم تۈگىمەس ئۈيقۇنىڭ، ئاخىرلاشماس كېچىنىڭ ۋە تېزلا ئۆتكەن ۋاقىتنىڭ قوينىدا ئىدىم. كىنولاردا چىقىدىغۇ، ئورۇندۇقتىن ئاستا قوپتۇم-دە، دەرھال ئۆلۈكلەر دىيارىغا كۆچكەن ياش شوپۇر ياردەمچىسىنىڭ بوتۇلكىنى تۇتقىنىچە ياتقان جەسىتىنىڭ يېنىدىن ئاستا سوغۇرۇلۇپ ئۆتۈپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن قاراڭغۇ كېچىنىڭ باغچىسىغا چىقتىم.

قاقاس، چەكسىز كەتكەن باغچىنىڭ بىر چېتى پارچە ئەينەكلەر

بىلەن قاپلانغان ئاسفالت، كۆرۈنمەيدىغان يەنە بىر چېتى بولسا بارسا ـ كەلمەس دىيار ئىدى. نەچچە ھەپتىدىن بېرى خىيالىمدا جەننەت ھارارىتى بىلەن ۋىلىلداپ تۇرغان بۇ تىمتاس دىيارنىڭ مۇشۇ يەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، كېچىنىڭ قارا دۇخاۋىدەك قاراڭغۇلۇقى قوينىغا قورقماي ئىلگىرىلىدىم. ئۇيقۇدا ماڭغاندەك، ئەمما ئويغاق؛ ماڭغاندەك، ئەمما پۇتلىرىم گويا سېغىز تۇپراققا تەگمىگەندەك ماڭدىم. بۇ بەلكىم ئاياغلىرىم بولمىغانلىقىدىن، ۋە بەلكىم ھازىر ئەسلىيەلمىگەنلىكىمدىن، پەقەت ئۇ يەردە بولغانلىقىمدىن ئىدى، پەقەت ئۇ يەردە ئۆزۈم، ئۇيۇشۇپ قالغان تېنىم ۋە ئىدراكىم: ئۆز ـ ئۆزۈم بىلەن تولۇپ تاشقانىدىم.

"جەننەت" قاراڭغۇلۇقىنىڭ ئىچىدىكى بىر يەردە، بىر يارنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇردۇم، يەردە سوزۇلۇپ ياتتىم. كۆكتە ئانداـساندا يۇلتۇزلار، يېنىمدا ھەقىقىي بىر قىيا تاش پارچىسى بار ئىدى؛ ھەقىقىي ئۇرۇنۇشنىڭ ئىشەنگۈسىز پەيزىنى ھېس قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا ھەسرەت بىلەن ئۇرۇندۇم . بىر چاغلاردا بارلىق ئۇرۇنۇشلار ئۇرۇنۇش ، پۇراقلار پۇراق، ئاۋازلار ئاۋاز بولغان ھەقىقىي بىر دۇنيا بار ئىكەندۇق، ئۇ چاغلار بۇ چاغلارغا بىر كۆرۈنۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىنمۇ، يۇلتۇزچۇ؟ مەن ھاياتىمنى قاراڭغۇلۇقتا كۆرۈۋاتاتتىم. بىر كىتاب ئوقۇدۇم، سېنى تاپتىم. ئۆلۈم مۇشۇ بولسا، مەن يېڭىدىن تۇغۇلدۇم. چۈنكى مەن ئەمدى بۇ يەردە، بۇ دۇنيانىڭ ئىچىدە كەچۈرمىشى، ئەس ـ خاتىرىسى يوق، گويا تېلېۋىزورلاردىكى كۆپ قىسىملىق يېڭى تىياتىرلارنىڭ يېڭى ۋە گۈزەل چولپانلىرىدەك، بىر قانچە يىللاردىن كېيىن چولپانلارنى تۇنجى كۆرگەن تۇرمە قاچقۇنىنىڭ بالىلارچە ھەيرانلىقىدەك يېپيېڭى بىر ئادەم ئىدىم. ئىلگىرى تەگدىشى، ئوخشىشىنى زادى ئاڭلاپ باقمىغان بىر جىمجىتلىقنىڭ چاقىرىشىنى ئاڭلاۋاتىمەن ۋە سوراۋاتىمەن: ئاپتوبۇسلار، كېچىلەر، شەھەرلەر نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ ئاشۇ

بارلىق يوللار، كوۋرۈكلەر، چىرايلار نېمىشقا شۇنداق؟ كېچىلەرنى بۆركۈتتەك باستۇرۇپ كېلىدىغان يالغۇزلۇق نېمىدىن؟ سۆز-ئىبارىلەر نېمىشقا يۈزەكىلىككە تاقىشىپ قالدۇ؟ ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدىغان ئاشۇ ۋاقىتنىڭ سەۋەبى نېمە؟ تۇپراقنىڭ تىۋىشلىرىنى ۋە سائەتنىڭ چىكىلداشلىرىنى ئاڭلاۋاتىمەن. چۈنكى ئۇ كىتاب ”ۋاقىت ئۈچ ھەجىملىك جىمجىتلىقتۇر“دەپ يازغاندى. دېمەك، ئۈچ ھەجىمنى پەقەت ھېس قىلماي، ھاياتنى، دۇنيانى ۋە كىتابنى چۈشەنمەي ھەم سېنى قايتا كۆرەلمەي ئۆلىدىغان ئوخشايمەن دەيتتىم، مانا ئەمدى يېڭى، يىپيېڭى يۇلتۇزلارغا تۇنجى قېتىم گەپ قىلىۋاتىمەنكى، بۇ باللارچە ئەقلىمگە كەلدى! مەن تېخى ئالدىراپ ئۆلمەيدىغان بالا ئىدىم، نەرسىلەرنىڭ ئۇررۇنۇشىنى ، پۇرىقىنى ۋە نۇرىنى بايقىغاچ، پېشانەمدىن ئاققان قاننىڭ ئىسسىقلىقىنى سوغۇق قوللىرىمدا بەختىيارلىق ئىلكىدە ھېس قىلدىم. جانان، سېنى سۆيگەن ھالدا بۇ دۇنيانى خۇشاللىق بىلەن تاماشا قىلدىم.

ئالدىدا، مەن ئۇنى تاشلاپ كەتكەن يەردە، شور پېشانە ئاپتوبۇس سېمونت يۈكلەنگەن ئاپتوموبىلغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۈسۈشكەن نۇقتىدا كۆتۈرۈلگەن سېمونت تۇمانى ئۆلۈكلەرنىڭ ۋە ئۆلۈۋاتقانلارنىڭ ئۈستىگە مۆجىزىلىك بىر كۆنلۈككە ئوخشاش يېيىلغانىدى. ئاپتوبۇستىن كۆك ۋە جاھىل بىر يورۇقلۇق كۆرۈنەتتى. ھايات قالغان ۋە بىر دەمدىن كېيىن ھاياتىدىن ئايرىلىدىغان بەختسىزلەر يېڭى بىر پلانېتاغا قەدەم تاشلايدىغاندەك ئېھتىيات بىلەن ئارقا ئىشىكتىن سىرتقا چىقىۋاتاتتى. ئانا، ئانا، سىز قالدىڭىز، مەن چىقتىم، ئانا، ئانا، يانچۇقلىرىمنى قانلار پارچە پۇلدەك توشقۇزۇپ قويدى. ئۇلار بىلەن — يالتىراق خالتا كۆتۈرۈپ يەردە ئۆمىلەۋاتقان تۇماقلىق تاغا بىلەن، ئىشتىنىنىڭ يىرتىقىغا دىققەت بىلەن قاراۋاتقان ئەستايىدىل ئەر بىلەن، ئاللاھ دەرگاھىغا كېتىش ئالدىدىكى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خۇشاللىق بىلەن

ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتقان موماي بىلەن... پاراڭلاشقۇم كەلدى. يۇلتۇزلارنى ساناۋاتقان قاقۋاش سۇغۇرتىچىغا، ئۆلۈك شوپۇرغا يالۋۇرىۋاتقان ئانىنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغان قىزىغا، تونۇشماي تۇرۇپ قول تۇتۇشۇپ، بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈشۈپ قالغانلاردەك ئىككى ياققا يېنىك لىڭشىپ ئامان قالغانلىق ئۇسۇلى ئويناۋاتقان بۇرۇتلۇق ئەرلەرگە بۇ تەگداشسىز ۋە مۇكەممەل ۋاقىتنىڭ سىرىنى، شۇنداقلا "تەگداشسىز پەيت" دېيىلگەن بۇ تەلەيلىك مىنۇتنى ئاللاھنىڭ بىزدەك بەختلىك بەندىلىرىگە ئاز بولسىمۇ ئېھسان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقۇم كەلدى؛ پەرىشتە، ماڭا كۆرۈنسەڭ، ھاياتتا بىر قېتىم، مانا بۇ مۆجىزىلىك سېھىرلىك بۇلۇتنىڭ كۈنلۈكى ئاستىدىكى ئاجايىپ ۋاقىتتا كۆرۈنىدىغانلىقىڭنى ئۆزۈڭگە ئېيتقۇم ۋە ھازىر نېمىشقا بۇنچىلىك بەختلىك بولغانلىقىمىزنى سەندىن سورىغۇم كەلدى. بىر ـ بىرىگە بىپەرۋا ئاشىقلاردەك چىڭ قۇچاقلىشىپ، ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئەركىن يىغلاۋاتقان ئانا ـ بالا، قانىنىڭ لەۋسۇرۇختىنمۇ بەك قىزىل، ئۆلۈمنىڭ ھاياتتىن بەكرەك شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغان سۆيۈملۈك ئايال، دادىسىنىڭ جەسىتى بېشىدا تىكىلىپ، قولىدا قورچىقىنى تۇتۇپ، يۇلتۇزلارنى تاماشا قىلىۋاتقان تەلەيلىك بالا... بۇ مۇكەممەللىك، پۈتۈنلۈك ۋە نۇقسانسىزلىقنى بىزگە ئاتا قىلغان كىم؟ "بىر سۆز، — دېدى ئىچىمدىكى ئاۋاز، — سەپەرگە چىقىش... ۋىدالىشىش..." ئەمما ئۆلمەيدىغانلىقىمنى ئاللىبۇرۇن بىلگەنىدىم. بىر دەمدىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدىغان، يۈز ـ كۆزى قاندىن قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن بىر ھامما مەندىن شوپۇر ياردەمچىسىنى سورىدى، ئۇ چامادانلىرىنى ئېلىپ، ئەتىگەندە شەھەردىكى پويىزغا ئۈلگۈرمەكچىكەن. قانلىق پويىز بېلىتى مەندە قالدى.

ئالدىدىكى ئورۇندا يۈزلىرى ئەينەكلەرگە چاپلىشىپ قالغان ئۆلۈكلەرنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشماستىن ئارقا ئىشىكتىن

ئاپتوبۇسقا چىقتىم. بارلىق ئاپتوبۇس سەپىرىم جەريانىدىكى قورقۇنچلۇق ماتور گۈرۈلدىشىنى ئەسلىدىم ۋە تۇيدۇم. مېنىڭ تاپقىنىم ئۆلۈم جىمجىتلىقى ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئەسلىمىلىرى، ئارزۇلىرى ۋە خىياللىرى ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىۋاتقانلار بار ئىدى. شوپۇر ياردەمچىسى تېخىچە قولىدىكى بوتۇلكىنى، كۆزى ياش تەمكىن ئانا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان بالىسىنى تۇتۇپ ياتاتتى: چۈنكى سىرت سوغۇق ئىدى. ئولتۇردۇم، چۈنكى پۇتۇمدىكى ئاغرىقلارنى تۇيغانىدىم. بېشى ئاغرىغان يېنىمدىكى ھەمراھىم ئالدىدىكى ئورۇندىكى ئالدىراقسان ئادەملەر بىلەن بىللە بۇ دۇنيادىن كۆچۈپ كەتكەنىدى، ئەمما تېخىچە سەۋرچانلىق بىلەن ئولتۇراتتى، ئۇخلىغاندا كۆزلىرى يۇمۇق، ئۆلگەندە ئوچۇق ئىدى. ئالدىمىزدىكى بىر يەردىن، نەدىن چىققانلىقى نامەلۇم ئىككى ئادەم قانلار ئىچىدىكى بىر جەسەتنى توڭلىسۇن دەپ پۇت-قولىدىن تۇتۇپ سىرتتىكى سوغۇققا ئاچىقىپ قويدى.

شۇ چاغدا ئەڭ ئاجايىپ تاسادىپىيلىقنى، ئەڭ مۇكەممەل بەخت-تەلەيىنى بايقىدىم: شوپۇرنىڭ ئورنىنىڭ ئۈستىدىكى تېلېۋىزور ساپساق ئىدى، فىلىمدىكى ئاشىق-مەشۇقلار ئەڭ ئاخىرىدا بىر-بىرىگە چىرمىشىۋاتاتتى. قولياغلىقىم بىلەن پېشانەمدىكى، يۈزۈمدىكى، بويۇنۇمدىكى قاننى سۈرتتۈم، بايا ئالىقىنىمدا يېپىۋەتكەن كۈلدانىنى ئەمدى ئاچتىم، خۇشاللىق بىلەن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردۇم-دە، ئېكراندىكى فىلىمنى كۆردۇم.

ئۇلار سۆيۈشتى، بىر-بىرىنىڭ لەۋلىرىدىن لەۋسۇرۇخ ۋە ھايات شورىۋاتقاندەك يەنە سۆيۈشتى. كىچىك ۋاقتىمدا كىنولاردا سۆيۈشىدىغان يەرگە كەلگەندە نېمىشقا نەپسىم قىسىلاتتى؟ نېمىشقا پۇتۇمنى تەۋرىتىپ، سۆيۈشۈۋاتقانلارغا ئەمەس، پەردىدىكى ئۇلاردىن سەل ئېگىز يەرگە قارايتتىم؟ ئاھ سۆيۈش! مۇزلۇق ئەينەكتىن ئۆرۈلگەن ئاق نۇرنىڭ ئىچىدە لەۋلىرىمگە تەگكەن نەرسىنىڭ

لەززىتىنى شۇنداق كۆڭۈللۈك ئەسلىگەنىدىم. ھاياتتا بۇ پەقەت بىرلا قېتىم! جانانىنىڭ ئىسمىنى كۆز ياشلىرىم بىلەن تەكرارلىدىم.

فىلىم تۈگىگەندە، سىرتنىڭ سوغۇق سوۋۇغان ئۆلۈكلەرنىمۇ توڭدۇرغاندا ئاۋۋال چىراغ نۇرلىرىنى، ئاندىن كۆڭۈللۈك مەنزىرە ئالدىدا ھۆرمەت بىلەن تۇرغان ئاپتوموبىلنى كۆردۈم. قۇرۇق ئېكرانغا تېخىچە چۈشىنىكسىز قاراپ ئولتۇرغان يېنىمدىكى ھەمراھىمنىڭ چاپىنىنىڭ يانچۇقىدا يوغان ۋە قېلىن بىر ھەميان بار ئىدى. ئىچىدە ئىسمى مەھمۇت، فامىلىسى ماھلەر بولغان بىر كىملىك، ئەسكەرلىكتىكى ئوغلىنىڭ ماڭا ئوخشايدىغان سۈرىتى بىلەن خوراز سوقۇشتۇرۇشنى خەۋەر قىلغان ناھايىتى كونا بىر گېزىت پارچىسى («دېنىزلى پوچتىسى» 1966) بار ئىدى. بۇ پۇللار ماڭا يەنە بىر قانچە ھەپتە يېتىدۇ، توي قىلىدىغان پۇلۇممۇ مەندە قالسۇن، رەھمەت.

بىزنى ناھىيە بازىرىغا ئاپارغان ئاپتوموبىلنىڭ كوزوپىدا سەۋرچان ئۆلۈكلەر بىلەن بىللە بىز ئېھتىياتچان تىرىكلەر سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يېتىپ يۇلتۇزلارنى تاماشا قىلىشقا باشلىدۇق. بىز تىنچ بولمىغاندەك، يۇلتۇزلار گويا بىزگە "تىنچلىنىڭلار، قاراڭلار بىز كۈتۈشنى نېمىدېگەن ئوبدان بىلىمىز" دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ياتقان يېرىمدە ئاپتوموبىل بىلەن بىرلىكتە تىترەۋاتقاندا، بەزى ئالدىراڭغۇ بۇلۇتلار ۋە بەزى ئالدىراش دەرەخلەر قارا دۇخاۋىدەك كېچە بىلەن ئارىمىزغا كىرگەندە بۇ ھەرىكەتلىك، ئۆزگەرمەس نۇرلار ۋە ئۆلۈكلەر بىلەن ئىرماش-چىرماش ئارىلىشىپ كەتكەن خۇشاللىق ئويۇنىنىڭ ھەجۋىي، خۇشاللىنارلىق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغانلىقىم سۆيۈملۈك پەرىشتەمنىڭ ئاسماندا بىر كۆرۈنۈشى، ماڭا قەلبىم ۋە ھاياتىمنىڭ سىرلىرىنى ئېچىۋېتىشى ئۈچۈن مۇكەممەل، كەڭ ئېكرانلىق بىر سەھنە شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئويلىدىم، ئەمما رىفقى تاغىنىڭ بىر رەسىملىك رومانىدا تەخمىنەن مەن ئەينى ئۆزىگە شاھىد بولغان

سەھنە رېئاللىققا ئايلانمىدى. شۇنداق قىلىپ، دەرەخ شاخلىرى ئۈستىمىزدىن ئىتتىك ئېقىۋاتقان سۇدەك ئۆتۈشۈۋاتقاندا، قاراڭغۇ سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرى بىر ـ بىرلەپ كەينىمىزدە قېلىۋاتقاندا، قۇتۇپ يۇلتۇزى، قۇتۇپ ئېيىقى ۋە $\pi$ سانى بىلەن تەنھا قالدىم. كېيىن ئويلىدىم، ھېس قىلدىم، ئەسلىدە بىر دەقىقە ۋاقىتمۇ مۇكەممەل ئەمەس ئىدى، بىر نەرسە كەم ئىدى. تېنىمدە يېڭى بىر روھ، ئالدىمدا يېڭى بىر ھايات، يانچۇقۇمدا باغلام ـ باغلام پۇل ۋە ئاسماندا بۇ يېڭى يۇلتۇزلار بار چاغدا، قەدىرلىكىم، مەن ئۇنى ئىزدەپ تاپىمەن.

ھاياتنى كەمتۈك قىلغان نەرسە نېمە؟

"مېيىپ بىر پۇت!" دېدى دوختۇرخانىدا تىزىمنى تىككەن زەڭگەر كۆزلۈك سېسترا، چىدىشىم كېرەككەن. "ئۇنداقتا، مەن بىلەن توي قىلامسىز؟ پاچاقتا، پۇتتا سۇنۇق ـ دەز يوق، ئۇنداقتا مەن بىلەن يېقىنچىلىق قىلامسىز؟ پېشانەمدىمۇ قورقۇنچلۇق بىر تاتۇق يوق..." دېدىم ئاغرىقتىن كۆزلىرىمدىن ياش ئېقىۋاتقاندا، "كەم بىر نەرسە بار ئىكەن"، جاراھەتنى تىككۈچى سېسترانىڭ ئوڭ قولىدىكى ئۈزۈكتىن چۈشىنىشىم كېرەك. گېرمانىيىدە ساقلاۋاتقان يىگىتى بار ئىكەن. مەن يېڭى بىرسى ئىدىم، ئەمما پۈتۈنلەي ئەمەس. شۇنداق قىلىپ دوختۇرخانىنى ۋە ئۇيقۇسى كەلگەن سېسترانى تەرك ئەتتىم.

ئەتىگىنى ئەزان ئېيتىلىۋاتقاندا "يېڭى نۇر مېھمانخانىسى"غا بېرىپ، كېچىلىك كۆزەتچىدىن ئەڭ ياخشى ياتاق تەلەپ قىلدىم. ياتاقنىڭ تۇپا باسقان ئىشكاپىدىن تاپقان كونا بىر پارچە «ھۆرىيەت» گېزىتىگە قارىغاچ ئانانىزم قىلدىم، بازار بېتىنىڭ رەڭلىك سەھىپىسىدە ئىستانبۇل نىشانتاشتىكى بىر ئاشخانىنىڭ ئايال خوجايىنى مىلاندىن ئەكەلدۈرگەن بارلىق ئۆي جاھازىسىنىڭ، قىسىر قىلىنغان مۇشۇكلىرىدىن ئىككىسىنىڭ ۋە ئالا ـ چىپار

گەۋدىسىنىڭ بىر قىسمىنىڭ كۆرۈنۈشىنى ئېلان قىلدۇرغانىدى. ئۇخلىدىم.

مەن ئاتمىش سائەتكە يېقىن تۇرغان ۋە «يېڭى نۇر مېھمانخانىسى»دا ئوتتۇز ئۈچ سائەت ئۇخلىغان شىرىنيەر شەھىرى سۆيۈملۈك بىر جاي ئىدى: بىرىنچى، ساتىراشخانا. دۇكانلىرىدا سېپى ئاليۇمىن قەغەزدىن ياسالغان OPA ماركىلىق ساقال سوپۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ سۇس مېنتول پۇرىقى[1] بۇ شەھەردە تۇرغان مۇددەتتە مەڭزىمدە قالدى. ئىككىنچى، ياشلار قىرائەتخانىسى. قوللىرىدا قارتا قەغىزىنىڭ قاغا، تاپان ۋە پوپلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان خىيالچان قېرىلار مەيدانىدىكى ئاتاتۈرك ھەيكىلىگە، تراكتورلارغا، ئاقساپىراق مېڭىۋاتقان ماگا ۋە داۋاملىق ئېچىقلىق تېلېۋىزوردىكى ئاياللارغا، پۇتبولچىلارغا، جىنايەتلەرگە، سوپۇنلارغا ۋە سۆيۈشۈشلەرگە قارايتتى. ئۈچىنچى، Marlboro. مۇشۇنداق يېزىپ قويغان دۇكاندا تاماكىدىن باشقا، چامباشچىلىق ۋە يېرىم سېرىق فىلىملەرنىڭ لېنتىلىرى، دۆلەت لاتارىيىسى ۋە سپورتوتو[2]، شەھۋانىيەت ۋە رازۋېدكا روماىلىرى، چاشقان دورىسى ۋە تامدا جانانى ئەسلىتىدىغان گۈزەل بىر قىز كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بىر كالېندار بار ئىدى. تۆتىنچى، ئاشخانا. پۇرچىقى، كۆفتىسى ياخشى. بەشىنچى، پوچتىخانا. تېلېفون قىلدىم. ئانىلار چۈشەنمەيدۇ، يىغلايدۇ. ئالتىنچى، شىرىنيەر قىرائەتخانىسى. ئىككى كۈن يېنىمدا ئېلىپ يۈرگەن «ھۆرىيەت»گېزىتىدىكى بىزنىڭ ھېلىقى بەختلىك قاتناش ۋەقەسىنىڭ مەن يادلاپ بولغان قىسقا خەۋىرىنى — ئۆلگەنلەر ئون ئىككى!— بۇ يەردىكى ئۈستەلدە يەنە بىر قېتىم زوق-شوخ بىلەن

---

[1] مېنتول پۇرىقى — تۈركىيىدە نانە دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل خۇشبۇي ئۆسۈملۈك پۇرىقى، — ت.

[2] سپورتوتو — پۇتبول مۇسابىقىلىرى نەتىجىسىنى پەرەز قىلىش لاتارىيىسى، — ت.

ئوقۇۋاتقاندا ئوتتۇز ياشلاردا، ياق ئوتتۇزبەش ياشلاردا، ياق قىرىق ياشلاردا، ياللىۋېلىنغان قاتىل بىلەن پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى ئارىسىدا كۆرۈنىدىغان بىر ئادەم ئارقامدىن سايىدەك يېقىنلاشتى، يانچۇقىدىن چىقارغان سائەتنىڭ ماركىسىنى ماڭا Zenth دەپ ئوقۇدى ۋە دېدىكى:

"دىۋانە غەزەللىرىدە نېچۈن ئۆلۈمگە ئەمەس، ئىشقتا باھانىدۇر بادە[1]،

قازانىڭ شارابى بىلەن مەست بولۇپسىز دەر گېزىتتە؟"

جاۋابىمنى كۈتمەستىنلا ئارقىسىدا قويۇق OPA پۇرىقىنى قالدۇرۇپ قەھۋەخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ھەر قېتىم ئەڭ ئاخىرىدا ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدە تاقەتسىزلىك بىلەن ئايىغلاشقان ساياھىتىم جەريانىدا ھەر بىر سۆيۈملۈك شەھەرنىڭ بىر بەختلىك سارىڭى بولىدىكەن دەپ ئويلىغانىدىم. شاراب ۋە شېئىرنى ياخشى كۆرىدىغان دوستىمىز سۆيۈملۈك شەھەرنىڭ ھەر ئىككى مەيخانىسىدا يوق ئىدى، ئاتمىش سائەتتىن كېيىن مەن يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەست قىلغۇچى چاڭقاقلىقنى، ئەي جانان، سېنى ئاشىقلارچە سېغىنغاندەك، چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىغانىدىم. ئۈيقۇسىز شوپۇرلار، ھارغىن ئاپتوبۇسلار، ساقال-بۇرۇتى ئۆسۈپ كەتكەن شوپۇر ياردەمچىلىرى، مېنى ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان ئاشۇ ناتونۇش دىيارغا ئاپىرىڭلار! پېشانەم قانلار ئىچىدە، ئۆلۈمنىڭ بوسۇغىسىدا ئۆزۈمدىن كېچىپ باشقا بىرسى بولاي. شۇنداق قىلىپ، بەدىنىمدە ئىككى ياماق، يانچۇقۇمدا قازاغا ئۇچرىغۇچىدىن قالغان بىر توم ھەميان، بىر ئاخشىمى كونا بىر«MAGIRUS»[2]نىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا شېرىنيەر شەھىرىنى تەرك ئەتتىم.

---

[1] بادە— مەي، شاراپ.— ت.

[2] Magirus— ئاپتوبۇس ماركىسى، — ت.

كېچە! ئۇزۇن، ناھايىتى ئۇزۇن شاماللىق كېچە! دېرىزەمنىڭ قاراڭغۇ ئەينىكىدىن يېزىلار ئۆتتى، تېخىمۇ قاراڭغۇ ئېغىللار، ئۆلمەس دەرەخلەر، بىچارە ماي قاچىلاش ئورنى، قۇپقۇرۇق ئاشخانىلار، جىمجىت تاغلار، يۆگۈرۈك توشقانلار. يالت-يۇلت بىر كېچىدە بەزەن يىراقتىكى تىترەك بىر نۇرغا ئۇزاقتىن ئۇزاق قارايتتىم، نۇرنىڭ يورۇتقانلىقىنى خىيال قىلغان بىر ھاياتنى ھەر مىنۇت تەسەۋۋۇر قىلاتتىم، جانان بىلەن ئۆزۈمگە ئۇ بەختلىك ھاياتتا بىر ئورۇن تاپاتتىم ۋە ئاپتوبۇس ئۇ تىترەك نۇردىن يىراقلىششقا باشلىغاندا دىر-دىر تىترەۋاتقان ئورۇندۇقۇمدا ئەمەس، ئاشۇ ماكاندا بولۇشنى خالايتتىم. بەزىدە ماي قاچىلاش پونكىتلىرىدا، دەم ئېلىش ئورۇنلىرىدا، ماشىنىلار بىر-بىرىنى ھۆرمەت بىلەن ساقلاپ تۇرغان ئاچاللاردا، تار كۆۋرۈكلەردە يېنىمىزدىن ئاستا-ئاستا ئۆتۈۋاتقان ئاپتوبۇسنىڭ يولۇچىلىرىغا كۆزۈم چۈشەتتى، ئارىسىدا جانانىنى كۆرگىنىمنى خىيال قىلاتتىم ۋە بۇ خىيالىمغا ئىشەنچ بىلەن باغلىنىپ، ئۇ ئاپتوبۇسقا قانداق يېتىشىپ، ماشىنىغا قانداق چىقىپ جانانىنى قۇچاقلايدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. بەزىدە ئۆزۈمنى شۇنچە ھارغىن ۋە ئۈمىدسىز ھېس قىلاتتىمكى، غەزەپلىك ئاپتوبۇسىمىز بىر يېرىم كېچىدە تەنھا بىر ناھىيە بازىرىنىڭ تار كوچىلىرىدا قايتقاندا يېرىم ئوچۇق دېرىزىلەرنىڭ ئارىلىقىدىن كۆرگەن ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتقان ئادەمنىڭ مەن بولۇپ قېلىشىمنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما ئەسلىدە باشقا بىر يەردە، باشقا بىر چاغدا، ئۇ يەردە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغىنىمنى بىلەتتىم.

ئۇ يەردە، دەھشەتلىك ھادىسىدىن كېيىن ئۆلگەنلەر ۋە ئۆلۈكلەر ئارىسىدا، روھ تەندىن ئايرىلىش بىلەن ئايرىلماسلىق ئارىسىدا ئىككىلىنىپ قالغان بەختلىك، راھەت مىنۇتلاردا... يەتتە قات ئاسمانغا چىقىپ ساياھەت قىلىشقا ھازىرلىنىشتىن ئاۋۋال، قان

كۆلچەكلىرى ۋە ئەينەك پارچىلىرى بىلەن باشلانغان ۋە بارسا كەلمەس دىيارنىڭ بوسۇغىسىدىن قاراڭغۇ مەنزىرىگە كۆزلىرىمنى كۆندۈرۈشكە تىرىشىۋاتقاندا ھەۋەس بىلەن ئويلايمەن: ئەجەبا ئىچىگە كىرسەم بولارمۇ-بولماسمۇ ؟ يانسام بولارمۇ-بولماسمۇ؟ ئەجەبا باشقا دىيارنىڭ ئەتىگەنلىرى قانداقتۇ؟ سەپەرنى پۈتۈنلەي تاشلاپ تېگى يوق كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا غايىب بولۇش قانداقتۇ؟ ئۆزۈمدىن ئۆزگىرىپ باشقا بىرسى بولىدىغان ۋە بەلكىم جانان بىلەن قۇچاقلىشىدىغان ئۇ تەڭداشسىز ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن دىيارنى ئويلىغان ھامان تىترەيتتىم، تىكىلگەن پېشانەمدە، پاچاقلىرىمدا بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈتۈلمىگەن بەختنىڭ تاقەتسىزلىكىنى ھېس قىلاتتىم.

ئەي كېچە ئاپتوبۇسىغا چىققانلار، بەختسىز قېرىنداشلار، سىلەرنىڭمۇ يەرنىڭ تارتىش كۈچىدىن ئايرىلغان ۋاقىتنى ئىزدىگىنىڭلارنى، ئۇ يەردىمۇ، بۇ يەردىمۇ ئەمەس، بەلكى ئىككى دۇنيانىڭ ئارىسىدىكى كۆكۈللۈك باغچىدا باشقا بىرى بولۇپ سەيلە-تاماشا قىلىۋاتقىنىڭلارنى بىلىمەن. خورۇم چاپانلىق پۈتبول مەستانىسىنىڭ ئەتىگەنلىك مۇسابىقىنى ئەمەس، قانلار ئىچىدە قىزىل قەھرىمانغا ئايلىنىدىغان ھادىسە پەيتىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. يالتىراق خالتىسىدىن ئارىلاپ بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ يەپ تويمايۋاتقان ئەسەبىي ھاممىنىڭ سىڭلىسىغا ۋە يېزىنىسىگە ئەمەس، باشقا دۇنيانىڭ بوسۇغىسىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. ئوچۇق كۆزى يولدا، يېپىق كۆزى چۈشلەردە بولغان دۆلەت يەر-مۈلۈك كادىرىنىڭ ۋىلايەت بىنالىرىنى ئەمەس، پۈتۈن ۋىلايەتلەر ئارقىدا قالىدىغان ئۇ كېيىشمە نۇقتىنى ھېسابلاۋاتقانلىقىنى ۋە ئەك ئالدى ئورۇندۇقتا ئۇخلاۋاتقان سولغۇن يۈزلۈك ئوتتۇرا مەكتەپ مۇھەببەت مەستانىسىنىڭ سۆيگۈنىنى ئەمەس، ئالدى ئەينەكنى سەۋدالىق ۋە ھېرىسمەنلىك

بىلەن سۆيىدىغان دەھشەتلىك ئۈچرىشىشنى تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقىنىمنى بىلىمەن. بۇ ھاياجان بىلەن ھەممىمىز ئەسلىدە شوپۇر ماشىنىنى قاتتىق بىر تورمۇزلىغاندا، ئاپتوبۇسىمىز شامالدا شۇنداق بىر ئۈچقىنىدا كۆزلىرىمىزنى دەرھال ئېچىپ، يولنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا قاراپ ئۇ سېھىرلىك مىنۇتلارنىڭ كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى بىلىشكە تىرىشىمىز. ياق، تېخى كەلمەپتۇ!

سەكسەن توققۇز كېچەمنى ئاپتوبۇس ئورۇندۇقلىرىدا ئۆتكۈزدۈم ۋە بۇ بەختلىك سائەتنىڭ جىرىڭلىشىنى روھىمدا تۇيالمىدىم. بىر قېتىم قاتتىق بىر تورمۇزلاشتىن كېيىن توخۇ يۈكلەنگەن بىر ئاپتوموبىلغا سوقۇلدۇق، ئەمما ئۇيقۇچان يولۇچىلارنىڭ ئەمەس، ئالاقزادە توخۇنىڭمۇ تۇمشۇقى قانىمىدى. يەنە بىر كېچىدە ئاپتوبۇسىمىز مۇزدەك ئاسفالتنىڭ ئۈستىدىن ھاڭغا چىرايلىق قايغاندا شۇ ئان مۇزلۇق دېرىزەمدىن پەرۋەردىگار بىلەن روبىرو كېلىشنىڭ نۇرىنى بايقىدىم؛ مەۋجۇتلۇقنىڭ، مۇھەببەتنىڭ، ھاياتنىڭ ۋە ۋاقىتنىڭ ئورتاق بىر سىرىنى بايقاۋاتاتتىمكى، چاقچاقچى ئاپتوبۇس بوشلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئېسىلىپ قالدى.

تەلەي قارىغۇ ئەمەس، نادان دەپ ئويلىغانىدىم بىر يەردە. تەلەي ستاتىستىكا ۋە مۇمكىنلىكنى بىلمەيدىغانلارنىڭ تەسەللىيىسىدۇر دەپ ئويلىدىم. ئارقا ئىشكتىن يەرگە چۈشتۈم، ئارقا ئىشكتىن ھاياتقا قايتتىم، ئارقا ئىشكتىن بېكەتلەرگە، بېكەتلەرنىڭ تىنىمسىز ھاياتىغا ئۆتتۈم: گازىرچىلار، ئۈنئالغۇ لېنتىسى ساتقۇچىلار، قارتا قىمارۋازلىرى، يۈك-تاق كۆتۈرۈۋالغان تاغىلار، يالتىراق خالتا كۆتۈرۈۋالغان ھامىلار، مەرھابا. ئىشنى تەلەيگە باغلاپ قويماسلىق ئۈچۈن ئەڭ كىچىك ئاپتوبۇسلارنى ئىزدىدىم، ئەڭ ئەگرى-توقاي تاغ يوللىرىنى تاللىدىم، شوپۇر قەھۋەخانىلىرىدا ئەڭ ئۇيقۇچان شوپۇرلارنى تاپتىم. خىزىردىن تېز، ئۇچۇپ بارىدىغان، ھەقىقىي بارىدىغان، ئېكسپرېس(تېز

باربدىغان)... شوپۇر ياردەمچىلىرى لىق قۇتىدىن قولۇمغا كولونىيا تۆكتى، ئەمما ھېچبىرىدە مەن يوللاردا ئىزدەۋاتقان يۇزنىڭ پۇرىقىنى تاپالمىدىم. شوپۇر ياردەمچىلىرى كۇمۇش رەڭ پەتنۇسلاردا باللار يەيدىغان پېچىنىلەرنى ئەكىلىپ بەردى، ئەمما ئانامنىڭ چايلىرىنى ئەسلىمىدىم. قەھۋە خۇرۇچى يوق تۇرك شاكىلاتىنى يېدىم، ئەمما بالىلىق ۋاقتىمدىكىدەك پاچاقلىرىمنىڭ مۇسكۇلى تارتىشىپ قالمىدى. بەزىدە خىلمۇ خىل كەمپۇتلەر، مۇراببالار بىلەن تولغان سېۋەت ئەكەلدى، ئەمما رىفقى تاغا ئامراق "يېڭى ھايات" ماركىسىنى زامبو، مابېل ۋە گولدېنلار[1] ئارىسىدا پەقەت ئۇچراتمىدىم. ئۇخلىغاندا كىلومېتىرلارنى سانايتتىم، ئويغاق چاغدا چۇشىلەرنى كۆرەتتىم. ئورۇنىدۇقۇمغا تۇگۇلۇپ كىچىكلىدىم، كىچىكلەۋېرىپ پۇرلىشىپ كەتتىم، پاچاقلىرىمنى بىر يەرگە تىقتىم ۋە ياندىكى ھەمراھىم بىلەن چۇشۇمدە يېقىنچىلىق قىلدىم. ئويغانغاندا ئۇنىڭ تاقىر بېشىنى مۇرەمدە، چارىسىز قولىنى قۇچىقىمدا كۆردۇم.

چۇنكى، ھەر كېچىسى ئاۋۋال يېڭى بىر بەختسىزنىڭ ئېھتىياتچان ھەمراھى، كېيىن مۇڭداش دوستى بولاتتىم، تاڭغا يېقىن بولسا گىرەلىشىپ ھاياسىز سىردىشى بولاتتىم. تاماكا؟ سەپەر نەگە؟ نېمە ئىش قىلىسىز؟ ئاپتوبۇستا شەھەرمۇ شەھەر كېزىدىغان ياش سۇغۇرتىچى ئىدىم، مۇزدەك سوغۇق باشقا ئاپتوبۇستا تاغامنىڭ چۇشۇمگە كىرگەن قىزى بىلەن توي قىلغىلى باراتتىم. بىر قېتىم بىر كىشىگە ئۇچار تەخسە كۆزىتىۋاتقانلارغا ئوخشاش بىر پەرىشتىنى كۇتۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم، يەنە بىر سەپەردە بىرەيلەنگە "بۇزۇق سائەتلىرىڭىزنى رېمونت قىلىپ بېرىمەن" دېدىم. "مېنىڭكى Movado،ـــ دېدى يالغان چىش تاغا،ـــ زادى خاتا ماڭمايدۇ".

[1] زامبو، مابېل، گولدېنـــ كەمپۇت ماركىلىرى، ـــ ت.

خاتا ماڭمايدىغان سائەتنىڭ ئىگىسى ئاغزى ئوچۇق ئۇخلاۋاتقاندا ئۇ نەرسىنىڭ كەسكىن چىكىلدىشىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. ۋاقىت دېگەن نېمە؟ بىر ھادىسە! ھايات دېگەن نېمە؟ بىر ۋاقىت! ھادىسە نېمە؟ بىر ھايات، يېڭى بىر ھايات! شۇنداق قىلىپ، مەن بۇرۇن نېمىشقا بىر كىمنىڭ چۈشەندۈرمىگىنىگە ھەيران بولغان بۇ ئاددىي مەنتىقىگە بويسۇنۇپ، بېكەتلەرگە ئەمەس، ھادىسىلەرگە قاراپ مېڭىشنى قارار قىلدىم، ئەي پەرىشتە!

ئۇچى كوزۇپتىن سىرتقا چىقىپ قالغان قۇرۇلۇش پولات چىۋىقلىرى بېسىلغان ئاپتوموبىلغا ئارقىدىن بىخۇدلارچە، ئەدەبسىزلەرچە ئۆرۈلغان بىر ئاپتوبۇسنىڭ ئالدى ئۇرۇندۇقلىرىدا چىۋىق رەھىمسىزلەرچە كىرىپ كەتكەن يولۇچىلارنى كۆردۈم. تاغىل مۈشۈكنى بېسىۋەتمەي دەپ يوغان ئاپتوبۇسنى ھاڭغا چۈشۈرۈۋەتكەن شوپۇرنىڭ قىستىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن چىقارغىلى بولمايۋاتقان جەسىتىنى كۆردۈم. پارە-پارە بولۇپ كەتكەن باشلارنى كۆردۈم، بۆسۈلگەن تەنلەر، ئۈزۈلگەن قوللار، ماشىنا رولى ئىچكى ئەزالىرىغا پېتىپ كەتكەن شوپۇرلار، چېچىلغان كاللەك يېسىۋىلەكتەك مېڭە پارچىلىرى، قانلىق ۋە ھالقىلىق قۇلاقلار، سۇنۇق ۋە ساق كۆزەينەكلەر، ئەينەكلەر، گېزىتلەر ئۈستىگە كۆڭۈل قويۇپ يېيىلغان "رەڭلىك" ئۈچەيلەر، تارغاقلار، ئېزىلىپ كەتكەن مېۋىلەر، پارچە پۇللار، تۆكۈلگەن چىشلار، سوسكىلار، ئاياغلار، ھەممىسى شۇ پەيتكە ئارزۇ بىلەن ئاتالغان جانلار ۋە نەرسىلەر ئىدى.

كونيا[1]دىكى قاتناش ساقچىلىرىدىن ئالغان ئۇچۇرغا ئاساسەن سوغۇق بىر باھار كېچىسى تۇز كۆلى ئەتراپىدىكى بىر يەردە، چۆلنىڭ جىمجىتلىقىدا بىرى-بىرىگە بېشىچە تۇرۇشقان ئىككى

[1] كونيا — تۈركىيىدىكى بىر ۋىلايەت ئىسمى، ئۇنىڭ مەركىزى كونيا شەھىرى بولۇپ، تۈركىيىنىڭ يەتتىنچى چوڭ شەھىرى، — ت.

ئاپتوبۇسقا يېتىشتىم. خۇشال ۋە قىزغىن سوقۇشۇش پەيتىنىڭ گۈلدۈرلەپ پارتلىشىدىن ئىككى سائەت ئۆتكەنىدى، ئەمما ھاياتنى ياشاشقا ئەرزىيدىغان، مەنىلىك قىلىدىغان ئۇ سېھىر تېخىچە نامەلۇم ئىدى. ساقچى ۋە قوراللىق قىسىم ماشىنىلىرى ئارىسىدىن، كەينىگە يانغان ئاپتوبۇسلاردىن بىرىنىڭ قارا چاقلىرىغا قارىغىنىمدا يېڭى ھاياتنىڭ ۋە ئۆلۈمنىڭ خۇش پۇرىقىنى ھىدلىدىم، پۇتلىرىم تىترىدى، پېشانەمدىكى ياماق ئىزلىرى شەلۋەردى، دېيىشىپ قويغان بىر يەرگە ئۆلگۈرمىسەم بولمايدىغاندەك، گاڭگىراپ قالغانلار ئارىسىدىن غۇۋا قاراڭغۇلۇق تۇمانى ئىچىگە قاراپ مەقسەتلىك ئىلگىرىلىدىم.

ئىشىكىنىڭ تۇتقۇچى ئېگىزلەپ قالغان ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىگە چىقتىم، ئۆگىتىۋرۈلگەن ئورۇندۇقلار ئارىسىدىن، يەرنىڭ تارتىش كۈچىگە بەرداشلىق بېرەلمەي تورۇسقا تۆكۈلگەن كۆزەينەكلەر، ئەينەكلەر، زەنجىرلەر، مېۋىلەرگە دەسسەپ خۇشال مېڭىۋاتقاندا گويا بىر نەرسىنى ئەسلىدىم. مەن بىر چاغلاردا باشقا بىرسى ئىدىم، ئۇ باشقا بىرسىمۇ مەن بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. مەن بىر چاغلاردا ۋاقىت بىر ئوبدان زېچلىشىپ كىرىشىپ كېتىدىغان ۋە رەڭلەر كاللامدا شارقىراتمىلاردەك ئاقىدىغان بىر ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلغانىدىم، تەسەۋۋۇر قىلغان ئەمەسمىدىم! ئۈستەلگە تاشلاپ قويغان كىتاب ئېسىمگە كەلدى، ئاغزى ئوچۇق ئۆلۈكلەر ئاسماننى تاماشا قىلغاندەك، كىتابنىڭمۇ ياتقىنىنىڭ تورۇسقا قاراپ قالغىنىنى خىيال قىلدىم. ئانامنىڭ كىتابىمنى ئۇ يەردە، مېنىڭ يېرىم يولدا قالغان كونا ھاياتىمنىڭ نەرسىلىرى ئارىسىدا، ئۈستىلىمدە تۇتقىنىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. "ئانا قارا، مەن سۇنۇق ئەينەكلەر، قان تامچىلىرى ۋە ئۆلگەنلەر ئارىسىدا باشقا بىر ھايات كۆرۈنىدىغان بوسۇغىنى ئىزدەۋاتىمەن"دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا بىر ھەميان كۆردۈم. بىر جەسەت، ئۆلۈشتىن ئاۋۋال ئولتۇرغان ئورۇندۇقىغا ۋە

سۇنۇق دىرىـزىگە قـاراپ تىرماشـقان، ئەمما دىرىزىنىـڭ تەكچىـۇڭ نۇقتىـسىدا ئىـسلىپ قىلىـپ، ئارقـا يانچۇقىـدىكى ھەميـاننى بـۇ تەرەپتىكىلەرگە قالدۇرغانىدى.

ھەميـاننى ئىلىـپ يانچۇقۇمغـا سـالدىم، ئەممـا بايـا ئەسـلەپمۇ ئىسىمگە ئالالمىغان ئىشىم بۇ ئەمەس ئىـدى. كاللامدىكىـسى ئەمـدى قارىغـان يېرىمـدىن، يېنىـك تەۋرىنىۋاتقـان كىچىـك، چىرايلىـق پەردىـلەر ۋە پـارچە-پـارچە بولـۇپ كەتـكەن دىرىـزىلەر ئارىـسىدا كـۆرگەن باشقا بىـر ئـاپتوبۇس ئىـدى. ئـۇ ئاپتوبۇسنىڭ سىـرتىغا Marlboroنىڭ قىپقىزىل ئوخشايدىغان قىزىـل تەگلىـك ئۈستىگە ئەجەللىك كۆك رەڭدە VARANVARAN(سەپىرىگىز تېز ھەم بىخەتەر) دەپ يېزىلغانىدى.

ئەينىكـى كۆكـۈم-تالقـان بولغـان بىـر دىرىزىـدىن سـەكرەپ، قورالىق قىسىملارنىڭ ۋە تېخىچە ئىلىپ مېڭىلمىغان جەسـەتلەرنىڭ ئارىـسىدىن قـانلىق ئەيـنەك سـۇنۇقلىرىنىڭ ئۈسـتىگە دەسـسەپ يۈگۈردۈم. ئـۇ ئـاپتوبۇس ئىـدى، خاتالاشـمىغانىدىم، ئـۇ ئـاپتوبۇس ئالتە ھەپتىنىڭ ئالدىدا بىر ئويۇنچۇق شەھەردىن قاراڭغۇ بىر بازارغا مېنى سالامەت تاشـلىغانVARANVARAN ئىـدى. بـۇ كونـا دوسـتىنىڭ ئىچىگە پارچىلانغان ئىشىكىدىن كىرىپ ئالتە ھەپتىنىڭ ئالدىدا مەن ئولتۇرغان ئورۇندۇقتا ئولتـۇردۇم ۋە بـۇ دۇنياغـا ئۈمىـدۋارلىق بىـلەن ئىشەنگەن سەۋرچان بىـر يولۇچىـدەك كۈتۈشكە باشـلىدىم. نېمىنـى كۈتۈۋاتاتتىم؟ بەلكىم بىر شامال، بىر ۋاقىت، يـاكى بىـر يولـۇچىنى. غـۇۋا قـاراڭغۇلۇق يىراقلىـشىۋاتاتتى، ئورۇنـدۇقلاردا مەنـدەك ئۆلـۈك ياكى تىرىك بىر-ئىككى جاننىـڭ تېخى بـارلىقىنى سەزدىم؛ ئـۇلار قاباھەتلىك چۈشلىرىدىكى گۈزەللەر ۋە جەننەت چۈشلىرىدىكى ئۆلۈم بىلەن خىرقىرىشىپ جـان تالىـشىۋاتقان بولـسا كېـرەك، نـامەلۇم بىـر روھ بىـلەن پاراڭلىـشىۋاتقاندەك ئـاۋاز چىقىرىۋاتقـانلىقىنى ئاڭلىـدىم. ئاندىن مېنىڭ دىققەتلىك روھىم تېخىمۇ چوڭقۇر بىر نەرسىنى ھېس

قىلدى: رادىئوسىدىن باشقا ھەممە نېمىسى تۈگەشكەن كابىنكىغا قارىدىم ۋە ۋارقىراشلار، خىرقىراشلار، سىرتتىكى يىغا-زار ۋە پەريادلار بىلەن بىللە يېقىملىق، چىرايلىق شامال ئىچىدە چىقىۋاتقان بىر مۇزىكىنى ئاڭلىدىم.

بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، يورۇقلۇقنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى كۆردۈم. چاڭ-توزان بولۇتى ئىچىدە خۇشال خىيالەتلەر، ئۆلگەنلەر ۋە ئۆلۈۋاتقانلارنى كۆردۈم: بارالىغان يېرىڭگىچە باردىڭ يولۇچى، ئەمما ئويلىدىمكى، يەنە داۋاملىق بارالايسەن، چۈنكى سەن دەل ئۇ پەيتنىڭ بوسۇغىسىدىمۇ يا بولمىسا يېتىپ بارغان ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىكى بىر باغچىدىمۇ، ئاندىن باشقا بىر ئىشىك ۋە ئۇنىڭمۇ ئارقىسىدا ئۆلۈم بىلەن ھايات، مەنە بىلەن ھەرىكەت، ۋاقىت بىلەن تاسادىپىيلىق، نۇر بىلەن بەخت بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن باشقا بىر باغچە يەنە بارمۇ بىلەلمەيۋاتىسەن، بىر كۈتۈشنىڭ ئىچىدە كۆڭۈللۈك ئىرغاڭلاۋاتىسەن. بىردىنلا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى يەنە ھېلىقى تاقەتسىز ئارزۇ تېخىمۇ كۈچلۈك ئىگىلىۋالدى. بۇ ھەم بۇ يەردە، ھەم ئۇ يەردە بولۇش ئارزۇسى ئىدى. بىر قانچە ئېغىز سۆز ئاڭلىغاندەك بولدۇم، مۇزلاپ كەتتىم ۋە شۇ چاغدا سەن ئىشكتىن كىردىڭ گۈزىلىم، جانانىم، ئۇچاڭدا سېنى تاشقىشلانىڭ كارىدورىدا كۆرگىنىمدە كىيىۋالغان ئاق كىيىم، يۈزۈڭ قان ئىچىدە. ماڭا ئاستا-ئاستا يېقىنلاشتىڭ.

"بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن" دەپ سورىمىدىم. جانان، سەنمۇ مەندىن "سېنىڭ نېمە ئىشىڭ بار" دەپ سورىمىدىڭ. چۈنكى ئىككىلىمىز كۆڭلىمىزدە بىلىشەتتۇق. قولۇڭدىن تۇتۇپ سېنى يېنىمدىكى 38-نومۇرلۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزدۇم ۋە شېرىنيەر شەھىرىدىن ئالغان چاقماق قولياغلىق بىلەن پېشانەڭدىكى، يۈزۈڭدىكى قانلارنى مېھرىبانلىق بىلەن سۈرتتۈم. ئاندىن گۈزىلىم،

قولۇقىنى تۇتتۇم، خېلى ئۇزاق مۇشۇنداق جىمجىت ئولتۇردۇق. تاڭ ئاقىرىۋاتاتتى، قۇتقۇزۇش ماشىنىسى كەلگەنىدى، ئۆلۈك شوپۇرنىڭ رادىئوسىدا بىزنىڭ ناخشىمىز ياڭراۋاتاتتى.

## 5

"ئىجتىمائىي سۇغۇرتا دوختۇرخانىسى"دا جانانىنىڭ پېشانىسى تۆت يېپىلىق تىكىلگەندىن كېيىن، شەھەرنىڭ پاكار تاملىرى، قاراڭغۇ بىنالىرى، دەرەخسىز كوچىلىرىنى بويلاپ ماڭغاندا پۇتلىرىمىزنىڭ مىخانىك ھەرىكەتلىرى بىلەن بىر چۇشۇپ بىر كۆتۈرۈلۈشىنى سەزگەندىن كېيىن مەۋلانىنىڭ تاشلاندۇق شەھىرىنى تۇنجى ئاپتوبۇستىلا تەرك ئەتتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۇنجى ئۈچ شەھەرنى ئەسلىيەلەيمەن: مورا-تۇرخۇنلار شەھىرى، پۇرچاق شورپىسىغا ئامراق شەھەر ۋە تېتىقسىزلار شەھىرى. ئاندىن كېيىن ئاپتوبۇسلاردا يېتىپ-قوپۇپ، شەھەردىن شەھەرگە توزانىدەك ئۇچقاندا ھەممە نەرسە بىر خىل غۇۋالىشىپ كەتتى. سۇۋاقلىرى تۆكۈلگەن تاملارنى كۆردۈم، قېرىلىق بوسۇغىسىغا بېرىپ قالغان ناخشىچىلارنىڭ ياشلىق ئېلانلىرىنى، باھار كەلكۈنى ئېلىپ كەتكەن بىر كۆۋرۈكنى ۋە باشمالتىقىم چوڭلۇقىدىكى «قۇرئان كەرىم»لەرنى سېتىۋاتقان ئافغان كۆچمەنلىرىنى كۆردۈم. جانانىنىڭ قوڭغۇر چاچلىرى مۆرەمگە چۈشكەندە باشقا نەرسىلەرنىمۇ كۆرگەن بولسام كېرەك: بېكەت قالايمىقانچىلىقى، سۆسۈن تاغلار، پلەكسىگلاس[1] ئېلان تاختىلىرى، ناھىيە بازىرىنىڭ چىقىش ئېغىزلىرىدا بىزنى قوغلىغان ئويناق، يامان ئىتلار، ئاپتوبۇسنىڭ بىر ئىشىكىدىن

---

[1] پلەكسىگلاس — سىرچىلىق، بوياقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل رەڭلىك ماددا. — ت.

كىرىپ يەنە بىر ئىشكىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئۈمىدسىز سىيتىقچىلار. كىچىك ئارامگاھلاردا جانان «تەتقىقاتلىرىم» دېگەن نەرسىسى ئۈچۈن يىگى بىر يىپ ئۇچى تېپىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولسىمۇ، تىزلىرىمىزنىڭ ئۈستىدىكى داستىخانلارنى بۇ يەردىكى سىيتىقچىلاردىن ئالغان يوغان توخۇملار، پوگاچا[1] لار، ئاقلانغان تەرخەمەكلەر ۋە ئۆمرۈمدە تۇنجى كۆرگەن يەرلىك، غەلىتە گازلىق سۇ قۇتىلىرى بىلەن تولدۇراتتى. ئاندىن تاڭ ئاتاتتى، كەچ بولاتتى، ئاندىن بۇلۇتلۇق بىر سەھەر ۋاقتى كېلەتتى-دە، ئاپتوبۇس خوتى ئالماشتۇرۇلاتتى، قاراڭغۇلۇقتىنمۇ قارا زۇلمەت كېچە بېسىپ كېلەتتى، شوپۇرنىڭ باش تەرىپىدىكى ۋىدىيودىن پىلاستىك ئاپېلسىنلار ۋە ئەرزان لەۋسۇرۇخ رەڭگىدە قىزغۇچ ۋە قىزىل نۇرلار يۈزلەرگە ئۇرۇلغاندا جانان ماڭا چۈشەندۈرەتتى.

جانان بىلەن مەھەممەتنىڭ "مۇناسىۋىتى" — ئۇ تۇنجى قېتىم مۇشۇ سۆزنى قوللاندى — بىر يېرىم يىل ئاۋۋال باشلانغانىدى. ئىلگىرى تاشقىشلادىكى بىناكارلىق ۋە ئىنژېنېرلىق كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلار توپى ئىچىدە مەھەممەتنى كۆرگەنلىكىنى بەلكىم غۇۋا ئەسلەۋاتقاندۇ، ئەمما گېرمانىيىدىن كەلگەن تۇغقانلىرىنى كۆرگىلى بارغان ۋە تاكسىمغا يېقىن بىر مېهمانخانىنىڭ مۇلازىمەتچىلىرى ئىچىدە ئۇنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا ھەقىقىي دىققەت قىلغانىدى. بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئۇ ئاتا-ئانىسى بىللە مېهمانخانا زالىغا كىرىشكە مەجبۇر بولۇپ قاپتۇ، مۇلازىمەت پوكىيىدىكى ئېگىز بويلۇق، سولغۇن چىراي، نازۇك گەۋدىلىك بىرسى شۇ چاغدا ئۇنىڭ يادىدا قالغانىدى. بەلكىم ئۇنى ئىلگىرى نەدە كۆرگىنىمنى پەقەت ئەسلىيەلمىگەنلىكىم ئۈچۈندۇر دەپ ماڭا يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى

[1] پوگاچا — ئىچىگە پىشلاق، قىيما ۋە باشقا نەرسىلەرنى سېلىپ تەييارلىنىدىغان، گىردە شەكىللىك بىر خىل يېمەكلىك. — ت.

جانان، ئەمما بۇنىڭ بۇنداق ئەمەسلىكىنى مەن چۈشىنەتتىم.

كۆزدە دەرسلەر باشلىنىشى بىلەن جانان ئۇنى تاشقىشلا كارىدورلىرىدا يەنە كۆرۈپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر-بىرىگە "ئاشىق" بولۇشۇپتۇ. ئىستانبۇل كوچىلىرىدا بىللە ئۇزۇندىن ئۇزۇن ماڭىدىكەن، كىنولارغا كىرىدىكەن، ئوقۇغۇچىلار تاماقخانىسىدا، قەھۋەخانىلاردا ئولتۇرىدىكەن. "دەسلەپتە بەك جىق پاراڭلاشمايتتۇق" دېدى جانان ئەستايىدىل بىر چۈشەنچە بېرىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا. بۇ مەھەممەتنىڭ تارتىنچاقلىقىدىن ياكى پاراڭ سېلىشنى ياقتۇرمىغانلىقىدىن ئەمەسكەن. چۈنكى جانان ئۇنى تېخىمۇ چۈشەنگەنسېرى، ئۇنىڭ بىلەن هاياتتىن تېخىمۇ كۆپ ئورتاق بەھرىمەن بولغانسېرى ئۇنىڭ شۇنچىلىك چىقىشقاق، ئىرادىلىك، سەزمەن، ھەتتا جۈرئەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈپتۇ. "پەرىشانلىقتىن جىمىپ قالاتتى" دېدى جانان بىر كېچىسى ماڭا ئەمەس، تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى بىر ماشىنا قوغلىشىش كۆرۈنۈشىگە قاراپ. "دەرد-ئەلەمدىن"دەپ قوشۇمچە قىلدى كەينىدىن، ھەتتا بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ. ئېكراندا توختىماي قوغلاۋاتقان، كۆۋرۈكلەردىن دەريالارغا ئۇچقان، بىر-بىرىنىڭ ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتكەن ساقچى ماشىنىلىرى ئەمدى سوقۇشۇپ، بىر-بىرىگە كىرىشىپ بىر كاللەك بولۇپ قالغانىدى.

بۇ پەرىشانلىقنى، بۇ دەرد-ئەلەمنى ھەل قىلىش، ئۇنىڭ كەينىدىكى ھاياتقا كىرىش، مەھەممەتنى ئېچىلدۇرۇش ئۈچۈن جانان كۆپ ھەپىلىشىپتۇ ۋە تەدرىجىي مۇۋەپپەقىيەتمۇ قازىنىپتۇ. دەسلەپتە مەھەممەت باشقا بىر ھايات ھەققىدە، بىر چاغلاردا باشقا ئادەم ئىكەنلىكى ۋە چەت بىر جايدىكى قەسىر ھەققىدە گەپ قىلىدىكەن؛ كېيىن جاسارەتلەنگەن ھامان ئۇ ئۆتمۈشىنى تاشلاپ، يېڭى بىر ھاياتنى باشلىماقچى ئىكەنلىكىنى، ئۆتمۈشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ. بىرچاغلاردا ئۇ باشقا

بىر ئىنسان ئىكەن، كىيىن ئارزۇسىچە باشقا بىرسى بوپتۇ. جانان بۇ يېڭى ئادەمنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن سەپەر قىلىپ ئۆتمۈشىنى كوچىلىماسلىقى لازىمكەن. چۈنكى مەھەممەت بىرىپ كەلگەن، كۆرۈپ ئۇچراشقان دەھشەت ئەسلىدە كونا ھاياتنىڭ ئىچىدە ئەمەس، بىر چاغدا ئارزۇلاپ قوغلاشقان يېڭى ھاياتنىڭ ئىچىدىكەن. ۋەيرانە بىر يېزا بازىرىدىكى چاشقان ئۇۋىلىغان باققال دۇكىنىدىن، كونا سائەتچىلەردىن ۋە پۇتبول لاتارىيىسى دۇكاندارىنىڭ توپا-چاڭ باسقان تەكچىسىدىن تاپقان ئاشۇ ئون يىللىق بىر "ۋەتەن" ماركىلىق كونسېرۋا قۇتىسى، سائەت چىشلىرى ۋە باللار ژۇرنىلى قاراڭغۇ بىر بېكەتتىكى ئۈستىلىمىزدە تۇرغاندا، بىز ئەمدى قايسى ئاپتوبۇسقا چىقىدىغانلىقىمىزنى دوستانە، ھەتتا قىزغىن تالاش-تارتىش قىلىۋاتقاندا، "بۇ ھايات بىلەن، — دېدى جانان ماڭا، — بۇ ھايات بىلەن مەھەممەت كىتابتا ئۇچراشقانىكەن."

بىز ۋەيران بولغان ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە ئۇچرىشىپ دەل ئون توققۇز كۈندىن كېيىن كىتاب ھەققىدە تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق پاراڭلاشتۇق. جانان ماڭا مەھەممەتتىن كىتاب ھەققىدە گەپ ئېلىشنىڭ ئۇنىڭ ئۆتمۈشتە قالدۇرغان ھاياتى، پەرىشانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە گەپ ئېلىشقا ئوخشاشلا تەس ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئىستانبۇل كوچىلىرىدا ئىككىسى كۆڭۈلسىز مېڭىشقانلىرىدا، بوغۇز قەھۋەخانىسىدا چاي ئىچكەنلىرىدە، بىرلىكتە دەرس ئۆگەنگەنلىرىدە بەزىدە ئۇنىڭدىن ئۇ كىتابنى، ئۇ سېھىرلىك نەرسىنى جاھىللىق بىلەن سورىغان ۋاقىتلىرى بوپتۇ، ئەمما مەھەممەت ئۇنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلىپتۇ. ئۇ يەردە مەھەممەت كىتاب يورۇتقان دىيارنىڭ غۇۋا قاراڭغۇلۇقىدا ئۆلۈم، مۇھەببەت ۋە دەھشەت ئىچىدە، بىلىدە تاپانچىسى بار، چىرايى خۇنۇك، كۆڭلى سۇنۇق ئۈمىدسىز ئادەملەر قىياپىتىدە ئەرۋاھلاردەك بىچارىلەرچە

ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ، جانانىدەك بىر قىزنىڭ.ئۇ سۇنۇق كۆڭۈللەر، غايىبلار ۋە قاتىللار دىيارىنى ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ دۇرۇس ئەمەسمىش.

ئەمما جانان جاھىللىق بىلەن بۇنىڭ ئۆز كۆڭلىنى ناھايىتى يېرىم قىلغانلىقىنى ۋە مەھەممەتتىن يىراقلاشتۇرغىنىنى ئۇنىڭغا ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇنى بىر ئاز بولسىمۇ ئالدىيالاپتۇ. "بەلكى ئۇ چاغلاردا ئۇ مېنىڭ شۇ كىتابنى ئوقۇشۇمنى ۋە ئۆزىنى ئۇنىڭ سېھرىدىن ۋە زەھىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشۇمنى ئارزۇ قىلغاندۇ، — دېدى جانان، — چۈنكى ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. بەلكىم، —دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ ئاپتوبۇسىمىز بىر تۈمۈر يول ئاچىلىدا ھېچ كەلمەيۋاتقان بىر پويىزنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈۋاتقاندا، — كاللىسىنىڭ بىر يېرىدە مىدىرلاۋاتقان ئۇ ھاياتقا بىرلىكتە بارالايدىغانلىقىمىزنى ئۆزىمۇ بىلمەستىن تېپىچە ئويلاۋاتقاندۇ. " يېرىم كېچىدىن خېلى ئۆتكەندە بىزنىڭ مەھەللىدىن گۈدۈك چېلىپ ئۆتىدىغان قارا يۈك پويىزلىرىنىڭ پاراۋوزلىرىدەك كانايلىق بىر پويىزنىڭ بۇغداي ، ماشىنا ۋە پارچە ئەينەك يۈكلەنگەن ۋاگونلىرى باشقا بىر دىياردىن كەلگەن گۇناھكار، مۇلايىم خىيالەتلەردەك ئاپتوبۇس دېرىزىمىزنىڭ ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتتى.

كىتابنىڭ بىزگە قالدۇرغان تەسىراتى ھەققىدە جانان بىلەن بەك ئاز پاراڭلاشتۇق. بۇ تەسىرات شۇنچىلىك كۈچلۈك، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان، ساغلام بىر نەرسە ئىدىكى، ئۇ ھەقتە گەپ قىلىش كىتابقا نىسبەتەن بىر خىل قۇرۇق ئەزۋەيلەشكە، بىھۇدە گەپ سېتىشقا ئايلىنىپ كېتەتتى؛ ئۇ كىتابنىڭ ئىككىمىزنىڭ ھاياتىدا، ئاپتوبۇس سەپىرىمىز جەريانىدا قۇياش ياكى سۇدەك زۆرۈرلۈكى گەپ كەتمەيدىغان ئاساسلىق نەرسە ئىدى؛ كىتاب ئۇ يەردە، ئارىمىزدا ئىدى. ئۇنىڭ يۈزىمىزگە ئۇرۇلغان نۇرىدىن

سەپەرگە چىققانىدۇق ۋە يولدا سەزگۈلىرىمىز بىلەن ئىلگىرىلەشكە تىرىشاتتۇق، نەگە بارغىنىمىزنىمۇ پۈتۈنلەي بىلىشنى خالىمايتتۇق.
ئەمما يەنە قايسى ئاپتوبۇسقا چىقىشىمىز كېرەكلىكى ھەققىدە بەزىدە خېلى ئۇزۇن تالاش-تارتىش قىلاتتۇق. بىر قېتىم، ناھىيە بازىرىغا قارىغاندا خېلىلا كەڭ جاي ئىگىلىگەن ماشىنا ئىسكىلاتىدەك بىر كۆتۈش زالىدا كانايدىن چىققان ئاۋاز جانانىدا كۆچلۈك بىر تىلەك، ئۇ يەردە — قوزغىلىش ۋاقتى بىلدۈرۈلگەن ئاپتوبۇس بارىدىغان يەردە بولۇش ئارزۇسى ئويغاتتى ھەمدە ئىككىمىز مېنىڭ ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي بۇ ئارزۇغا ئەگەشتۇق. باشقا بىر سەپەردە كۆزى ياش ئانىسى، بەگگى دادىسى بىلەن بىرلىكتە كىچىك پىلاستىك چامادانىنى كۆتۈرۈپ ئاپتوبۇسلارغا قاراپ كېتىۋاتقان بىر يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن، پەقەت بوي-بەستى ۋە سەل دۈمچەك تۇرۇشى مەھەممەتكە ئوخشايدىكەن دەپ، بىردىنبىر رىقابەتچىسىنىڭ تۈرك ئاۋئاتسىيە شىركىتى ئىكەنلىكىنى ئىچىگە يېزىپ قويغان بىر ئاپتوبۇسقا چىقتۇق، ئۈچ ناھىيە بازىرى ۋە ئىككى لاي ئۆستەڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن يىگىتىمىزنىڭ يېرىم يولدا چۈشۈپ قېلىپ، تىكەنلىك سىملار ۋە قاراۋۇل پوتەيلىرى بىلەن ئورالغان، تاملىرى " مەن تۈرك دېگەنلەر نېمىدېگەن بەختلىك" دەپ شوئار تووۋلاۋاتقان بىر گازارمىغا يول ئالغانلىقىنى كۆردۇق. بىز ھەر خىل ئاپتوبۇسلارغا ئولتۇرۇپ، بوز قىرلارنى ئىچكىرىلەپ كەزدۇق. بۇ-بەزىدە جانانىنىڭ ئاپتوبۇسلارنىڭ سىرتىدىكى قارامتۇل يېشىل بىلەن سارغۇچ قىزىل رەڭلەرنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن، ياكى بولمىسا، قارىمامسىز! ئاپتوبۇسلارنىڭ ئىككى يېنىدىكى YILDIRIMSÜRAT (چاقماق سۈرئەتلىك) دېگەن بەلگىلىرىدىكى R ھەرپلىرىنىڭ قۇيرۇقلىرىنىڭ ئاپتوبۇسلارنىڭ تېزلىشى، سۈرئەتلىرىنىڭ ئىتتىكلىشى ئارقىسىدا ئىنچىكىلەپ، تېخىمۇ ئېگىلىپ كېتىشىدىن يالت قىلىپ چېقىلغان چاقماققا

ئوخشاپ قېلىشىدىن ئىدى. بىز بارغان چاڭ-توزانلىق يېزا مەركەزلىرىدە، ئۇيقۇغا چۆككەن ناھىيە بازارلىرىدا، مەينەت بېكەتلەردە جانانىڭ تەتقىقاتلىرى ھېچقانداق نەتىجە بەرمىگەنسېرى مەن نېمىگە، نەگە، نېمىشقا بارغىنىمىزنى سورايتتىم، قازاغا يولۇققانلارنىڭ يانچۇقلىرىدىن ئېلىۋالغان ھەميانلاردىكى پۇللارنىڭ ئازلاۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ قوياتتىم ۋە بۇنى تەتقىقاتلىرىمىزنىڭ مەنتىقىسىز مەنتىقىنى چۈشىنىشكە تىرىشىۋاتقاندەك ھالەتتە قىلاتتىم.

تاشقىشلادىكى سىتىپىنىڭ پەنجىرىسىدىن مەھەممەتكە ئوق تەگكەنلىكىنى كۆرگىنىمنى ئېيتىشىم جانانىنى ھەيران قالدۇرمىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھايات كاللىسى ئاددىي بەزى ئەخمەقلەر "تاساددىپىيلىق" دەيدىغان بىر يۈرۈش ئىنىق، ھەتتا مەقسەتلىك ئۇدۇل كېلىشلەر بىلەن تولغانىدى. مەھەممەتكە ئوق تېگىپ خېلى ۋاقىت ئۆتكەندە جانان ئۇدۇل پىيادىلەر يولىدىكى بىر كۆفتە ساتقۇچىنىڭ ھەرىكىتىدىن بىر ئالاھىدە ۋەقە بولغانلىقىنى تۇيۇپتۇ، ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلغىنىنى يادىغا ئاپتۇ ۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سېزىپ، ياردار مەھەممەتنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپتۇ. باشقىلارچە بولغاندا، ئوق تەگكەن يەردە مەھەممەتنىڭ دەرھال بىر تاكسى توسۇپ، "قاسىم پاشا دېڭىز ئارمىيىسى دوختۇرخانىسى"غا بېرىشمۇ بىر تاساددىپىيلىق ھېسابلىناتتى، ھالبۇكى، شوپۇر قىسقا ۋاقىت ئىلگىرى ئۇ يەردە ئەسكەرلىك مەجبۇرىيىتى ئۆتىگەنىكەن. مۈرىسىدىكى يارا ئېغىر بولمىغاچقا مەھەممەت ئۈچ-تۆت كۈن ئىچىدە دوختۇرخانىدىن چىقىدىكەنتۇق، ئەمما ئىككىنچى كۈنى ئەتىگىنى جانان دوختۇرخانىغا بارغاندا ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، يوقاپ كەتكىنىنى چۈشىنىپتۇ.

— مېھمانخانىغا باردىم، بىر كۈنى تاشقىشلاغا بىر باردىم، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان قەھۋەخانىلارنى ئايلاندىم ۋە بىھۇدە ئىكەنلىكىنى

بىلىپ تۇرۇپ ئۆيدە ئۇنىڭ تېلېفونىنى بىر مەزگىل كۈتتۈم، — دېدى جانان مېنى ھەيران قالدۇرغان سوغۇققانلىق ۋە ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن، — ئەمما ئۇنىڭ خىلىدىن بېرى ئۇ يەرگە، ئۇ دىيارغا، كىتابتا ئېيتىلغان يەرگە قايتىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەنىدىم.

ئۇ دىيارغا چىققان سەپەردە مەن جانانىنىڭ "سەپەرداش دوستى" ئىدىم. ئۇ دىيارنى يېڭىدىن بايقاشقا ماڭغاندا بىر - بىرىمىزگە "يولەنچۈك" بولاتتۇق. ئۇ يېڭى ھاياتنى ئىزدەۋاتقاندا ئىككى كىشىنىڭ تېخىمۇ "ئىقتىدارلىق" بولىدىغانلىقىنى ئويلاش خاتا ئەمەس ئىدى. بىز جان يولداش، سەپەردىكى دوستلار ئىدۇق؛ بىز بىر - بىرىمىزگە شەرتسىز ياردەمچى ئىدۇق؛ بىز كۆزەينەك بىلەن ئوت ياقىدىغان مارى بىلەن ئەلىدەك ئىقتىدارلىق ئىدۇق، بىز كېچە ئاپتوبۇسلىرىدا ھەپتىلەپ بىر - بىرىمىزگە يۆلىنىپ دېڭىزدەك يانمۇ يان ئولتۇردۇق.

بەزى كېچىلەردە ئاپتوبۇسىمىزنىڭ ۋىدىيوسىدىكى ئىككىنچى فىلىممۇ قورال ئاۋازلىرىنىڭ، تاقالغان ئىشىكلەرنىڭ ۋە پارتلىغان تەك ئۇچار ئايروپىلانلارنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبۈرلىشى بىلەن تۈگىگەندىن كېيىن ۋە ئۆلۈم نەپەسىنى ئېلىۋاتقان بىز ھارغىن، پەرىشان يولۇچىلار چۈشلەر ئالىمىگە قاراپ چاقلار بىلەن بىرلىكتە دوملاپ، سىلكىنىپ، راھەتسىز بىر سەپەرگە چىقىپ خېلى ۋاقىتتىن كېيىن، ئاۋۋال بىرەر ئازگال ۋە تورمۇزلاش مېنى ئويغىتىۋېتەتتى، ئاندىن مەن يېنىمدا، دېرىزە قېشىدا پۈشۈلداپ ئۇخلاۋاتقان جانانغا ئۆزۈندىن ئۇزۇن قارايتتىم: بېشى كىچىك دېرىزە پەردىلىرىنى پۈكلەپ ياسىۋالغان ياستۇققا يۆلەنگەن، قوڭۇر چاچلىرى بۇ ياستۇقتا چىرايلىق ھالقا شەكلىنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن سوزۇلۇپ مۈرىلىرىگە چۈشكەنىدى. گۈزەللىمىنىڭ ئۇزۇن قوللىرى بەزىدە بىر - بىرىگە پاراللېل سۇنۇلغان ئىككى شاختەك مېنىڭ

تاقەتسىز تىزلىرىمغا قويۇلاتتى، بەزىدە بىر قولىنى پەردە ياستۇققا ياردەمچى قىلىپ، ئىككىنچى "ياستۇق" قىلىۋالاتتى-دە، يەنە بىرقولى بىلەن "ياستۇق" قىلىۋالغان قولىنى جەينىكى ئاستىدىن نازاكەت بىلەن تۇتۇۋالاتتى. چىرايىدىن كۆپىنچە ئۇنىڭ قوشۇمىسىنى تۈرگۈزگەن بىر ئازابنى كۆرەتتىم، بەزىدە قوڭۇر چاچلىرى پېشانىسىگە يۆگىلىپ چۈشۈپ مېنى قىزىقتۇرىدىغان سوئال ئىشارەتلىرىنى يوللايتتى. ئاندىن سولغۇن مەڭزىلىرىدە بىر نۇر كۆرەتتىم-دە، ئېڭىكى بىلەن ئۇزۇن بوينى بىرلەشكەن ئاجايىپ يەردە، ئاندىن يەنە بېشى ئالدىغا ئېڭىشسە گەجگىسىگە تۆكۈلگەن چاچلىرىنىڭ ئاستىدىكى قول يەتكۈسىز ۋۇجۇدتا گۈللەرنىڭ ئېچىلغىنىنى، كۈننىڭ پاتقىنىنى، شوخ ۋە ئويۇنچى تىينلارنىڭ بۇ قول تەگكۈسىز سىلىق جەننەتكە مېنى چاقىرىپ سەكرەۋاتقىنىنى چۈشەيتتىم. ئۇنىڭ كەڭ، رەڭسىز لەۋلىرىدە ۋە بۇ لەۋلىرىنى ئاچچىقتا چىشلىگەنلىكى ئۈچۈن بەزى يېرىدە بىلىنىدىغان مەشۇتتەك ئىنچىكە سىزىقتا، ئەگەر ئۇيقۇسىدا بولسىمۇ بىر ئاز كۈلۈمسىرىيەلىسە، يۈزىدە ئۇ ئالتۇن دىيارنى كۆرەتتىم ھەم ئۆزۈمگە دەيتتىمكى: بۇنى ھېچقانداق دەرستە ئۆگەنمىدىم، ھېچقانداق كىتابتا ئوقۇمىدىم، ھېچقانداق فىلىمدە كۆرمىدىم؛ ئاھ، مەشۇقنىڭ ئۇخلىشىنى ئاشىقنىڭ قېنىپ-قېنىپ كۆرۈشى نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك، ئەي پەرىشتە!

پەرىشتىدىن ۋە بىزگە ئۇنىڭ بىر خىل ئېغىر-بېسىق، تەمكىن ئۆگەي ئاكىسىدەك كۆرۈنىدىغان ئۆلۈمدىن گەپ ئاچتۇق: ئەمما جانانىنىڭ كۆكتات، مېۋە دۇكانلىرىدىن، بۇلۇڭدىكى تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىدىن، ئەسنەپ ئولتۇرىدىغان ياغلىق، پايپاق ساتقۇچىلاردىن سېتىۋېلىپ، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ سىلاپ، كېيىن بېكەت قەھۋەخانىلىرىدا ، ئاپتوبۇس ئورۇندۇقلىرىدا تاشلاپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالغان پارچە-پۇرات نەرسىلەردەك ئۇششاق گەپلەر بىلەن

پاراڭلىشاتتۇق: ئۆلۇم ھەممە يەردە، كۆپىنچە ئۇ يەردە ئىدى. چۈنكى ئۇ يەر ھەممە يەرگە يېيىلغانىدى. بىز ئۇ يەرنى تېپىش، مەھەممەت بىلەن تېپىشىش ئۈچۈن يىپ ئۇچلىرىنى توپلايتتۇق، كېيىن ئۇلارنى ئىز قالدۇرغاندەك تاشلاپ قوياتتۇق. بۇلارنى، يەنى تەڭداشسىز ھادىسە پەيتلىرى، ئۇ دۇنيا كۆرۈنىدىغان بوسۇغىلار، كىنوخانا ئىشىكلىرى، ”يېڭى ھايات“ ماركىلىق مۇراببالار، مەھەممەتنى، بەلكى بىزنى ئۆلتۈرىدىغان قاتىللار، ئىشىكلىرىدە قەدەملىرىم ئاستىلاپ قالىدىغان مېھمانخانىلار، ئۇزاق جىمجىتلىقلار، كېچىلەر ۋە ئاشخانىنىڭ خۇنۇك چىراغلىرى دېگەندەكلەرنى كىتابتىن ئۆگەنگەنىدۇق. شۇنداق دېيىشىم كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپتوبۇسلارغا چىقىپ يولىمىزغا راۋان بولاتتۇق، بەزىدە تېخى قاراڭغۇ چۈشمەي تۇرۇپ، يەنى شوپۇر ياردەمچىلىرى بېلەت يىغقاندا، يولۇچىلار بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇۋاتقاندا، باللار بىلەن ھەۋەسكارلار تۈپتۈز ئاسفالتقا ياكى توپا-چاڭلىق تاغ يولىغا ۋىدىيو كۆرۈۋاتقاندەك قارىغاندا جانانىنىڭ كۆزلىرىدە بىردىنلا بىر نۇر چاقنايتتى-دە، سۆزلەشكە باشلايتتى.

” كىچىك چاغلىرىمدا يېرىم كېچىلىرى،— دېدى بىر قېتىم،— ئۆيدە ھەممەيلەن ئۇخلاۋاتقاندا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، پەردىنى قايرىپ، كوچىغا قارايتتىم. كوچىدا بىر ئادەم كېتىۋاتقان بولاتتى، بىر مەست، بىر دۈمچەك، بىر پور سېمىز، بىر كۆزەتچى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەر ئىدى... قورقاتتىم، ھۇجرامنى ياخشى كۆرەتتىم، ئەمما ئۇ يەردە، تالادا بولغۇم كېلەتتى“.

”باشقا ئوغۇللارنى بولسا ئاكامنىڭ ئاغىنىلىرى يازلىق داچىدا مۆكۈشمەك ئوينىغاندا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە سىنىپتا، ئۇلار پارتىنىڭ تۆشۈكىدىن چىقارغان بىر نەرسىگە قارىغىنىمدا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك ۋاقىتلىرىمدا ئويۇننىڭ دەل يېرىمىدا، ئۇلارنىڭ تويۇقسىز سىيگۈسى كېلىپ پاچاقلىرىنى مىدىرلاتقاندا

تونۇغانىدىم.“
”توققۇز ياشتا ئىدىم، دېڭىز قىرغىقىدا يىقىلىپ چۈشۈپ تىزىم قاناپ كەتكەندە ئانام ۋارقىراپ كەتتى. مېھمانخانىدىكى دوختۇر تاغىنىڭ يېنىغا باردۇق. ’نېمانچە ئوماق، نېمانچە تاتلىق قىز سەن،— دېدى دوختۇر تاغا ۋە يارامغا ئوكسىگېنلىق سۇ قۇيدى،— نېمانچە ئەقىللىق قىز‘. چاچلىرىمغا قاراۋاتقاندا ئۇ تاغىنىڭ ماڭا ئامراق بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندىم. ئۇنىڭ ماڭا دۇنيانىڭ باشقا بىر يېرىدىن قارىيالايدىغان سېھىرلىك كۆزلىرى بار ئىدى، كۆز قاپاقلىرى بىر ئاز ساڭگىلاپ قالغانىدى، بەلكىم مۈگدەۋاتقاندەك، ئەمما ھەممە نەرسىنى ۋە مېنى تولۇق كۆرۈۋاتقان بىر ئادەمدەك قىلاتتى...“
”پەرىشتىنىڭ كۆزلىرى ھەر يەردە، ھەر نەرسىدە، ھەر ۋاقىت ئۇ يەردە... لېكىن بىز بىچارىلەر يەنە بۇ كۆزلەرنىڭ مېيىپلىق دەردىنى تارتىمىز. بۇ ئۇنى ئۇنتۇغانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ، ئىرادىمىزنىڭ بوشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ، ھاياتنى سۆيەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈنمۇ؟ يول يۈرگەنچە، شەھەردىن شەھەرگە بارغانچە، بىر كۈنى، بىر كېچىدە ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن پەرىشتە بىلەن دەرقەمدە ئۇچرىشىدىغانلىقىمنى بىلىمەن. ئۇلارنى كۆرۈشكە نېسىپ بولۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قارىشىنى بىلىش لازىم. بۇ ئاپتوبۇسلار ئىنسانىنى ئارزۇلىغان يېرىگە ئەڭ ئاخىرىدا ئاپىرىدۇ. ئاپتوبۇسلارغا ئىشىنىمەن، پەرىشتىگە بەزىدە، ياق ھەر ۋاقىت ئىشىنىمەن، توغرا، ھەر ۋاقىت، ياق، بەزىدە.“
”مەن ئىزدىگەن پەرىشتىنى كىتابتا ئوقۇدۇم. ئۇ يەردە ئۇ باشقا بىرسىنىڭ ئوي-خىيالىدەك بىر نەرسە ئىدى، خۇددى بىر مېھمان، ئەمما ئۇنى قوبۇل قىلدىم. مەن ئۇنى كۆرگەن ھامان ھاياتىنىڭ پۈتۈن سىرىنىڭ ماڭا بىردىنلا كۆرۈنىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئاپتوبۇسلاردا، ھادىسە يۈز بەرگەن يەرلەردە ئۇنىڭ بارلىقىنى ھېس

قىلدىم. ھەممە ئىش مەھەممەتنىڭ دېگىنىدەك بىرمۇ بىر چىقىۋاتىدۇ. مەھەممەت نەگە بارسا ئەتراپىدا ئۆلۈم كۆلەڭگىسى، بىلەمسەن، بەلكىم ئىچىدە كىتابنى ئېلىپ ماڭغانلىقى ئۈچۈن. ئەمما كىتابتىن، يېڭى ھاياتتىن خەۋەرسىز ئىنسانلارنىڭمۇ ھادىسە يۈز بەرگەن يەرلەردە، ئاپتوبۇسلاردا ئۇ پەرىشتە ھەققىدە گەپ قىلغانلىرىنى ئاڭلىدىم. مەن ئۇنىڭ ئىزىدا، ئۇ قويۇپ كەتكەن ئىشارەتلەرنى توپلاۋاتىمەن."

"يامغۇرلۇق بىر كېچىدە مەھەممەت ماڭا ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلارنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ئۇلار ھەممە جايدا بولۇشى مۇمكىن، ھازىر بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلاۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. خاتا چۈشەنمە، ئەمما سەنمۇ ئۇلارنىڭ بىرسى بولۇشۇڭ مۇمكىن. ئىنسان كۆپىنچە ئويلىغانلىرىنىڭ، قىلدىم دەپ بىلگەنلىرىنىڭ دەل تەتۈرىسىنى قىلىدۇ. ئۇ دىيارغا كېتىۋاتقىنىڭدا ئۆزۈڭگە قايتىپ كېلىسەن، كىتابنى ئوقۇۋاتىمەن دەپ ئويلىغىنىڭدا ئۇنى يېڭىدىن يازىسەن، ياردەم قىلىۋاتىمەن دېگىنىڭدە ئۇنى قاقشىتىسەن... كۆپلىگەن ئىنسانلار ئەسلىدە يېڭى بىر ھاياتنىمۇ، يېڭى بىر دۇنيانىمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇ كىتابنىڭ ئاپتورىنى ئۆلتۈرۈشتى."

كىتابنىڭ ئاپتورى، يەنى ئۇ پېشقەدەم يازغۇچى ھەققىدە جانان ماڭا مۇجمەل بىر تىلدا، سۆزلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، ئۇلارنى سۆزلىگەندىكى سىرلىق كەيپىياتىدىن مېنى ھاياجانلاندۇرغان بىر ئۇسلۇبتا گەپ قىلدى. يېڭىچە بىر ئاپتوبۇسنىڭ ئالدى ئورۇندۇقلىرىنىڭ بىرىدە ئولتۇرغان جانانىنىڭ كۆزلىرى ئاسفالتتا پارقىراۋاتقان ئاق يول بەلگىلىرىگە تىكىلگەنىدى، قاراڭغۇ كېچىنىڭ قوينىدا باشقا ئاپتوبۇس، ئاپتوموبىل، پىكاپلارنىڭ چىراغلىرى كۆرۈنمەيۋاتاتتى.

"مەھەممەت بىلەن پېشقەدەم يازغۇچى كۆرۈشكەندە بىر-

بىرىنىڭ كۆزلىرىدىن ھەممە نەرسىنى چۈشەنگەنلىكىنى بىلىمەن. مەھەممەت ئۇنى ئىزدەپتۇ، تەتقىق قىلىپتۇ. ئۇچراشقانلىرىدا ئانچە كۆپ پاراڭلاشماپتۇ، سۈكۈت قىلىشىپتۇ، بىر ئاز مۇنازىرە قىلىشىپتۇ، يەنە گەپ قىلىشماپتۇ. ئۇ بوۋاي ئۇ كىتابنى ياش چېغىدا يازغانىكەن ياكى ئۇنى يازغان يىللاردا ياش ئىدىم دەيدىكەن، 'كىتاب ياشلىقىمدا قالدى' دېگەنىكەن ھەسرەت بىلەن. ئاندىن مەھەممەت ئۇ بوۋاينى قورقۇتۇپتۇ، ئۇ ئۆز قولى بىلەن يازغان، ئۆز روھىدىن چىقارغان نەرسىلەرنى ئۆزىگە ئىنكار قىلغۇزۇپتۇ. بۇ ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىرىدىمۇ شۇ... بوۋاي ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن نۆۋەتنىڭ مەھەممەتكە كېلىشىدىمۇ شۇ... بىز مەھەممەتنى قاتىلدىن ئاۋۋال تاپىمىز... ئەھمىيەتلىك بولغىنى مۇنداق: كىتابنى ئوقۇپ ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلەر بار. شەھەرلەردە، چوڭ بېكەتلەردە، دۇكانلاردا، كوچىلاردا كېتىۋاتقاندا ئۇلارنى ئۇچرىتىۋاتىمەن، كۆزلىرىدىن تونۇۋاتىمەن، ئۇلارنى بىلىۋاتىمەن. كىتابنى ئوقۇپ ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلەرنىڭ چىرايى باشقىچە، كۆزلىرىدىكى ئازاب ۋە ئارزۇ-ئىستەك بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ، بۇلارنى سەنمۇ بىر كۈنى چۈشىنىسەن؛ بەلكىم چۈشىنىپ بولغانسەن. سىرىنى بىلسەڭ، ئۇنىڭغا قاراپ يول ئالساڭ ھايات گۈزەلدۇر."

بۇلارنى جانان ماڭا ئېيتىۋاتقاندا ئەگەر چەت-ياقىدىكى مېھمانخانىلارنىڭ زېرىكىشلىك، چۈشىنى قايناپ ئىچىدىغان ئاشخانىلىرىدا بولساق، يېرىم كېچىدە ئۇيقۇچان بىر بالا ئەكەلگەن ھەقسىز چاينىڭ يېنىدا تاماكا چېكىپ، رېزىنكە پۇرايدىغان بۆلجۈرگەن قىيامىنى قوشۇق بىلەن يەۋاتقان بولاتتۇق. كونا بىر ئاپتوبۇسنىڭ ئالدى ئورۇندۇقلىرىدا ئەگەر گۈركىرەشلەر ئىچىدە تەۋرىنىۋاتقان بولساق، مېنىڭ كۆزلىرىم جانانىنىڭ چىرايلىق ۋە چوڭ ئاغزىدا، لەۋلىرىدە، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاندا-ساندا ئۆتۈۋاتقان ئاپتوموبىللارنىڭ

مايمـــاق چىراغلىرىـــدا بـــولاتتى. ئەگەر ئـــادەم تولـــۇپ كەتـــكەن بېكەتلەرنىڭ بىرىدە يالتىراق خالتىلىرىنى، كاردون چامادانلىرىنى، بوغجۇملىرىنى تۇتۇپ ماشىنا كۈتـۈپ تۇرغـانلار ئارىسىدا ئولتۇرغـان بولساق، جانـان گېپىنـى تۈگەتكەنـدىن كېيىن ئورنىـدىن لىككىـدە تۇرۇپ، مېنى مۇزدەك يالغۇزلۇق ۋە خالايىق ئىچىـدە تاشلاپ قويـۇپ يوقاپ كېتەتتى.

ئۆتمەيۋاتقان مىنۇت ـ سائەتلەردىن كېيىن، بەزىـدە ئـۇنى بىـز ئاپتوبۇس كۈتكەن بىـر شەھەرنىڭ ئارقـا كوچىلىرىـدىكى ئەسكى ـ تۈسكىچى دۇكانلىرىنىـڭ بىرىـدە قەھـۋە ياغۇنچاقىغا، سۇنۇق بىـر دەزمالغا، ئەمدى ئىشلەپچىقىرىلمايدىغان كۆمۈر مەشلىرىدىن بىـرىگە دەرگۇمان بىلەن قاراۋاتقىنىدا تاپاتتىم. بەزىدە ئۇنىڭ قولىدا غەلىـتە بىـر يەرلىـك گېزىـت بـولاتتى، سىـرلىق كۈلـۈپ قويـۇپ كەيـنىگە قايتىپ، ئاخشاملىرى ئېغىـل ـ قوتانلىرىغـا يانغـان پـادىلار بازارنىـڭ چوڭ كوچىسىدىن ئۆتمىسۇن دەپ شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللانغان تەدبىرلىرىنـى، Aygaz دۇكانـــدارىنىڭ ئىـــستانبۇلدىن دۇكىنىغـــا كەلتۈرگەن ئاخىرقى يېڭى ماللىرىنىڭ ئېلانىنى ماڭا ئوقۇپ بېرەتتى. كۆپ چاغلاردا ئۇنى خەقـلەر بىـلەن پاراڭلىـشىپ تۇرغانـدا تاپـاتتىم: بېـشىغا يـاغلىق ئارتقـان ھـامىلار بىـلەن مۇڭدىـشىپ كېتەتتـى، ئۆردەكتەك سەت، كىچىك بىر قىزنـى قۇچىقىغـا ئېلىـپ قايتـا ـ قايتـا سۆيەتتى، ئاپتوبۇسـلار ۋە بېكەتلەر ھەققىـدىكى ئاجايىـپ بىلىمـى بىـلەن، OPAپۇرايـدىغان يامـان نىيەتلىـك چەت ئەللىكلەرگە يـول كۆرسىتەتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا ئېھتىيات بىلەن ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ بارغىنىمدا، بۇ سەپەرگە بىـز خـۇددى مۇشـۇنداق دەردلەرگە دەرمـان بولـۇش ئۈچـۈن چىققانـدەك: " بـۇ ھامىنىـڭ ئالـدىغا ئەسكەرلىكتىن قايتقان ئوغلى چىقماقچى ئىكەن، ئەمما Vanماركىلىق ئاپتوبۇســتىن تونـۇش ھـېچكىم چىقمـاپتۇ!" دەيتتـى. باشـقىلارغا ئـاپتوبۇس ۋاقتىنـى سـوراپ بېرەتتـۇق، بېلەتلىرىنـى ئالماشـتۇرۇپ

بىرەتتىۇق، يىغلاۋاتقان باللارنى پەس قىلاتتىۇق، ھاجەتخانىغا بارىدىغانلارنىڭ چامادانلىرىغا، بوغچىلىرىغا قاراپ بىرەتتىۇق. بىر قېتىم ئالتۇن چىشلىق بىر سېمىز ھامما"ئاللاھ رازى بولسۇن!"دېدى، ئاندىن ماڭا بۇرۇلۇپ قېشى بىلەن شەرەتلەپ:"ئايالىڭ بەك گۈزەلكەن، كۆز تەگمىگەي " دېدى.

يېرىم كېچىدە ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدىكى چىراغلار ۋە بۇ چىراغلاردىنمۇ يورۇق ۋىدىيو ئېكرانى ئۆچكەندە، ئەڭ قايغۇلۇق، ئەڭ ئۇيقۇسىز يولۇچىلارنىڭ چېكىنىۋاتقان تاماكىلىرىنىڭ تورۇسقا ئۆرلىگەن ئىسلىرىدىن باشقا ئاپتوبۇستىكى پۈتۈن ھەرىكەت توختىغاندا، يېنىك-يېنىك سىلكىنىۋاتقان ئورۇندۇقلىرىمىزدا بەدىنىمىز بىر-بىرىگە ئاستا-ئاستا كىرىشەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرىنى يۈزۈمدە، ئىنچىكە بىلەكلىك ئۇزۇن قوللىرىنى تىزلىرىمدا، ئۇيقۇ پۇرايدىغان نەپەسلىرىنى تىترەۋاتقان گەجگەمدە سېزەتتىم. چاقلار ئايلىنىپ، دىزېلماتور يەنە شۇنداق غارقىرىغاندا، ۋاقىت ئېغىر، قارا ۋە ئىسسىق بىر سويۇقلۇقتەك ئارىمىزغا ئاستا يېيىلاتتى، ئۇيۇشۇپ سەزگۈسىنى يوقاتقان، قېتىپ قالغان پۇتلىرىمىز ۋە سۆڭەكلىرىمىز ئارىسىدا بۇ يېڭى ۋاقىتنىڭ يېڭى سېزىمچانلىقى ئىستەك بىلەن تىنىم تاپمايتتى.

بۇ ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بەزىدە قولۇم ئۇنىڭ قولىنىڭ تېگىشىدىن ئوتتەك يانغاندا، بەزىدە بېشى مۈرەمگە چۈشسىكەن دەپ سائەتلەرچە كۈتكەندە، بەزىدە بوينۇمغا تەگكەن چاچلىرى شۇ پېتى تۇرسۇن دەپ ئورۇندۇقۇمدا مۇسكۇللىرىم تارتىشىپ قالغاندا ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشلىرىنى دىققەت، ھۆرمەت بىلەن ساناپتتىم، پېشانىسىدە بىلىنىدىغان دەردلىك قورۇقلارنىڭ مەنىسىنى ئۆزۈمدىن سورايتتىم، ئۇنىڭ مېنىڭ دىققەت نەزىرىم ئاستىدىكى سولغۇن چىرايى كۆزنى چاقنىدىغان بىر نۇردا تۇيۇقسىز يورۇپ، ئويغانغان ھامان تۇنجى ھەيرانلىقتا، نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن دېرىزىدىن سىرتقا

ئەمەس، مېنىڭ ئىشەنچلىك كۆزلىرىمگە قاراپ كۆلۈمسىرىسە نەقەدەر بەختلىك بولاتتىم! بېشى مۇزدەك ئەينەككە يۆلىنىپ ئۇششۇپ قالمىسۇن دەپ پۇتۇن بىر كېچە قاراپ ئولتۇردۇم، ئەرزىنجان[1] دىن ئالغان گىلاس رەڭلىك چاپىنىمنى سېلىپ ئۈستىگە يېپىپ قويدۇم، تاغلىق يوللاردا شوپۇرىمىز داۋاندىن پەسكە تېز ماڭغاندا ئېڭىشىپ قالغان بەدىنى قاڭقىپ بىر يەرگە ئۇرۇلمىسۇن دەپ تۇتۇپ تۇردۇم. بۇ جەرياندا بەزىدە كۆزلىرىم ئۇنىڭ بوينى بىلەن يۇمشاق قۇلاقلىرىنىڭ ئەگمەچلىرى ئارىسىدا بىر يەرگە تىكىلىپ قالغاندا، ماتورنىڭ گۈركىرەشلىرى، ئاھ ئۇرۇشلار ۋە ئۆلۈم ئىستەكلىرى ئارىسىدا، بالىلىق چۈشلىرىمدە قالغان قولۋاق ساياھىتى ياكى قار يومىزىكى ئويۇنىنىڭ ئەسلىمىلىرى، كۆنلەرنىڭ بىرىدە جانان بىلەن توي قىلىپ بەختلىك ياشايدىغان تۇرمۇشنىڭ خىياللىرى بىلەن بىئارام بولاتتىم، ئاندىن ئۇ يەرلەرنىڭ بىر يېرىدە ئۆزۈمنى يوقىتىپ قوياتتىم. نەچچە سائەتتىن كېيىن دىرىزىدىن ئۇرغان قىزىقچى قۇياش نۇرىنىڭ كرىستالدەك سوغۇق، گېئومېتىرىيىلىك سەزگۈسىدىن ئويغانغىنىمدا، ئاۋۋال بېشىمنى چۆمكىگەن خۇشپۇراق ئىللىق باغچىنىڭ ئۇنىڭ بوينى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم، ئۇ يەردە ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئارىسىدا سەۋر بىلەن يەنە بىر ئاز تۇراتتىم، كۆزلىرىمنى قىسىپ سىرتتىكى قۇياش نۇرىغا چۆمگەن سەھەرگە، سۆسۈن رەڭ تاغلارغا، يېڭى ھاياتنىڭ تۇنجى ئىزلىرىغا سالام بەرگىنىمدە جانانىنىڭ كۆزلىرىنىڭ مەندىن شۇنچىلىك يىراقتا ئىكەنلىكىنى ئازاب ئىچىدە كۆرەتتىم.

"مۇھەببەت، — دەپ گەپ باشلايتتى جانان مېنىڭ ئىچىمدە كۆيۈپ-كۆيۈپ ئۆچكەن بىر سۆزنى ئۈستا بىر ئاۋاز ئارتىسىدەك دەرھال جانلاندۇرۇپ، — ئىنساننى بىر نىشانغا قارىتىدۇ، ھايات

[1] ئەرزىنجان — تۈركىيىدىكى بىر ۋىلايەتنىڭ مەركىزى. — ت.

مەئىشەتلىرىنىڭ قوينىدىن تارتىپ چىقىرىدۇ، ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەنكى، ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا بىزنى دۇنيانىڭ تىلسىماتىغا ئېلىپ بارىدۇ، ھازىر بىز شۇ يەرگە كېتىۋاتىمىز.“

”مەھەممەتنى تۇنجى كۆرگىنىمدە، — دەيتتى جانان كۈتىۈش زالىدىكى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇلغان ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىدىن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان Clint Eastwood [1]نى كۆرمەستىن،— پۈتۈن ھاياتىمنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى دەرھال چۈشەندىم. ئۇنى كۆرمەستىكى ھاياتىم باشقىچە ئىدى، ئۇنى تونۇغاندىن كېيىن باشقىچە بىر ھايات بولدى. خۇددى ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە، پۈتۈن ئەشيالار، كارىۋاتلار، ئادەملەر، چىراغلار، كۈلدانلار، كوچىلار، بۇلۇتلار، تۇرخۇنلار دەرھال رەڭ ۋە شەكىل ئۆزگەرتتى-دە، مەن بۇ يېپيېڭى دۇنيانى ھەيرانلىق بىلەن تونۇشقا باشلىدىم. كىتابنى ئوقۇش ئۈچۈن ئالغىنىمدا ئەمدى ھېچقانداق كىتابقا، ھېچقانداق ھېكايىگە ھاجىتىم چۈشمەيدۇ دەپ ئويلايتتىم. ئالدىمدا نامايان بولغان يېڭى دۇنيانى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن پەقەت كۆزىتىشىم، كۆزلىرىمدە ھەممە نەرسىنى بىرمۇ بىر كۆرۈشۈم كېرەك ئىدى. ئەمما كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىلىشىم كېرەك بولغان نەرسىلەرگە يوشۇرۇنغان سىرلارنى ئېنىق بىلىۋېلىشىم كېرەكلىكىنى شۇئان چۈشەندىم. كەتكەن دىياردىن ئازابتا قايتىپ كەلگەن مەھەممەتنى ئاگاھلاندۇردۇم، ئۇ ھاياتقا بىرلىكتە بارالايدىغانلىقىمىزغا ئۇنى ئىشەندۈردۈم. ئۇ كۈنلەردە كىتابنى بىرلىكتە يېنىش-يېنىشلاپ ئوقۇيتتۇق. بەزىدە بىر بابىغا ھەپتىلەپ ۋاقىت بېرەتتۇق، بەزىدە تېخى ئوقۇ-ئوقۇماي ھەممە نەرسىنىڭ ناھايىتى يالىڭاچ ۋە ئوچۇق ئىكەنلىكىنى كۆرەتتۇق. ئاندىن كىنولارغا باراتتۇق، باشقا كىتابلارنى، گېزىتلەرنى ئوقۇيتتۇق،

---

[1] كلىنت ئېستۋود— ئامېرىكىلىق كىنو چولپىنى، رېژىسسور،—ت.

كوچىلاردا ئايلىناتتۇق. كاللىمىزدا كىتاب، ئۇنى يادا ئوقۇغىنىمىزدا ئىستانبۇل كوچىلىرى تامامەن باشقا بىر نۇردا يورۇپ كېتەتتى، بىزنىڭ بولاتتى. بىز كوچىدا كۆرگەن هاسا تايانغان بوۋاينىڭ ئاۋۋال قەهۋەخانىغا بېرىپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، ئاندىن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن نەۋرىسىنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتۇق. بىز يولدا كۆرگەن ئۈچ ئات هارۋىسىنىڭ ئۈچىنچىسىنى سۆرىگەن بايتالنىڭ باشتىكى ئىككىسىنى سۆرىگەن ئورۇق ئاتلارنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى بايقايتتۇق. كۆك پايپاقلىق ئادەملەرنىڭ نېمىشقا زىچلىشىپ كەتكەنلىكىنى، پويىز ۋاقىت جەدۋەللىرى تەتۈر ئوقۇلغاندا نېمە مەنە بىلدۈرىدىغانلىقىنى ۋە شەهەر ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرغان تەرلەيدىغان، سېمىز ئادەمنىڭ قولىدىكى چامادانىنىڭ بايا بۇلىغان ئۆيدىن ئالغان نەرسىلەر ۋە ئىچ كىيىملەر بىلەن تولغانلىقىنى دەرهال بىلەتتۇق. ئاندىن كىتابنى يەنە ئوقۇش ئۈچۈن بىر قەهۋەخانىغا باراتتۇق، توختىماستىن، هېچ توختىماستىن كىتاب هەققىدە بىر نەچچە سائەتلەپ پاراڭ سوقاتتۇق. بۇ مۇهەببەت ئىدى. گاهىدا بەزى كىنولاردىكىدەك، يىراقتىكى دۇنيانى بۇ دۇنياغا يۆتكەشنىڭ بىردىنبىر يولىنىڭمۇ مۇهەببەت ئىكەنلىكىنى ئويلايتتىم.»

« ئەمما مەن هېچ بىلمەيدىغان نەرسىلەر بار ئىدى، هېچ بىلەلمەيدىغان نەرسىلەر بار ئىدى، — دېدى جانان يامغۇرلۇق بىر كېچىدە، كۆزلىرىنى ئېكراندىكى سۆيۈشۈش كۆرۈنۈشلىرىدىن ئۈزمەي هەمدە بىر قانچە كىلومېتىر ئەگرى يول تۈگىگەن ۋە ئۈچ ياكى بەش هارغىن ئاپتوموبىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئېكراندىكى سۆيۈشۈش كۆرۈنۈشى بىزنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر ئاپتوبۇسنىڭ بىزنىڭكىگە ئوخشمايدىغان گۈزەل بىر مەنزىرىدە ئىلگىرىلىشىگە ئالماشقاندا گەپ قوشۇپ، — بىز هازىر ئۆزىمىز بىلمەيدىغان ئۇ يەرگە كېتىۋاتىمىز ».

ئۈچىمىزدىكى كىيىملەر تەر، چاڭ-توزان ۋە كىردىن كىيگىلى

بولمايدىغان بولۇپ قالغاندا، ئەھلى سەلىپلەردىن تارتىپ مۇشۇ كەمگىچە بۇ زېمىنلارنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلغان پۈتكۈل تارىخنىڭ قالدۇقلىرى ۋۇجۇدىمىزدا قاتمۇ قات بىرىككەندە، بىر ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ يەنە بىرسىگە چىقىشتىن ئىلگىرى "گەلىشگۈزەل"[1] شەھىرىنىڭ بازىرىغا خالىغانچە چىقاتتۇق. جانان ئۆزىنى ئاق كۆڭۈل يەرلىك ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشىتىدىغان ئۇزۇن يىپەك كۆڭلەكلەردىن ئالاتتى، مەن ئۆزۈمنى ئىلگىرىكى سولغۇن قىياپىتىمگە ئوخشىتىدىغان ھېلىقى كۆڭلەكلەردىن ئالاتتىم... ئاندىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ئاتاتۈرك ھەيكىلى، ئارچەلىك[2] دۇكانلىرى، دورىخانا ۋە جامە ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈشنى ئويلاشساق، قۇرئان كۇرسىنىڭ تالىپ قوبۇل قىلىش ئۈچۈن رەختتكە يېزىلغان ئېلانلىرى ئارىسىدا كۆرۈنگەن زەڭگەر ئاسماندا رېئاكتىۋ ئايروپىلان قالدۇرۇپ كەتكەن ئاق ۋە ئىنچىكە سىزىقنى بايقايتتۇق، قوللىرىمىزدا قەغەز بولاقلار ۋە يالتىراق خالتىلارنى تۇتۇپ دەرھال تۇرۇپ ئاسمانغا مۇھەببەت بىلەن قارايتتۇق، ئارقىدىنلا، ئۆتۈپ كەتكەن گالستۇك تاقىغان سولغۇن ھۆكۈمەت خادىمىدىن شەھەر مۇنچىسىنىڭ ئورنىنى سورايتتۇق.

مۇنچا ئەتىگىنى ئاياللارغا ئوچۇق بولغاچقا، مەن باشتا كوچىدا بىكار يۈرەتتىم، قەھۋەخانىلاردا مۈگدەيتتىم، مېھمانخانىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە جانانغا ھېچ بولمىسا بىر كۈنى بىر كېچىنى ماشىنا چاقىنىڭ ۋە ئاپتوبۇس ئورۇندۇقلىرىنىڭ ئۈستىدە ئەمەس، خەقلەردەك يەر يۈزىدە، مەسىلەن، بىر مېھمانخانىدا ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتىشنى خىيال قىلاتتىم، بەزى ئاخشاملىرى خىيالىمنى ئېيتاي دەيتتىم، ئەمما قاش قارايغاندا جانان ماڭا، مەن

[1] گەلىشگۈزەل — ئىختىيارىي، خالىغانچە، ئۆز مەيلىچە دېگەن مەنىدە، — ت.

[2] ئارچەلىك — تۈركىيىدىكى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ساتىدىغان داڭلىق شىركەت، — ت.

مۇنچىــدىكى ۋاقىتتــا قىلغــان تەتقىقاتلىرىنىــڭ نەتىجىلىرىنــى كۆرسىــتەتتى: كونــا «رەســىملىك رومــان» ژۇرنىلــى تــوپلاملىرى، تېخىمــۇ كونــا بــالىلار ژۇرنــاللىرى، بىــر ۋاقىــتلاردا چــاپىنىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان شاكىلات ئۆرنەكلىرى ۋە ئىسمىنى بىلمىگەن بىر چاچ قىــسقۇچى. ئاپتوبۇستا دەپ بېرىــمەن دەيتتــى جانــان يۇزىــدە ئاشــۇ ۋىــدىيو فىلىمىنى يەنە بىر قېتىم كــۆرگەن ۋاقىتتــا ئىپادىلىنىــدىغان ھېلىقى گۈزەل تەبەسسۇم بىلەن.

زېرىكەرلىــك ئاپتوبۇســىمىزنىڭ تېلېــۋىزور ئېكرانىــدا رەڭگــارەڭ بىر ۋىــدىيو فىلىمــى ئەمەس، قائىــدە-يوســۇنلۇق بىــر ھەدە نامايــان بولۇپ، شۇم ئۆلۈم خەۋەرلىرىنى بەرگەن بىر كېچىدە "مەھەممەتنىــڭ باشقا ھاياتىغا كېتىۋاتىمەن،— دېگەنىــدى جانــان،— ئەممــا باشــقا ھاياتىــدا ئــۇ مەھەممەتنىــڭ ئــۆزى ئەمەس، باشــقا بىرســى ئىــدى." ئاپتوبۇس بىــر مــاي قــاچىلاش ئورنىنىــڭ ئالدىــدىن تېــزلا ئۆتكەنــدە سوئال سورىغان قىزىل نېئون چىراغلار يۈزىگە شولا ئۇردى.

" مەھەمــمەت ئۆتمــۈش ھايــاتى، قىــز قېرىنداشــلىرى، كاتتــا تۇرالغۇســى، بىــر تــۈپ ئــۆجمە دەرىخــى ۋە يەنە باشقا بىــر ئىــسمى، باشقا بىر خاراكتېرى بولغانلىقى ھەققىــدە ئــارتۇقچە گەپ قىلمىــدى. بىر قېتىم ئــۇ كىچىكىــدە بــالىلار ھەپتىلىكــى ژۇرنــاللىرىنى ناھــايىتى ياخــشى كۆرىــدىغانلىقىنى ئېيتقانىــدى. ســەن بــالىلار ھەپتىلىكــى ژۇرنىلىنى ئوقۇغانمۇ؟— ئۇنىــڭ ئــۇزۇن بارمــاقلىرى كۆلــدان بىــلەن پۈتىمىز ئارىسىدىكى بوشلۇقتا ۋە سارغايغان ژۇرنــال توپلاملىرىنىــڭ بەتلىــرى ئارىــسىدا ھەرىكەتلەنــدى ۋە ژۇرنــال بەتلىــرىگە ئەمەس، ژۇرنال بەتلىرىگە قاراۋاتقان ماڭا قــاراپ،—مەھەمــمەت ھەر كىمنىــڭ بــۇ يەرگە، بىــر يەرگە قايتىــدىغانلىقىنى ئېيتــاتتى. شــۇڭا بــۇ نەرسىلەرنى، ئۇنىڭ بالىلىقىنى شەكىللەندۈرگەن بۇ ماتېرىيــاللارنى يىغىــۋاتىمەن... بــۇلار بىــز كىتابتــا تاپقــان نەرســىلەر، چۈشىنىۋاتامسەن؟" دېــدى. تولــۇق چۈشەنمەيتتىم، بەزىــدە پەقەتــلا

چۈشەنمەيتتىم، ئەمما جانان مەن بىلەن شۇنداق بىر پاراڭلىشاتتىكى، چۈشەندىم دەپ ئويلايتتىم. ”سەندەك، — دەيتتى جانان، — مەھەممەتمۇ ئۇ كىتابنى ئوقۇ-ئوقۇماي پۈتۈن ھاياتىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ ۋە ھېس قىلغان نەرسىسىنىڭ ئاخىرىغىچە بېرىپتۇ، ئاخىرىغىچە...ئۇ مېدىتسىنا ئوقۇۋېتىپتىكەن، پۈتۈن ۋاقتىنى كىتابقا، كىتابتىكى ھاياتقا بېغىشلاش ئۈچۈن ئۇنىمۇ تاشلاپتۇ. يېپيېڭى بىر ئادەم بولۇش ئۈچۈن پۈتۈن ئۆتمۈشىنى تەرك ئېتىشى كېرەكلىكىنىمۇ چۈشىنىپتۇ. دادىسى، ئائىلىسى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئاشۇنداق ئۈزۈپتۇ... ئەمما ئۇلاردىن ئاسان قۇتۇلالماپتۇ. ماڭا ئەسلى قۇتۇلۇشنىڭ، يېڭى ھاياتقا تۇنجى چىقىشنىڭ قاتناش ھادىسىسى بىلەن ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى... توغرا، قازا (بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا)چىقىشتۇر؛ چىقىش قازادۇر...پەرىشتە ئۇ چىقىش ۋاقتىدىكى سېھرىنىڭ ئىچىدە كۆرۈنىدۇ ۋە شۇ چاغدا ۋاقىت، ھايات دېگەن مۇرەككەپ نەرسىنىڭ ئەسلى مەنىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئۆيىمىزگە قايتىمىز...“بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تاشلاپ كەتكەن ئانامنى، ھۇجرامنى، بىساتلىرىمنى، ئورۇن-كۆرپەمنى، ئۆيۈمنى خىيال قىلغاندا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاتتىم، خىيال قىلغان نەرسىلىرىم بىلەن، يېنىمدا يېڭى ھاياتنى خىيال قىلىۋاتقان جانانىنى يامان غەرەزلىك بىر ئەقىل ۋە مۇۋاپىق گۇناھ تۇيغۇسى بىلەن يانمۇ يان ئېلىپ كېلىش خىيالىنى سۈرەتتىم.

## 6

بىز ئولتۇرغان ئاپتوبۇسلارنىڭ ھەممىسىدە تېلېۋىزور شوپۇرنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى، بەزى كېچىلىرى پاراڭلاشماي، پەقەت شۇ يەرگىلا قارايتتۇق. بوتۇلكىلار، چۈچىلىق يانقۇچلار، دۇخاۋا

پەردىلەر، پارقىراق تاختايلار، كۆز مۇنچاقلار، مارجانلار، نۇسخا رەسىملەر ۋە نەقىشلەر بىلەن زامانىۋى بىر مېھرابقا ئايلاندۇرۇلغان ئېگىزلىكتىكى ئېكران ئايلاپ گېزىت ئوقۇمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئاپتوبۇس دېرىزىلىرى كۆرسەتكەن مەنزىرىلەردىن باشقا بۇ دۇنياغا ئېچىلغان بىردىنبىر كۆزنەك ئىدى. دىك-دىك سەكرەيدىغان چەبدەس قەھرىمانلار بىر دەمدە يۈزلەرچە ئەبگانىنىڭ يۈزىگە مۇشت ئاتقان چامباشچىلىق فىلىملىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ قوپال قەھرىمانلارغا ئوينىتىلغان يەرلىك كالانپاي تەقلىدلىرىنى كۆردۇق. زېرەك، سۆيۈملۈك ۋە قورالىق بىر قەھرىمان يارىماس بايلارنى، ساقچىلارنى، جىنايەت شايكىلىرىنى ئالدايدىغان ئامېرىكا فىلىملىرىنى، كېلىشكەن يىگىتلەر ئايروپىلان، تىك ئۇچار ئايروپىلانلارنى مول لاق ئاتتۇرىدىغان ليۇتچېك فىلىملىرىنى، ئەرۋاھلار ۋە قانخور ئالۋاستىلار گۈزەل، ياش قىزلارنى قورقۇتۇپ جېنىنى چىقىرىدىغان ۋەھىمىلىك كىنولارنى كۆردۇق. ئاقكۆڭۈل بايلار بويىغا يەتكەن قىزلىرىغا قانداقتۇر ياخشى، سەممىي بىر ئەر تاپالمايدىغان مىللىي فىلىملەرنىڭ كۆپىنچىسىدە بارلىق ئەر-ئايال قەھرىمانلار ھاياتلىرىنىڭ بىر باسقۇچىدا ناخشىچى بولاتتى ۋە بىر-بىرلىرىنى شۇنچىلىك خاتا چۈشىنەتتىكى، ئاخىرىدا بۇلار قانداقتۇر بىر توغرا چۈشىنىشكە ئايلىناتتى. يەرلىك فىلىملەردە چىرايى، قامىتى پۈتۈنلەي بىر قېلىپتىكى چىدامىلىق پوچتىكەش، رەھىمسىز باسقۇنچى، ئاقكۆڭۈل سەت سىڭىل، زۇۋانى چوڭ ھاكىم، زېرەك، قۇۋ ھاما ۋە ساراڭ قېتىشلارنىڭ روللىرىنى كۆرۈشكە شۇنچىلىك كۆنۈپ كېتىپتۇقكى، بىر كۈنى بىر ئىستىراھەت ئورنىدا تاملىرىغا جامە، ئاتا تۈرك، ئارتىست ۋە چېلىشچىلارنىڭ رەسىملىرى ئېسىلغان "پاششاپېيگى خاتىرىلىرى رېستورانى"دا ئاق كۆڭۈل سىڭىل بىلەن

باسقۇنچىنى ئۇيقۇچان كېچە يولۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەدەپلىك هالدا ئېزوگېلىن شورپىسى[①] ئىچىۋاتقاندا كۆرگەن هامان ئالدانغىنىمىزنى ئويلىدۇق. جانان بىز كۆرگەن فىلىملەردە، تامدىكى مەشهۇر ئارتىسلاردىن قايسىلىرىنى باسقۇنچىنىڭ ئاياغ-ئاستى قىلغانلىقىنى بىرمۇ بىر ئەسلەۋاتقاندا، ئاشخانىدىكى رەڭگارەڭ خېرىدارلارغا ئەلەڭ-سەلەڭ قارىغانلىقىمنى ۋە هەممىمىزنى مەۋهۇم بىر كېمىنىڭ ئايدىڭ، سوغۇق زالىدا شورپا ئىچە-ئىچە ئۆلۈمگە يول ئالىدىغان يولۇچىلار دەپ خىيال قىلغانلىقىمنى ئەسلەۋاتاتتىم.

ئېكراندا سانسىز ئۇرۇش-جېدەل كۆرۈنۈشى كۆردۇق؛ سۇنغان ئەينەكلەر، ئىستاكانلار، ئىشكىلەرنى كۆردۇق؛ ئايروپىلانلار، پىكاپلارنىڭ بىردىنلا كۆزدىن غايىب بولۇشىنى، ئاندىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ئوت-يالقۇنلارنى كۆردۇق. ئوت يالماپ كەتكەن ئۆيلەرنى، هەربىي قوشۇنلارنى، بەختلىك ئائىلىلەرنى، ئەسكى ئادەملەرنى، سۆيگۈ مەكتۇپلىرىنى، غايەت ئېگىز بىنالارنى، خەزىنىلەرنى كۆردۇق. يارىلاردىن، چىرايلاردىن، كېسىك بويۇنلاردىن چاچرىغان قانلارنى، تۆگىمەس-پۈتمەس قوغلىشىش كۆرۈنۈشلىرىنى، سانسىز فىلىمدە يۈزلەرچە، مىڭلارچە پىكاپنىڭ بىر-بىرىنى قوغلىشىنى، يول تۈگەپ قالغاندا تېزلا كەينىگە يېنىشىنى، ئاندىن خۇشال سوقۇلۇشلىرىنى كۆردۇق. بىر ۋىديو فىلىمى تۈگەپ ئىككىنچىسى چىقىشتىن ئاۋۋال جانان:" ئۇ بالىنىڭ بۇنچە ئاسان ئالدىنىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن" دەيتتى ياكى " ئىشەنمەيمەن، ئالدانمايمەن، ئەمما ياخشى كۆرىمەن" دەيتتى ۋە ياكى ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئارىسىدا، فىلىم ئاتا قىلغان خۇشاللىق بىلەن"چۈشۈمدە بەختلىك ئەر-خوتۇنلارنى

---

[①] ئېزوگېلىن شورپىسى— نوقۇت، گۆش، ياغ، قارىمۇچ، قىزىلمۇچلار سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان، ئاناتولىيە رايونىدا ئومۇملاشقان بىر خىل شورپا.— ت.

كۆرىمەن" دەيتتى.

جانان بىلەن سەپىرىمىزنىڭ ئۉچىنچى ئېيىنى تاماملىغاندا سەپەردىكى مۇھەببەتنىڭ سۆيۉشۉش كۆرۉنۉشىنى كۆرگەن بولساق كېرەك. ھەر قېتىملىق سۆيۉشۉشتە ئاپتوبۇس قايسىبىر كىچىك ناھىيە بازىرىدىن يىراق شەھەرگە ماڭغان بولسۇن، ئىچىدە تۇخۇم سېۋىتى بار يولۇچىلار، چامادان كۆتۉرگەن خىزمەتچىلەر ياكى كىملەر بولسا بولسۇن، ئولتۇرغانلاردا بىر جىمجىتلىق باشلىناتتى، جانانىنىڭ قولىنى تىزىنىڭ ئۉستىدە ياكى قۇچىقىدا قويغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم، ئاندىن مەن بىردىنلا مۇرەككەپ، چوڭقۇر، دەھشەتلىك ۋە مەنىلىك بىر ئىش قىلىشنى كۉچلۉك ئارزۇ قىلاتتىم. ئۆزۉممۇ تازا ئۇقۇپ كېتەلمىگەن بۇ ئىشنى، ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر ئىشنى يامغۇرلۇق بىر ياز كېچىسى قىلدىم.

قاراڭغۇ ئاپتوبۇسنىڭ يېرىمى توشقانىدى؛ ئوتتۇرىسىدا بىر يەردە ئولتۇراتتۇق، ئېكرانىدا بىزدىن ناھايىتى يىراق، بىزگە ناھايىتى يات بىر ئىسسىق بەلۋاغ مەنزىرىسىدە يامغۇر يېغىۋاتاتتى. بىر تەبىئىي ئىستەك بىلەن دېرىزىگە ۋە مۇشۇنداق قىلىپ جانانغا بېشىمنى ئاپارغىنىمدا سىرتتا يامغۇر يېغىشقا باشلىغانلىقىنى كۆردۉم. شۇ چاغدا ماڭا كۉلۉمسىرىگەن جانانىمنىڭ لەۋلىرىنى، فىلىملەردە كۆرگىنىمدەك، تېلېۋىزورلاردا قىلىنغاندەك، شۇنداق قىلىنغان دەپ ئويلىغىنىمدەك سۆيدۉم، پۉتۉن كۉچۉم بىلەن سۆيدۉم، ھەۋەس ۋە ئاچكۆزلۉك بىلەن سۆيدۉم، پەرىشتە تېپىرلايتتى، لەۋلىرىنى قانىتىۋەتكۉدەك سۆيدۉم.

— ياق، ياق قەدىرلىكىم، — دېدى ماڭا، — ئۇنىڭغا ناھايىتى ئوخشايسەن، ئەمما سەن ئۇ ئەمەس، ئۇ باشقا بىر يەردە...

قىزغۇچ رەڭلىك نېئون چىراغلارنىڭ يورۇقى ئەڭ چەت، ئەڭ چېۋىنلىق، ئەڭ قارغىش تەگكۉر تۉرك نېفىت شىركىتىنىڭ باھا

ئېكرانىدىن ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشتىمۇ، ياكى ئېكراندىكى ئۇ دۇنيانىڭ ئـادەم ئـىشەنگۈسىز شـەپەق نـۇرى چۈشـتىمۇ؟ بۇنـداق ئەھـۋاللاردا قىزنىڭ لەۋلىرى قاناپ كېتەتتى دەپ يازىدۇ كىتابلاردا، بىز كۆرگەن فىلىملەرنىـڭ قەھرىمـانلىرىمۇ بۇنـداق ئەھـۋاللاردا ئۈسـتەللەرنى ئـۆرۈيتتى، ئەينەكلەرنـى سـۇندۇراتتى، پىكـاپلىرنى تـام تەرەپـكە بولۇشىغا ھەيدەيتتى. مەن لەۋلىرىمدە سۆيۈش تەمىنى غەزەپلىنىپ كۈتتـۈم، بەلكىـم كاللامغـا كەلـگەن ئىجادكـار بىـر بايقاشـنىڭ تەسەللىـسى بىـلەن: مەن يـوق،— دېـدىم ئـۆزۈمگە،— ئەگەر مەن بولمىسام نېمە بولاتتى؟ ئەمما ئـاپتوبۇس يېڭـى بىر ئىستەك بىـلەن سـىلكىنگەندە ھەر ۋاقىتتىكىـدىن بەكـرەك مەۋجـۇت ئىكەنلىكىمنـى ھـېس قىلـدىم، يوتىلىرىمنىـڭ ئارىـسىدا كۈچىيىۋاتقـان ئـاغرىق سەۋەبىدىن كېرىلسەم، پارتىلسام، بوشاشسام دەيمەن. كېيىن بۇ ئىستەك تېخىمۇ چوڭقۇرلىششى، پۈتـۈن دۇنيا بولۇشـى، يېڭـى بىـر دۇنيا بولۇشى كېرەك. نـېمە بولۇشـۇمنى بىلمەستىن كۈتۈۋاتـاتتىم، كۆزلىرىمدە ياش، تەرلىرىم ئاققاندا كۈتۈۋاتـاتتىم، ئـارزۇ بىـلەن ۋە نېمىنى كۈتۈۋاتقانلىقىمنى بىلمەستىن كۈتۈۋاتاتتىمكى، ھەممە نەرسـە ئېغىرمـۇ ئەمەس، ئاسـتىمۇ ئەمەس خۇشـاللىق بىـلەن پارتىلـدى، ئېرىدى، يوقاپ كەتتى.

ئـاۋۋال ھەيۋەتلىـك بىـر گۈلدۈرلەشـنى، ئانـدىن بـالا-قـازادىن كېيىنكى بىر دەملىك ھوزۇرلۇق جىمجىتلىقنـى ئاڭلـىدۇق. بـۇ قېتىم شـوپۇر بىـلەن بىلـلە تېلېۋىزوردىكىـمۇ كۇكـۇم-تالقـان بولغـانلىقىنى كۆردۈم. ۋارقىراش-چىقىراشلار، پەريادلار باشلانغان ھامان جانـاننى قولىدىن تۇتۇپ ئۈستىلىق بىلەن يەرگە ساق-سالامەت چۈشۈردۈم.

شار-شۇر يامغۇر ئاستىدا بىزدىمۇ، بىزنىڭ ئاپتوبۇستىمۇ ئىككى يا ئۈچ ئۆلۈك ۋە بىر شـوپۇردىن باشـقا چـوڭ زىيـان بولمىغـانلىقىنى دەرھال بىلدىم. ئەمما قارشى تەرەپتىن ئۇرۇلغان يەنە بىر ئاپتوبۇس — شـوپۇرى قارنىـدىن يېرىلـىپ ئىككـى پـارچە بولـۇپ ئـۆلگەن،

ئىككىگە قاتلىنىپ پەسكە-پاتقاق ئېتىزلىققا دومىلىغان HEMENVARAN[1] ئۆلۈكلەر ۋە ئۆلۈۋاتقانلار بىلەن داشقايناق بولۇپ كەتكەندى. ھاياتنىڭ قاراڭغۇ مەركىزىگە دىققەت ۋە قىزىقىش بىلەن چۈشىدىغاندەك، ئاپتوبۇس دومىلىغان يەرگە، قوناقلىققا چۈشتۇق ۋە سېھىرلىك بىر تۇيغۇدا ئاپتوبۇسقا يېقىنلاشتۇق.

ئاپتوبۇس يېنىغا بارغىنىمىزدا، پارتلىغان دېرىزىلەرنىڭ بىرسىدىن باشتىن-ئاياغ قانغا مىلەنگەن بىر قىز سىرتقا چىقىشقا تىرىشىۋاتاتتى. ماشىنىنىڭ ئىچىدە سوزۇلغان قولىدا باشقا بىرسىنىڭ — ئېڭىشىپ قارىدۇق — ماغدۇرى قالمىغان ياش بىر ئەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى. كاۋبوي كىيىملىك بۇ قىز قولىنى زادى قويۇۋەتمەستىن، بىزنىڭ ياردىمىمىز بىلەن ماشىنىدىن سىرتقا چىقتى، ئاندىن تۇتۇۋالغان قولغا قاراپ ئېڭىشتى ۋە ئۇنى تارتىپ سىرتقا چىقىرىشقا تىرىشتى. ئەمما كۆرۈۋاتاتتۇق، قارشى ماڭغان ئاپتوبۇستىكى بۇ يىگىت نىكېل قاپلىق پولات چىۋىقلارنىڭ، كاردون قەغەزدەك قاتلانغان سىرلاقلىق قاڭالتىرلارنىڭ ئارىسىدا مىجىلىپ قالغانىدى. بىر دەمدىن كېيىن بىزگە، قاراڭغۇ ۋە يامغۇرلۇق دۇنياغا تەتۈر قاراپ ئۆلدى.

ئۇزۇن چاچلىق قىزنىڭ يۈزىدىن، كۆزىدىن قان ئارىلاش يامغۇر سۇلىرى ئېقىۋاتاتتى. بىز قوراملىق بولسا كېرەك. يامغۇردا سۇس قىزىللاشقان چىرايىدا ئۆلۈم بىلەن ئۇچراشقان بىرسىدىن بەكرەك، ھەيرانلىقتا قالغان بىر كىچىك بالىنىڭ ئىپادىسى بار ئىدى. كىچىك، ھۆل قىز، سەن ئۈچۈن بىز كۆپ پەرىشان بولدۇق. ئۇ شۇ ئان بىزنىڭ ئاپتوبۇستىن چۈشكەن يورۇقلۇقتا ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان ئۆلگەن ئەرگە قاراپ:

---

[1] HEMENVARAN — "تېز بارىدىغان" دېگەن مەنىدە. — ت.

— دادام، دادام ئەمدى قاتتىق ئاچچىقلىنىدۇ، — دېدى.

قىز ئۆلگەن يىگىتنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى، ئاندىن بۇرۇلۇپ جانانىنىڭ يۈزىنى قوللىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، ئۇنى يۈز يىلدىن بۇيان تونۇش، گۇناھسىز بىر سىڭلىسىنى سىلىغاندەك سىلىدى.

— پەرىشتە، — دېدى ئۇ، — ئاخىرىدا، يامغۇردا، شۇنچە سەپەردىن كېيىن سېنى ئاخىر تاپتىم.

ئۇنىڭ قانغا مىلەنگەن گۈزەل چىرايى جانانغا ھەيرانلىق، سېغىنىش، بەختىيارلىق بىلەن قارايتتى.

— مېنى دائىم كۆرىدىغان، ئاللىقانداق بىر يەردە ئالدىمدا تۇيۇقسىز كۆرۈنۈپ قويۇپ، ئاندىن غايىب بولىدىغان، غايىب بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئىزدىتىدىغان نىگاھ سېنىڭ نىگاھىڭ ئىدى، — دېدى قىز، — پەرىشتە، سەن بىلىسەن، سېنىڭ نىگاھىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقتۇق، سېنىڭ بۇ ئىللىق نىگاھىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئاپتوبۇسلاردا كېچىنى ئۆتكۈزدۇق، شەھەرمۇ شەھەر كەزدۇق، كىتابنى يېنىش-يېنىشلاپ ئوقۇدۇق...

جانان بىر ئاز ھەيران، بىر ئاز دېلىغۇل بولۇپ قالدى، ئەمما خاتالىقنىڭ يوشۇرۇن گېئومېترىيىسىدىن مەمنۇن بولدى ۋە ھەسرەتلىك، سۇس كۈلۈمسىرىدى.

— كۈل ماڭا، — دېدى مەن ئۆلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بولغان، ئۆلۈۋاتقان كاۋبوي كىيىملىك قىز، — پەرىشتە، ماڭا قاراپ كۈلگىنىڭ، ئۇ دۇنيانىڭ نۇرىنى يۈزۈڭدە بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋالاي. ماڭا قارلىق قىش كۈنلىرىدە سومكا كۆتۈرۈپ مەكتەپتىن قايتىۋاتقاندا چۈرەك[1] ئېلىش ئۈچۈن كىرگەن دۇكاندىكى

[1] چۈرەك — ياغ، شېكەر، تۇخۇم بىلەن يۇغۇرۇلغان خېمىردىن قىلىنغان، گىردىگە ئوخشاش يۇمىلاق يېمەكلىك، — ت.

دوخوپكىنىڭ ئىسسىقلىقىنى ئەسلەت؛ ئىسسىق ياز كۈنىدە پورت كۆۋرۈكىدىن دېڭىزغا خۇشال سەكرىگىنىمنى ئەسلەت؛ ماڭا تۇنجى سۆيۈشىنى ئەسلەت؛ تۇنجى قۇچاقلاشىنى، ئۆزۈم يالغۇز تاكى ئۇچىغىچە چىققان ياغاچ دەرىخنى، كۆكۈللۈك ياز ئاخشىمىنى، شادلىقتىن مەست بولغان كېچىنى، يوتقىنىمىنىڭ ئىچىنى ۋە ماڭا سۆيۈملۈك قارىغان چىرايلىق بالىنى ئەسلەت. ھەممىسى ئۇ دىياردا، مەنمۇ ئۇ يەرگە كېتىشنى ئارزۇ قىلىمەن، ياردەم قىل، ياردەم قىلغىنىكى، ھەر نەپەس ئېلىشتا بىر ئاز يېنىكلىشىمنى خۇشال كۈتىۋېلىشقا مۇيەسسەر بولاي.

جانان ئۇنىڭغا يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى.

— سىلەر پەرىشتىلەر، — دېدى قىز قوناقلىقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئۆلۈم ۋە ئەسلەش پەرىيادلىرى ئىچىدە، — سىلەر نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، نېمىدېگەن رەھىمسىز، ئەمما گۈزەل! بىز ھەر سۆز، ھەر نەرسە، ھەر ئەسلەش بىلەن ئاستا-ئاستا قۇرۇپ، توپا-توزان بولۇپ تۈگىگەندە سىلەر ۋە تۈگىمەس نۇرۇڭلار تەگكەن ھەر يەر قانداقمۇ ۋاقىتتىن تاشقىرى بىر ھۇزۇرنىڭ ئىچىدە قالسۇن. شۇڭا كىتابنى ئوقۇيلى دەپ ئوقۇدۇق، تەلەيسىز ئاشىقىم بىلەن مەن ئاپتوبۇس دېرىزىلىرىدىن نىگاھىڭلارنى ئىزدىدۇق. سېنىڭ نىگاھىڭنى ئەمدى كۆرۈۋاتىمەن پەرىشتە، كىتاب ۋەدە قىلغان تەڭداشسىز پەيت مۇشۇ ئىكەن. ئىككى دىيار ئارىسىدىكى بىر ئۆتكۈنچى ۋاقىت ئۇ يەردىمۇ، بۇ يەردىمۇ ئەمەس دەل مۇشۇ يەردىكەن؛ مەن ھازىر ھەم ئۇ يەردە، ھەم بۇ يەردە تۇرۇۋاتقاندا "ۋىدالىشىش" دېگەنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋاتىمەن؛ ھۇزۇرنىڭ، ئۆلۈمنىڭ ۋە ۋاقىتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى خۇشال ھالدا ھېس قىلىۋاتىمەن. پەرىشتە، ماڭا قاراپ تېخىمۇ بەكرەك كۈلگىن.

ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغانلىقىنى بىر ھازا ئەسلىيەلمىدىم. ھېلىقى كۆكۈللۈك مەستلىكىنىڭ ئاخىرىدا كاللا خېلىلا قاپاق بولۇپ،

ئەتىسى ئەتىگىنى"مانا ئۇ يەردە فىلىم ئۈزۈلدى" دەيدىغان گەپ بارغۇ، كاللامغىمۇ شۇنداق بىر نەرسە كەلگەنىدى. ئاۋۋال ئاۋاز ئۆچتى، خىيالىمدا قىز بىلەن جانانىنىڭ بىر-بىرىگە قانداق نەزەر سېلىشقانلىرىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتىم. ئاۋازنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنۈشمۇ بىردەم يوقالغان بولسا كېرەك، كۆرگەنلىرىم تاسادىپىيلىقلىرىم ئارىسىغا ئارىلاشماي، ھېچقانداق خاتىرىلەنمەيلا يوقاپ كەتتى.

كاۋبوي كىيىملىك قىزنىڭ سۇ ھەققىدە گەپ قىلغانلىقى غۇۋا ئېسىمدە ئىدى، قوناقلىقتىن قانداق ئۆتتۇقكى، بىر دەريا بويىغا كەلدۇق، بۇ يەر بىر دەريا ياكى پاتقاقلىق ئۆستەڭ بولغىيمىدى، توختام سۇنىڭ ئۇستىگە چىپ-چىپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىنى ۋە سۇدا ھاسىل بولغان ھالقىلارنى قەيەردىندۇر كەلگەن كۆك نۇرنىڭ ئىچىدە كۆرۈۋاتقانلىقىمنى بىلەلمەيۋاتاتتىم.

بىر دەمدىن كېيىن كاۋبوي كىيىملىك قىزنىڭ جاناتنىڭ يۈزىنى يەنە قوللىرىنىڭ ئارىسىدا تۇتقىنىنى كۆردۈم، ئۇنىڭغا بىر نەرسىلەرنى پىچىرلايتتى، ئەمما ئاڭلىيالمايتتىم ياكى چۈشتىكىدەك پىچىرلانغان سۆزلەر ماڭا ئاڭلانمايۋاتاتتى. ئىككىسىنى يالغۇز قويۇشۇم كېرەكلىكىنى قانداقتۇر بىر گۇناھ تۇيغۇسىدا ئويلىدىم. ئۆستەڭ بويىغا بىر-ئىككى قەدەم تاشلىدىم، ئەمما پۇتلىرىم بىر پاتقاققا پېتىۋاتاتتى. كالانپاي قەدەملىرىمدىن ئۈركىگەن بىر توپ پاقا بىر-بىرلەپ ئېگىزگە سەكرەپ ئۆزلىرىنى سۇغا ئېتىشتى. سۇ ئۇستىدە پۇرلىشىپ كەتكەن بىر تاماكا قېپى ئاستا-ئاستا يېقىنلاشتى. ئۇ بىر مالتەپە[1] قېپى ئىدى، ئوڭ-سولىغا تەگكەن يامغۇر تامچىلىرىدىن ئارىلاپ-ئارىلاپ شۇنداق بىر سىلكىنەتتى، ئاندىن ئۆزىدىن خاتىرجەم ۋە مەغرۇر ھالدا ناتونۇشلار دىيارىغا

---

[1] مالتەپە — تۈركلەرنىڭ خۇشپۇراق، قاپلىق تاماكىسى، — ت.

ھەيـۋەت بىـلەن ئىلگىرلەيتتـى. غـۇۋا كـۆرۈش دائىـرەم ئىچىـدە تىپىرلاۋاتقانـدەك كۆرۈنگەن جانان بىلەن قىزنىڭ كـۆلەڭگىلىرى ۋە بۇ تاماكا قېپىدىن باشقا ھېچقانـداق نەرسىنى ئىلغا قىلالمايتتىم. ئانـا، ئانـا، ئۇنـىڭ بىـلەن سۆيۈشـتۈم ۋە ئۆلـۈمنى كـۆردۈم دېـدىم ئۆزۈمگە، جانانىنىڭ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

— يـاردەم قىـل، — دېـدى جانـان ماڭـا، — يـۈزىنى يۇيىۋېتەي، دادىسى قانلارنى كۆرمىسۇن.

قىزنى كەينىدىن تۇتتۇم، مۇرىسى سۇنغانىدى. تاماكـا قېپـى ئېقىپ كەلگەن سۇدىن ئوچۇملاپ ئالغان جانانىنىڭ قىزنىڭ يـۈزىنى يۇيۇشـىنى، پېشانىسىدىكى قـاننى مېھرىبـانلىق بىـلەن سـۈرتۈپ تازىلـىشىنى، ھەرىكەتلىرىـدىكى ئىنچىكىلـىك، ئېھتىياتچـانلىق، گـۈزەللىكنى قـانغۇچە تاماشـا قىلـدىم. قىزنىـڭ قېنىنىـڭ توختىمايـدىغانلىقىنى بىلـدىم. قىـز بىـزگە كىچىـك ۋاقىتلىرىـدا مومىسىنىڭ ئۆزىنى مانـا مۇشـۇنداق يۇيغـانلىقىنى ئېيتتى. ئـۇ بىـر چـاغلاردا كىچىـك ئىـدى، سـۇدىن قورقـاتتى، ئەمـدى چـوڭ بولغانىدى، سۇنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۆلۈۋاتاتتى.

— ئۆلۈمـىدىن ئـاۋۋال سىلەرگە دەيـدىغان گېپىم بـار، — دېدى ئۇ، — مېنى ئاپتوبۇسقا ئاپىرىڭلار.

ئىككى پۈكلىنىپ تەتۈر ياتقان ئاپتوبۇسنىڭ ئەتراپىدا ئەمـدى تېـز، ھـارغىن بىـر بـايرام كېچىسىنىڭ ئاخىرىـدا كۆرۈلـىدىغان قارارسىز ئادەملەر توپى بار ئىدى. ئىككى-ئۈچ كىشى قانداقتۇر بىر مەقسەت بىلەن ئاستا-ئاستا تىپىرلايتتـى، بەلكىم بىـر جەسـەتنى خـۇددى چامـادان توشـىغانـدەك يۆتكىشىۋاتاتتى. بىـر ئايـال كۆڭلـۈكىنى ئاچقـان قولىـدا پلاستىك سومكا تۇتـۇپ، يىگـى بىـر ئاپتوبۇسنى كۈتۈۋاتقانـدەك قىلاتتـى. بىزنـىڭ قاتىـل ئاپتوبۇسنىڭ يولـۇچىلىرى بىـلەن زىيانغـا ئۇچرىغـان ئاپتوبۇسـنىڭ بەزى يولۇچىلىرى ئەبجىقى چىققان ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە، چامادانلار،

ئۆلۈكلەر ۋە باللار ئارىسىدا قالغانلارنى سىرتقا، يامغۇرنىڭ ئىچىگە تارتىشقا تىرىشۋاتاتتى. ئۆلەي دەپ قالغان قىز بايا تۇتقان قول بولسا قويۇۋېتىلگەن پېتى تۇراتتى.

قىز ئېچىنىشتىن بەكرەك بىر خىل بۇرچ ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئاپتوبۇسقا كىرىپ، ئۇنىڭ قولىنى مېھرىبانلىق بىلەن تۇتتى.

— ئاشىقىم ئىدى، — دېدى قىز، — كىتابنى مەن باشتا ئوقۇدۇم، مەپتۇن بولدۇم، قورقتۇم. خاتا قىلدىم، ئۇنىمۇ مەندەك مەپتۇن بولىدۇ دەپ ئويلاپ كىتابنى ئۇنىڭغا ئوقۇشقا بەردىم. دەرۋەقە ئۇ مەپتۇن بولدى، ئەمما بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلمىدى، ئۇ دىيارغا كېتىشنى ئارزۇ قىلدى. بۇنىڭ بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى ئېيتساممۇ ئۇنى قايىل قىلالمىدىم. ئۇ ئاشىقىم ئىدى، سەپەرگە چىقتۇق، شەھەرمۇ شەھەر ئايلاندۇق، ھاياتنىڭ يۈزەكى تەرەپلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق، رەڭلەر يوشۇرغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە كىردۇق، ئاساسلىق بولغىنىنى ئىزدىدۇق، ئەمما تاپالمىدۇق. ئارىمىزدا جېدەل چىقىشقا باشلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىزدىنىشلىرىدە يالغۇز تاشلاپ قويدۇم، ئۆيگە، ئاتا-ئانامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتتىم. سۆيگىنىم ئاخىر يېنىمغا قايتىپ كەلدى، ئەمما پۈتۈنلەي باشقا بىر ئادەم بولۇپ قايتقانىدى. ماڭا ئۇ كىتابنىڭ ناھايىتى كۆپ ئادەمنى ئازدۇرغانلىقىنى، ناھايىتى كۆپ تەلەيسىزنىڭ ھاياتىنى قايمۇقتۇرغانلىقىنى، بارلىق يامانلىقلارنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئەمدى ئۇ ئاشۇ بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ۋە ھاياتنى بەربات قىلىشقا 'سەۋەپ بولغان ئۇ كىتابتىن ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەم قىلغانىدى. ئۇنىڭغا كىتابنىڭ بىرەر جىنايىتى يوقلۇقىنى ئېيتتىم، بۇنىڭدەك نۇرغۇن كىتابنىڭ بارلىقىنى ئېيتتىم. 'مۇھىمى ئىنسان شۇ كىتابنى ئوقۇغاندا كۆرگەن نەرسىلەر' دەپمۇ ئۇنىڭغا گەپ ئاڭلىتالمىدىم. ئالدانغان

بەختسىزلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش سەۋداسى ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغانىدى. ئۇ ماڭا دوكتور نارىن ھەققىدە گەپ قىلدى، ئۇنىڭ كىتابقا قارشى قىلغان ئۇرۇشلىرى، بىزنى يوقىتىۋاتقان چەت ئەل مەدەنىيەتلىرىگە، غەربتىن كېلىۋاتقان يېڭى نەرسىلەرگە ۋە ماقالە-ئەسەرلەرگە قارشى كۆرەشلىرى ھەققىدە توختالدى... ئۇ ھەر خىل سائەتلەر، كونا نەرسىلەر، قارلىغاچ قەپەزلىرى، قول تۆگمەنلىرى، قۇدۇق چىغىرىقلىرى توغرۇلۇق گەپ قىلاتتى؛ چۈشەنمەيتتىم، ئەمما ئۇنى سۆيەتتىم؛ ئۇنىڭ ئىچىنى ئۆچمەنلىك قاپلىۋالغانىدى، ئەمما يەنىلا مېنىڭ قەدىرلىك سۆيگىنىم ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، گۆدۆل ناھىيىسىدە"مەقسەتلىرىمىز" ئۈچۈن مەخپىي بىر ئۇقەتچىلەر يىغىنى بار دېگەن ھامان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. دوكتور نارىننىڭ ئادەملىرى بىزنى تېپىپ ئۇنىڭ قېشىغا ئاپىراتتى... ئەمدى ئۇ يەرگە بىزنىڭ ئورنىمىزدا سىلەر بېرىڭلار... كىتابقا ۋە ھاياتقا خائىنلىق قىلىشنى توختىتىڭلار. دوكتور نارىن بىزلەرنى بۇ ئىشقا ئىخلاس قىلغان ياش مەش سودىگەرلىرى دەپ كۆتۈۋاتىدۇ. كىملىكلىرىمىز ئاشىقىمنىڭ چاپىنىنىڭ ئىچ يانچۇقىدا... بىزنى ئېلىشقا كېلىدىغان ئادەمدىن OPAساقال سوپۇنى پۇرايدۇ.

يۈزى يەنە قانلار ئىچىدە قالغان قىز قولىدىكى ئۆلۈك قولنى سۆيدى، سىيلىدى ۋە يىغلاشقا باشلىدى. جانان ئۇنى مۈرىسىدىن تۇتتى.

—مەنمۇ گۇناھكار، پەرىشتە،—دېدى قىز،—سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى ئېتىراپ قىلمايمەن. ئاشىقىمغا ئالدىنىپ ئارقىسىدىن ماڭدىم، كىتابقا خىيانەت قىلدىم. ئۇ مەندىنمۇ بەكرەك گۇناھكار بولغانلىقى ئۈچۈن سېنى كۆرەلمەي ئۆلدى. ئەمما دادام قاتتىق ئاچچىقلىنىدۇ، مەن سېنىڭ قولۇڭدا ئۆلىدىغانلىقىم ئۈچۈن بەختلىكمەن.

جانان ئۇنىڭغا ئۆلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما بىز كۆرگەن فىلىملەردە ئۆلگەنلەر ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغانلىقلىرىنى ھېچقاچان ئېلان قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۆلۈم بىزگە خېلىدىن بېرى ئىشەندۈرگۈچى بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى. پەرىشتە رولىدىكى جانان خۇددى ئاشۇ فىلىملەردىكىدەك، قىزنىڭ قولىنى ئۆلۈك يىگىتنىڭ قولى بىلەن چىڭ تۇتاشتۇردى. كېيىن قىز ئاشىقىنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە ئۆلدى.

جانان دۇنياغا تەتۈر قارىغان يىگىتنىڭ جەستى يېنىغا كىردى، بېشىنى ئاپتوبۇسنىڭ پارتلىغان ئەينىكىدىن ئىچىگە تىقىپ، ئۇ يەردە بىر ھازا بىر نەرسە ئىزدىدى، يۈزىدە بەختلىك بىر كۈلۈمسىرەش، قولىدا يېڭى كىملىكلىرىمىزنى ئېلىپ بىزنىڭ يامغۇرلۇق دۇنيايىمىزغا قايتىپ كەلدى.

جانانىڭ يۈزىدە ئۇ بەختلىك تەبەسسۇمنى كۆرگەن ھامان نەقەدەر ئامراقلىقىم كېلەتتى جانانغا، چوڭ ئاغزىنىڭ چۆرىسىدە، چىرايلىق چىشلىرى ئاخىرلاشقان يەر بىلەن لەۋلىرىنىڭ سىلىق ئېچىلىشى بىرلەشكەن نۇقتىلاردا ئاغزىنىڭ ئىككى قاراڭغۇ نۇقتىسىنى كۆرەتتىم. جانان كۈلگەندە مىيىقىدا نامايان بولىدىغان ئۇ ئىككى سۆيۈملۈك زىناق!

ئۇ مېنى بىر قېتىم سۆيگەنىدى، مەن ئۇنى بىر قېتىم سۆيگەنىدىم، ئەمدى يامغۇر ئاستىدا يەنە بىر قېتىم سۆيۈشۈشنى ئارزۇ قىلىدىم، ئەمما ئۇ مەندىن ئاستا يىراقلاشتى. ”يېڭى ھاياتىمىزدا سېنىڭ ئىسمىڭ ئەلى قارا، مېنىڭ ئىسمىم ئەپسۇن قارا، — دېدى ئۇ قولىدىكى كىملىكلەرنى ئوقۇۋېتىپ، — نىكاھ گۇۋاھنامىسىمۇ بار“. ئۇ يەنە بىز ئىنگلىزچە دەرستە ئاڭلايدىغان مېھرىبان، ئوڭلۇق ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن: ”ئەپەندى ۋە خانىم قارا ئوقەتچىلەر يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن گۇدۇل ناھىيىسىگە كېتىۋاتىدۇ“ دەپ كۈلۈمسىرىدى.

# 7

تۆگىمەس ياز يامغۇرىدىن ۋە ئۇچ ئاپتوبۇس ئالمىشىپ، ئىككى شەھەردىن ئۆتكەندىن كېيىن گۇدۇل ناھىيىسىگە باردۇق. پاتقاقلىق گاراژلاردىن ناھىيە بازىرىنىڭ تار پىيادىلەر يولىغا چىققاندا باش ئۈستۈمدە غەلىتە بىر ئاسماننى كۆردۈم؛ ئوتتۇرىغا تارتىلغان ئاق لوزۇنكىدا باللار يازلىق قۇرئان كۇرسىغا چاقىرىلىۋاتاتتى. مونوپول قىلىنغان سودا ـ سېتىق ۋە تەنتەربىيە لاتارىيىسى دۇكىنىنىڭ ئالدىدا قارنى كۆپۈپ كەتكەن ئۈچ چاشقان ئۆلۈكى رەڭلىك ئىچىملىك قۇتىلىرى ئارىسىدا چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ياتاتتى. دورىخانىنىڭ ئىشكىگە سىياسىي جىنايەتلەردىن كېيىنكى دەپنە مۇراسىملىرىدا ياقىلارغا تاقاپ قويۇلىدىغان ئېلانلارغا ئوخشاش رەسىملەر چاپلانغانىدى. ئاستىلىرىدا تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى يېزىلغان ئۆلۈكلەر جانانغا كونا يەرلىك فىلىملەردىكى ياخشى بايلارنى ئەسلەتتى. ئۆزىمىزنى ھۆرمەتكە سازاۋەر بىرەر ياش بايدەك كۆرستىش ئۈچۈن دۇكانغا كىرىپ بىر پلاستىك قول سومكىسى ۋە نىلون كۆڭلەكلەر ئالدۇق. بىزنى ئۇدۇل مېھمانخانىغا ئاپىرىدىغان تار يوللاردا كاشتان دەرىخى ھەيران قالغۇدەك تەرتىپتە تىزىلغانىدى. بىرىنىڭ سايىسىدىكى لەۋھەدە "لازىر(نۇرى) بىلەن ئەمەس، قول بىلەن سۈننەت قىلىمىز" دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇغان ھامان جانان"بىزنى كۈتۈۋاتىدۇ" دېدى. مەن رەھمەتلىك ئەلى قارا بىلەن ئەپسۇن قارىنىڭ يانچۇقۇمدىكى نىكاھ گۇۋاھنامىسىنى تەييارلاۋاتاتتىم. "ئىقبال مېھمانخانىسى"نىڭ گېتلىرچە بۇرۇت قويغان ئۇششاق ـ چۇششەك رەسمىيەت خادىمى گۇۋاھنامىنى ئىنچىكە تەكشۈردى.

— ئوقەتچىلەر يىغىنىغا كەلدىڭلارمۇ؟ ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپتىكى

ئىچىلىش مۇراسىمىغا كەتتى. بۇ سومكىدىن باشقا چامادان يوقمۇ؟— دېدى ئۇ.

— چامادانلىرىمىز ئاپتوبۇس ۋە يولۇچىلار بىلەن بىللە كۆيۈپ كەتتى، ئوتتۇرا مەكتەپ قەيەردە؟— دېدىم مەن.

— ئاپتوبۇسلارنىڭ كۆيۈشى تەبىئىي، ئەلى بەگ، — دېدى خادىم، — بۇ بالا سىزگە ئوتتۇرا مەكتەپنى كۆرسىتىپ قويىدۇ.

بىزنى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئېلىپ كېتىۋاتقان بالا بىلەن جانان يېقىن پاراڭلاشتى:

— ئۇ قارا كۆزەينەك سىنىڭ دۇنيايىڭنى قارايتامدۇ؟

— قارايتمايدۇ، — دېدى بالا، — چۈنكى مەن مەيكېل جېكسون.

— ئاناڭ بۇنىڭغا نېمە دەيدۇ؟ — دېدى جانان، — قارا، ئاناڭ ساڭا شۇنچە چىرايلىق بىر جىلىتكە توقۇپ بېرىپتۇ.

ئانام ئارىلىشالمايدۇ! — دېدى بالا.

نامى بەيئوغلى بىنالىرىدىكىدەك يېنىپ ئۆچىدىغان نېئون لامپىلىرى بىلەن يېزىلغان "كەنان ئەۋرەن[1] ئوتتۇرا مەكتىپى"گە بارغىچە "مەيكېل جېكسون"دىن مۇنۇلارنى ئۇقتۇق: ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇيتتى، دادىسى مېهمانخانا ئىگىسى باشقۇرۇۋاتقان كىنوخانىدا ئىشلەيتتى، ئەمما هازىر يىغىن بىلەن مەشغۇل ئىدى؛ پۈتكۈل ناهىيە ئوقەتچىلەر يىغىنى بىلەن مەشغۇل ئىدى. بەزىلىرى بولسا بۇ ئىشقا قارشى چىقىۋاتاتتى؛ چۈنكى هاكىم: "مەن هاكىم بولغان يەرگە داغ كەلتۈرمەيمەن!"دېگەنىدى.

"كەنان ئەۋرەن ئوتتۇرا مەكتىپى"دىكى كۆرگەزمىدە ۋاقىتنى ساقلايدىغان ئاپپاراتنى، رەڭسىز تېلېۋىزورنى رەڭلىككە

---

[1] ئەۋرەن — ئالەم دېگەن مەنىدە. كەنان ئەۋرەن— تۈركىيىنىڭ گېنېرالى هەم جۇمهۇر باشكانى بولغان، — ت.

ئايلاندۇرىدىغان سېھىرلىك ئەينەكنى، تۈركىيىنىڭ ھەر قانداق مەھسۇلاتىنىڭ تەركىبىدە چوشقا گۆشىنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ چىقالايدىغان تۇنجى ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش ئەسۋابىنى، پۇراقسىز ساقال ئەتىرىنى، ئاپتوماتىك گېزىت كېسىدىغان قايچىنى، ئۆي ئىگىسى ئۆيگە كىرەر-كىرمەيلا ئۆزلۈكىدىن ئىسسىيدىغان مەشنى ۋە ئەزان تىۋۋلاش مۇنارى، مەزىن، ئاۋاز ياڭراتقۇ ۋە غەربلىشىش-ئىسلاملىشىش مەسلىسىنى زامانىۋى ھەم تېجەشلىك يول بىلەن بىراقلا ھەل قىلىۋەتكەن مېخانىك سائەتنى كۆردۇق. بىز بىلىدىغان كاككۇكلۇق سائەتنىڭ قۇشى ئورنىغا ئەنئەنىۋى مېخانىكا بويىچە ھەرىكەتلىنىدىغان ئىككى قورچاق ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ناماز ۋاقىتلىرىدا ئەزان پەشتىقى شەكلىدىكى بىرىنچى قەۋىتىدە كۆرۈنۈپ ئۈچ قېتىم ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەيدىغان كىچىك بىر”مەزىن“ ۋە سائەت باشلىرىدا يۇقىرىدىكى پەشتاقتا كۆرۈنۈپ ”مەن تۈرك دەيدىغانلار نېمىدېگەن بەختلىك، مەن تۈرك، مەن تۈرك!“ دەيدىغان گالىستۇكلۇق، بۇرۇتى يوق بىر كىچىك قورچاق ئەپەندى بار ئىدى. سۈرەت ساقلاش ئەسۋابىنى كۆرۈپ، كىشلەرنىڭ دېگىنىدەك، بۇ كەشپىياتلارنىڭ پۈتۈنلەي يەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغانلىقىدىن شۈبھىلەندۇق. بۇ كەشپىياتلاردىن كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئاتىلار، تاغىلار، ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ كاللىسى ئىبلىشىپ قالاتتى.

ئىچ-ئىچىگە كىرىشكەن ئاپتوموبىل چاقىنىڭ قاسقىنى بىلەن تاش كامىر ئارىسىغا يۈزلەرچە قول ئەينىكى ئۆزئارا چىقىش يولى تار بىنا شەكىللەندۈرىدىغان ھالەتتە تىزىلغان بولۇپ، نۇر مۇشۇ خىيالىي ئەينەكلەر بىناسىدىكى بىر نۇقتىغا يىغىلاتتى، قاپقىقى ئېتىلگەن ھامان بىچارە نۇر ئەينەكلەر ئارىسىدا قايتىشقا ھامان مەجبۇر بولاتتى. كېيىن، كۆڭلۈك قاچان خالىسا شۇ چاغدا

ئېتىكلىك تۆشۈككە كۆزۈڭنى تۇغرىلاپ، قاپقىقنى ئاچساڭ، ئىچىدىكى كۆرۈنۈشنى، مەيلى قانداق كۆرۈنۈشى بەند قىلىنغان بولسۇن ئىچىدىكى ھەممىنى كۆرەتتىڭ. بىر چىنار دەرىخى، كۆرگەزمىنى كۆرۈۋاتقان پاراڭچى مۇئەللىم، توڭلاتقۇ دۇكىنىنىڭ سېمىز دۇكاندارى، يىرىڭلىق چاقا بېسىپ كەتكەن ئوقۇغۇچى، بىر ئۇستاكان لىمون شەربىتى ئىچىۋاتقان مۇلكىيەت خادىمى، ئايران[1] تولدۇرۇلغان كومزەك، ئەۋرەن پاشانىڭ سۈرىتى، ئاپپاراتقا قاراپ كۈلۈۋاتقان چىشى يوق كۈتكۈچى، قارامتۇل بىر ئادەم، شۇنچە سەپەر قىلغىنىغا قارىماي تېنى پارقىراپ تۇرغان گۈزەل ۋە مەپتۇنكار جانان ياكى ئۆز كۆزۈڭ، مانا ئۇنى يېڭىدىن كۆرۈۋاتاتتىڭ.

ئاپپاراتقا ئەمەس، كۆرگەزمىگە قاراۋاتقاندا باشقا ئىشلارنىمۇ كۆردۇق: مەسىلەن، كاتەكچە چاپانلىق، ئاق كۆڭلەكلىك، گالستۇكلۇق بىر ئادەم نۇتۇق سۆزلەۋاتاتتى. خالايىقنىڭ زور كۆپچىلىكى كىچىك توپ شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بىر-بىرىگە ۋە بىزگە سىنچىلاپ قارىشاتتى. چېچىغا قىزىل لېنتا چىگىۋالغان كىچىك بىر قىز بېشىغا ياغلىق چىگكەن، گەۋدىلىك ئانىسىنىڭ پېشىدە بىرئازدىن كېيىن ئوقۇيدىغان شېئىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. جانان ماڭا يېقىنلاشتى. ئۇچىسىدا بىز كاستامونۇ[2]دىن ئالغان، سۈمەربانك[3] نۇسخىسىدىن ئاچ يېشىل رەڭلىك بىر يوپكا بار ئىدى. ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، بىلىسەن

---

[1] ئايران— سۈلۈق قېتىق، — ت.

[2] كاستامونۇ— غەربىي قارا دېڭىز رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىدا، قارا دېڭىز بويلىرى بىلەن ئىلگاز تاغلىرىنىڭ چوققا پاسىلى ئارىسىغا سوزۇلغان، زېمىنىنىڭ كىچىك بىر قىسمى دەۋرەز چايىنىنىڭ جەنۇبىغا تۇتىشىدىغان بىر ۋىلايەت، — ت.

[3] سۈمەر بانك— تۈركىيىدە 1933-يىلى 7-ئايدا قۇرۇلغان بانكا؛ بۇ يەردە شۇ بانكىنىڭ خىزمەت كىيىمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، — ت.

پەرىشتە. ئايران ئىچتۇق. ئاشخانىدىكى تۇمانلىق ئاخشام يورۇقىغا ئېرەڭسىز، ھارغىن، ئۇيقۇچان ھالدا قارىدۇق. ئۇ يەردە بىر خىل مەۋجۇتلۇق مۇزىكىسى، ھايات ئۇچۇرى، تېلېۋىزور ئېكرانى بولغاچقا، ئۇلارنى ئىچكىرىلەپ چۈشىنىشكە تىرىشاتتۇق.

بۇ يېڭى تېلېۋىزور دوكتور نارىنىڭ تۆھپىسى، — دېدى كېيىنەك شەكىللىك گالستۇك تاقىغان بىر ئادەم. ئۇ ماسون[1] تەشكىلاتىنىڭ ئادىمىمىدۇ؟ بۇ تەشكىلات ئادىمىنىڭ كېپىنەك شەكىللىك گالستۇك تاقايدىغانلىقىنى بىر گېزىتتە ئوقۇغانىدىم.

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟— دەپ سورىدى مەندىن ۋە بەلكى جانانغا مەندىن بەكرەك قاراشتىن تەپ تارتقانلىقى ئۈچۈن پېشانەمگە دىققەت بىلەن قارىدى.

— ئەلى قارا ۋە ئەپسۇن قارا، — دېدىم مەن.

— ناھايىتى ياش ئىكەنسىلەر. دەردمەن ئوقەتچىلەر ئارىسىدا بۇنداق ياشلارنىڭ بولۇشى بىزنى ئۈمىدلەندۈرىدۇ.

— ياشلىقتا ئەمەس، يېڭى بىر ھاياتقا ۋەكىللىك قىلىۋاتىمىز، ئەپەندىم، — دېدىم.

— بىز دەردمەن ئەمەس، ساغلام ئىمانلىق، — دېدى بەستلىك، كېلىشكەن، كوچىدا ئوتتۇرا مەكتەپ قىزلىرى سائىتىنىڭ قانچە بولغانلىقىنى سوراپ بېقىشقا يارىغۇدەك روھلۇق بىر تاغا.

شۇنداق قىلىپ بىزمۇ كۆپچىلىككە قېتىلدۇق. چېچىغا لېنتا چىگىۋالغان قىز مەيىن ياز شامىلىدەك بوش ئاۋازدا شېئىرىنى ئوقۇدى. يەرلىك فىلىملەردە ياخشى ناخشىچى بولالىغۇدەك كېلىشكەن يىگىت خۇددى سەپكە تىزىلىۋاتقان ئەسكەردەك چاققانلىق بىلەن بۇ رايوندىكى سەلجۇق مۇنارلىرى، تۈرنىلار،

---

[1] ماسون— كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى غايە قىلغان بىر خەلقئارالىق تەشكىلات، — ت.

قۇرۇلۇۋاتقان ئېلېكتىر ئىستانسىسى ۋە چەت مەھەللىلەرنىڭ بەرىكەتلىك ئىنەكلىرى ھەققىدە توختالدى. ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئاشخانا شىرەلىرىدە ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ بايقاشلىرىنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندا، دادىسى ياكى ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ غۇرۇر بىلەن بىزگە قارايتتى. ئايران ۋە لىمون ئىستاكانلىرىنى كۆتۈرۈپ بولۇڭلارغا يىغىلدۇق؛ بىر-بىرىمىزگە سوقۇلدۇق، قول سىقىشتۇق. بىلىنەر-بىلىنمەس ھاراق ھىدى ۋە OPA ھىدىنى پۇرىدىم، ئەمما كىمدىن، كىملەردىن؟ دوكتور نارىننىڭ تېلېۋىزورىغا قارىدۇق. دوكتور نارىن ھەققىدە كۆپرەك گەپ بولۇۋاتاتتى، ئەمما ئۆزى بۇ يەردە يوق ئىدى.

قاش قارايغاندا ئەرلەر ئالدىدا، ئاياللار كەينىدە ئاشخانىغا بېرىش ئۈچۈن ئوتتۇرا مەكتەپتىن چىقتۇق. بازارنىڭ قاراڭغۇ كوچىلىرىدا جىمجىت بىر دۈشمەنلىك بار ئىدى. تېخىچە تاقالمىغان ساتىراشخانا ۋە باققال دۇكانلىرىنىڭ ئىشىكلىرىدىن، تېلېۋىزورى ئوچۇق قەھۋەخانىدىن ۋە لامپىلىرى يېنىۋاتقان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ دېرىزىلىرىدىن كۆزىتىلىۋاتاتتۇق. كېلىشكەن ئوقۇغۇچى كېيىنى قىلغان تۇرنىلاردىن بىرى مەيداندىكى مۇنارىدىن ئاشخانىغا كىرىۋاتقان بىزگە تىكىلىپ تۇراتتى. قىزىقىش بىلەن؟ دۈشمەنلىك بىلەن؟

بۇ ئاشخانا تاملىرىغا تۆرك ئۇلۇغلىرىنىڭ شەرەپكە تولغان تارىخى، بىزگە تەۋە دېڭىز ئاستى، ئۇسكەك پۇتبولچىلار، كۆك ئەنجۈرلەر، ساپسېرىق ئاموتلار ۋە بەختلىك قويلارنىڭ رەسىملىرى ئېسىلغان، ئەينەك ئىدىش، گۈل تەشتەكلىرى بار ئوبدان بىر يەر ئىدى. بىر چاغدا بۇ يەر بايلار ۋە خوتۇنلىرى ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار، بىزنى ياخشى كۆرگەنلەر ۋە بىزگە ئىشەنگەنلەر بىلەن تولغاندا ئۆزۈمنى گويا بۇنداق يىغىلىشنى نەچچە ئايلاردىن بۇيان كۈتۈۋاتقاندەك، نەچچە ئايلاردىن كېيىن مۇشۇنداق

كېچىگە ئۇچرىغاندەك ھېس قىلدىم. ھەممەيلەندىن جىق ئىچتىم. ئەرلەر شىرەسىدە يېنىمدا ئولتۇرۇپ قوپقانلار بىلەن ھاراق قەدەھلىرىنى سوقۇشتۇرۇۋاتقاندا ئارزۇ بىلەن شەرەپ، ھاياتنىڭ غايىب مەنىسى، غايىب ئىشلار ھەققىدە سۆزلىدىم. ياق، گەپنى ئاۋۋال ئۇلار چىقارغانلىقى ئۈچۈن؛ يانچۇقىدىن بىر تۇتام قارتا چىقارغان ۋە پوپىنىڭ ئورنىغا سىزغان شەيخنى، يىگىتنىڭ ئورنىغا سىزغان قۇلنى ئىپتىخار بىلەن كۆرسىتىپ، دۆلىتىمىزدىكى 170مىڭ قەھۋەخانىنىڭ ئىككى يېرىم مىليونغا يېقىن شىرەسىدە بۇنىڭدىن كېيىن بۇ قارتىلارنىڭ تارقىتىلىشى كېرەكلىكىنى ئۇزۇندىن ئۇزۇن چۈشەندۈرگەن بۇرادەرنىڭ گېپىنى شۇنداق توغرا تاپتىمكى، قاراشلىرىمىزدىكى ئوخشاشلىقتا ئىككىلىمىز ھەيران قالدۇق: ئۈمىد بۇ يەردە، بۇ كېچە بىر سۈرەت شەكلىدە ئارىمىزدا ئىدى؛ بۇ ئۈمىد پەرىشتىمىدى؟ بۇ بىر نۇر، دېيىشتى ئۇلار، ھەر نەپەستە بىر ئاز كېمىيىپ تۇرىمىز، ئەشيالىرىمىزنى كۆمگەن يېرىمىزدىن چىقىرىمىز. بىرى بىر مەش كۆرسەتتى. باشقا تونۇش بىرسى:” بىر ۋېلىسىپىت باركى، بەدىنىمىزگە تازا ماس كېلىدۇ “ دېدى. كېيىنەك گالستۇك تاقىغان ئەپەندى يانچۇقىدىن بىر بوتۇلكا سۈيۈقلۇق ئېلىپ دېدى: ”چىش مەلھىمى ئورنىغا مۇشۇ سۈيۈقلۇق ئىشلىتىلسە... “. ” بىر چۈش كۆردۈم،— دەپ بايان قىلدى چىشى چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن ھاراق ئىچەلمەس بولۇپ قالغان بوۋاي ئەپسۇسلىنىپ،— قورقماڭلار! شۇندىلا روھىڭلار سۇنمايدۇ“. ئۇ كىمدۇ؟ ئاساسلىق ئەشيانىڭ سىرىنى بىلىدىغان دوكتور نارىن نېمىشقا كەلمىگەندۇ؟ نېمىشقا يوقتۇ؟ ”ئەسلىدە، — دېدى بىرسى، — دوكتور نارىن بۇ ئېتىقادلىق ياش بىلەن كۆرۈشكەن بولسا ئۇنى ئۆز ئوغلىدەك ياخشى كۆرۈپ قالاتتى“. بۇ گەپنى قىلغان كىمدۇ؟ مەن ئارقامغا بۇرۇلغىچە جىم بولدى. ”ھەي، دوكتور نارىن ھەققىدە بۇنداق ئېگىز-پەس گەپ قىلماڭلار. ئەتە تېلېۋىزوردا پەرىشتە كۆرۈنگەن ھامان بەس-

مۇنازىرە چىقىدۇ! ھەممە ئىشقا ۋە بۇ ۋەھىمىلەرگە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سەۋەبچى" دېگەنىدى ئۇ، ئەمما ئۇمۇ ئەسلىدە بىزنىڭ قارىشىمىزغا پۈتۈنلەي قارشى ئەمەس ئىدى. "تۈركىيەنىڭ ئەڭ چوڭ زەردارى ۋەھبى كوچمۇ بۇ داستىخانغا، بۇ تەكلىپكە كېلىدۇ. ئۇ ئەڭ چوڭ ئوقەتچى" دېدى بىرى. بىركىملەر بىلەن، يەنى ياش دەپ مېنى تەبرىكلىگەنلەر، ئوچۇق سۆزلۈك دەپ مېنى قۇچاقلىغانلار بىلەن يۈز يېقىشقىنىمنى ئەسلەۋاتىمەن. چۈنكى ئۇلارغا ئاپتوبۇسلاردىكى ئېكراننى، رەڭلەرنى ۋە ۋاقىتنى سۆزلەپ بەرگەنىدىم. "ئېكران، — دېدى مونوپولچى دۇكاندار، ئۇ يېقىملىق بىر ئادەم ئىدى، — بىزنىڭ ئاخىرلاشقان بۇ ئېكران ئەمدى بىزلەرگە بۇ تۈزاقنى ھازىرلىغانلارنىڭ خاتىمىسى بولىدۇ؛ يېڭى ئېكران يېڭى ھاياتتۇر". كىمدۇ بىرى يېنىمدا ئولتۇرۇپ قوپاتتى؛ مەنمۇ باشقىلارنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم، قوپتۇم ۋە بالا-قازا، ئۆلۈم، ھۇزۇر، كىتاب، ئۇ پەيت... ھەققىدە سۆزلىدىم، ناھايىتى ئىچكىرىلەپ كەتكەن بولسام كېرەك: "مۇھەببەت..."دەپ سالدىم ۋە جانان ئولتۇرغان يەرگە قارىدىم، ئۇ ئۆزىگە سەپسالغان ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى ئارىسىدا ئىدى. "ۋاقىت بىر ھادىسە، — دېدىم ئولتۇرۇپ، — بىر ھادىسىنىڭ سەۋەبىدىن بىز بۇ يەردە". دۇنيادا بولۇشمۇ شۇنداق. ئۇلار"ۋاقىت" تېمىسىغا شۇنچە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىمنى بىلىپ، خۇرۇم چاپانلىق بىر دېھقاننى چاقىرىپ، ئەمىسە سەن بۇ دېھقاننىڭ گېپىنى ئاڭلا دېيىشتى. ئۇ بەك قېرى ئەمەس ئىدى، ئەمما ئاچچىقى بىلەن "ئەستاغپۇرۇللا" دېدى، كىچىككىنە كەشپىياتىنى قويۇن يانچۇقىدىن چىقاردى: ئۇ بىر يانچۇق سائىتى ئىدى، ئەمما خۇشال بولغان پەيتنى چۈشىنەتتى-دە، شۇ ۋاقىتتا ئۆزلىكىدىن توختاپ قالاتتى، ئۇ چاغدا كىشىنىڭ خۇشاللىقىمۇ چەكسىزلىككە ئۆزىرايتتى. خۇشال بولمىغان چېغىدا سائەتنىڭ كىچىك ئىسترېلكىسى بىلەن چوڭ ئىسترېلكىسى تېز

ماگاتتى-دە، ئۇ چاغدا سەنمۇ ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن دەيتتىڭ، دەردلىرىڭمۇ كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ئۆتۈپ كېتەتتى. ئاندىن كېچىدە سەن سائەت بېشىڭدا ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاۋاتقاندا، سائەت — بوۋاينىڭ ماگا ئاچقان قولىدا سەۋرچانلىق بىلەن چىكىلداۋاتقان بۇ كىچىك نەرسە — ۋاقىتنىڭ ئارتۇق-كېمىنى ئۆزلۈكىدىن تەگشەپ، ئۇخلىغان ۋاقتىڭنى ئۆمرۈڭدىن چىقىرىپ تاشلايتتى، بۇنىڭ بىلەن قېرىپ كەتمەستىن ئەتىگىنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كىشىلەر بىلەن تەڭ قوپاتتىڭ.

ۋاقىت دېگەنتىمغۇ، بىر چاغدا ئەينەك ئىدىشتا ئاستا ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلارغا قاراپ تۇراتتىم، بىر ئادەم قېشىمغا كەلدى، بىر كۆلەڭگە: "بىزنى، — دېدى، — غەرب مەدەنىيىتىنى كەمستتى دەپ ئەيىبلەشمەكتە. ئەسلىدە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە... ئۈرگۈپ[1]تىكى غارلارنىڭ ئىچىدە نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان ساقلىنىۋاتقان خرىستىئان يادىكارلىقلىرىنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟"، مەن بېلىقلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا بۇ گەپنى قىلغان كىم ئىدى؟ مەن قايتقىچە غايىب بولدى. ئاۋۋال كۆلەڭگىمىكىن دېدىم، ئاندىن ئۇ دەھشەت پۇراقنى قورقۇنچ بىلەن پۇرىدىم: OPA نىڭ پۇرىقى ئىدى.

ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشىمىز بىلەنلا شاپ بۇرۇتلۇق بىر تاغا بىر بارمىقىغا ئاچقۇچ زەنجىرىنى قوپاللىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىپ سورىدى: مەن كىم؟ كىمگە بېلەت تاشلاشنى ئويلاۋاتىمەن؟ قايسى كەشپىياتقا ئامراقمەن؟ ئەتە ئەتىگەندە نېمىنى قارار قىلىمەن؟ ئېسىمدە بېلىقلار بار ئىدى، يەنە بىر ئىستاكان ھاراق ئىچەمسىز دەيتتىم. ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلار ئاڭلىدىم. جىمىپ قالدىم. ئاندىن ئىسپىرتلىق ئىچىملىك ساتىدىغان دۇرۇس نىيەتلىك دۇكاندار بىلەن

---

[1] ئۈرگۈپ — ئاناتولىيە رايونىدىكى نەۋشەھەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە. — ت.

يانمۇيان ئولتۇرغانلىقىمىزنى سەزدىم. ئۇ ئەمدى ھېچكىمدىن، ھەتتا ئەينەكلىك ئەۋرىشكە مال ئىشكاپىدىكى سېمىز ئۈچ چاشقانغا سەل قارىغان ھاكىمدىنمۇ قورقمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. نېمىشقا بۇ دۆلەتتە يالغۇز بىر شىركەتلا لىكۆر[1] ساتىدۇ؛ دۆلەت مونوپوللۇقى دېگەن قانداق گەپ؟ بىر ئىشنى ئەسلەۋاتاتتىم، قورقتۇم ۋە قورققانچە يادىمغا كەلگەننى سۆزلىدىم: "ھايات ئەگەر بىر سەپەر بولسا، — دېدىم، — ئالتە ئايدىن بېرى مەنمۇ سەپەردە، بىر نەرسە ئۆگەندىم، رۇخسەت قىلسىڭىز سۆزلەپ بېرەي". چۈنكى بىر كىتاب ئوقۇغانىدىم، پۈتۈن دۇنيايىمنى تاشلاپ يېڭىسىنى تېپىش ئۈچۈن سەپەرگە چىققانىدىم! نېمە تاپتىم؟ نېمە تاپقانلىقىمنى سەن سۆزلەپ بېرىۋېرەتتىڭ، پەرىشتە!— بىر پەس جىمىپ قالدىم، بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن 'پەرىشتە' دېدىم، نېمە دېگەنلىكىمنى بىلمەستىن، چۈشۈمدىن تۇيۇقسىز ئويغانغاندەك ئەسلىدىم ۋە كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا سېنى ئىزدەشكە باشلىدىم. توساتتىنلا ئەسلىيەلىدىم. سەپەردە ئىزدىگىنىم ئىشق-مۇھەببەت ئىدى. جانان ئۇ يەردە—توڭلاتقۇ، مەش ساتقۇچىلار، خوتۇنلىرى، كېپىنەك شەكىللىك گالستۇك تاقىغان ئادەم بىلەن قىزلىرى ئارىسىدا ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، ماغدۇرى كەتكەنلەرنىڭ نورمال قاراشلىرى ئارىسىدا، كۆرۈلمىگەن بىر رادىئو مۇزىكىسىنىڭ تەڭكەشلىكىدە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئېگىز بويلۇق، نومۇسسىز بىر ئەبلەخ بىلەن تانسا ئويناۋاتاتتى.

بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتىم. تانسا ئويناشنى... فىلىملەردە كېلىن بىلەن كۈيئوغۇل ئوينايدىغان بىر تانسىنى

[1] لىكۆر— مېۋە، ئىسپىرت، ئەسانس(ئۆسۈملۈكلەردىن ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن چىقىرىلىدىغان ياكى خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ياسىلىدىغان پۇراقلىق، ئۇچۇچان سۇيۇقلۇق)نىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسىلىدىغان شارابسىمان تاتلىق ئىچىملىك. — ت.

بىلگەن بولسام. قەھۋە ئىچتىم. بارلىق سائەتلەر، يانچۇق سائىتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسا كېرەك...يەنە تاماكا چەكتىم... كۆپچىلىك تانسا ئوينىغان جۇپلەرنى ئالقىشلىدى. قەھۋە ئىچتىم... جانان ئاياللارنىڭ ئارىسىغا قايتتى. يەنە بىر ئىستاكان قەھۋە ئىچتىم...

مېھمانخانىغا قايتىۋاتقاندا ئاياللىرىنى قولتۇقلىۋالغان بازارلىقلاردەك، يەرلىك ئوقەتچىلەردەك، مەنمۇ جانانغا يېقىنلاشتىم. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۇ بالا كىم؟ سېنى نەدىن تونۇيدۇ؟ ناھىيە بازىرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا بىر تۇرنا ئۆزى قونغان مۇناردىن بىزگە قاراۋاتاتتى. بىز ھەقىقىي ئەر-خوتۇنلاردەك، مېھمانخانىنىڭ كېچىلىك خادىمىدىن 19-نومۇرلۇق ئاچقۇچىمىزنى ئېلىپ تۇراتتۇق، باشقىلاردىن جىق ئىش بىلىدىغان، ھەر كىمدىن بەك كەسكىن كۆرۈنىدىغان بىرسى پەلەمپەي بىلەن مېنىڭ ئارامغا بەستلىك، تەر پۇرايدىغان گەۋدىسىنى تىقىپ يولۇمنى توستى:

— ھۆرمەتلىك قارا، — دېدى ئۇ، — ئەگەر ۋاقتىڭىز بولسا...

ئۇنى ساقچى دەپ ئويلىدىم، ئۇ نىكاھ گۇۋاھنامىسىنىڭ قاتناش ۋەقەسىدىكى ئۆلۈكلەردىن قالغان مىراس ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

— مالال كەلمىسە، بىر ئاز پاراڭلىشىش مۇمكىنمىدۇ؟

ئىككى ئەر بىر-بىرى بىلەن مۇڭدىشىدىغان كەيپىياتتا ئىدى. جانان 19-نومۇرلۇق ياتاقنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ، پەلەمپەيدىن يۇپكىسىنى دەسسىمەي نازاكەتلىك ھالدا چىقىپ كەتتى.

بۇ ئادەم گۇدۇل ناھىيە بازىرىدىن ئەمەس ئىدى، ئىسمىنىمۇ ئاڭلاۋېتىپ ئۇنۇتتۇم، كېچىدە پاراڭلاشقىنىغا قارىغاندا بۇ بىر بايقۇش ئەپەندى ئىدى، بەلكىم بۇ كۇتۇش زالىدىكى قەپەزدىكى سېرىق قۇشقاچ ۋەجىدىن ئېسىمگە كەلگەندۇ. سېرىق قۇشقاچ

سىلارغا يۇقىرى ـ تۆۋەن سەكرىگەندە بۇ بايقۇش:
ــ ھازىر بىزگە يېگۈزۈۋاتىدۇ، ئىچكۈزۈۋاتىدۇ، ئەمما ئەتە ئاۋاز بېرىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئويلىدىڭىزمۇ؟ پۈتۈن بىر كېچە، پەقەت بۇ رايوندىن ئەمەس، مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن بارلىق ئوقەتچىلەر بىلەن بىرمۇ بىر پاراڭلاشتىم. ئەتە بىر قالايمىقانچىلىق چىقىشى مۇمكىن. ئويلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، ئويلىدىڭىزمۇ؟ ئەڭ ياش ئوقەتچى سىز... كىمگە ئاۋاز بېرىسىز؟ــ دېدى.
ــ سىزچە كىمگە ئاۋاز بېرىشىم كېرەك؟ــ دېدىم.
ــ دوكتور نارىنغا ئەمەس، ماڭا ئىشەن قېرىندىشىم، سېنى قېرىندىشىم دەۋاتىمەن، بۇنىڭ ئاقىۋىتى كۆتۈلمىگەن بىر ئىشتەك قىلىدۇ. پەرىشتىلەر گۇناھ قىلارمۇ؟ قارشىمىزدىكى مانا مۇشۇ كۈچلەر بىلەن كۈچ ئېلىشالايمىزمۇ؟ ھازىر ئۆز خاھىشىمىزدەك بولۇشقا ئىمكان يوق. بۇنى گېزىتكە ماقالە يازىدىغان مەشھۇر يازغۇچى جالال سالىكمۇ چۈشەنگەن ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ماقالىلىرىنى ئۇنىڭ ئورنىدا باشقىسى يېزىۋاتىدۇ. ھەر بىر تاشنىڭ ئاستىدىن ئۇلارــ ئامېرىكىلىقلار چىقىدۇ. ئۆز ـ ئۆزىمىزگە ئىگە بولالمايدىغانلىقىمىزنى چۈشىنىش ئەلۋەتتە بىر ئازاب. ئەمما بۇ پىشىپ يېتىلىش بىزنى پالاكەتلەردىن ساقلايدۇ. قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ ئوغۇللىرىمىز، نەۋرىلىرىمىزمۇ بىزنى چۈشەنمىسە چۈشەنمىسۇن... مەدەنىيەتلەر يارىتىلىدۇ، ۋەيران بولىدۇ. يارىتىلىۋاتقاندا سەن يارىتىلىدىغانلىقىغا ئىشەن، ۋەيران بولغاندا ئۇيۇننى بۇزغان نەيچى بالىدەك قورالغا ئېسىل. پۈتكۈل خەلق باشقا بىر سالاھىيەتكە كىرىۋالغاندا سەن ئۇلارنىڭ قانچىسىنى ئۆلتۈرەلەيسەن؟ پەرىشتىنى گۇناھقا قانداق شېرىك قىلالايسەن؟ ئاندىن، پەرىشتە كىمدۇر ئەپەندىم؟ پەرىشتە كونا مەشلەرنى، كومپاسلارنى، باللار ژۇرناللىرىنى، ئىلغۇچلارنى توپلاۋېتىپتۇ، كىتابقا، مەتبۇئات

ئىشلىرىغا دۇشمەن ئىكەن. ھەممىمىز مەنىلىك ھايات كەچۈرۈشكە تىرىشىۋاتىمىز، ئەمما بىر نۇقتىدا تۇرۇۋاتىمىز. ئۆزى بولالىغان كىم؟ پەرىشتىلەر پىچىرلىغان تەلەيلىك كىشى كىم؟ بۇلار تەسەۋۋۇر، بۇلار چۈشەنمىگۈچىلەرنى قايىل قىلىش ئۈچۈن چىققان قۇرۇق گەپلەر، ئىش تاپتىن چىقىدۇ. ئاڭلىدىڭىزمۇ، كوچ كىلىدۇ دەيدۇ، زەردار ۋەھبى كوچ... بۇنىڭغا دۆلەت، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتمۇ رۇخسەت قىلمايدۇ؛ كۆز يېشى بىلەن بىللە قۇرۇق نەرسىمۇ كۆيىدۇ. دوكتور نارىنىنىڭ تېلېۋىزورى نىمىشقا خۇسۇسىي يول بىلەن ئەتە كۆرسىتىلىدۇ؟ ئۇ ھەممىمىزنى كۈتۈلمىگەن بىر تەۋەككۇلچىلىككە زورلايدۇ، كوكا كولا ۋەقەسىنى چۈشەندۈرىدۇ دەيدۇ، بۇ ساراڭلىق. بىز بۇ يىغىنغا بۇنىڭ ئۈچۈن كەلمىدۇق.

ئۇ يەنە بىر ئاز سۆزلەيتتى، ئەمما زالغا قىزىل گالستۇكلۇق بىر ئادەم كىرىۋاتاتتى... شۇنىڭ بىلەن ئۇ بايقۇش:"كىچىچە بۇ مۇداپىئە داۋاملىشىدۇ..." دەپ غىپپىدە تىكىۋەتتى. باشقا بىر ئوقەتچىنىڭ ئۇنىڭ كەينىدىن كوچىغا، ناھىيە بازىرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا چىققىنىنى كۆردۈم.

جانان چىققان پەلەمپەيلەر ئۇدۇلۇمدا ئىدى، ئىچىمدە بىر ئوت ھېس قىلدىم، پۇتلىرىم تىترەيتتى، بەلكى ھاراقتىن ياكى قەھۋەدىن؛ يۈرىكىم سوقاتتى، ئالىقىنىم تەرلەپ كەتكەنىدى. پەلەمپەيلەرگە ئەمەس، بۇلۇڭدىكى تېلېفونغا يۈگۈرۈپ، نومۇرنى چۆرىدىم، لىنىيە ئاۋىلىشىپ كەتتى، يەنە چۆرىدىم، نومۇرلار ئارىلىشىپ كەتتى، ساڭا چۆرىدىم ئانا: " ئانا ئاڭلاۋاتامسەن، مەن ئۆيلىنىمەن، بۈگۈن ئاخشام، بىر ئازدىن كېيىن، ھازىر، ھەتتا تويى قىلدۇق، ئۈستۈن قەۋەتتىكى ھۇجرىدا، پەلەمپەيلەردىن بىر پەرىشتە بىلەن چىقىۋاتىمەن، يىغلىما ئانا، قەسەم قىلىمەن، ئۆيگە قايتىمەن، يىغلىما ئانا، بىر كۈنى بىر پەرىشتىنى يېتىلەپ بارىمەن".

سىرىق قۇشقاچ قەپىسىنىڭ كەينىدە بىر سىنئەينەكنىڭ بارلىقىنى نېمىشقا بايا بايقىمىدىم؟ پەلەمپەيلەردىن چىقىۋاتقانلاردا ئۇ غەلىتە كۆرۈنەتتى.

19 ـ نومۇرلۇق ياتاق، جانان ماڭا ئىشىكنى ئاچقان، قولىدا تاماكا تۇتۇپ مېنى قارشى ئالغان، ئاندىن ئوچۇق دېرىزە يېنىغا بېرىپ ناھىيە بازىرى مەيدانىنى تاماشا قىلغان ياتاق گويا باشقا بىرسىنىڭ بىزگە ئۆزلىكىدىن ئېچىلىپ كەتكەن شەخسىي غەللىسىگە ئوخشايتتى. جىمجىت، ئىسسىق، غۇۋا يورۇق، ياندىش ئىككى كارىۋات.

ئوچۇق دېرىزىدىن ناھىيە بازىرىنىڭ غەمكىن يورۇقى ۋە غەزەبلىك، تاقەتسىز تاماكا ئىسى جانانىنىڭ ئۇزۇن بويىنىغا ۋە چاچلىرىغا ياندىن چۈشۈپ تۇراتتى، ماڭا شۇنداق تۇيۇلۇۋاتامدىكىن، گۈدۈل شەھىرىدىكى ئۇيقۇسىزلار، ئۆلۈكلەر ۋە بىئارام ئۇخلاۋاتقانلار يىللار بويى نەپەسلىنىپ ئاسماندا توپلىغان بىر خىل بەختسىزلىك تۇمانىغا جانانىنىڭ مەن كۆرمىگەن ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئاچچىق، سەۋرسىز تاماكا ئىسى قوشۇلۇۋاتاتتى.

پەستىن بىر مەستىنىڭ قاقاقلاپ كۈلگىنى ئاڭلاندى، بەلكىم بىرەر ئوقەتچى ئىشىككە ئۇستى بولغاي. جانانىنىڭ ئۆچمىگەن تاماكىسىنى نوچىلاردەك پەسكە ئاتقىنىنى، تاماكىنىڭ موللاق ئېتىپ چۈشكەندىكى ساغۇچ يورۇقىغا كىچىك باللاردەك قارىغانلىقىنى كۆردۈم. دېرىزە يېنىغا باردىم، نېمىگە قارىغىنىمنى بىلمەستىن مەنمۇ پەسكە، كوچىغا، مەيدانغا قارىدىم. ئاندىن يېڭى بىر كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا قارىغاندەك، دېرىزىدىن كۆرگەن نەرسىلەرنى ئۇزاق تاماشا قىلدۇق.

ــ سەنمۇ خېلى ئىچتىڭمۇ دەيمەن؟ــ دەپ سورىدىم.

ــ ئىچتىم، ــ دېدى جانان روھلۇق ھالدا.

ــ بۇ يەنە نەگىچە بارار ؟

— يولمۇ؟ — دېدى جانان مەيداندىن چىقىپ باش بېكەتكە، بېكەتتىن ئاۋۋال مازارلىققا بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ.

— سەنچە بۇ قەيەردە ئاخىرلىشىدۇ ؟

— ئۇقمايمەن، — دېدى جانان، — ئەمما بارىدىغان يەرگىچە بېرىشنى ئارزۇ قىلىمەن، يەنە كېلىپ بۇ بىر يەردە ئولتۇرۇپ كۈتۈشتىن ياخشى ئەمەسمۇ؟

— ھەميانىدىكى پۇللارنى تۈگىتەي دېدۇق، — دېدىم.

بايا جانان كۆرسەتكەن يولنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرى بىر ماشىنىنىڭ كۈچلۈك چىراغلىرى بىلەن يورىدى. مەيدانغا كىرگەن ماشىنا بوش بىر يەردە توختىدى.

— ئۇ يەرگە بارالمايمىز، — دېدىم مەن.

— سەن مەندىن جىق ئىچىپسەن، — دېدى جانان.

ماشىنىدىن چۈشكەن بىر ئادەم ماشىنا ئىشىكىنى قۇلۇپلىغاندىن كېيىن بىزنى كۆرمەستىن، بىزگە قاراپ ماڭدى ۋە جانان پەسكە تاشلىۋەتكەن تاماكا قالدۇقىغا باشقىلارنى رەھىمسىزلەرچە ئېزىدىغانلاردەك ئاگىسىز ھالدا دەسسىۋەتكەندىن كېيىن، ”ئىقبال مېھمانخانىسى“ غا كىردى.

ئۇزاق، ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقان جىمجىتلىق باشلاندى؛ گويا بۇ كىچىك، سۆيۈملۈك گۈدۈل شەھىرىدە ھېچكىم يوق ئىدى. يىراق بىر مەھەللىدىن بىر-ئىككى ئىت قاۋاشتى-دە، يەنە جىمجىتلىق باشلاندى. مەيداننىڭ قاراڭغۇ يېرىدىكى چىنار ۋە كاشتان دەرەخلىرىنىڭ ياپراقلىرى مەيىن شامالدا ئارىلاپ شىۋىرلىماي مىدىرلايتتى. ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئۇ يەردىكى دېرىزىدىن، ئويۇن كۈتۈۋاتقان باللاردەك جىمجىت سىرتقا قاراپ تۇرغان بولساق كېرەك. قايسىدۇر بىر ئەستە تۇتۇش ئويۇنىدەك، ھەر سېكۇنتنى بىر-بىرلەپ ھېس قىلىۋاتاتتىم، ئەمما ئۆتكەن ۋاقىتنىڭ نېمە قالدۇرغانلىقىنى دېيەلمەيدىغاندەك قىلاتتىم.

خىلىدىن كىيىن:
—ياق، ياق، ماڭا تەگمە! — دېدى جانان،— ماڭا تېخى ھېچقانداق بىر ئەر يېقىنلىشىپ باقمىدى!
ئىشلار ئۆتمۈشنى ئەسلىگەندىلا ئەمەس، بەزىدە تۇرمۇشنىڭ ئىچىدىلا ئۇنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندا يۈز بېرىدىغۇ، بىر ھازا باشتىن كەچۈرگەن ئىشنىڭ ۋە مەن دېرىزىدىن كۆرگەن كىچىك گۈدۈل ناھىيە بازىرىنىڭ رېئاللىق ئەمەس، بەلكى مەن تەسەۋۋۇر قىلغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بەلكىم كۆز ئالدىمدا ھەقىقىي بىر ناھىيە بازىرى ئەمەس، پوچتا ئىدارىسى چىقارغان بىر يۈرۈش يۇرت ماركىلىرىدا كۆرۈلىدىغان مەلۇم بىر ناھىيە بازىرىنىڭ رەسمى تۇراتتى، شۇنىڭغا قاراۋاتاتتىم. ئۇ ماركىلاردىكى كىچىك بازارلاردەك تۈيغۇ بەرگەن گۈدۈل ناھىيە بازىرىدىكى شەھەر مەيدانى ماڭا پىيادىلەر يولىدا ماڭغىلى، بىر قاپ تاماكا ئالغىلى ۋە چاڭ-توزان باسقان ئەينەك تەكچىلەرگە قارىغىلى بولىدىغان بىر يەر ئەمەس، بەلكى بىر خاتىرە بۇيۇمىدەك كۆرۈنەتتى.
ئۇنى خىيالىي شەھەر، يەنى خاتىرە شەھەر دەپ ئويلىدىم. كۆزلىرىمنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر بىر يەردىن كەلگەن ۋە زادى ئۇنتۇلمايدىغان ئېچىنىشلىق ئەسلىمىنىڭ ئۆزلىكىدىن بىر ھەرىكەت بىلەن ئەمدى ئۇنتۇلمايدىغان كۆرۈشكە ئائىت نەتىجە ئىزدىگەنلىكىنى بىلەتتىم: مەيدانىنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئاستىغا، غۇۋا چىراغدا يورۇغان تراكتورلارنىڭ تاپانلىرىغا، دورىخانىنىڭ، بانكىنىڭ ئۈستىدىكى پۈتۈن كۆرۈنمەيدىغان خەتلىرىگە، كوچىدا ماڭغان بىر بوۋاينىڭ دۈمبىسىگە ۋە بەزى دېرىزىلەرگە قاراپ چىقتىم... ئاندىن سۈرەتتىكى مەيدانىنىڭ ئەمەس، ئۇ سۈرەتنى تارتقان ئاپپاراتنىڭ ۋە سۈرەتچىنىڭ ئورنىنى تېپىشقا تىرىشقان قىزىققۇچىدەك، ”ئىقبال مېھمانخانىسى“نىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى دېرىزىدىن قاراۋاتقان

ئۆزۈمنى خىيالىمدا سىرتتىن كۆرۈشكە باشلىدىم. بىز ئاپتوبۇستا كۆرگەن چەت ئەل فىلىملىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىكىدەك، ئاۋۋال شەھەرنىڭ ئاساسىي كۆرۈنۈشى كۆرۈنەتتى، ئاندىن بىر مەھەللە، ئاندىن بىر ھويلا، بىر ئۆي، بىر دېرىزە... ۋە بۇ چەت، يىراق مېھمانخانىنىڭ دېرىزىسىدىن قاراۋاتقىنىمدا، سەن بولساڭ ئۇچاقتا چاڭ-توزانلىق كىيىملەر بىلەن دېرىزىنىڭ ئارقىسىدىكى بىر كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتقاندا، ئىككىمىزنى، دېرىزىنى، مېھمانخانىنى، مەيدانىنى، ناھىيە بازىرىنى، بېسىپ ئۆتكەن شۇنچە يوللارنى ۋە يۇرتلارنى سىرتتىن، ئىچىمدىن كۆرۈۋاتاتتىم. گويا مەن تەسەۋۋۇر قىلغان ۋە ئۇ يەر-بۇ يېرىنى ئەسلىگەن ئۇ شەھەرلەر، يېزىلار، فىلىملەر، ماي قاچىلىغۇچىلار ۋە يولۇچىلار ئىچىمىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ھېس قىلغان ئېچىنىش، كۆڭۈلسىزلىك بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى، بۇ ئازاب شەھەرلەردىن، تۆكۈلۈپ تۇرغان خارابىلىقتىن، يولۇچىلاردىن ماڭا ئۆتتىمۇ ياكى قەلبىمدىكى ئېچىنىش تۇپەيلىدىن بۇ ئازابنى بۇ دۆلەتنىڭ ھەممە يېرىگە ئۆزۈم تارقىتىۋەتتىمۇ، بىلەلمەيۋاتاتتىم.

دېرىزىنىڭ چۆرىسىدىن باشلانغان سۆسۈن رەڭ تام قەغىزىنى خەرىتىگە ئوخشاتتىم. بۇلۇڭدا تۇرغان توكلۇق مەشىنىڭ ئۈستىگە "vezuv" شىركىتى ئىشلىدى" دەپ يېزىلغانىدى، يەرلىك باي بىلەن ئاخشام يېگى تونۇشقانىدىم. ئۇدۇل تامدىكى قول يۇيىدىغان يەرنىڭ جۈمەكىدىن سۇ تامچىلاپ تۇراتتى. ئىشكاپنىڭ ئىشىكى چىڭ ئېتىلمىگەنلىكتىن ئۇنىڭدىكى سىنئەينەك ئىككى كارىۋاتنىڭ ئارىسىدىكى كىچىك ئىشكاپنى ۋە ئۈستىدىكى چىراغنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. چىراغ نۇرى ياندىكى كارىۋاتنىڭ سۆسۈن رەڭ يوپۇرماق گۈللۈك ياپقۇچىغا، بۇ ياپقۇچنىڭ ئۈستىدە كىيىمى بىلەن يېتىپ ئۇخلاپ قالغان جانانغا ئىللىق چۈشۈپ تۇراتتى.

جانانىنىڭ كاشتانرەڭ چاچلىرى سۇس قىزارغانىدى. مەن بۇ

قىزىللىقنى ھازىرغىچە نېمىشقا بايقىمىدىم ؟

يەنە نۇرغۇن نەرسىنى تېخى بايقىمىغانلىقىمنى ئويلىدىم. كاللام كېچە سەپىرىدە بىز ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ شورپا ئىچكەن ھېلىقى ئاشخانىلاردەك پارقىراق ھەم قالايمىقان ئىدى. قايسىبىر يول تۈگۈنىدىكى ئاشخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن غەپلەت باسقان، خىيالىي ماشىنىلاردەك ھارغىن ئوي-خىياللار ئۇھ تارتقان ھالدا خوت ئالماشتۇرۇپ كاللامنىڭ بۇ قالايمىقانچىلىقىدىن كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، خىيالىمدىكى قىزنىڭ ئارقامدىلا باشقا بىرسىنى چۈشەپ ئۇخلاۋاتقاندىكى نەپەس ئېلىشلىرىنى ئاڭلاۋاتاتتىم.

يېنىدا يات، ئۇنى قۇچاقلا، شۇنچە بىللە بولغاندىكىن تەنلەر بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. دوكتور نارىن دېگەن كىمدۇ؟ ئىختىيارسىز بۇرۇلۇپ گۈزەللىمىنىڭ پۇتلىرىغا قاراۋاتقىنىمدا ئەسلىدىمكى، قېرىنداشلار، ئاشۇ گۈزەل پۇتلار كېچە جىمجىتلىقىدا ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىۋاتىدۇ، مېنى كۈتۈۋاتىدۇ. ئاشۇ جىمجىتلىقنىڭ ئىچىدىن چىققان بىر پەرۋانە توك چىراغىنىڭ ئەتراپىدا ھەسرەت بىلەن چاڭ-توزان قالدۇرۇپ ئايلىنىۋاتىدۇ. ئوت ئىچىدە ئىككىمىز تەڭ يېنىپ كۆيۈپ ئۆلگىچە قېنىپ-قېنىپ سۆيەي جانانىنى. بىر مۇزىكا ئاڭلاۋاتىمەنمۇ ياكى خىيالىم ئاڭلىغۇچىلىرىمىزنىڭ تەلپى بويىچە «كېچىنىڭ چاقىرىقى» ناملىق ئارىيەنى چالدىمىكىن-تاڭ. كېچىنىڭ چاقىرىقى ئەسلىدە مەن قۇراملىق ئەر بۇرادەرلىرىم بەك ياخشى بىلگىنىدەك، نىشان تاپالمىغان جىنسىي ئىستەكلەرنىڭ ئورنىغا قاراڭغۇ بىر خالتا كوچىغا كىرىپ، ئۆزۈمدەك ئۈمىدسىز ئىككى-ئۈچ ئىتنى تېپىپ، ئېچىنىشلىق ھۇۋلاش، بىرسىنى تىللاش، بىرسىنى ھاۋاغا ئۇچۇرىدىغان بومبىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش، بەلكىم سەن چۈشىنىسەن پەرىشتە، بىزنى بۇ پەرىشان ھاياتقا مەھكۇم قىلغان خەلقئارا سۇيىقەست پىلانلىغۇچىلار ھەققىدە غەيۋەت قىلىشتۇر. بۇ غەيۋەتنىڭ «تارىخ» دېيىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن.

يېرىم سائەت، بەلكىم 45 مىنۇت، بوپتۇ، بوپتۇ، ئەڭ كۆپ بولغانىدا بىر سائەت ئۇخلىغان جانانىنى تاماشا قىلدىم. ئاندىن ئىشكنى ئېچىپ، سىرتقا چىقىپ، ئىشكنى تېشىدىن قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى يانچۇقۇمغا سالدىم. جانانىم ئۇ يەردە قالدى، رەت قىلىنغان مەن كېچىنىڭ ئىچىدە، كوچىدا ئۇ ياق ـ بۇياققا ماڭىمەن، بىر تال تاماكا چېكىپ بولۇپ، ئوچۇق بىر دۇكاندا بىر ئاز ئىچىپ جاسارەتلىنىپ، قايتىپ ئۇنى قۇچاقلايمەن.

كېچىنىڭ سۈيقەستچىلىرى ماڭا پەلەمپەيدە ئېسىلىشتى ۋە: "سىز ئەلى قارا، — دېدى بىرى، — سىزنى تەبرىكلەيمەن، مۇشۇ يەرگىچە كەلدىڭلار ھەم شۇنچە ياش ئىكەنسىلەر."

"بىزگە قوشۇلساڭلار، — دېدى قارىماققا تەڭ بويلۇق ۋە ئوخشاش ئىنچىكە گالستۇك بىلەن ئوخشاش قارا چاپان كىيگەن تەڭ قۇراملىق ئىككىنچى قاراقچى، — سىلەرگە ئەتە چىقىدىغان غوۋغادىن بەزى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن."

ئۇلار قوللىرىدىكى تاماكىلىرىنىڭ چوغلىنىۋاتقان قىزىل ئۇچىنى پېشانەمگە ئىستوۋۇلنى تەگلىگەندەك تەگلەپ تۇراتتى، كۆشكۆرتكىچى ئەلپازدا كۈلۈمسىرەيتتى.

— سىزنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئەمەس، ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، — دەپ قوشۇپ قويدى بىرىنچىسى.

يېرىم كېچىدە ئۇلارنىڭ بۇ يەردە غەيۋەت، قاقتى ـ سوقتى قىلىش تەييارلىقى قىلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلاتتىم.

ئەمدى تۇرنىلار كۆزىتەلمەيدىغان كوچىلارغا چىقتۇق، لىكۆر قۇتىلىرىنىڭ ۋە قارنى كۆپۈپ كەتكەن چاشقانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، بىر خالتا كوچىغا كىرىپ، ئىككى قەدەم ماڭا ـ ماڭماستىنلا بىر ئىشىك ئېچىلىپ، بىزنى قويۇق ھاراق ۋە مەيخانا پۇرىقى قارشى ئالدى. داستىخان سېلىنغان قاسماق بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ ئىككى قەدەھ ھاراقنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچكەندىن كېيىن دوستلىرىم،

بەخت، هايات ھەققىدە يېڭى نەرسىلەرنى بىلگەندەك بولدۇم.

ماگما تۇنجى پاراڭ قىلغان سىتقى بەگ سەيدىشەھەردە پىۋا سودىگىرى ئىدى. ئۇ ماگما قىلغان ئىشى بىلەن ئېتىقادى ئارىسىدا ھېچقانداق زىددىيەت يوقلۇقىنى ھېكايە قىلدى. چۈنكى پىۋا، بىر ئاز ئويلاپ كۆرۈلسە ئايدىڭلىشاتتىكى، ھاراقتەك ئىسپىرتلىق بىر ئىچىملىك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىچىدىكى كۆپۈكلەرنىڭ "گاز" ئىكەنلىكىنى ماگما ئاچتۇرۇپ، بىر ئىستاكانغا تۆككەن بىر بۇتۇلكا Efes پىۋىسى بىلەن كۆرسەتتى. ئىككىنچى دوستۇم بەلكىم تىكىش ماشىنىسى سودىگىرى بولغانلىقتىن، بۇ خىل ھاسىلاتلار، زىيادە سەزگۈرلۈكلەر ۋە بىئارامىلىقلارغا پىسەنت قىلمايتتى، يېرىم كېچىدە قاراڭغۇ ئىستولبىلار بىلەن قارغۇلارچە تېپىشقان ئۇيقۇچان، مەست ماشىنا شوپۇرلىرىدەك ھاياتنىڭ تا مەركىزىگە تېزلا چۆكەتتى.

مانا، ھۇزۇر بۇ يەردە ئىدى، بۇ ناھىيە بازىرىدا، بۇ كىچىك مەيخانىدا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە؛ بىز ئېتىقادلىق ئۈچ يولداش بىرلىكتە بەھىرلەنگەن ھاراق شىرەسىنىڭ ۋە ھاياتنىڭ مەركىزىدە. ئەمدى ئۆتمۈشتە بېشىمىزغا كەلگەنلەرنى ۋە ئەتە كېلىدىغانلارنى ئويلىغانچە بۇ پەيتنىڭ، غەلىبىلىك ئۆتمۈشىمىز بىلەن قورقۇنچلۇق ۋە جاپالىق كېلەچىكىمىز ئارىسىدىكى بۇ تەگداشسىز پەيتنىڭ قىممىتىنى بىلەتتۇق. بىر-بىرىمىزگە ھەر قاچان ھەقىقەتنى سۆزلەيدىغانلىقىمىزغا قەسەم قىلدۇق، يۈز يېقىشتۇق، كۆز يېشى بىلەن كۆلۈشتۇق. دۇنيانىڭ ۋە ھاياتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تەبرىكلىدۇق. مەيخانىدىكى ساراڭ خوجايىنلار ۋە ھوشيار تەشكىلاتچىلار توپىغا قاراپ قەدەھلىرىمىزنى كۆتۈردۇق. ھايات مانا شۇ ئىدى، نە ئۇ يەردە، نە باشقا بىر يەردە، نە جەننەتتە، نە جەھەننەمدە ئەمەس، دەل مۇشۇ يەردە، بۇ پەيتنىڭ ئىچىدە ئىدى بۇ ھەشەمەتلىك ھايات. قايسى تەلۋە بىزنى خاتالاشتى دېيەلىسۇن، قايسى ئازغۇن بىزگە گەپ قىلالىسۇن، بىزنى بىچارە، پەسكەش،

ئەخلەت دېيەلەيدىغان كىم ئىدى! بىز ئىستانبۇلدىكى ھاياتنىمۇ، پارىژدىكى ياكى نيۇيوركتىكى ھاياتنىمۇ خالىمايتتۇق؛ زىياپەت زاللىرى، دوللارلار، بىنالار ۋە ئايروپىلانلار ئۇ يەردە قالسۇن؛ رادىئولار ۋە تېلېۋىزورلار — بىزنىڭمۇ بىر ئېكرانىمىز بار — رەڭلىك گېزىتلەر قالسۇن. بىزدە بىرلا نەرسە بار: قارا، قارا، يۈرىكىمگە ھەقىقىي ھاياتنىڭ نۇرى قانداق سىڭمەكتە.

پەرىشتە، بىردىنلا ھوشۇمنى يىغىپ، كىشىلەر نېمىشقا مۇشۇنىمۇ قىلالمايدۇ؟ دەپ ئويلىغىنىمنى بىلىمەن. ئۈمىدسىزلىكنىڭ دورىسىنى ئىچىش شۇنچە ئاسان بولسا، مەيخانىدىن چىقىپ جان دوستلىرى بىلەن ياز كېچىسىدە كېتىۋاتقان يالغان ئىسىملىك ئەلى قارا سورايدۇ: بۇنچە ئېچىنىش، ئازاب، مۇشەققەت نېمىدىن؟ زادى نېمىدىن؟ "ئىقبال مېھمانخانىسى"نىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە جانانىمنىڭ چاچلىرىنى قىزىللاشتۇرغان لامپىنىڭ چىرىغى يانماقتا ئىدى.

ئاندىن جۇمھۇرىيەت، ئاتاتۈرك، قانۇنلۇق تامغا ماركىسى دۇنياسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىمىزنى بىلىمەن. بىناغا تاكى ئۈنىڭ ھۇجرىسىغىچە كىردۇق، ھاكىم بەگ مېنى پېشانەمدىن سۆيدى؛ ئۇمۇ بىزنىڭ ئادەملەردىن ئىدى. ئەنقەرەدىن بۇيرۇق كەلگەنلىكىنى، ئەتە بىزدىن ھېچكىمنىڭ بۇرنى قانمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مېنى ئەيىبلىدى، لېكىن ماڭا ئىشىنەتتى، ئەگەر خالىسام تاراقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرى كۆپلەپ ئىشلەپچىقارغان ھاراق بىلەن نەملىشىپ كەتكەن ئۇقتۇرۇشلارنى ئوقۇيتتۇم:

"ھۆرمەتلىك گۈدۈل خەلقى، چوڭلىرىمىز، قېرىنداشلىرىمىز، ھەدىلەر، ئانىلار، ئاتىلار ۋە ئىمام-خاتىپ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئېتىقادلىق ياشلىرى! مەلۇم بولدىكى، تۈنۈگۈن ناھىيىمىزگە مېھمان بولۇپ كەلگەن بەزى كىشىلەر بۈگۈن مېھمان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قىلىشتى! ئۇلار نېمە تەلەپ قىلىشىدۇ؟ نەچچە يۈز يىللىق جامەلىرى،

مەسچىتلىرى، بايراملىرى بىلەن دىنىغا، پەيغەمبىرىگە، شەيخلىرىگە، شۇنداقلا ئاتاتۈرك ھەيكىلىگە باغلانغان ناھىيىمىز مۇقەددەس بىلگەن ھەممە نەرسىنى ھاقارەتلەيمەن دەمدۇ؟ ياق، بىز ھاراق ئىچمەيمىز، ياق، بىزگە كوكا كولا ئىچۈرەلمەيسىلەر، بىز بۇتقا، ئامېرىكىغا، شەيتانغا ئەمەس، ئاللاھقا چوقۇنىمىز! ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مارشال فەۋزى چاقماق[①] نى كەمسىتىشكە ئۇرۇنغان يەھۇدىي ئىشپىيونى ماكس رۇلو، مارى، ئەلى تەقلىدچىلىرى ۋە ئەنگە ئېلىنغان پاھىشىلەر راھەتبەخش شەھىرىمىزگە نېمىشقا يىغىلىدۇ؟ پەرىشتە كىم؟ ئۇنى تېلېۋىزورغا چىقىرىپ مازاق قىلىش كىمنىڭ ھەددى؟ يىگىرمە يىلدىن بۇيان بۇ شەھەرنى قوغدىغان ھاجى تۇرنا بوۋىغا ۋە جاپاكەش ئوت ئۆچۈرگۈچىلەرگە قىلىنغان نومۇسسىزلىقلارغا قاراپ تۇرغۇلۇقمۇ؟ ئاتاتۈرك گېرىكلەرنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن قوغلىغانمىدى؟ مېھمان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان بۇ ھاياسىزلارغا ئۆزىنى تونۇتقۇزمىساق، بۇلارنى شەھىرىمىزگە تەكلىپ قىلغان غاپىللارغا تېگىشلىك ساۋاق بەرمىسەك ئەتە بىر-بىرىمىزنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز؟ سائەت ئون بىردە ئوت ئۆچۈرۈش مەيدانىدا توپلىنىمىز. چۈنكى نومۇسلۇق ياشىغاندىن، شەرەپ بىلەن ئۆلۈشنى خالايمىز».

ئۇقتۇرۇشنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدۇم. تەتۈر ئوقۇلسا ياكى چوڭ ھەرپلىرى بىرلەشتۈرۈلسە يېڭى بىر ئاخباراتقا ئېرىشكىلى بولارمىدى؟ ياق. ھاكىم بەگە ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىلىرىنىڭ ئەتىگەندىن بېرى گۈدۈل دەرياسىدىن سۇ تارتقانلىقىنى ئېيتتى. ئەتە، كىچىك بىر ئېھتىماللىق شۇكى، ئىشلار بەلكىم كونتروللۇقتىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن، ئوت-يانغىنلار يامراپ كېتىشى، كىشىلەر ئىسسىقتا ئۆزىگە

---

[①] فەۋزى چاقماق (1876—1950)— تۈركىيىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولغان.

پۈركۈپ چىچىلغان سۇدىن شىكايەت قىلماسلىقى مۇمكىن ئىدى. رەئىس دوستلىرىمىزنى بىسىقتۇردى: ئۇلار شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن تولۇق ھەمكارلىشىۋاتاتتى ۋە ۋىلايەت مەركىزىدىكى قوراللىق ساقچى ئەترەتلىرى ۋەقە چىقار-چىقماستىنلا ئۇنى باستۇراتتى. "ۋەقەلەر بېسىقىپ، كۈشكۈرتكۈچىلەرنىڭ، جۇمھۇرىيەت ۋە خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ نىيىتى ئاشكارىلانغان ھامان، — دېدى ھاكىم، — كۆرىمىز ئۇ چاغدا، تاملاردىكى سوپۇن ئېلانلىرىنى، ئاياللارغا ئائىت ئېلان لوزۇنكىلىرىنى كىم ئىناۋەتسىز قىلىدىكىن؟ قېنى ئۇ چاغدا، تىككۈچىنىڭ دۇكىنىدىن مەست چىقىپ ھاكىمنى ۋە ھاجى تۇرنىنى يەتمىش پۇشتىغىچە كىم تىللايدىكىن؟"

تىككۈچىلىك دۇكىنىنىمۇ مېنىڭ (مەندەك جەسۇر ياشلىرىمىزنىڭ) كۆرۈشۈم كېرەكلىكىنى شۇ ئارىدا قارار قىلىشتى. ھاكىم زامانىۋى مەدەنىيەتكە يۈكسىلىش تەشكىلاتىنىڭ يېرىم مەخپىي ئەزاسى بولغان ئىككى ئوقۇتقۇچى تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان بىر «قارشى ئۇقتۇرۇش» نىمۇ ماڭا ئوقۇتقاندىن كېيىن، بىر مۇلازىمنى يېنىمغا قوشتى. ئۇنىڭغا مېنى كىيىم تىككۈچىنىڭ يېنىغا ئاپىرىشنى ئېيتتى.

— ھاكىم بەگ ھەممىمىزگە كۆپ ئىش قىلدۇرىدۇ، — دېدى مۇلازىم ھەسەن تاغا ماڭا كوچىدا. ئىككى پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى قۇرئاننىڭ كۇرسىنىڭ رەختكە يېزىلغان ئېلانىنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئىككى ئوغرىدەك شەپە چىقارماي سۆكۈۋاتاتتى. "ھەممىمىز دۆلەت، خەلق ئۈچۈن ئىشلەۋاتاتتۇق".

تىككۈچىلىك دۇكىنىدا رەختلەر، كىيىم تىكىش ماشىنىلىرى ۋە ئەينەكلەر ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان شىرەدە بىر تېلېۋىزور، ئاستىدا بىر ۋىدېيونى كۆردۈم. مەندىن بىر ئاز چوڭ ئىككى يىگىت تېلېۋىزورنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، كولۇچ ۋە سىملارنى تۇتۇشۇپ، بىر ئەسۋاب بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. بىر يانىدىكى سۆسۈن رەڭ

ئورۇنـدۇقتا ئولتـۇرۇپ ئۇلارغـا ھەم ئۇدۇلـدىكى تىكلەنـمە ئەينەكـتە ئـۆزىگە قاراۋاتقـان ئـادەم بىـر دەم ماڭـا قارىـدى، بىـردەم سـوئال نەزىرىدە ھەسەن تاغىغا قارىدى.

— ھاكىم بەگ ئەۋەتتى، — دېـدى ھەسـەن تاغـا، — بـۇ بـالا سىزگە ئامانەت ئىكەن.

سۆسۈن رەڭ ئورۇنـدۇقتىكى ئـادەم ماشىنىسىنى مېھمانخانىنىـڭ ئالدىغا توختىتىپ، جانانىنىڭ تاماكىسىنى دەسسىۋەتكەندىن كېيىن مېھمانخانىغـا كىـرگەن ھېلىقـى ئـادەم ئىـدى. ئـۇ ماڭـا مېھرىبـانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ئولتۇرۇشۇمنى ئېيتتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن يېتىپ تۇرۇپ بىر كۇنۇپكىنى بېسىپ ۋىدىيونى ماڭدۇردى.

تېلېۋىزور ئېكرانىدا باشقا بىر قانال پروگراممىسى كۆرۈندى. ئـۇ ئېكرانىنىڭ ئىچىدە يەنە باشقا بىر كۆرۈنـۈش بـار ئىـدى. شـۇ چاغـدا بىر دەستە كۆك نۇرنى كۆردۈم، ئۇ ئۆلـۈمنى ئەسـلىتىدىغان بىـر نـۇر ئىدى، ئەمما ئۇ چاغدا ئۆلۈم ناھايىتى يىراق بولۇشى كېرەك ئىـدى. نۇر بىزنىـڭ ئاپتوبۇسـلار ماڭغـان بىپايـان بىـر دالىـدا مەلـۇم ۋاقىـت بىكـار كەزدى. ئانـدىن سـەھەر بولـۇپ، شـەپەق كۆتۈرۈلـدى ۋە ئۇنىڭـدىن كالېنـدار مەنزىرىلىرىنـى كـۆردۈم. بـۇلار دۇنيانىـڭ دەسـلەپكى كـۈنلىرىگە ئائىـت بەزى كۆرۈنۈشـلەر بولۇشـى مـۇمكىن ئىدى. سۆيۈملۈكۈم مېھمانخانا ياتىقىدا ئۇخلاۋاتقاندا، ناتونۇش بىـر ناھىيە بازىرىدا مەندەك مەست بولـۇپ، نـاتونۇش دوستلار بىـلەن بىر تىككۈچىلىك دۇكىنىـدا ئولتـۇرۇپ ھاياتنىـڭ نـېمە ئىكەنلىكىنـى پەقەت ئويلىماستىن، ئۇنى كۆرۈنۈشـلەر ئـارقىلىق بىـردىنلا كـۆرۈش نەقەدەر گـۈزەل! ئىنسـان سـۆزلەر ئـارقىلىق ئويلىنىـدۇيۇ، نېمىـشقا كۆرۈنۈشـــلەر تۈپەيلـــدىن ئـــازاب چېكـــدۇ؟ "خـــالايمەن، خـالايمەن!"دېـدىم ئـۆزۈمگە نېمىنـى ئـارزۇ قىلغىنىمنـى ئېنىـق بىلمەسـتىن. ئانـدىن ئېكرانـدا ئـاق بىـر دەسـتە نـۇر كۆرۈنـدى، تېلېۋىزورغـا ئېگىـشكەن ئىككـى يىگىتمـۇ بەلكىـم نۇرنىـڭ يـۈزىگە

چۈشۈشىدىن بۇنى ھېس قىلىپ ئېكرانغا قارىدى ۋە تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى كۆچەيتتى. شۇ چاغدا نۇر پەرىشتە بولدى.

"مەن نېمىسىچە يىراقتا، — دېدى بىر ئاۋاز، — شۇنچە يىراقتىمەنكى، ھەر زامان ئاراڭلاردىمەن. مېنى ئەمدى ئۆزەڭلارنىڭ ئىچكى ئاۋازى بىلەن تىڭشاڭلار، مېنىڭ ئاغزىمنى ئۆزەڭلارنىڭكىدەك ئويلاپ پىچىرلاڭلار."

مەنمۇ باشقا بىرسىنىڭ سۆزلىرىنى ناچار تەرجىمە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا تىرىشقان بەختسىز ئاۋاز ئارتىسىدەك پىچىرلىدىم.

— چىدىغۇسىزسەن، ۋاقىت، — دېدىم شۇ ئاۋازدا، — جانان ئۇخلاۋاتقاندا، تاڭ ئېتىۋاتسىمۇ چىدىسام يەنە بەرداشلىق بېرىمەن.

ئاندىن جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، خىيالىمدىكىلەرنى گويا تېلېۋىزوردا كۆرۈۋاتاتتىم. شۈكىمىكىن، كۆزۈم ئوچۇقمۇ، يۇمۇقمۇ، خىيالىمدىمۇ، تاشقى دۇنيادىمۇ، بەربىر ھەممىسى ئوخشاش مەنزىرە دەيتتىم. شۇنداق قىلىپ يەنە پاراڭ قىلدىم:

— ئۆزىنىڭ چەكسىز سۆيەتلىرىنىڭ شەكلىنى كۆرمەكچى، ئۆزىنى ئۆز ئەينىكىدە كۆرۈپ ئۆز سىرى قىلماقچى بولغاندا، ئاللاھ ئالەمنى ياراتتى: شۇنداق قىلىپ ئېكرانلاردا ۋە فىلىم بېشىدا بىز تولا كۆرىدىغان دالا سەھەرلىرى، يالت-يۇلت ئاسمان، قول تەگمىگەن سۇلار يۇيۇۋاتقان خادا تاشلىق ساھىللار بىلەن، كېچىدە ئورماننىڭ ئىچىدە كۆرگىنىمىزدە قورقىدىغان ئاي شەكىللەندى. كېچىدە ھەممە ئائىلىلەر قاتتىق ئۇخلاۋاتقاندا ئۈزۈلۈپ قالغان توك تۈيۈقسىز كېلىپ، مېھمانخانا ئۆيىدىكى تەنھا تېلېۋىزور ئۆزلۈكىدىن قانداق يورۇپ دۇنيانى چۈشەندۈرگەن بولسا، ئۇ چاغدا، قاراڭغۇ ئاسماندا ئايمۇ تىكەندەك يالغۇز ئىدى. ئاي ۋە باشقا نەرسىلەر شۇ چاغدىمۇ بار ئىدى، ئەمما ھېچكىم ئۇلارغا قارىمىغانىدى. دېمەك، ھەممە نەرسە خىرە ئەينەكتە كۆرۈنگەندەك روھسىز ئىدى. بىلىسىز، كۆپ

تاماشا قىلدىڭىز، ئەمدى بۇ روھسىز ئالەمنى ئىبرەت ئۈچۈن يەنە بىر تاماشا قىلىڭ.

— ئاكا، بومبا دەل مۇشۇ يەردە پارتلايدۇ، — دېدى ئىككى يىگىتتىن قولىدا ئۈشكە تۇتقان بىرى.

كېيىنكى پاراڭلاردىن تېلېۋىزورغا بىر بومبا ئورناتقانلىقىنى بىلدىم، بىلگىنىم خاتامۇ، ياق، توغرا، كۆرۈنىدىغان بىر خىل بومبا؛ پەرىشتىنىڭ نۇرى كۆزنى قاماشتۇرۇپ ئېكراندا كۆرۈنگەن ھامان پارتلايتتى. توغرا بىلگىنىمنى شۇنىڭدىن ئۇقتۇم. بىر خىل گۇناھ تۇيغۇسى خىيالىي بومبىنىڭ تېخنىكىلىق تەرەپلىرىگە بولغان قىزىقىشىم بىلەن بىللە كاللامنى قوچۇيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن "مانا مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك" دەپ ئويلايتتىم. بەلكىم شۇنداق بولاتتى: ئەتىگەنلىك يىغىلىشتا خوجايىنلار ئېكراندىكى سېھىرلىك كۆرۈنۈشلەرگە چۆكۈپ كەتكەندە، پەرىشتە ۋە ئەشيالار، نۇر ۋە ۋاقىت ئۇستىدە مۇنازىرە قىلىشقا كىرىشكەندە، بومبا خۇددى دەل قاتناش ۋەقەسىدە يۈز بەرگەندەك يۇمشاق، ئىسسىق پارتلايتتى ھەمدە ياشاشقا، غوۋغا چىقىرىشقا، سۆيىقەستكە تەشنا بولغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئېچىدە يىللارچە توپلانغان ۋاقىت بىردىنلا ئەتراپقا شىددەتلىك يېيىلىپ ھەممە نەرسىنى توگىلىتىپ قوياتتى. بومبىدا ياكى يۈرەك كېسىلىدىن ئەمەس، ھەقىقىي قاتناش ۋەقەسىدە ئۆلمەكچى بولغىنىمنى مۇشۇ پەيتتە ئويلىدىم، چۈنكى پەرىشتە ماڭا بەلكىم شۇ ۋاقىتتا كۆرۈنىدۇ، ھاياتنىڭ سىرىنى قۇلىقىمغا پىچىرلايدۇ. قاچان، پەرىشتە؟

ئېكراندا تېخىچە كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈۋاتاتتىم. بىر دەستە نۇر بەلكىم رەڭسىز بىر رەڭ، بەلكىم پەرىشتە، ئەمما ئويلاپ يېتەلمەيتتىم. بومبىدىن كېيىنكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈش ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتقا بىر نەزەر سېلىشقا ئوخشايدۇ. بۇ تەڭداشسىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنىڭ ھاياجىنىدا ئۆزۈمنى گويا ئېكراندىكى

كۆرۈنۈشلەرگە ئاۋاز بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. باشقا بىرى سۆزلەۋاتقاندا مەن تەكرارلاۋاتاتتىممۇ ياكى بۇ ئىككى روھنىڭ باشقا بىر دىياردا تېپىششىدەك بىر قېرىنداشلىق پەيتى بولغىيمىدى، بىلمەيمەن، مۇنداق دەۋاتاتتۇق:

”ئاللاھنىڭ پۈۋلىشى بىلەن تەڭ ئالەمگە روھ بىلەن بىرلىكتە ئادەم ئاتىنىڭ كۆز نۇرىمۇ يېيىلدى. ئۇ چاغدا نەرسىلەرنى خىرە ئەينەكتە ئەمەس، ئالەمدە بولغاندەك، شۇنداق، دەل باللارنىڭ كۆرىدىغىنىدەك كۆردۇق. كۆرگىنىگە نام بېرىدىغان، كۆرگەن نەرسىسىنى نامى بىلەن بىللە ئېسىدە تۇتىدىغان بىز باللار ئۇ ۋاقىتلاردا نەقەدەر خۇشال ئىدۇق! ئۇ چاغلاردا ۋاقىت ۋاقىت ئىدى، ھادىسە ھادىسە، ھايات ھايات ئىدى. بىز ھەقىقىي بەختلىك ئىدۇق، لېكىن شەيتان خۇشاللىقىمىزنى كۆرەلمەيتتى؛ شۇڭا خۇشاللىقىمىزغا چىدىماي غەزەبلەنگەن شەيتان بىر چوڭ سۇيىقەستنى پىلانلىدى. گۇتەنبەرگ دېگەن ئادەم چوڭ سۇيىقەستنىڭ پىچكىسى ئىدى. گۇتەنبەرگ (ئۇنى ۋە تەقلىدچىلىرىنى مەتبەئەچى دېدى)نىڭ ئىشچان قولى، چىدامىلىق بارمىقى ۋە چىۋەر قەلىمى سۆزلەرنى ئۆلگۈرەلمىگىدەك دەرىجىدە كۆپەيتتى؛ يېپىنى ئۈزۈۋەتكەن سۆزلەر مارجانلاردەك تۆت تەرەپكە چېچىلدى؛ كوچا دەرۋازىلىرىمىزنىڭ ئاستىنى، سوپۇن قېلىپلىرىنىڭ، تۇخۇم قاپلىرىنىڭ ئۈستىنى ئاچ ۋە تەلۋە قۇرت-قوڭغۇزلاردەك سۆزلەر ۋە يازمىلار قاپلىدى. شۇنداق قىلىپ بىر زامانلاردا گۆش بىلەن سۆڭەكتەك بولغان سۆز بىلەن ئەشيا بىر-بىرىگە كەينىنى قىلدى. شۇنداق قىلىپ كېچە ئاي يورۇقىدا بىزدىن ’ۋاقىت نېمە؟ ھايات نېمە؟ دەرد-ئەلەم نېمە؟ تەقدىر-قىسمەت نېمە؟ ئازاب-ئوقۇبەت نېمە؟‘ دەپ سورالغاندا، بىر ۋاقىتلاردا قەلبىمىزدىن بىلگەن بارلىق جاۋابلارنى، ئىمتىھان كېچىسىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدىغان يادىكەش ئوقۇغۇچىدەك بىر-بىرىگە

ئاربلاشتۇرۇۋەتتۇق. ۋاقىت، — دەيتتى بىر ئەخمەق، — بىر شاۋقۇن - سۈرەندۇر. بالا - قازا، — دەيتتى يەنە بىر تەلەيسىز، — تەقدىر - قىسمەتتۇر. ھايات، — دەيتتى ئۈچىنچى بىرى، — بىر كىتابتۇر. بىز تېگىرقىغۇچىلار، بىلىسىلەرغۇ، تۇغرا جاۋابنى قۇلىقىمىزغا پىچىرلىسۇن دەپ پەرىشتىنى كۈتەتتۇق".

— ئەلى بەگ ئوغلۇم، — دەپ سۆزۈمنى بۆلدى سۆسۈن رەڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئادەم، — ئاللاھقا ئىشىنەمسەن؟

بىر دەم ئويلاندىم.

— جانانىم مېنى مېھمانخانا ياتىقىدا ساقلاۋاتىدۇ، — دېدىم.

— ھەممىمىزنىڭ جانانى ئۇ، بىرىپ ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەت، — دېدى ئۇ، — ئەتىگەندە "ۋېنۇس ساتىراشخانىسى"دا چاچ - ساقاللىرىڭنى ئالدۇر.

ئىسسىق ياز كېچىسىگە چىقتىم، بومبا خۇددى بالا - قازادەك بىر ئېزىتقۇ، قاچان كۆرۈنىدىغانلىقى بىلىنمەيدۇ، دېدىم ئۆزۈمگە. بۇ شۇنداق مەنە بېرىدۇكى، تارىخ دېيىلگەن قىماردا ئۇتتۇرغان بىز — پەرىشان مەغلۇبلار ھېچ بولمىغاندا بىر نەرسە ئۇتقانلىقىمىزغا ئۆزىمىزنى ئىشەندۈرۈش، زەپەر تۇيغۇسىنىڭ تەمىنى تېتىش ئۈچۈن يۈز يىللارچە بىر - بىرىمىزگە بومبا ئېتىشاتتۇق. ئاللاھ ئۈچۈن، كىتاب، تارىخ ۋە دۇنيانى دەپ قۇرئانغا، كەمپۇت قېپىغا ۋە خوت قاپقىقىغا ئورۇنلاشتۇرغان بومبىلىرىمىز بىلەن روھىمىزنى ھەم تېنىمىزنى بىر ئوبدان ھاۋاغا سورۇيتتۇق. بۇ ماڭا ئانچە يامان بىلىنمەيدۇ دەپ ئويلاۋاتقىنىمدا، بىردىنلا جانانىنىڭ ياتىقىنىڭ يورۇقىنى كۆردۈم.

مېھمانخانىغا ۋە ياتاققا كىردىم، ئانا، مەن بەك مەست. جانانىنىڭ يېنىدا ياتتىم، ئۇنى قۇچاقلىدىم دەپ ئويلىغاچ ئۇخلىدىم.

ئەتىگەندە ئويغىنا - ئويغانماي، يېنىمدا ياتقان جانانغا كۆزۈمنى ئۈزمەي قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايىدا ئاپتوبۇس ئورۇندۇقلىرىدا ۋىدىيو

فىلىمنى كۆرگەندە بەزىدە كۆرۈنىدىغان ئەندىشە ۋە دىققەت بار ئىدى، ئۇ كۆرۈۋاتقان چۈشىنىڭ تەسىرلىك، ھەيران قالدۇرارلىق بىر سەھنىسگە تەييارلىنىدىغانىدەك كاشىتان رەڭگىدىكى قاشلىرىنى كۆتۈرگەنىدى. قول يۇيىدىغان جۇمەكتىن تېخىچە سۇ تامچىلاپ تۇراتتى. قۇياشنىڭ پەردىلەر ئارىسىدىن شۇڭغىغان چاڭ-توزانلىق نۇرى ئۇنىڭ پۇتلىرىغا ھەسەل رەڭگىدە چۈشكەنىدى، جانان بىر سوئال سوراپ گۇگۇرىدى. ئۇ كارىۋىتىدا يېنىك ئۆرۈلگەنىدە مەن شەپە چىقارماي ياتاقتىن چىقتىم.

سەھەر سالقىنلىقىنى پېشانەمدە سەزگەچ مېڭىپ بارغان "ۋېنۇس ساتراشخانىسى"دا تونۇلغۇن ئاخشامقى ئادەمنى كۆردۈم، جانانىنىڭ تاماكىسىنى دەسسىگەن ئۇ ئادەم ساقلىنى قىردۇرۇۋاتقان بولۇپ، يۈزى ماغزاپ ئىچىدە ئىدى. كۆتۈش ئورۇندۇقىدا ئولتۇرار-ئولتۇرمايلا ساقال سوپۇنىنىڭ پۇرىقىنى قورقۇنچ ئىچىدە تونىدىم. ئەينەكتە كۆزىمىز ئۇچراشتى، بىر-بىرىمىزگە كۈلۈمسىرىدۇق. بىزنى دوكتور نارىننىڭ يېنىغا ئاپىرىدىغان ئادەم ئەلۋەتتە مۇشۇ ئىدى.

## 8

بىزنى دوكتور نارىننىڭ يېنىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان 61 تىپلىق كوزۇپلۇق "Chevrolet"نىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان جانان قولىدىكى «گۇدۇل پوچتىسى» گېزىتى بىلەن چىدامسىز ئىسپانىيە مەلىكىلىرىدەك ئەسەبىيلەرچە يەلپۈنۈۋاتقاندا، مەن ئالدى ئورۇندۇقتا خىيالەتتەك يېزىلارنى، ھارغىن كۆۋرۈكلەرنى، زېرىكىشلىك بازارلارنى ساندىم. OPA پۇرايدىغان شوپۇرىمىز پاراڭچى ئەمەس ئىدى، رادىئونى تولغاپ، ئوخشاش خەۋەرلەرنى، يالغان ھاۋارايى مەلۇماتلىرىنى ئاڭلاشتىن ھۇزۇرلىناتتى. مەركىزىي ئاناتولىيىدە يامغۇر بەزىدە يېغىپ، بەزىدە ياغمايتتى، غەربىي ئاناتولىيىنىڭ ئىچكى

رايونلىرىدا ھەممە يەردە قاتتىق يامغۇر ياغاتتى، ھاۋا بەزىدە بۇلۇتلۇق، بەزىدە بۇلۇتسىز ئىدى. بۇ پارچە بۇلۇتلارنىڭ تېگىدىن، دېڭىز قاراقچىلىقى ھەققىدىكى فىلىملەردىن ۋە رىۋايەتلەردىكى دىيارلاردىن چىقىپ كەلگەن قارا يامغۇرلارنىڭ ئىچىدىن ئۆتۈپ ئالتە سائەت يول ماڭدۇق. "Chevrolet" نىڭ ئۇستىگە رەھىمسىزلەرچە ئۇرغان ئاخىرقى قارا يامغۇردىن كېيىن، خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك ئۆزىمىزنى بىردىنلا پۈتۈنلەي باشقا بىر يەردە كۆردۇق.

ماشىنىنىڭ ئەينەك سۇرتكۈچلىرىنىڭ ھەسرەتلىك مۇزىكىلىرى جىمىغانىدى. قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى گېئومېتىرىك بىر دۇنيادا سول دېرىزىنىڭ كېپىنەك شەكىللىك ئەينىكىدىن پېتىپ كېتىۋاتاتتى. ئالماستەك سۈزۈك، ئوچۇق، جىمجىت دىيار بىزگە سىرلىرىڭنى تاپشۇر! ئۇستىگە سۇ تامچىلىرى قونغان دەرەخلەر ھەر خىل كۆرۈنەتتى، قۇشلار ۋە كېپىنەكلەر ئالدى ئەينەككە يېقىنلاشماي ئەقلىلىق قۇش، كېپىنەكلەردەك ئالدىمىزدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشەتتى. زاماندىن تاشقىرى دىيارنىڭ رىۋايەتلەردىكى دېۋىسى نەدە، ھال رەڭ پەتەكلەر بىلەن سۆسۈن رەڭ جادۇگەرلەر قايسى دەرەخنىڭ ئارقىسىدا؟ دەيتتىم. مەنزىرىدە ھېچقانداق ھەرپ، ھېچقانداق ئىشارەت يوق دېمەكچىدىم، يالتىراۋاتقان ئاسفالت يولدا بىر ماشىنا يېنىمىزدىن جىمىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا "يانداپ ئۆتۈشتىن ئاۋۋال ئويلان!" دېگەن سۆزلەر يېزىقلىق ئىدى. سولغا قايرىلىپ بىر توپىلىق يولغا كىردۇق، داۋانلارغا چىقتۇق، غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا غايىب يېزىلاردىن ئۆتۈپ، قاراڭغۇ ئورمانلارنى كۆردۇق ۋە دوكتور نارىنىنىڭ ئۆيى ئالدىدا توختىدۇق.

كۆچۈشلەردىن، ئۆلۈملەردىن ۋە تەلەيسىزلىكلەردىن كېيىن چوڭ ئائىلە تارقىلىپ كەتكەندە، بۇ ياغاچ ئۆي شەن پالاس، سەفا پالاس، جىھان پالاس ۋە كونفور پالاس دېگەندەك ناملار بىلەن مېھمانخانىغا ئايلاندۇرۇلغان كونا ناھىيە بازىرىنىڭ كاتتا

تۇرالغۇلىرىدىن بىرىگە ئوخشايتتى، ئەمما ئەتراپىدا يا شەھەرنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ۋە بىكار يەرلىرى، توپا باسقان تراكتورلار ياكى مەركەز لەززەت ئاشخانىسى يوق ئىدى. جىمجىتلىق... ئۈستۈنكى قەۋەتتە بۇ خىل كاتتا ئىمارەتلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئالتە ئەمەس، تۆت دېرىزە بار ئىدى، ئۈچ دېرىزىدىن ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئۈچ تۈپ چىنارنىڭ ئاستىنقى شاخلىرىغا ئاپپىلسىن رەڭگىدە يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. يالغۇز بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا ئىدى. پەردىلەر قىمىرلىدى، بىر دېرىزە ئۇرۇلدى، ئاياغ تىۋىشلىرى، قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى؛ كۆلەڭگىلەر مىدىرلىدى، ئاخىر ئىشىك ئېچىلدى، ئالدىمىزغا چىققان كىشى دەرۋەقە دوكتور نارىن ئىدى.

ئۇ ئېگىز بوي، كېلىشكەن، 65 ـ 70 ياشلاردا، كۆزەينەكلىك ئادەم ئىدى. ئەمما ياتىقىڭدا يالغۇز قېلىپ خىيال سۈرگىنىڭدە ئۇنىڭ كۆزەينەكلىرىنى ئەمەس، چىرايىنى ناھايىتى ياخشى ئەسلەيتتىڭ؛ ناھايىتى تونۇش بەزى ئادەملەرنىڭ بۇرۇتلۇق ياكى ئەمەسلىكىنى كېيىن ئەسلىيەلمەيدىغان ئىشلار بولىدۇ. ئالدىمىزدا دوكتور نارىننىڭ ناھايىتى كۆپ مەۋجۇدىيىتى بار ئىدى. بىر دەمدىن كېيىن ياتاقتا "قورقۇۋاتىمەن" دېدى جانان قورقۇنچتىن بەكرەك قىزىقىش بىلەن.

ئۇزۇن شىرەدە گاز لامپىلىرىنىڭ يورۇقىدا سايىلىرىمىز تېخىمۇ ئۇزىرىغاندا، ھەممىمىز بىرلىكتە كەچلىك تاماق يېدۇق. دوكتور نارىننىڭ ئۈچ قىزى بار ئىدى. ئەڭ كىچىكى خۇشال ۋە خىيالپەرەس گۈلزار، شۇنچە چوڭ بولۇپ كەتسىمۇ بويتاق ئىدى. ئوتتۇرانچىسى گۈلەندەم دادىسىدىن بەكرەك ئۇدۇلۇمدا پۈشۈلداپ نەپەس ئېلىۋاتقان دوختۇر ئېرىگە يېقىن ئىدى. ئەڭ چوڭى، گۈزەل گۈلجاھان ــ ئالتە ـ يەتتە ياشلاردىكى ئىككى ئەدەپلىك قىزىنىڭ گېپىدىن قارىغاندا ــ ئېرىدىن خېلى بۇرۇن ئايرىلغان بولسا

كېرەك. گۈل قىزلارنىڭ ئانىسى ئاز-تولا ھەيۋىسى بار، پەقەت كۆزلىرى، قاراشلىرىدىنلا ئەمەس، پۈتۈن تۇرقىدىن خېلى سۈرى بار ئايال ئىدى، ئۇ "قاراڭ، مانا ھازىر يىغلىۋېتىمەن-ھە" دەيتتى. شىرەنىڭ يەنە بىر بېشىدا ناھىيە بازىرىدىن (قايسى ناھىيە بازىرى ئىدى، بىلمەيتتىم) بىر ئادۋوكات بار ئىدى، بىر دەم يەر داۋاسى ھەققىدە گۇرۇھۋازلىق، سىياسەت، پارا ۋە ئۆلۈم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەقەنى سۆزلىدى، شۇنداقلا كۈتكىنىدەك، دوكتور نارىن ئۇنى قىزىقىپ ھەم بىزار بولۇپراق، بىزار بولغىنىنىمۇ بىر خىل تەستىقلىغاندەك، بۇنى كۆزلىرىدىن ئىپادىلىگەچ ئاڭلىغاندا ئۇ سۆيۈندى. مېنىڭ يېنىمدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى كۈچلۈك، نوپۇزلۇق ۋە جان سانى كۆپ ئائىلىلەرنىڭ جانلىق تۇرمۇشىغا شاھىد بولۇشنىڭ خۇشاللىقى بىلەن ئۆتكۈزەلەيدىغان قېرىلاردىن بىرى ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ئائىلىنىڭ نېمىسى ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۆزى شاھىد بولغان بەختىيارلىققا تەخسىسىنىڭ يېنىدا قوشۇمچە بىر تەخسىدەك قويۇپ قويغان كۈچەيتكۈچلۈك كىچىك بىر رادىئو بىلەن مەدەت بېرەتتى. ئۇنى بىر قانچە قېتىم رادىئوسىنى قۇلىقىغا تىقىپ — بەلكىم قۇلىقى ياخشى ئاڭلىمىسا كېرەك — بىر نەرسىلەر ئاڭلاۋاتقانىدا كۆردۈم." گۈدۈلدىن بىرەر خەۋەر يوق!" دېدى ئۇ، ئاندىن دوكتور نارىنغا ۋە ماڭا قاراپ، سالغۇزغان چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى ھەمدە سۆزلىرىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسىدەك قوشۇمچە قىلدى: "دوكتور، پەلسەپىلىك مۇنازىرىلەردىن ھوزۇرلىنىدۇ، سىزدەك ياشلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئوغلىغا نېمانچە ئوخشايسىز!"

ئۇزاق سۈكۈت باشلاندى. ئانا يىغلايدىغاندەك قىلاتتى، دوكتور نارىننىڭ كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان غەزەپنى كۆردۈم. ئۆينىڭ سىرتىدا بىر يەردىن بىر ئاسما تام سائىتى ۋاقىتنىڭ ۋە ھاياتنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ توققۇز قېتىم داڭ ئۇردى.

كــۆزلىرىمنى شــىرەدە، ئۆيــدە، بىــساتلارنىڭ، ئادەملەرنــىڭ، تاماقلارنىڭ ئۈستىدە يۈگۈرتكەنچە بارا-بارا بايقىدىمكى، ئۇ يەردە، ئارىمىزدا، كاتتا تۇرالغۇدا چۈشلەردە كۆرگەن ياكى بىر چاغلاردا چوڭقۇر ھېس قىلىنغان تۇرمۇش ۋە ئەسلىمىلەردىن قالغان بەزى ئىزلار، ئىشارەتلەر بار ئىدى. جانان بىلەن ئاپتوبۇسلاردا ئۆتكۈزگەن ئــۇزۇن كــېچىلەردىن بىرىــدە، ھەۋەســەن يولۇچىلارنىڭمــۇ ئىلھاملاندۇرۇشى بىــلەن يــاردەمچى شــوپۇر ۋىــدىيوغا ئىككىنچــى بىــر فىلىمنىڭ لېنتىــسىنى ســالغاندىن كېيىن، بىر قــانچە مىنۇت بەزەن ھــارغىن، قارارســىز مەپتۇنلــۇق، كەســكىن، ئەممــا نىشانــسىز ئىرادىــسىزلىك تۇيغۇســىغا چۆكەتتــۇق، ئــۆزىمىزنى تاســادىپىيلىق ۋە مەجبۇرىيلىقنىــڭ مەنىــسىنى ئۇقالمىغــان بىــر ئويۇنغــا بېرەتتــۇق ۋە ئىلگىرى باشتىن كەچۈرگەن بىر مىنۇتنى باشقا بىر ئورۇنــدۇقتا، باشــقا بىــر كــۆز قــاراش بىــلەن يېڭىۋاشــتىن باشــتىن كەچــۈرۈش ھودۇقۇشــى بىــلەن ھايــات دېــيىلگەن يوشــۇرۇن ۋە ھېــسابلانمىغان گېئومېتىرىيىنىڭ سىرىنى بايقىماقچى بولغىنىمىزنى ھېس قىلاتتــۇق. ئېكرانــدىكى دەرەخ سايىلىرىنىڭ، تاپانچىلىق ئادەمنىــڭ ســولغۇن كۆرۈنۈشلىرىنىڭ مەنىسىنى، شۇنداقلا قىزغۇچ ئالمىلارنىڭ، مېخانىك ئاۋازلارنــىڭ ئارقىــسىدىكى چوڭقــۇر مەنىنــى تەنتەنىلىــك ھالــدا دەل ئېنىقلىغاندا بىــردىنلا شــۇنى بايقــايتتۇقكى، " ۋاي بىــز بــۇ فىلىمنــى بۇرۇن كۆرۈپتىكەنمىز!" دەپ قالاتتۇق.

بۇ تۇيغۇ تاماقتىن كېيىنمۇ مېنى ئەسىر قىلىۋالدى. مويــسىپىت مېھماننىڭ رادىئوسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان رادىئو دىرامىــسىنى بىــر دەم ئاڭلىــدۇق. گــۈلزار بىــر جــۈپىنى مەن رىفقــى تاغىلارنــىڭ ئۆيىدە كۆرگەن كۈمۈش كەمپۇت قاچىسىدا بىــزگە ھــازىر ئۇنتۇلــۇپ كەتكەن ھىندىستان ياڭىقى قېتىلغان"شىر" شاكىلاتلىرى ۋە يېڭــى ھايات مۇرابباللىرىنى ئەكىردى. گۈلەنــدەم قەھــۋە سۇندى، ئانــسى بىزدىن نــېمە تەلەپىمىــز بارلىقىنى سورىدى. شىرەنىڭ ئۈستــىدە،

ياپقۇچى ئوچۇق ئەينەكلىك ئىشكاپنىڭ تاختىلىرىدا يۇرتىنىڭ ھەر يېرىدە سېتىلىدىغان رەسىملىك رومانلار بار ئىدى. دوكتور نارىن قەھۋەسىنى ئىچىۋاتقاندا، تامدىكى سائەتنى توغرىلاۋاتقاندا دۆلەت لاتارىيىسى بېلەتلىرىنىڭ ئۈستىدىكى بەختلىك ئائىلە رەسىملىرىدىكى ئاتىلاردەك مېھرىبان، مۇلايىم ئىدى. ئۆيىدىكى بىساتتىمۇ بۇ ئاتىنىڭ گۈزەل ۋە ئاسان ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان ئېدىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ئىزلىرى بار ئىدى: چۆرىلىرىدە لالە ۋە كارانفىل گۈل نۇسخىلىرى ئىشلەنگەن پەردىلەر، ھازىر ئىشلىتىلمەيدىغان گاز مەشلىرى، نۇرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆلگەن لامپىلار شۇنىڭ مىسالى ئىدى. دوكتور نارىن قولۇمدىن تۇتۇپ تامنىڭ بىر يېنىغا ئېسىلغان بارومېتىرنى كۆرسەتتى ۋە ئىنچىكە، نازۇك ئەينىكىگە ئۈچ قېتىم تىك-تىك ئۇرۇشۇمنى ئېيتتى. ئۇردۇم، بارومېتىرنىڭ ئىسترېلكىسى مىدىرلىغاندا ئۇ " ئەتە ھاۋا يەنە بۇزۇلىدۇ!" دېدى ئاتىنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن.

تامدا بارومېتىرنىڭ يېنىدىلا ئەينەكلىك چوڭ بىر رامكا ئىچىدە يەنە بىر كونا سۈرەت ئېسىقلىق ئىدى؛ بۇ ياش بىرسىنىڭ سۈرىتى بولۇپ، مەن بايقىمىغانىدىم، ياتىقىمىزغا قايتقاندا بۇنى ماڭا جانان ئېيتتى. فىلىملەرنى ئۇخلىغاچ كۆرىدىغان، كىتابلارنى دىققەتسىز ئوقۇيدىغان ئازغۇنلار، تايىنى يوقلار سورايدىغاندەك، مەنمۇ ئۇنىڭ كىمنىڭ سۈرىتى ئىكەنلىكىنى سورىدىم.

— مەھەممەتنىڭ، — دېدى جانان، بىز بىزگە بېرىلگەن ياتاقتىكى گاز لامپىسىنىڭ خىرە يورۇقىدا ئىدۇق، — تېخىچە ئۇقمىدىڭمۇ؟ دوكتور نارىن مەھەممەتنىڭ دادىسى!

تەڭگە چۈشمىگەن ئەبجەق تېلېفوننىڭ ئاۋازىدەك بىر ئاۋازلارنى ئاڭلىغىنىمنى بىلىمەن. ئاندىن ھەممە نەرسە جايىغا چۈشتى، شەپەق ۋاقتىدا شىۋىرغان توختىغاندىن كېيىنكى ھالەتتەك ئەمەلىيەتنى مۇمكىنقەدەر قەتئىيلىكى بىلەن كۆرۈپ

چۈشـــەنگەچ، ھەيـــرانلىقتىن بەكـــرەك قـــاتتىق غەزەپلەنـــدىم. كـــۆپچىلىكىمىزدە بولـــدۇ، بولغانـــدۇر، بىـــر ســـائەتتىن بىـــرى كىنوخانـــدا چۈشـــىنىپ كـــۆردۇق دەپ ئويلىغـــان بىـــر فىلىمنـــى ئەســـلىدە خاتـــا چۈشـــەنگەن ئەخمەقنىـــڭ ئـــۆزىمىز ئىكەنلىكىنـــى بىلگىنىمىزدە غەزەپلىنىپ كېتىمىز.

— بۇرۇنقى ئىسمى نېمىكەن؟

— ناھـــــت، — دېـــدى جانـــــان، ئاســـــترولوگىيە[1] گە ئـــشىنىدىغانلاردەك بېـــشىنى لىڭـــشىتىپ، — ۋېنـــۇس يۇلتـــۇزى دېگەنلىك بولىدىكەن.

”مېنىڭمۇ مۇشۇنداق ئىسمىم، مۇشۇنداق دادام بولسىدى، مەنمۇ باشقا بىرى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم“ دەي دەپ تـۇراتتىم، جانانىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاققىنىنى كۆردۈم.

كېچىنىـڭ ۋاقىتلىرىنـى ئەسلەشـنىمۇ خالىمـايمەن. مەھەممـەت ئىسمىلىك، باشـقا ناھـىت ئۈچـۈن كـۆز يېـشى تۆكۈۋاتقـان جانانغـا تەسـەللى بەرمىـسەم بولمـايتتى. بۇ بەلكـى ھېچقـانچە ئـىش ئەمەس ئىدى؛ ئەمما جانانغا مەھەممەت ناھىتنىـڭ بىزنىڭمـۇ بىلگىنىمىزدەك ئـۆلمىگەنلىكىنى، پەقەت بىـر قاتنـاش ھادىسىـسىدە ئۆلگەنلىـك ھېيلىـسى ئىـشلەتكەنلىكىنى ئەسلىتىـشكە مەجبـۇر بولۇۋاتـاتتىم: مەھەممەتنى بوز دالىنىڭ مەركىزىـدىكى بىـر يەردە كىتـابتىن تاپقـان بىلىمنى ھاياتقا كۆچۈرۈپ يېڭـى ھايـاتىنى ئۆتكۈزۈۋاتقـان ئاجايىـپ دىيارنىڭ ئاجايىپ كوچىلىرىدا كېزىپ يۈرگىنىدە تاپاتتۇق.

بۇ ئىشەنچ ئەسلىدە جاناندا مەندىنمۇ چوڭ، كۈچلۈك بولسىمۇ، مەھەممەتـتىن قىلىنغـان گۇمـان ھەسـرەتلىك گۈزەللىكنىـڭ روھىـدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەھەممەتنىـڭ قانـداقچە توغرا يولدا ئىكەنلىكىنـى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك ئىدى.

[1] ئاسترولوگىيە— مۇنەججىملىك، پالچىلىق، —ت.

قارا، ئوقەتچىلەر يىغىلىشىدىن بېشىمىزنى بالاغا تىقماي قانداق قۇتۇلۇپ چىقتۇق، قارا، ئۆزىنى تاسادىپىيلىق قىلىپ كۆرسەتكەن يوشۇرۇن مەنتىقىنىڭ ھۆكۈمى بويىچە بىز ئىزدىگەن كىشى بالىلىقىنى ئۆتكۈزگەن كاتتا تۇرالغۇغا، بۇ يەرگە، ئۇنىڭ ئىزلىرى توپلانغان بۇ ئۆيگە قانداق كەلدۇق. تىلىمدىكى ئاچچىق مەسخىرىنى سەزگەن ئوقۇرمەنلەر كۆز ئالدىمدىكى پەردىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، روھىمنى نۇر بىلەن تولدۇرغان، ھەر تەرىپىمنى قورشىغان مەندىكى ئاشۇ مەپتۇنلۇقنىڭ — قانداق دېسەم بولىدىكىن — بىر خىل يۆنىلىش ئۆزگەرتكەنلىكىنى بەلكىم بايقاۋاتىدۇ. مەھەممەت، يەنى ناھىتقا ئۆلۈم مۇئامىلىسى قىلىنىشى جانانىنى شۇنچىلىك ئازابلىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاپتوبۇس سەپىرىمىزنىڭ بۇرۇنقى ئاپتوبۇس سەپىرىدەك بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىش مېنى پەرىشان قىلاتتى.

ئەتىگەندە ئۈچ قىز قېرىنداش بىلەن بىللە قىلغان ناشتا — ھەسەل، ساپ پىشلاق، چايدىن كېيىن دوكتور نارىننىڭ ياش پېتى ئېچىنىشلىق بىر ئاپتوبۇس ھادىسىسىدە كۆيۈپ ئۆلگەن تۆتىنچى بالىسى ۋە بىردىنبىر ئوغۇل بالىسى ناھىت ئۈچۈن تۇرالغۇنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە ياساتقان بىر خاتىرە ئۆيىنى كۆردۇق. "دادام بۇ يەرنى سىزنى كۆرسۈن دېگەن" دېدى گۈلجاھان قولىدىكى يوغان ئاچقۇچنى كىچىك بىر تۆشۈككە مېنى ھەيران قالدۇرۇپ ھېچ قىينالمايلا تىقىۋېتىپ.

ئىشىك سېھىرلىك بىر جىمجىتلىقتا ئېچىلدى. كونا گېزىت-ژۇرنال پۇرىقى. پەردىلەردىن شۇڭغۇغان غۇۋا يورۇقلۇق. ناھىت ياتقان كارىۋات ۋە ئۈستىدە گۈل ئىشلەنگەن ياپقۇچ. تامدا رامكىلار ئىچىدە مەھەممەتنىڭ بالىلىق، ياشلىق ۋە ھازىرقى سۈرەتلىرى.

غەلىتە بىر تەسىردە جىددىيلەشكەن يۈرىكىم دۈك-دۈك سوقاتتى. گۈلجاھان ناھىتنىڭ رامكىلار ئىچىدىكى باشلانغۇچ ۋە

ئوتتۇرا مەكتەپ شاھادەتنامە[1] لىرىنى، تەقدىرنامىلىرىنى پىچىرلاپ ئىشارەت قىلدى. ھەممىسى ياخشى ئىدى. ئۆسمۈر ناھتىنىڭ پۇتبول ئوينىغاندا كىيگەن لاي ئاياغلىرى، ئىسقىلىق قىسقا پەلتوسى، ئەنقەرەدىكى "فۇليا"[2] سودا سارىيىدىن كەلتۈرۈلگەن ياپون مىلى بولغان قەلەيدوسكوپ[3] لارمۇ بار ئىدى. ئۆيدىكى غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا تىترىگەچ ئۇز بالىلىقىمنى تېپىۋاتاتتىم ۋە جانان دېگەندەك، قورقۇۋاتاتتىم، گۈلجاھان پەردىلەرنى قايرىدى ۋە سۆيۈملۈك قىرىندىشىنىڭ مېدىتسىنادا ئوقۇغان يىللاردا، يازلىق تەتىللەردە كۈنبويى پەقەت قوپماي كىتاب ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇ دېرىزىنى ئېچىپ ئۇجمە دەرىخىگە قاراپ تاڭ ئاتقىچە تاماكا چېكىدىغانلىقىنى پىچىرلاپ سۆزلەپ بەردى.

بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. جانان ناھتىنىڭ ئۇ ۋاقىتلاردا ئوقۇغان كىتابلىرىنى سورىدى. چوڭ ئاچىسى سىرلىق سۈكۈتكە چۆمدى ۋە دېلىغۇل بولدى. "دادام ئۇلارنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىنى توغرا تاپمىدى، — دېدى ئۇ ئاۋۋال، ئاندىن تەسەللى تاپقاندەك كۈلۈمسىرىدى، — بالىلىقىدا ئوقۇغان نەرسىلەردىن كۆرۈشكە ئەرزىگۈدەك مۇشۇلارلا بار."

ئۇ كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى كىچىك بىر كىتاب تەكچىسىدىكى باللار ژۇرناللىرىنى، رەسىملىك رومانلارنى ئىشارەت قىلىۋاتاتتى. بىر چاغلار بۇ ژۇرناللارنى ئوقۇغان بالا بىلەن ئۆزۈمنى تېخىمۇ ئوخشىتىشتىن ۋە ئادەمنىڭ نېرۋىسىنى بۇزىدىغان بۇ خاتىرە ئۆيىدە

[1] بۇ شاھادەتنامىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەربىر ئوقۇش مەۋسۇمىدىكى دەرس نەتىجىسى، دەرسكە قاتنىشىش ئەھۋالى، سالامەتلىكى، قابىلىيىتى، تەرەققىيات ئەھۋالى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. — ت.

[2] فۇليا— پىياز گۈلى، — ت.

[3] قەلەيدوسكوپ— قەلەيدىن ئىشلەنگەن بىر خىل ئەسۋاپ، — ت.

جانانىڭ ھېسسىياتلىنىپ يەنە يىغلىشىدىن قورققانلىقىم ئۈچۈن، بىر نەرسىلەرگە ئېچىكىرىلەپ تىگىشنى خالىمىدىم. ئەمما تەكچىدە رەتلىك تىزىلغان ژۇرناللارنىڭ تېشى، ئۆلگەن بولسىمۇ ناھايىتى تونۇش رەڭلىرى، قانداقتۇر بىر كۈچ بىلەن ئىختىيارسىز سوزۇلغان قولۇم ئېلىپ سىلىغان مۇقاۋا رەسىمى مەندىكى سەۋر-تاقەتنى يوقاتتى.

مۇقاۋىدا تاقىر خادا تاشلار بىلەن قاپلانغان تىك بىر يارنىڭ قىرغىقىدا 12 ياشلاردىكى بىر بالا ياپراقلىرى بىر-بىرلەپ سىزىلغان، ئەمما مۇقاۋا باسمىسى ياخشى چىقمىغانلىقى ئۈچۈن يېشىللىقى سىرتقا يېيىلغان بىر دەرەخنىڭ يوغان غولىغا بىر قولى بىلەن ئېسىلىۋالغانىدى، يەنە بىر قولىدا تەگسىز ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدىغانىدەك تۇرغان تەڭتۇش، سېرىق بىر بالىنى ئاخىرقى دەقىقىدە قولىدىن تۇتۇۋېلىپ قۇتقۇزۇۋاتاتتى. بالا قەھرىمانلارنىڭ ئىككىلىسىنىڭ يۈزىدە قورقۇنچ ئىپادىسى بار ئىدى. ئارقىدا كۆل رەڭ ۋە كۆك رەڭلەرگە بويالغان بىر ئامېرىكا قوزغۇنى بىر يامانلىقنىڭ يۈز بېرىشىنى، قان ئىچىشنى كۈتۈپ ئۇچۇۋاتاتتى.

مۇقاۋىدىكى ماۋزۇنى بالىلىقىمدىكىدەك ۋە خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقانىدەك يۇقىرى ئاۋازدا ھەجىلىدىم: «نەبى نەبراسكادا». ژۇرناللارنىڭ بەتلىرىنى ئېتىك ئۆرۈۋاتقانىدا، رىفقى تاغىنىڭ تۇنجى ئەسەرلىرىدىن بولغان بۇ رەسىملىك رومانلاردا بايان قىلىنغان سەرگۈزەشتىلەرنى ئەسلىدىم.

سۇلتان كىچىك نەبىنى چىكاگودا ئېچىلغان دۇنيا كۆرگەزمىسىگە مۇسۇلمان بالىلىرىغا ۋاكالىتەن قاتنىشىشقا تەيىنلەيدۇ. چىكاگودا تونۇشۇپ قالغان ئىندىئان نەسىللىك تۇم ئىسىملىك بىر بالا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بېشىغا بىر بالا-قازا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، ئىككىسى بىرلىكتە نەبراسكاغا بارىدۇ. تومنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى يۈز يىللاردىن بۇيان ياۋا كالا ئوۋلىغان

زېمىنلارغا كۆز تىككەن ئاق تەنلىكلەر تومنىڭ ئىندىئان قەبىلىسىنى ھە دەپ ھاراققا ئۆگىتىۋاتاتتى، قەبىلىنىڭ تاپتىن چىقىشقا مايىل ياشلىرىنىڭ قولىغا كونىياك بوتۇلكىسى بىلەن بىللە قورال بېرىۋاتاتتى. نەبى بىلەن توم بىلىۋالغان سۈيىقەستچىلەرنىڭ پىلانى رەھىمسىز ئىدى: تىنچلىقپەرۋەر ئىندىئانلارنى مەست قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگۈزەتتى، ئارقىدىن بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن باستۇرۇپ ئۇلارنى بۇ زېمىندىن قوغلايتتى. تومنى ھاڭغا ئىتتىرگەندە ئۆزى ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن قاۋاق ۋە مېھمانخانىنىڭ پۇلدار خوجايىنىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن باللار قەبىلىنى بۇ تۇزاققا چۈشۈشتىن ساقلاپ قالاتتى.

ئىسمى تونۇش بولغانلىقى ئۈچۈن، جانان قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىغان «مارىي بىلەن ئەلى» دىمۇ ئامېرىكىغا بارغان ئىستانبۇللۇق بىر بالىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغانىدى: گالاتادىن تەۋەككۈلچىلىك ھەۋىسى بىلەن يولغا چىققان ئەلى بىر پار پاراخوتى بىلەن بوستۇن پورتىغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئېسەدەپ يىغلىغان ھالدا «ئاتلاس قامۇسى»غا قاراۋاتقان مارىي بىلەن تونۇشىدۇ، ئۇگەي ئانىسى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن بۇ قىزنىڭ دادىسىنى تېپىش ئۈچۈن بىرلىكتە غەربكە سەپەرگە چىقىدۇ. St. louis ئەسلىتىدىغان Tommiks ژۇرناللىرىدىكى سىزمىلارنى كوچىلىرىدىن ئۆتىدۇ، رىققى تاغا قاراڭغۇ بۇلۇڭلارغا بۆرە كۆلەڭگىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان ئاق ياپراقلىق lowa ئورمانلىرىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ ۋە بەلگىلىك بىر جايدىن كېيىن بارلىق مەرگەن پادىچىلارنىڭ، پويىزلارغا ھۇجۇم قىلغان بۇلاڭچىلارنىڭ، كارۋانلارنى قورشىۋالغان ئىندىئانلارنىڭ ئارقىسدا قالغان پارلاق بىر جەننەتكە بارىدۇ. بۇ ياپيېشىل ۋە يورۇق ۋادىدا مارىي بەختىيارلىقنىڭ دادىسىنى تېپىشتا ئەمەس، ئەلىدىن ئۆگەنگەن شەرقچە ئەنئەنىۋى ئېتىقادنى، ھۆرلۈكنى، تەۋەككۈلچىلىكنى ۋە

سەۋرنى ھېس قىلىشتا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، كۈچلۈك بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن بوستونىدىكى قىرىنىدىشىنىڭ يېنىغا قايتىدۇ. ئەلى بولسا ئىستانبۇل سېغىنىشى بىلەن ئولتۇرغان يەلكەنلىك كېمىدىن ئۆزى ئارقىدا قالدۇرغان ئامېرىكىغا نەزەر تاشلىغىنىدا " ئادالەتسىزلىك ۋە رەزىل ئىنسانلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە بار! مۇھىمى ئىنساننىڭ ئۆز قەلبىدىكى ياخشىلىقنى قوغداپ ياشيالىشىدۇر" دەپ ئويلايدۇ.

ئويلىغىنىمدەك، جانانىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلمىغانىدى، ماڭا بالىلىقىمنىڭ سوغۇق ۋە قاراڭغۇ قىش ئاخشاملىرىنى ئەسلىتىدىغان، سىياھ پۇرايدىغان كىتاب بەتلىرىنى ئۆرۈۋاتقىنىدا ئىنتايىن خۇشال بولغاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭغا بۇ ژۇرناللارنى بالىلىقىمدا مىنىڭمۇ ئوقۇغانلىقىمنى ئېيتتىم. سۆزۈمدىكى مەقسەتنى ئۇقالمىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇنىڭ مەھەممەت، يەنە بىر ئىسمى ناھىت بىلەن ئارىمىزدىكى ناھايىتى كۆپ ئوخشاشلىقتىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتىم. مۇھەببىتىدىن جاۋاب ئالالمىغانچە ئاشىقلىرىنى ئاگىسىز دەپ بىلگەن غەزەپلىك ئاشىقلاردەك بىر ئىش قىلىۋاتاتتىم بەلكىم. بۇ رەسىملىك رومانلارنى روياپقا چىقارغان يازغۇچى-رەسسامنىڭ بالىلىقىمدىكى رىفقى تاغا ئىكەنلىكىنى پەقەت ئېيتقۇم كەلمەيۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا رىفقى تاغىنىڭ نېمىشقا بۇ كىتابلارنى ۋە بۇ قەھرىمانلارنى ياراتقۇسى كېلىپ قالغانلىقىنى بىزگە ئېيتقۇسى كەلدى.

"سۆيۈملۈك بالىلار، — دەيتتى رىفقى تاغا تۇنجى سەرگۈزەشت كىتابىدىن بىرىنىڭ بېشىغا بەرگەن كىچىك بىر ئىزاھاتىدا، — مەكتەپ ئىشكىلىرىدە، پويىز ۋاگونلىرىدا، مەھەللىنىڭ غېرىبانە كوچىلىرىدا سىلەرنىڭ ھەمىشە ئاشۇ پادىچى نوچىلار ژۇرناللىرىدىكى tommiks، billkid لەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئوقۇۋاتقىنىڭلارنى كۆرەتتىم. مەنمۇ ئاشۇ دۇرۇس، جەسۇر پادىچىلار، پارتىزانلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سىلەرگە ئوخشاش ياخشى

كۆرىمەن. شۇڭا بىر تۈرك بالىنىڭ ئامېرىكىدا پادىچىلار ئارىسىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سىلەرگە بايان قىلسام بەلكىم خوش بولىسىلەر دەپ ئويلىدىم. شۇنداق بولغاندا سىلەر پەقەت خرىستىئان قەھرىمانلىرى بىلەن ئۇچراشمايسىلەر، ئاتا- بوۋىلىرىمىز بىزگە مىراس قالدۇرغان ئەخلاق ۋە مىللىي قىممەتلىرىمىزنىمۇ جەسۇر تۈرك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولىسىلەر. ئىستانبۇللۇق بىر نامرات مەھەللە بالىسىنىڭ billkid دەك چەبدەس مەرگەنلىكىنى، tommiks تەك دۇرۇس ئىكەنلىكىنى كۆرۈش سىلەرنى ھاياجانلاندۇرسا كېيىنكى ھېكايىمىزنىمۇ كۈتۈڭلار."

جانان بىلەن بىرلىكتە رىفقى تاغا سىزغان دۇنيانىڭ رەڭسىز قەھرىمانلىرىغا، كۆلەڭگىلىك تاغلىرىغا، قورقۇنچلۇق ئورمانلىرىغا ۋە ئاجايىپ كەشپىياتلار، ئۆرپ- ئادەتلەر بىلەن قايناپ تۇرغان شەھەرلىرىگە، خۇددى ئامېرىكىنىڭ غەربىدىكى ۋەھشىي جايلىرىدا دۇچ كەلگەن ئاجايىباتلارغا قارىغان مارىي ۋە ئەلىدەك سەۋرچانلىق، دىققەت بىلەن بىر ھازا قارىدۇق. ئادۋوكاتلىق ئىشخانىلىرىدا، يەلكەنلىك كېمىلەر بىلەن تولغان پورتلاردا، ئۇزۇن يوللۇق پويىز ئىستانسىلىرىدا، ئالتۇنغا ھۇجۇم قىلغانلار ئارىسىدا پادىشاھقا ۋە تۈركلەرگە سالام ئېيتقان مەرگەنلەرنى، قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ ئىسلامغا كىرگەن نېگىرلارنى، شامان تۈركلىرىنىڭ چېدىر ياساش ئۇسۇللىرىنى سورىغان ئىندىئان قەبىلە ئاقساقاللىرىنى ۋە پەرىشتىدەك ساپ، پەرىشتىدەك ئاقكۆڭۈل دېھقانلار ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى كۆردۇق. تېز ئوق ئاتىدىغان مەرگەنلەر بىر- بىرىنى چىۋىنغا ئوخشاش ئۆلتۈرگەن بىر قانلىق ماجىرادا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق پات- پات قىياپەت ئۆزگەرتىپ، قەھرىمانلارنى ھودۇقتۇرغان ۋە شەرقنىڭ ئەخلاقى بىلەن غەربنىڭ ئەقلچىلىكى سىلىشتۇرۇلغان بەزى سەھىپىلەردىن كېيىن، ئارقىدىن ئوق ئېتىلىپ

نامەردلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن ۋىجدانلىق، جەسۇر قەھرىمانلاردىن بىرى شەپەق ۋاقتىدا، ئۆلۈشتىن ئاۋۋال ھەر ئىككى دۇنيانىڭ سىرتىدىكى بىر ئىشكتە پەرىشتە بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئەمما رىفقى تاغا پەرىشتىنى سىزمىغانىدى. ئىستانبۇللۇق پىرتىۋ بىلەن بوستونلۇق پېتىر دوست بولۇپ پۈتۈن ئامېرىكىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن بىر قاتار سەرگۈزەشتىلەر بايان قىلىنغان سەھىپىلەرنى يېپىپ قويۇپ، جانانغا مەن ئەڭ ياخشى كۆرگەن يەرلەرنى كۆرسەتتىم: كىچىك پىرتىۋ پۈتۈن ناھىيە بازىرىنى بۇلاپ قۇرۇقداپ قويغان ھىيلىگەر قىمارۋازنىڭ ساختىلىقىنى پېتىرنىڭ ياردىمى بىلەن ياسىغان بىر ئەينەك ئەسۋاب ئارقىلىق ئاشكارىلايدۇ ھەمدە پوكەر①گە ۋە قىمارغا توۋا قىلغان ئاھالىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى ناھىيە بازىرىدىن قوغلايدۇ. تېكساستىكى ناھىيە بازىرى چېركاۋنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن نېفىت چىققاندا ئىككىگە بۆلۈنگەن، كاناي سىقىشىپ ئۇرۇشۇش ۋە نېفىت ماگناتلىرى بىلەن دىن ئاسىمىلياتسىيىچىلىرىنىڭ قىلتىقىغا قېلىش گىردابىدا تۇرغان خەلقنى پېتىر پىرتىۋدىن ئۆگەنگەن غەربلەشكۈچى، مەرىپەت سۆيەر ئاتاتۈركچى لائىك② لارچە نۇتۇق بىلەن تىنچلاندۇرىدۇ. پىرتىۋ پەرىشتىلەرنىڭ نۇردىن يارىتىلغانلىقىنى، ئېلېكترنىڭمۇ ئۆز سېھرى بىلەن بىر خىل پەرىشتە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇ چاغلاردا تېخى پويىزلاردا گېزىت سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان كىچىك ئېدىسونغا ئېلېكتر چىرىغىنى كەشىپ قىلىش ئۈچۈن تۈنجى ئەقلىنى كۆرسىتىدۇ.

«تۆمۈر يول قەھرىمانلىرى» بولسا رىفقى تاغا ئۆز ھەۋىسى ۋە ھاياجانلىرىنى ئەڭ كۆپ ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەر ئىدى. بۇ

---

① پوكەر— بىر خىل قەرت ئويۇنى، — ت.

② لائىك— دىندىن خالىي سىياسىي مەسلەككە ئەگەشكۈچى، — ت.

ئەسەردە پېرتېۋ بىلەن پېتېرنى ئامېرىكىنى شەرقتىن غەربكە باغلايدىغان تۆمۈر يول پىلانلىغۇچىلىرىغا ياردەملىشىۋاتقاندا كۆرەتتۇق. خۇددى 1930 ـ يىللاردىكى تۈركىيىنىڭ تۆمۈر يول دەۋاسىدەك، ئامېرىكىنى بىر باشتىن يەنە بىر باشقا تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈر يولنىڭ ياسىلىشىمۇ دۆلەت ئۈچۈن ھايات ـ ماماتلىق مەسىلىسى ئىدى، ئەمما ۋېللىس فارگو ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ خوجايىنلىرىدىن موبىل نېفىت شىركىتىنىڭ ئادەملىرىگىچە، زېمىنلىرىدىن تۆمۈر يولنىڭ ئۆتۈشىنى خالىمايدىغان پومېشچىكلاردىن تارتىپ رۇسىيەگە ئوخشاش ئامېرىكىنىڭ خەلقئارادىكى ئاداۋەتچىلىرىگە قەدەر نۇرغۇن دۈشمەن كۈچلەر ئىنىدىئانلارنى كۈشكۈرتۈپ، ئىشچىلارنى ئىش تاشلاشقا قۇترىتىپ، خۇددى ئىستانبۇلنىڭ شەھەر سىرتى پويىزلىرىدا ياشلارغا ۋاگونلارنىڭ ئورۇندۇقلىرىنى بېرىتۋا ۋە پىچاقلار بىلەن يىرتقۇزغىنىغا ئوخشاش، تۆمۈر يولچىلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە تىرىشچانلىقىنى ۋەيران قىلىشقا تىرىشاتتى.

"تۆمۈر يول دەۋاسى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىسا، — دەيتتى جىددىيلەشكەن پېتېر، — دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى سۇغا چىلىشىدۇ ھەم تەقدىرىمىز چاتاق بولىدۇ. ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك پېرتېۋ!"

يوغان شارلارنى تولدۇرغان يوغان ھەرپلەرنىڭ كەينىدىن كەلگەن ئاشۇ يوغان ئۈندەشلەرنى مەن نەقەدەر ياخشى كۆرەتتىم! "دىققەت!" دەپ ۋارقىرايتتى پېرتېۋ پېتېرغا ۋە بىر كالۋا ئارقىدىن ئاتقان پىچاقتا ئۆزىنى تەگكۈزمەي ئۆزىنى يانغا ئاتاتتى. "ئارقاڭدا!" دەپ ۋارقىرايتتى پېتېر پېرتېۋغا ۋە پېرتېۋ ئۇ ياققا قاراپمۇ قويماستىن ئارقىسىغا بىر مۇشت ئاتاتتى ـ دە، تۆمۈر يول دۈشمىنىنىڭ ئېڭىكىگە تەگكۈزەتتى. بەزىدە رىففى تاغ ئارىغا كىرەتتى، رەسىملەر ئارىسىغا ئاچقان كاتەكچىلەر ئىچىگە

"تۇيۇقسىز" دەپ يازاتتى ئۆزىدەك ئىنچىكە پۇتلۇق ھەرپلىرى بىلەن، "لېكىن ئۇ نېمىسى" دەپ يازاتتى، "ئەمما بىردىنلا" دەپ يازاتتى ۋە يوغان بىر ئۇندەش قوياتتى، شۇنداقلا مىنى ۋە بىر چاغلاردا ئىسمى ناھىت بولغان مەھەممەتنى ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىغا جەلپ قىلاتتى.

جانان ئىككىمىز ئۇندەشلىك جۈملىلەرگە دىققەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاخىرى ئۇندەش بىلەن ئاياغلاشقان شار بەلگىلىك دىئالوگلارنى بىر دەم ئوقۇدۇق.

"كىتابتا يازغان نەرسىلەر مەن ئۈچۈن بەك كونا بولۇپ قالدى!" دەيتتى ئۆزىنى ساۋات چىقىرىش سەپەرۋەرلىكىگە ئاتىغان، پۈتۈن ھاياتى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراپ، غېرىبانە ئۆيىگە بېكىنىۋالغان بىر قەھرىمان ئۆز كۆلبىسىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن پىرتېۋ بىلەن پېتېرغا.

ياخشى نىيەتلىك ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەممىسى سېرىق چاچلىق ۋە سەپكۈن يۈزلۈك، يامانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزى مايماق سىياقتا تەسۋىرلىنىدىغان، ھەممە كىشى بىر-بىرىگە ھەر ۋاقىت رەھمەت ئېيتىدىغان، ئۆلۈكلەرنى قۇزغۇنلار تىتىپ-تىتىپ يەيدىغان، كاكتۇسلاردىن قاغجىراپ ئۆلەي دېگەنلەرنى قۇتقۇزىدىغان سۇلار چىقىدىغان بۇ سەھىپىلەردىن جانانىنىڭ يىراقلاشقانلىقىنى كۆرۈپ ئېسىمنى يىغىۋالدىم.

باشقىدىن ناھىت بولۇپ ھاياتىمنى يېڭىدىن باشلاشنىڭ خىيالىنى قىلماستىن، ئەكسىچە ناھىتنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ شاھادەتنامىلىرىغا ۋە كىملىك كېنىشكىسىدىكى سۈرىتىگە قاراپ ھەسرەتلەنگەن جانانىنى خاتا خىياللاردىن قۇتقۇزۇشۇم كېرەك، دېدىم ئۆزۈمگە. تەلەيسىزلىك ۋە دۈشمەنلىرى بۇلۇڭغا قىستاپ قويغان ياخشى بىر قەھرىمانىغا رىفقى تاغا بىر كاتەكچىنىڭ ئىچىگە "تۇيۇقسىز" دەپ يېزىپ ياردەم قىلغىنىدەك، ئۆيگە

تۈيۈقسىز گۈلزار كىردى ۋە دادىسىنىڭ بىزنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

بۇنىڭدىن كېيىن بېشىمىزغا كېلىدىغانلار ھەققىدە ھېچقانداق پىكرىم يوق ئىدى، جانانغا بۇنىڭدىن كېيىن قانداق يېقىنلىشالايدىغانلىقىم ھەققىدە بىرەر ئاساسمۇ يوق ئىدى كاللامدا. ئۇ ئەتىگىنى مەھەممەت ناھىت بولغان يىللارنىڭ خاتىرە ئۆيىدىن چىقىۋاتقاندا، كاللامدا بىردىنلا ئىككى تەبىئىي پىكىر — بۇ يەردىن قېچىش ياكى ناھىت بولۇش ئويى پەيدا بولدى.

## 9

شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئىككىمىز دوكتور نارىننىڭ قورۇقىدا ئۈزۈن بىر سەيلىگە چىققىنىمىزدا، بۇ ئىككى ئىستەك دوكتور نارىن تەرىپىدىن ماڭا بىرەر ھاياتلىق تالللىشى سۈپىتىدە مەردلەرچە سۇنۇلدى. چەكسىز ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى ۋە خاتىرە دەپتەرلىرى بولغان تەگرىدەك، ئاتىلارنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كاللىسىدىن كەچكەن ھەر قانداق ئىشنى بىلىشى بىر تاسادىپىيلىقتۇر. ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئوغۇللىرىغا ۋە ئوغۇللىرىغا ئوخشىتىپ قالغان ياتلارغا ئۆزىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغان خاھىشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ، خالاس.

خاتىرە ئۆيىنى كۆرگەندىن كېيىن، دوكتور نارىننىڭ مەن بىلەن يالغۇز ماڭغۇسى، پاراڭلاشقۇسى بارلىقىنى چۈشەندىم. مەيىن شامالدا دولقۇنلىنىۋاتقان بۇغداي ئېتىزلىرىنىڭ قىرلىرىدىن، مېۋىلىرى غورا بولغان ئالما دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ۋە ئۇيقۇلۇق بىر قانچە قوي بىلەن سىيىر يۇراپ يۈرگەن شالاڭ ئوت-چۆپلۈك تاشلاندۇق يەرلەردىن ئۆتتۇق. دوكتور ماڭا سۇغۇرلار كولىغان ئورەكلەرنى كۆرسەتتى، قاۋانلارنىڭ ئىزلىرىغا دىققىتىمنى بۇرىدى ۋە ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەردىن مېۋىلىك باغلارغا قاراپ

تەرتىپسىز قانات قېقىپ ئۇچۇۋاتقان قۇشلارنىڭ سۈرەتقاش[1] ئىكەنلىكىنى قانداق پەرقلەندۈرىدىغانلىقىمنى چۈشەندۈردى. تەربىيچى، سەۋرچان ۋە شەپقەتتىن يىراق بولمىغان بىر تەلەپپۇزدا باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرنىمۇ چۈشەندۈردى.

دوكتور نارىن ئەسلىدە دوكتور ئەمەس ئىدى. بۇرمىلىق مىخنىڭ سەككىز قىرلىق قالپىقى، ماگنىتلىق تېلېفوننىڭ ئايلىنىش تېزلىكى دېگەندەك ئۇششاق-چۈششەك رېمونت ئىشلىرىدا پايدىلىق تەرەپلەرگە دىققەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بۇ لەقەمنى ئەسكەرلىكتىكى سەپداشلىرى قويغانىدى. نەرسىلەرنى ياخشى كۆرگەنلىكى، ئۇلارغا قاراشتىن كۆڭلى خۇش بولىدىغانلىقى، ھەر نەرسىنىڭ باشقا ئوخشىشى يوقلۇقىنى بايقاشنى ھاياتنىڭ ئەڭ چوڭ نېمىتى سۈپىتىدە كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ نامنى قوبۇل قىلغانىدى. مېدىتسىنادا ئەمەس، خەلق ۋەكىلى دادىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە قانۇن كەسپىدە ئوقۇغانىدى؛ ناھىيە بازىرىدا ئادۋوكاتلىق قىلغانىدى؛ دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ماڭا كۆرسەتكەن بۇ يەرلەر، بۇ دەرەخلەر ئۆزىگە قالغاندا، ئۆز خاھىشى بويىچە ياشاشنى، ئۆزى تاللىغان، ئۆزى ئادەتلەنگەن، ئۆزى چۈشىنىدىغان نەرسىلەر ئارىسىدا ياشاشنى ئارزۇ قىلغانىدى، بازاردىكى دۇكىنىنى شۇ سەۋەبتىن ساتقانىدى.

قارارسىز قۇياش يېرىمىنى ئىسسىتمايلا يورۇتقان بىر تۆپىلىككە چىققاندا، دوكتور نارىن ماڭا نەرسىلەرنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى بارلىقىنى دېدى. خۇددى بىزگە ئوخشاش، نەرسىلەرنىڭمۇ ئەسلىدە بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشلارنى خاتىرىلەيدىغان، ساقلايدىغان يەرلىرى بار ئىدى، ئەمما كۆپىنچىمىز بۇنى بايقىمايتتۇق. "نەرسىلەر بىر-بىرىدىن سورايدۇ،

---

[1] سۈرەتقاش— بىر خىل قۇشقاچ، — ت.

بىر-بىرى بىلەن كېلىشىدۇ، كۇسۇلدىشىدۇ ۋە ئارىلىرىدا يوشۇرۇن تەڭكەشلىك ھاسىل قىلىپ، دۇنيا دېگەن بۇ مۇزىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ، — دېدى دوكتور نارىن، — دىققەت قىلغان ئادەم ئاڭلايدۇ، كۆرىدۇ، چۈشىنىدۇ.” ئۇ يەردىن ئالغان قۇرۇق بىر شاختىكى شورلۇق لاي داغلىرىدىن سۈرەتقاشىنىڭ بۇ يەرلەردە ئۈۋا ياسىغانلىقىنى، لاي ئىزلىرىدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ياغقان يامغۇرنى ۋە شاخنىڭ قايسى شامال بىلەن، قاچان سۇنغانلىقىنى ماڭا چۈشەندۈردى.

ناھىيە بازىرىدىكى دۇكىنىدا ئۇ پەقەت ئەنقەرەدىن، ئىستانبۇلدىن ئەمەس، ئاناتولىيىنىڭ ھەر قايسى يەرلىرىدىكى زاۋۇتلاردىن ئەكەلگەن ماللارنى سېتىپتىكەن: ئۈپرىمايدىغان بىلەي تاشلار، گىلەملەر، تۆمۈرچىلەر بازغاندا ئۇرۇپ ياسىغان قۇلۇپلار، گاز ئوچاقلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان خۇشپۇراقلىق پىلىكلەر، ئاددىي توڭلاتقۇلار، ئەڭ ياخشى ئۆچكە يۇڭىدىن توقۇلغان تۇماقلار، ronson چاقماق تاشلىرى، ئىشىك تۇتقۇچلىرى، بېنزىن تۇڭىنى بۇزۇپ ياسالغان مەشلەر، كىچىك ئىدىشلار، ئىشقىلىپ ناھايىتى زور ئىلھام بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ھەممە نەرسىنى سېتىپتىكەن. كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجلىرىنىڭ ھەممىسىنى قانائەتلەندۈرگەن دۇكاندا ئۆتكەن ئاشۇ يىللار ئۇنىڭ ئەڭ بەختلىك يىللىرى ئىكەن. ئۈچ قىزدىن كېيىن بىر ئوغۇل بالىسى بولغاندا ئۇ تېخىمۇ بەختلىك بولغانىكەن. ئۇ يېشىمنى سورىۋىدى، دەپ بەردىم. ئوغلى ئۆلگەندە مېنىڭ يېشىمدا ئىكەن.

تۆپىلىكنىڭ تۆۋىنىدىكى بىر يەردىن كۆزىمىزگە چېلىقمىغان بالىلارنىڭ ۋارقىراشلىرى ئاڭلىناتتى. قۇياش تېزلا يېقىنلاشقان جاھىل قارا بۇلۇتلارنىڭ ئارقىسىدا غايىب بولغاندا، يىراقتىكى تاقىر تۈزلەڭلىكتە پۇتبول ئويناۋاتقان بالىلارنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ توپ

تېپىشلىرى بىلەن ئاۋازلىرىنىڭ ئاڭلىنىشىغىچە بىر-ئىككى سېكۇنت ئۆتەتتى. دوكتور نارىن بالىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۇششاق-چۈششەك ئوغرىلىقلارنى قىلغانلىقىنى ئېيتتى. بۈيۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى، يادىكارلىقلارنىڭ بۇزۇلۇشى بىللە بىلەن تۇنجى بولۇپ ئەخلاقسىزلىققا ئەسىر بولغانلار بالىلار ئىكەن. ئۇلار كونىنى ناھايىتى تېز ۋە رەھىمسىزلەرچە ئۇنتۇيدىكەن، يېڭىسىنى دەرھال خام خىيال قىلىدىكەن. ئۇ بۇ بالىلارنىڭ بازاردىن كەلگەنلىكىنى ئىزاھلاپ قويدى.

ئۇ ئوغلى توغرۇلۇق گەپ قىلىۋاتقاندا ئاچچىقىم كەلدى. ئاتىلار نېمىشقا بۇنچە تەكەببۇر كېلىدىغاندۇ؟ نېمىشقا بۇنچە يوشۇرۇن زالىم بولىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ كۆزەينىكىنىڭ ئارقىسىدا(كۆزەينىكى بولغاچقا) پەقۇلئاددە كىچىك تۇرغانلىقلىرىنى بايقىدىم. بۇ كۆزلەرنىڭ ئوغلىدىمۇ بارلىقىنى ئەسلىدىم.

ئوغلى ناھايىتى ئەقىللىق، چىرايلىق ئىكەن؛ تۆت يېرىم يېشىدا مەكتەپتە ئوقۇشقا باشلاپتۇ، گېزىتنى تەتۈر تۇتۇپ ھەرپلەرنى تەتۈر تەرەپتىنمۇ ئوقۇيالايدىكەن. قائىدىلىرىنى ئۆزى بېكىتكەن كىچىك بالىلار ئويۇنلىرىنى ئىجاد قىلىدىكەن، دادىسىنى شاھماتتا ئۇتۇۋالىدىكەن، ئىككى قېتىم ئوقۇغان ئۈچ كۇپلېتلىق شېئىرنى دەرھال يادلىۋالىدىكەن. مانا بۇلارنىڭ ئوغلىدىن مەھرۇم بولغان، شاھماتنى ياخشى ئوينيالمايدىغان بىر ئاتىنىڭ ھېكايىلىرى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتىم، ئەمما يەنىلا ئالدانماقتا ئىدىم. ئۇ ئوغلى ناھىت بىلەن ئاتقا قانداق مىنگەنلىكلىرىنى سۆزلەۋاتقاندا، خىيالىمدا مەنمۇ ئۇلار بىلەن ئاتقا مىنەتتىم؛ ناھىتنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا بىر مەزگىل دىنغا قىزىقىپ كەتكەنلىك ھېكايىسىنى سۆزلەۋاتقاندا، مەنمۇ خىيالىمدا ئۇنىڭدەك موماي بىلەن بىرلىكتە سوغۇق قىش كېچىسىدە سۇھۇرلۇققا قوپاتتىم؛ دادىسىنىڭ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى

ئەسلەپ دەپ بېرىۋاتقىنىدەك، ئەتراپىمدىكى يوقسۇللۇققا، جاھالەتكە، ئەخمەقلىككە مەنمۇ ئېچىنىش ئارىلاش غەزەپلەنىدىم؛ شۇنداق، غەزەپلەنىدىم! دوكتور نارىن سۆزلەۋاتقاندا مەنمۇ ناھىتتەك— بۇ ئېسىل ئالاھىدىكلىرىمگە قارىماي— ئىچكى دۇنياسى باي يىگىت ئىكەنلىكىمنىمۇ ئويلىدىم. ئەلۋەتتە، بەزىدە نۇرغۇن كىشلەر ئارىسىدا ئۇستاكان ۋە تاماكا تۇتقان كىشلەر بىرەر چاقچاق قىلىپ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى دەرھال جەلپ قىلىشنى ئويلاپ تۇرغاندا، ناھىت بىر چەتكە چىقىپ، قوپال قاراشلىرىنى مۇلايىملاشتۇرىدىغان سەزگۈر.خىياللارغا چۆكۈپ كېتىدىكەن، ئەلۋەتتە، پەقەت بولمىغان چاغلاردا، بىز زادى دىققەت قىلمايدىغان بىرسىنىڭ ئىچىدىكى قابىلىيەتنى بايقايدىكەن، ئاشكارىلايدىكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن— ناھىيلىك ئوتتۇرا مەكتەپتىكى خىزمەتچىنىڭ ئوغلى بىلەن ياكى كىنو ئاپپاراتىغا فىلىمنى دائىم خاتا سېلىپ قويىدىغان مەجنۇن ۋە شائىر كىنوچى بىلەن دوست بولىدىكەن. ئەمما بۇ دوستلۇقلار ئۇنىڭ ئۆز دۇنياسىدىن ۋاز كەچكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدىكەن. چۈنكى ئەسلىدە ھەر كىم ئۇنىڭ بىلەن دوست ۋە يېقىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇ دۇرۇس، كېلىشكەن يىگىت ئىكەن، ئۆزىدىن چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىكەن، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىكەن...

بىر ھازاغىچە جاناننى ئويلىدىم. داۋاملىق بىر قاناللىنى كۆرسىتىۋەرگەن تېلېۋىزوردەك ئۇنى ئويلاپلا تۇراتتىم. ئەمما بۇ قېتىم باشقا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئويلىدىم، بەلكىم ئۆزۈمگە باشقىچە قاراشقا باشلىغانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك.

— كېيىن ماڭا بىردىنلا قارشى چىقتى، — دېدى دوكتور نارىن تۆپىلىككە چىققىنىمىزدا، — چۈنكى ئۇ بىر كىتاب ئوقۇپتۇ.

تۆپىلىكتىكى سەرۋى دەرەخلىرى قاتتىق ئەمەس، ئەمما سالقىن ۋە پۇراقسىز شامالدا تەۋرىنەتتى. سەرۋىلەرنىڭ نېرىسىدا بىر

ئېگىزلىك، قىيا ۋە تاش پارچىلىرى بار ئىدى. باشتا مازارلىق دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما تۆپىلىككە چىقىپ تەكشى كېسىلگەن يوغان تاشلار ئارىسىدا مېڭىۋاتقىنىمىزدا دوكتور نارىن بىر زامانلاردا بۇ يەردە سەلجۇقلارنىڭ بىر قەلئەسى بولغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئۇدۇلىمىزدىكى تاغ باغرىنى، ئۇستىدىكى سەرۋىلەر بىلەن بىرلىكتە ھەقىقەتەن بىر مازارلىق بولغان بۇك-باراقسان بىر تۆپىلىكنى، بۇغداي ئېتىزلىرى بىلەن جىلۋىلىنىپ تۇرغان تۇزلەڭلىكنى، شامال چىقىپ، قارا يامغۇر بۇلۇتلىرىنى تېخىمۇ قارايتقان ئېگىزلىكلەرنى ۋە بىر يېزىنى كۆرسەتتى: قەلئەدىن تارتىپ ھەممىسى ھازىر ئۇنىڭ ئىدى.

مانا بۇ جانلىق زېمىنغا، سەرۋىلەرگە، سۆگەتلەرگە ۋە سىبىرىيە قارىغايلىرىغا، بۇ قەلئەگە، دادىسىنىڭ ئۇنىڭ ئۇچۇن كۆتكەن ئوي-خىياللىرىغا ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر دۇكان نەرسىلەردىن ۋاز كېچىپ، دادىسىغا ئەمدى ئۇنى قەتئىي كۆرگۈسى يوقلۇقىنى، كەينىگە ئادەم سالماسلىقىنى، ئۆزىنى ئىزدەتمەسلىكنى، يوقاپ كەتكۈسى بارلىقىنى بىر يىگىت نېمىشقا يازىدۇ؟ دوكتور نارىنىنىڭ چىرايىدا بەزىدە شۇنداق بىر ئىپادە نامايان بولاتتىكى، ئۆزى ماڭا، مېنىڭدەك بولغانلارغا، پۈتۈن دۇنياغا نەشتەر سانچىۋاتامدۇ ياكى مانا بۇ لەنىتى دۇنيادىن خېلىدىن بېرى ۋاز كەچكەن خاپىغان ۋە گاس بىر ئادەم بولۇپ قالدىمۇ، بىلەلمەيۋاتاتتىم. ”ھەممىسى سۇيىقەست تۈپەيلىدىن“ دېدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە، ئوي-خىيالىغا، پۈتۈن ھاياتىنى سەرپ قىلغان مال-دۇنياسىغا، بۇ دۆلەت ئۇچۇن قىسمەت بولغان ھەممە نەرسىگە قارىتا چوڭ بىر سۇيىقەست بارمىش.

ئۇ چۈشەندۈرىدىغانلىرىنى مېنىڭ دىققەت بىلەن ئاڭلىشىمنى تەلەپ قىلدى. دەيدىغانلىرىنىڭ چەت بىر ناھىيىدە قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئالجىغان قېرىنىڭ جۆيلۈشلىرى، ئوغلىدىن مەھرۇم قالغان

بىر ئاتنىڭ ھەسرەت بىلەن قىلغان خىياللىرى ئەمەسلىكىگە ئىشىنىشىم كېرەك ئىكەن. ئىشەنگەنىدىم، بەزىدە يىپ ئۇچىنى قاچۇرۇپ تۇرسامۇ دىققەت بىلەن ئاڭلىدىم. بەلكىم بۇ خىيالىم ئوغلىغا ۋە جانانىغا كەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋە بۇنداق ئەھۋالدا ھەر كىم مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك.

قانداقلا بولمىسۇن قولغا چىققۇدەك بىر نەرسە ھەققىدە گەپ قىلىۋاتقاندەك كۆچلۈك بىر ئىشەنچ بىلەن مال-دۇنياسىنىڭ ئەستە ساقلاش خۇسۇسىيتى ھەققىدە خېلى ئۇزۇن سۆزلىدى ۋە بۇ مال-دۇنياغا سەرپ بولغان ۋاقىتنى چۈشەندۈردى. بىساتلاردىن، ئاددىي بىر قوشۇقتىن ياكى بىر قايچىدىن، ئۇلارنى تۇتقان، ئىشلەتكەن بىزلەرگە ئۆتىدىغان سېھىرلىك، كېرەكلىك ۋە شېئىرىي بىر ۋاقىتنىڭ بارلىقىنى ئۇ چوڭ سۆيۈنۈش ئىچىدە سۆزلىدى، بولۇپمۇ، پىيادىلەر يوللىرىنى ھەممىسى بىر خىل روھسىز، نۇرسىز يېڭى نەرسىلەر ۋە بۇ نەرسىلەرنى مال تەكچىلىرىدە كۆرگەزمە قىلىپ پۇراقسىز دۇكانلىرىدا ساتىدىغان ئوقەتچىلەر قاپلىۋالغان چاغلاردا بايقاپتۇ. ئاۋۋال گاز ئوچاقلىرىغا، يەنى كۇنۇپكىلىق نەرسىلەرنى ياندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاشۇ كۆزگە كۆرۈنمەس سويۇق گازنى ساتىدىغان Aygaz دۇكانلىرىغا، ئاق رەڭلىك سۇنئىي قېتىشما توڭلاتقۇلارنى ساتىدىغان AEG سودىگىرىگە دىققەت قىلماپتۇ. ھەتتا بىز بىلىدىغان قايماقلىق قېتىق ئورنىغا MIS قېتىق (دوكتور نارىن بۇ سۆزنى "مەينەت، پاسكىنا" مەنىسىدىكى pis سۆزىگە ئوخشىتىپراق تەلەپپۇز قىلدى) ۋە مۇزدەك سوغۇق ئەنئەنىۋى گىلاس شەربىتى ياكى ئايران ئورنىغا كۆركەم، پاكىز ئاپتوموبىللار بىلەن، ئاۋۋال گالستۇك تاقىمىغان شوپۇرلار ئەكەلگەن تەقلىدىي ئىشلەپچىقىرىلغان "تۈرك ئەپەندى كولا"سى كىرگۈزۈلۈپتۇ (ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ھەقىقىي كوكا كولا "تۈرك ئەپەندى كولا"سىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپتۇ)، بۇ خىل يېڭى مەھسۇلاتلارنى ساتىدىغان

سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئالپتە كىيىنگەن گالستۇكلۇق ئەپەندىلەر بولغاچقا، بىر چاغلاردا ئۆزىمۇ ئەخمەقلەرچە بىر ھەۋەس بىلەن سودىگەر بولۇش ئويىدا بوپتۇ. دوكتور نارىن بىزنىڭ بۇ يەرلەردىكى دېۋىرقايدا ئىشلەنگەن يىلىمنى ئەمەس، گېرمانىيىنىڭ UHUيىلىمىنىڭ سېتىش ھوقۇقىغا ئېرىشىش (UHU يىلىمىغا ئوماققىنە مۈشۈكياپىلاق ماركا قىلىنغان بولۇپ، ھەر قانداق نەرسىنى گەپ-سۆزسىز چاپلىغىلى بولىدىكەن)، ياكى بولمىسا سېغىزدا ئىشلەنگەن ئەنئەنىۋى سوپۇن ئورنىغا پۇرىقىمۇ قۇتىسىدەك زىيانلىق بولغان LUX سوپۇنىنى سېتىش ئارزۇسىدا بوپتۇ. ئەمما بۇ نەرسىلەرنى باشقا بىر دەۋرنى ھۇزۇر بىلەن بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان دۇكىنىغا قويار-قويماي، پەقەت سائەتنىڭلا ئەمەس، ۋاقىتنىڭمۇ ئېزىپ قالغىنىنى ھېس قىلىپتۇ. قەپەسكە قونۇۋالغان نومۇسسىز سېرىق قۇشقاچلارنىڭ چاۋىلداپ ۋىچىرلىشىدىن بۇلبۇللارنىڭ ئارامى بۇزۇلۇپ كەيپى ئۇچقاندەك، تاۋار ماللىرىنىڭ ئاپتاپتا قالغىنىدىن ئۇنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، دۇكاندارلىقتىن ۋاز كېچىپتۇ. كېيىن يەنە دۇكىنىغا پەقەت قېرىلار بىلەن چىۋىنلارنىڭ كىرىپ-چىقىشىغىمۇ ئانچە ئېتىبار قىلماي، ئۆز ھاياتى ۋە ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، ئاتا-بوۋىلىرى ئەسىرلەردىن بۇيان بىلىپ، تونۇپ كەلگەن ماللارنى قايتا سېتىشقا باشلاپتۇ.

خۇددى كوكا كولا ئىچىپ ئەقلىنى يوقاتقان، ئەمما ھەممە كىشى ئىچىپ ئەقلىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن ئەقلىنى يوقاتقانلىقىنى پەرق ئېتەلمىگەنلەردەك، يەنىلا بەزىلىرى بىلەن ئاندا-ساندا ئارىلىشىدىغان، بەزىلىرى بىلەن دوستلۇق ئورناتقان ئوقەتچىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بولغان چوڭ سۇيىقەستنى بەلكىم ئۇنتۇپ كېتەرمىش... يەنە كېلىپ، ئۇلار دۇكاننى، ئۆز ماللىرىنى (دەزماللار، چاقماقلار، ئىس چىقماس مەشلەر، قۇش قەپەسلىرى، ياغاچ ئەخلەت ساندۇقلىرى، ئىلغۇچلار، يەلپۈگۈچلەر ۋەھاكازالارنى)

ئۆز ئىچىدە شەكىللەندۈرگەن سىپھىرلىك مۇزىكىنىڭ ئاھاڭىدىن بولسا كېرەك، دۇكانىدارلار سۇيىقەستكە قارشى تەييار تۇرۇشۇپتۇ. ئۆزىدەك باشقىلارنى، كونيادىن گالستۇكلۇق بىر قارا ئادەم، سىۋاس[①]تىن بىر پېنسىيونېر پاشا، ترابزون[②]دىن، تېھراندىن، شام[③]دىن، ئەدىرنە[④]دىن ۋە بالقانلار[⑤]دىن يۆرىكى دەردكە تولغان، ئەمما ئىمان-ئېتىقادلىق دۇكانىدارلارمۇ سۇيىقەستچىلەرگە قارشى چىقىپ ئۇنىڭغا قېتىلىپتۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ يېڭى ماللار نىزامىنى تۈزۈپتۇ ۋە دەردمەن دۇكانىدارلار تەشكىلاتىنى قۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئىستانبۇلدا دوختۇرلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئوغلىدىن خەت تاپشۇرۇۋاپتۇ: "مېنى ئىزدىمە، كەينىمگە ئادەم سالما، مەن يوقىلىمەن!" دەپ مەسخىرىلىك تەكرارلىدى دوكتور نارىن ئۆلگەن ئوغلىنىڭ ئىسيانكار سۆزلىرىگە بولغان ئاچچىقتىن.

چوڭ سۇيىقەست بىلەن چېتىشلىق ئۇ زور كۈچلەرنىڭ ئۆز دۇكىنىغا، كۆز قارىشىغا، ھەۋەس-قىزىقىشىغا پىكرى بارلىقىنى دوكتور نارىن دەرھال بىلىپ يېتىپتۇ. ئۇلار ئاللىبۇرۇنلا ئۇنىڭ ئوغلىغا قول سېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلماقچى ئىكەن. "مەن دوكتور نارىننى ۋەيران قىلماقچى!" دېدى ئۇ غۇرۇر بىلەن. شۇنىڭ بىلەن ئوغلىنىڭ خېتىدە ئېيتىلغان تەلەپلىرىنىڭ تەتۈرىسىچە ئىش تۇتۇپ، مەغلۇبىيەتنى غالىبىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئارزۇسىدا بولۇپتۇ. ئوغلىنىڭ ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ، ئۇنىڭدىن ئوغلىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ خەۋەر يېزىشنى تەلەپ

---

[①] سىۋاس — مەركىزىي ئاناتولىيە رايونىدىكى شەھەر، — ت.
[②] ترابزون — تۈركىيىنىڭ شەرقىي قارادېڭىز رايونىدىكى ۋىلايىتى، — ت.
[③] شام — سۇرىيەنىڭ بۇرۇنقى نامى، بۇ يەردە دەمەشقنى كۆرسىتىدۇ، — ت.
[④] ئەدىرنە — تۈركىيىنىڭ مەرمەر دېڭىزى بويى رايونىدىكى ۋىلايەت، — ت.
[⑤] بالقانلار — بالقان يېرىم ئارىلىدىكى دۆلەتلەر، — ت.

قىلىپتۇ. كېيىن بىرىنچىسىدىن رازى بولماي ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئادەملىرىنى ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن يوللاپتۇ. ئۇلارمۇ خەۋەر يېزىشقا باشلاپتۇ. كېيىن يوللىغان باشقىلىرىمۇ ئوخشاش خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈشۈپتۇ... بۇ خەۋەرلەرنى ئوقۇپ، بۇ يۇرتنى، بىزنىڭ روھىمىزنى بۇزۇپ يوق قىلماقچى، كاللىمىزدىكى ئەستىلىكلىرىمىزنى ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولغانلارنىڭ چوڭ سۇيىقەستىنىڭ بارلىقىغا تېخىمۇ ئىشىنىپتۇ.

— خەۋەرلەرنى سىز ئوقۇسىڭىزمۇ مېنىڭ دېگەنلىرىمنى چۈشىنىسىز، — دېدى ئۇ، — ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر، ئىشلار سۈرۈشتۈرۈلۈشى كېرەك. دۆلەت قىلىدىغان چوڭ بىر ئىشنى مەن قىلىۋاتىمەن. ئۇنى قىلالايمەن، چۈنكى مېنى ياخشى كۆرىدىغان، ماڭا ئىشىنىدىغان ناھايىتى كۆپ دەردمەن ئىنسان بار.

بىز ئۈستىگە چىققان تۆپىلىكتىن كۆرۈنگەن ۋە ھەممىسى دوكتور نارىننىڭ مۈلكى بولغان بۇ كىچىك ئاتكىرىتكىدەك زېمىننىڭ ھەممىسى ئەمدى كۈل رەڭ بۇلۇتلارنىڭ ئاستىدا ئىدى. كەسكىن ۋە گىرىمسەن كۆرۈنۈش مازارلىق جايلاشقان تۆپىلىكتىن باشلىنىپ، بىر خىل تۇتۇق زەپىرەڭ تىنتىرەش ئىچىدە غايىب بولاتتى. "ئۇ يەردە يامغۇر يېغىۋاتىدۇ، — دېدى دوكتور نارىن، — ئەمما بۇ يەرگە كەلمەيدۇ." ئۇ ئېگىز بىر تۆپىلىكتىن مەۋجۇداتنىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن قىمىرلاۋاتقان ھەرىكىتىگە قاراۋاتقان تەڭرىدەك گەپ قىلاتتى، ئەمما تەلەپپۇزىدا مۇشۇنداق گەپ قىلىدىغانلىقىمنى بىلىمەن دەيدىغان بىر خىل ھەزىلكەشلىك، ئۆزىنى مەسخىرە قىلىشمۇ بار ئىدى. ئانچە بىلگىلى بولمايدىغان بۇ نازۇك مىجەزىنىڭ ئۇنىڭ ئوغلىدا پەقەت يوقلۇقىنى جەزملەشتۈردۈم. دوكتور نارىننى ياقتۇرۇپ قېلىۋاتاتتىم.

بۇلۇتلار ئارىسىدا ئىنچىكە ۋە ئاجىز چاقماقلار چېقىۋاتقاندا، دوكتور نارىن ئوغلىنى ئۆزىگە قارشى چىقارغان نەرسىنىڭ بىر كىتاب

ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىپتتى. ئوغلى بىر كۈنى بىر كىتاب ئوقۇپتۇ ۋە پۈتۈن دۇنياسى ئۆزگەرگەندەك ھېس قىلىپتۇ.» ئەلى بەگ، — دېدى ئۇ ماڭا، — سىزمۇ بىر سودىگەرنىڭ ئوغلى ھەمدە 20 ياشلاردا، ماڭا ئېيتقىنە: ئىنساننىڭ پۈتۈن دۇنياسىنى ئۆزگەرتىۋەتكۈدەك بىر كىتاب، بۈگۈن بۇنداق بىر نەرسىنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟» كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدا دوكتور نارىننى كۆزەتكەچ جىم تۇردۇم. «بۇنداق كۈچلۈك سېھىر بۈگۈنكى كۈنىمىزدە قانداق ئۇسۇل بىلەن ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن؟» ئۇ بىرەر خىيالىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، تۈنجى قېتىم مەندىن بىر جاۋاب ئېلىش ئۈچۈن بۇنى سوراۋاتاتتى، قورقۇپ جىم بولدۇم. شۇ ھامان ئۇنى ئارقامدىكى قەلئەنىڭ تاشلىرىغا ئەمەس، ماڭا قاراپ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ئۇ بىردىنلا توختاپ يەردىن بىر نەرسە يۇلۇۋالدى.

— كېلىپ قاراڭ، — دېدى يۇلۇۋالغان نەرسىنى ئالقىنىنىڭ ئىچىدە ماڭا كۆرسىتىپ، — ئۈچ ياپراقلىق بىر سېمىز ئوت، — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

دوكتور نارىن كىتابىنىڭ ھەمدە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئەسەرلەرنىڭ بۇ ھۇجۇمىغا قارشى كونىيالىق گالستۇكلۇق ئادەم، سىۋاسلىق پېنسىيونېر پاشا، ترابزوندىكى خالىس ئىسىملىك خوجىدار بىلەن ۋە دەمەشقتىن، ئەدىرنەدىن، بالقانلاردىن ئاۋاز قوشقان باشقا دەردمەن دوستلىرى بىلەن ئالاقىسىنى كۈچەيتىپتۇ. چوڭ سۈيىقەستكە قارشى ئۇلار ئۆز ئىچىدىلا بىر-بىرىدىن مال ئېلىپ سېتىشقا، باشقا دەردمەن قېرىنداشلارغا ئىچ سىرىنى تۆكۈشكە باشلاپتۇ ۋە چوڭ سۈيىقەستچىلەرنىڭ لالمىلىرىغا قارشى ئېھتىياتچانلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە كىچىك پېئىللىق بىلەن تەشكىللىنىپتۇ. بۇ پەرىشانلىق ۋە ئۇنتۇلۇش كۈنلىرىدىن كېيىن قۇتۇلۇش كۈنى كەلگەندە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىمىزنى، يەنى بۇ

”ئەڭ چوڭ خەزىنىمىزنى“ يوقىتىپ، ماڭقۇرتلاردەك چارىسىز قالمايلى ۋە ”يوقىتىلماقچى بولغان ساپ دەۋرىمىزنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى“ يېڭىدىن زەپەر بىلەن قۇرايلى دەپ دوكتور نارىن ھەممە دوستلىرىدىن ماللىرىنى، قولىرىنىڭ يەنە بىر قىسمى بولغان ۋە روھلىرىنى شېئىردەك تولۇقلايدىغان ئاشۇ ھەقىقىي نەرسىلەرنى — ئىنچىكە بەللىك چاي ئىستاكانلىرىنى، ماي كەمچەنلىرىنى، قەلەم قاپچۇقلىرىنى، يوتقانلىرىنى، ”قايسى نەرسە سىنى ھەقىقىي قىلسا شۇنى“ ساقلىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ دۇكانلاردا — ئەگەر دۆلەت تېررورىزمى يەنى ئاتالمىش دۆلەت قانۇنى تۇپەيلىدىن دۇكانلاردا ساقلاش چەكلەنسە — ئۆيلىرىدە، يەر ئاستى ئۆيلىرىدە، ھەتتا باغلىرىدا قېزىلغان ئورەكلەردە، يەر ئاستىدا، ھەر كىم ئۆزىگە قارىتا كونا ھېسابلىنىدىغان ماشىنىلىرىنى، مەشلىرىنى، بوياقسىز سوپۇنلىرىنى، پاشىلىقلىرىنى، ئاسما سائەتلىرىنى ساقلاپتۇ.

دوكتور نارىن ئارىلاپ مەندىن يىراقلىشىپ، ئۆزى يالغۇز ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ، قەلئە خارابىلىرى ئارقىسىدىكى سەرۋى دەرەخلىرىنىڭ ئىچىدە يوقاپ كەتكىنىدە ئۇنى ساقلىدىم. ئۇنىڭ ئېگىز چاتقاللار ۋە سەرۋى دەرەخلىرى ئارقىسىدا يوشۇرۇنغان بىر تۆپىلىككە ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم. بىز يانتاق ۋە تىكەنلىك چاتقاللار بىلەن قاپلانغان بىر يانتۇلۇققا چۈشۈپ، ئاندىن بىر تىك داۋانغا چىقىشقا باشلىدۇق. دوكتور نارىن ئىلدامراق مېڭىپ كېتىپ، دېگەنلىرىمنى ئاڭلىسۇن دەپ بەزىدە مېنى ساقلايتتى.

ئۇ دوستلىرىغا: ”چوڭ سۈيىقەستچىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئادەملىرى، يالاقچىلىرى بىزگە ماقالە بىلەن، كىتاب بىلەن ھۇجۇم قىلماقتا. بىزمۇ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنايلى“ دەپتۇ. ئۇ بىر قىيادىن يەنە بىر قىياغا

چەبدەس ئىزچىدەك ئاتلاۋېتىپ مەندىن "قايسى ماقالە؟ " دەپ سورىدى. "قايسى كىتاب بولغىيدى؟" دەپ بۇ ھەقتە ئەستايىدىل ئويلاپتۇ، ئۇنى قانداق ئىنچىكە ئويلىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقتىنى كەتكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك بىر دەم جىمىپ قالدى، ئاندىن پۇشقىقىم ئىلىنىپ قالغان بىر تىكەنلىك چاتقالدىن مېنى تارتىپ چىقىرىۋېتىپ چۈشەندۈردى: "ئوغلۇمنى ئالدىغان پەقەت ئۇ كىتابلا ئەمەس، مەتبەئەدىن چىققان كىتابلارنىڭ ھەممىسى زامانىمىزنىڭ، ھاياتىمىزنىڭ دۈشمىنى."

قەلەمدە يېزىلغان، قەلەمنى تۇتقان قولنىڭ بىر قىسمى بولغان، قولنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن كاللىنى خۇشال قىلغان ھەم ئۇ كاللىنى نۇرلاندۇرغان روھنىڭ ھەسرىتىنى، قىزىقىشىنى، شەپقىتىنى ئىپادىلىگەن قوليازما ئەسەرلەرگە ئۇ قارشى ئەمەسكەن. چاشقانلىرىنى بويسۇندۇرالمىغان نادان دېھقانلارغا بىلىم بېرىدىغان، ئېزىققۇچىغا ماگىدىغان يولنى، روھنى يوقىتىپ گاگىراپ قالغۇچىغا ئەجدادلىرىنى، دۇنيادىن خەۋىرى يوق بالىغا رەسىملىك ھېكايىلەر بىلەن دۇنيانى ۋە ئۇنىڭدىكى سەرگۈزەشتىلەرنى كۆرسىتىدىغان تەربىيىۋى كىتابلارغىمۇ قارشى ئەمەسكەن، ھەتتا ئۇ كىتابلار بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشاش ھازىرمۇ زۆرۈر ئىكەن، كۆپ يېزىلسا تېخى ياخشى بولىدىكەن. دوكتور نارىنىڭ قارشى چىققىنى نۇرىنى، توغرىلىقىنى، ھەقىقىتىنى يوقاتقان كىتابلار بولۇپ، بۇ كىتابلارنى ئاپتورلار بىر بولسا ئىدىيىسى پارلاق، توغرا، ھەقىقىيدەك يازارمىش. بىزگە بۇ چەكلىك دۇنيانىڭ تاملىرى ئىچىدە جەننەتنىڭ سېھرىنى ۋە ھۇزۇرىنى تاپىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدىغان كىتابلار باركى، ئۇلارنى چوڭ سۇيىقەستچىلەرنىڭ ئادەملىرى — بىر ئىبتىز چاشقىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يېنىمىزدىن قېچىپ كەتتى— بىزگە ھاياتىمىزنىڭ شېئىرىي گۈزەللىكى ۋە

ياخشىلىقنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۆچۈن مەتبەئەلەردە بېسىپ تارقىتارمىش. "ئىسپاتمۇ؟"دېدى ئۇ بۇ سوئالنى خۇددى مەن سوراۋاتقاندەك گۇمان بىلەن ماڭا قاراپ. "ئىسپات نەدە؟"، ئۇ ئۈستى قۇش ماياقلىرىغا تولغان قىيالارنىڭ، ئىنچىكە ئارچا دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدىن تولغىنىپ تېز يامىشىپ چىقىۋاتاتتى.

ئىسپاتى ئۆچۈن ئۇنىڭ ئىستانبۇلدىكى، ھەممە دۆلەتتىكى ئادەملىرىگە، جاسۇسلىرىغا قىلدۇرغان تەتقىقاتلىرىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئوقۇشۇم كېرەك ئىكەن. كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئوغلى نىشاندىن ئادىشىپ، دادىسىدىن، ئائىلىسىدىن يۈز ئۆرۈگەندىن سىرت — بوپتۇ، بۇ نوچىلىقنى ياشلىق دەپ تۇرايلى—ھاياتىنىڭ ھەممە بايلىقىغا، يەنى " ۋاقتىنىڭ يوشۇرۇن سىممېترىك سىزىقلىرىغا"، "شەيئىلەرنىڭ بارلىق تەرەپلىرىگە، بىر خىل ئۆلۈم سەپسەتىسىگە قارىغۇلارچە ئەسىر بوپتۇ.

— بۇنىڭ ھەممىسى بىر كىتابنىڭ ئىشىمۇ؟— دەپ سورىدى دوكتور نارىن،— ئۇ كىتاب پەقەت چوڭ سۇيىقەستچىلەرنىڭ كىچىك بىر قورالى.

ئەمما ئۇ ئاۋۋال كىتابنى ۋە ئاپتورىنى سەل چاغلىمىغانلىقىنى ئېيتتى. دوستلىرى ۋە جاسۇسلىرى يازغان خەۋەرلەرنى، ئالغان ئىسپات-ھۆججەتلەرنى ئوقۇسام، ئۇ كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ مەقسىتىنىڭ ئەكسىچە يېزىلغانلىقىنى كۆرىدىكەنمەن. ئاپتور بىچارە— پېنسىيىگە چىققان كادىر، كىتابىدا يازغىنىدەك ئىشەنچ-ئېتىقادىنى قوغدىيالىغۇدەك جاسارىتىمۇ يوق بىر ئادەم ئىكەن. "ئۇ غەربتىن كەلگەن شاماللارغا ئەگەشكەن، خاتىرىلىرىمىزنى يوقىتىدىغان ئۇنتۇش ۋاباسىنى بىزگە يۇقتۇرىدىغانلار بىزدىن تەلەپ قىلىدىغان زەئىپ خاراكتېر... زەئىپ روھتىكى، ئەبگا، ئەرزىمەس بىر ئادەم ئىكەن! ئۇ يوق بولۇپ كەتتى، ۋەيران قىلىندى، يەر يۈزىدىن ئۆچۈرۈلدى." ئۇ كىتاب ئاپتورىنىڭ

ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئىچىنمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.
بىر هازاغىچە پاراڭلاشماي بىر پادا يولنى بويلاپ ماڭدۇق. ئاستا-ئاستا سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان، ئەمما يېقىنلاشمايۋاتقان ياكى يىراقلاشمايۋاتقان يامغۇر بۇلۇتلىرى ئارىسىدا يېپەكسىمان چاقماقلار چاقاتتى، ئەمما ئاۋازى پەسەيتىلگەن تېلېۋىزورنى كۆرگەندىكىدەك، ھېچقانداق شاۋقۇن-سۈرەن ئاڭلىمايتتۇق. تۆپىلىككە چىققاندا پەقەت دوكتور نارىننىڭ زېمىنلىرىنى ئەمەس، پەستىكى تۇزلەڭلىكتە ئىشچان ئۆي ئايالى راسلىغان داستىخاندەك رەتلىك تۇرغان بازارنى، قىزىل كاھىشلىق ئۆيلىرىنى، ئىنچىكە مۇنارلىق جامەنى، كوچىلارنىڭ ئەركىن يېيىلىشىنى ۋە بازار سىرتىدىكى، تۇز چېگرا سىزىقلىرى بىلەن بىر-بىرىدىن ئايرىلغان بۇغداي ئېتىزلىرى بىلەن مېۋىلىك باغلارنىمۇ كۆردۇق.
— ئەتىگەنلىرى كۈن مېنى ئويغىتىپ قارشى ئېلىشتىن بۇرۇن مەن ئويغىنىپ كۈننى قارشى ئالىمەن، — دېدى دوكتور نارىن مەنزىرىگە قاراۋېتىپ، — تاغلارنىڭ ئارقىسىدىن سەھەر كېلىدۇ، ئەمما باشقا يەرلەردە قۇياشنىڭ خېلى بۇرۇن چىقىپ بولغانلىقىنى كىشى قارلىغاچلار بىلەن تەڭ بىلىدۇ. ئەتىگەنلىرى بەزىدە تا بۇ يەرگىچە مېڭىپ كېلىمەن، ماڭا سالام بەرگەن قۇياشنى قارشى ئالىمەن. تەبىئەت تۇرغۇن بولىدۇ. ھەرىلەر، يىلانلار تېخى چىقمىدى. مەن بىلەن دۇنيا، بىر-بىرىمىزدىن نېمە سەۋەبتىن مەۋجۇت بولغانلىقىمىزنى، نېمىشقا بۇ ۋاقىتتا بۇ يەردە ئىكەنلىكىمىزنى، مەقسەتنىڭ، ئەڭ بۈيۈك مەقسەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورايمىز. بۇلارنى تەبىئەت بىلەن باغلاپ ئويلايدىغان ئىنسانلار بەك ئاز. ئەگەر ئىنسانلار ئويلانسا، كاللىسىدا پەقەت باشقىلاردىن ئاڭلىغان، ئەمما ئۆزىنىڭ دەپ ئويلىغان بىر قانچە تايىنى يوق چۈشەنچىسى بار، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە قاراپ بايقىغانلىرى ئەمەس، شۇڭا ھەممىسى زەئىپ، خۇنۇك، تۇترۇقسىز

چۈشەنچىلەر.

— مەزمۇت تۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك ۋە كەسكىن بولۇش كېرەكلىكىنى غەربتىن كەلگەن چوڭ سۇيىقەستىنىڭ بارلىقىنى بايقاشتىن ئاۋۋال بىلگەنىدىم، — دېدى دوكتور نارىن، — غېرىب كوچىلار، سەۋرچان دەرەخلەر، خۇنۇك چىراغلارنىڭ مەن بىلەن كارى يوق ئىدى، مەنمۇ ماللىرىمنى توپلىدىم، ئۆز ۋاقتىمنى تەرتىپكە سالدىم؛ تارىخقا ۋە تارىختا ھۆكۈم قىلماقچى بولغانلارنىڭ ئويۇنىغا باش ئەگمىدىم. نېمىشقا باش ئېگىمەن؟ ئۆزۈمگە ئىشەندىم. ئۆزۈمگە ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن مېنىڭ ئىرادەمگە ۋە ھاياتىمنىڭ شېئىرىي گۈزەللىكىگە باشقىلارمۇ ئىشەندى. ئۇلارنى ئۈمىد ئارقىلىق ئۆزۈمگە باغلىدىم. شۇنداق قىلىپ ئۇلارمۇ ئۆز ۋاقىتلىرىنى يېڭىدىن بايقىدى. بىر-بىرىمىزگە باغلاندۇق. شىفىرلەر بىلەن خەۋەرلەشتۇق، ئاشىق-مەشۇقلاردەك خەت يېزىشتۇق، پات-پات مەخپىي يىغىلدۇق. گۇدۇلدىكى تۇنجى قېتىملىق ئوقەتچىلەر يىغىلىشىمىز يىللارچە داۋاملاشقان كۈرەشنىڭ، يىگىندە قۇدۇق قازغاندەك سەۋر-تاقەت بىلەن ئىشلەنگەن، پىلانلانغان بىر ھەرىكەتنىڭ، ئۆمۈچۈك توردەك دىققەت، چىۋەرلىك بىلەن قۇرۇلغان بىر تەشكىلاتنىڭ غەلىبىسىدۇر ئەلىي ئەپەندى! ئەمدى غەرب نېمىلا قىلسا بىزنى يولىمىزدىن قايتۇرالمايدۇ! — بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن قوشۇمچە قىلدى، — مەن ياش، چىرايلىق خوتۇنۇم بىلەن گۇدۇلدىن سالامەت ئايرىلىپ ئۈچ سائەتتىن كېيىن شەھەردە ئوت ئاپتى يۈز بېرىپتۇ. ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ دۆلەتنىڭ شۇنچە ياردىمىگە قارىماي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى تاسادىپىيلىق ئەمەسكەن. چۈنكى ئىسيانچىلاردا، يەنى گېزىتلەر كۈشكۈرتكەن توپىلاڭچىلاردا روھلىرىنىڭ، ئۆز شېئىرلىرىنىڭ، خاتىرىلىرىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى سېزىۋالغان دەردمەن دوستلىرىنىڭ كۆز ياشلىرى ۋە ئاچچىقى

بـــارمش. ماشـــىنىلارنىڭ كۆيـــدۈرۈلگەنلىكىنى، قوراللارنـــىڭ ئېتىلغانلىقىنى، بىر كىشىنىڭ — قانـداقتۇر قېرىنداشـلىرىنىڭمۇ ئـۆلگەنلىكىنى بىلـسەم ئـىش قانـداق بولماقچىدى؟ تەبىئىيكـى، ئەنـقەرە ۋە يەرلـىك پـارتىيىلەر بـىلەن بـىرلىكتە تەشـكىللىگەن ناھىيىلىك هۆكـۈمەت جەمئىـيەت تەرتـىپىگە تەهـدىت سـالغانلىق پـاكىتى بـىلەن بـۇ كۈشكۈرتۈشـىنىڭ ھەممـىسىنى— دەردمەن ئوقەتچىلەر يىغىلىشىنى چەكلىگەنىدى.

— ئوق ئەمدى يادىن چىقتى، — دېدى دوكتور نارىن، — باش ئەگمەيمەن. يىغىلىشتا پەرىشتىلەر تېمىسىنىڭ مۇنازىرە قىلىنىشىنىمۇ مەن تەلەپ قىلدىم. بىزنىڭ ئۆز روھىمىزنى ۋە باللىقىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر تېلېۋىزورنىڭ ياسىلىشىنىمۇ مەن تەلەپ قىلدىم، ئۇ قورالنى مەن ياسىتىمەن. ئوغلۇمنى تارتىۋالغان كىتابقا ئوخشاش يامانلىقلارنىڭ مەنبەسىنىڭ تاكى رەزىللىك قايىنىمىغىچە ئىزدەپ تېپىلىپ يوقىتىلىشىنىمۇ مەن تەلەپ قىلدىم. ھەر يىلى يۈزلىگەن، مىڭلىغان ياشلىرىمىزنىڭ بۇ خىل ئويۇنلار ئارقىلىق "پۈتـۈن ھاياتىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى"، قوللىرىغا سىلەر بىلەلمىگەن بىر-ئىككى كىتاب بېرىلىپ "پۈتۈن روھىي دۇنيالىرىنىڭ ھەيران قالدۇرۇلغانلىقىنى" بىلدۇق. ھەر ئىشنى مەن بىر-بىرلەپ ئويلىدىم. يىغىلىشقا بارمىغانلىقىمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. ئۇ يىغىلىشنىڭ سىزدەك بىر ياشنى ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىشىدەك بۇ ئىلتىپاتمۇ بەدەلسىز بىر ئامەت ئەمەس. ھەر ئىش باشتا ئويلىغىنىمدەك جايى جايىدا كېتىۋاتىدۇ... ئوغلۇم بىر قاتناش ھادىسىسى بىلەن مەندىن تارتىۋېلىنغاندا سىزنىڭ يېشىڭىزدا ئىدى... بۈگۈن ئايغا 14، دەل بۈگۈنكى كۈندە ئوغلۇمدىن ئايرىلدىم.

دوكتور نارىن ئالىقىنىنى ئاچقاندا ئىچىدىكى سېمىز ئوتنى كۆردۈم. بۇنى ئۇ سېپىدىن تۈتۈپ بىر دەم دىققەت بىلەن كۆزەتكەندىن كېيىن مەيىن شامالغا قويۇۋەتتى. بىلىنەر-بىلىنمەس

شامال يامغۇر بۇلۇتلىرىنىڭ يۆنىلىشىدە چىقىۋاتاتتى؛ ئەمما چىقىۋاتقانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى سالقىنلىقىدىن ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سېزىۋاتاتتىم. بوز رەڭ بۇلۇتلار گويا قارارسىز تۇرغان يەرلىرىدە تۇرۇپ قېلىشقاندى. بازاردىن ناھايىتى يىراق بىر يەردە سۇس ساغۇچ، غۇۋا بىر چىراغ پىلىلدايتتى، ئۇ يەردە بىر مەخپىي ئىشلار بار ئىدى. دوكتور نارىن يامغۇرنىڭ ئەمدى ئۇ يەردە ياغقانلىقىنى ئېيتتى. تۆپىلىكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى خادا تاشلىق ھاڭنىڭ قىرىغا كەلگىنىمىزدە، مازارلىق ئۈستىدىكى بۇلۇتلارنىڭ تارىغانلىقىنى كۆردۇق. ھەممە يېرى قورقۇنچلۇق تىك قىيالار ئارىسىغا ئۇۋا سالغان بىر كۆكىنەك بىزنى كۆرۈپ تېزلىكتە ئۇچتى-دە، دوكتور نارىنىنىڭ زېمىنى ئۈستىگە كەڭ بىر ياي سىزىشقا باشلىدى. قانداقتۇر قاناتلىرىنى زادى قاقمىغان ئاشۇ قۇشنى بىر خىل زوقلىنىش ۋە ھەيرانلىق بىلەن جىمجىت كۆزەتتۇق.

—مانا بۇ زېمىندا، — دېدى دوكتور نارىن، — بىردىنبىر كەسكىن پىكىردىن يىللارچە ئىلھام ئېلىپ پىشىپ يېتىلدۈرگەن بۈيۈك چۈشەنچەمنى، بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەتنى مەزمۇت تۇتۇپ تۇرىدىغان بايلىق ۋە كۈچ بار. ئوغلۇم شۇنچە سۆيۈملۈك بولسىمۇ، ئەگەر چوڭ سۇيىقەستچىلەرنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىمايدىغان، بىر كىتابقا ئىشەنمىگۈدەك كۈچلۈك، ئىرادىلىك بولسىدى، بۈگۈن بۇ تۆپىلىكتىن قاراۋاتقاندا مەن ھېس قىلغان كۈچنى ۋە قابىلىيەتنى ھېس قىلاتتى. بۈگۈن بىلىۋاتىمەن، شۇ ئىلھامنى ۋە ئۇپۇقنى سىز كۆرۈۋاتىسىز. ئوقەتچىلەر يىغىلىشىدىكى كەسكىنلىكىڭىزنى، ماڭا ئېيتقانلارنىڭ ئاشۇرۇۋەتمىگەنلىكىنى باشتىلا چۈشەندىم. يېشىڭىزنى ئۇقۇپ ئىككىلىنىپمۇ قالمىدىم. كەچمىشىڭىزنى بىلىشىمنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغانىدى. بۇ ياشتا، يەنى ئوغلۇم ھىيلە ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن تارتىۋېلىنغان ياشتا سىز ھەر ئىشنى، يىغىلىشقا ئىستەك بىلەن قاتناشقۇدەك دەرىجىدە چۈشىنىپسىز. شۇ بىر كۆڭۈلۈك

تونۇشلۇقىمىز ماگا تارىخنىڭ بىر كىشىدە چالا قالدۇرغان ئىرادە ھەرىكىتىنى باشقا بىر كىشىدە قايتا باشلاتقانلىقىنى بىلدۈردى. ئوغلۇم ئۆچۈن قىلدۇرغان ئۇ كىچىك خاتىرە ئۆيىنى سىزگە بىكاردىن ئېچىپ بەرمىدىم. ئانىسى ۋە ئاچا-سىڭىللىرىدىن باشقا ئۇ ئۆيىنى تۇنجى كۆرگەن ئادەم سىز بولىسىز. ئۆزىڭىزنى، ئۆز ئۆتمۈشىڭىزنى ۋە كېلەچىكىڭىزنى ئۇ يەردە كۆردىڭىز. بۈندىن كېيىن بېسلماقچى بولغان قەدەمىنىمۇ ماگا— دوكتور نارىنغا قاراپ چۈشىنىسىز. ئوغلۇم بول! ئۇنىڭ ئورنىنى ئال. مەندىن كېيىن ھەممە ئىشنى سەن ئۈستۈڭگە ئال. قېرى بىر ئادەممەن، لېكىن قىزغىنلىقىم تېخى پەسەيمىدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم بار. ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋىتىم بار. ماگا خەۋەر يېزىۋاتقانلار يەنىلا ئاكتىپ. ئالدانغان يۈزلەرچە ياشنىڭ كەينىگە ئادەم سالدىم. ئارخىپلارنى، پۈتۈن ئارخىپلارنى ساگا كۆرسىتىمەن، ئوغلۇمنىڭ پۈتۈن ھەرىكەتلىرىنى ئىز قوغلاپ كۆزەتكۈزدۈم، ئوقۇيسەن. ئېزىقتۇرۇلغان ياشلار نېمىدېگەن كۆپ! داداگىدىن، ئائىلەڭدىن ئايرىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. ھەر خىل قوراللىرىمنىمۇ ساگا كۆرسەتسەم دەيمەن. ماگا 'ماقۇل'دە! خوپ، مەسئۇلىيىتىمنى بىلىمەن دېگىن. مەن چاكىنا ئادەملەردىن ئەمەسمەن، ھەممە ئىشنى كۆرۈۋاتىمەن. ئىلگىرى بىر ئوغۇل بالام بولمىغاچقا ئازاب چەككەنىدىم، كېيىن ئۇنى مەندىن تارتىۋېلىشتى، تېخىمۇ ئېغىر ئازاب چەكتىم. ئەمما ھېچقانداق نەرسە ماگا بۇ مىراسنى ئىگىسىز قالدۇرۇشتىنمۇ ئېغىر كەلمەيدۇ.

يىراقتا يامغۇر بۇلۇتلىرى ھەممە ياقتا تارقىلىۋاتقاندا، دوكتور نارىننىڭ ماكانىغا بىر سەھنىنىڭ بۇلۇڭلىرىغا تىك چىراغلاردىن چۈشكەن نۇردەك قۇياش نۇرلىرى چۈشۈپ تۇراتتى. كۈن نۇرىدىن بىردىنلا يورۇغان بىر پارچە زېمىن، ئالما ۋە جىگدە دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان بىر تۈزلەڭلىك، ئوغلى يەرلىككە قويۇلغان

مازارلىق، بىر ئېغىلنىڭ چۆرىسىدىكى سېغىز توپىلار، قىسقا بىر ۋاقىتتىن كېيىن رەڭگىنى ئۆزگەرتىۋاتاتتى، شۇنداقلا كونۇس شەكلىدىكى نۇر دەستىسىنىڭ جىددىي ئىلگىرىلەۋاتقان بىر روھتەك چېگرا تونىماستىن، ئېتىزلارنى ئىتتىك ئاتلاپ ئۆتۈپلا يوقاپ كەتكىنىنى كۆرۈۋاتاتتۇق. تۆپىلىككە چىقىش ئۈچۈن ماڭغان يولنىڭ كۆپ قىسمىنى بىز تۇرغان نۇقتىدىن كۆرەلىگىنىمىزنى بايقىغان هامان، كۆزلىرىم قىيالىق يانباغىر، پادا يولى، ئۈجمە دەرەخلىرى، ئاساسلىق تۆپىلىك، دەرەخلىكلەر ۋە بۇغداي ئېتىزلىرىنى بويلاپ خېلىلا ئارقىغا كەتتى ھەم بىردىنلا ئۆز ئۆيىنى ئايروپىلاندىن تۇنجى كۆرۈۋاتقان بىرسىدەك ھەيرانلىق بىلەن دوكتور نارىننىڭ تۇرالغۇسىنى كۆردۈم، ئۇ ئەتراپى دەرەخلىكلەر بىلەن قاپلانغان كەڭ بىر تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى، ئۇ تۈزلەڭلىكتە ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان يولغا ۋە سىبىرىيە قارىغايلىرىغا قاراپ مېڭىۋاتقان بەشەيلەندىن بىرىنىڭ جانان ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئالغان گىلاس رەڭلىك گۈللۈك چاپىنىدىن، ياق، پەقەت ئۇنىڭدىن ئەمەس، مېڭىشىدىن، تۇرقىدىن، نازۇكلىقىدىن، گۈزەللىكىدىن، ياق، يۈرىكىمنىڭ سوقۇشلىرىدىن بىلدىم. يەنىمۇ يىراقلاردا دوكتور نارىننىڭ كىچىك ماكانىنىڭ چېگرىلىرى باشلانغان تاغلارنىڭ چوققىسىدا ئاجايىپ بىر ھەسەن-ھۈسەنىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆردۈم.

— باشقىلار تەبىئەتكە قارىسا،— دېدى دوكتور نارىن، — ئۇنىڭدىن ئۆز چېگرىلىرىنى، يېتەرسىزلىكلىرىنى، قورقۇنچلىرىنى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۆز زەئىپلىكلىرىدىن قورقۇپ بۇنى تەبىئەتنىڭ چەكسىزلىكى، چوڭلۇقى دەيدۇ. مەن بولسام تەبىئەتتە مەن بىلەن سۆزلىشىدىغان، تىكلەپ تۇرۇشۇم كېرەك بولغان ئىرادەمنى ماڭا ئەسلىتىدىغان قۇدرەتلىك بىر نەسىھەتنى، مول مەزمۇنلۇق بىر ئەسەرنى كۆرىمەن، ئۇنى قەتئىيلىك، رەھىمسىزلىك، قورقۇمسىزلىق

بىلەن ئوقۇيمەن. ئۇلۇغ ئادەملەر خۇددى بۈيۈك دەۋرلەر، بۈيۈك دۆلەتلەردەك ئۆز ئىچىدە قانداقلا بولسۇن پارتلىغۇدەك مەسئۇلىيەتچان بىر كۈچنى توپلىيالىغانلاردۇر. ۋاقتى كەلگەندە، پۇرسەتلەر چىققاندا، يېڭى تارىخ يارىتىلىدىغان چاغدا بۇ بۈيۈك كۈچ ئۆزى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن ئۇلۇغ ئادەم بىلەن بىرلىكتە رەھىمسىزلەرچە بىر قارارغا كېلىدۇ، قوزغىلىدۇ. ئۇ چاغدا تەقدىرمۇ شۇ رەھىمسىزلىكى بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. ئۇ بۈيۈك كۈندە جامائەت پىكرىنىڭ، گېزىت ماقالىلىرىنىڭ ياكى ھازىرقى زامان ئېقىملىرىنىڭ، بىچارە قېرىنداشلىرىمىزنى ئالدىغان Aygaz لارنىڭ، Lux سوپۇنلىرىنىڭ، CocaCola بىلەن Marlboro نىڭ، غەربنىڭ ئۇششاق ماللىرى بىلەن ساختا ئەخلاقىنىڭ ناملىرى تىلغا ئېلىنمايدۇ.

— ئەپەندىم، ھۆججەتلەرنى ئوقۇسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئارىنى ئۇزۇن بىر سۈكۈت باستى. ھەسەن-ھۈسەن دوكتور نارىننىڭ چاڭ-توزان باسقان، داغ چۈشكەن كۆزەينەكلىرىدە ئىككى پاراللېل ھەسەن-ھۈسەن بولۇپ پىلىلدايتتى.

— مەن بىر داھىي، — دېدى دوكتور نارىن.

## 10

تۇرالغۇغا قايتتۇق. ھەممەيلەن بىللە چۈشلۈك تاماق يېگەندىن كېيىن، دوكتور نارىن گۈلجاھان ئەتىگەن بىزگە مەھەممەتنىڭ بالىلىقتىكى ھۇجرىسىنى ئېچىپ بەرگەن بىر ئاچقۇچ بىلەن ئىشكىنى ئېچىپ مېنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇ ئىشكاپلاردىن چىقارغان دەپتەرلەرنى، كىتاب ئىشكاپلىرىدىن ئالغان ئارخىپلارنى كۆرسىتىپ، بۇ ئىسپاتلارنىڭ، بۇ جاسۇس ئاخباراتلىرىنىڭ تەييارلىنىشنى بۇيرۇغان ئىرادىنىڭ كۈنلەرنىڭ

بىرىدە بىر دۆلەت شەكلىدە مەيدانغا كېلەلىشىگە كۆز يۇمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ تەشكىللىگەن جاسۇسلار بيۇروكراتسىيىسى كۆرسەتكەندەك، دوكتور نارىن چوڭ سۇيىقەستچىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلسا يېڭى بىر دۆلەت قۇراتتى.

دەرۋەقە بارلىق ئاخباراتلار تېز خاتىرىلىنىپ ئارخىپلاشتۇرۇلغانلىقتىن ۋەقە-ھادىسىلەرنىڭ ئىچىگە كىرىشىم ئوڭاي بولدى. دوكتور نارىن ئوغلىنىڭ ئارقىسىغا سالغان ئىزچىلارنى بىر-بىرىگە تونۇشتۇرماي، بىر سائەت ماركىسىنى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە تەخەللۇس سۈپىتىدە بەرگەنىدى. بۇ سائەتلەرنىڭ كۆپى غەربنىڭ مىلى بولسىمۇ، يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان بىزنىڭ ۋاقتىمىزنى كۆرسىتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن دوكتور نارىن بۇ سائەتلەرنى بىزنىڭ دەپ بىلەتتى.

تۈنجى ئىزچى Zenith تۈنجى ئاخباراتىنى تۆت يىل ئاۋۋال يازغانىدى. بۇ ۋاقىتتا ئىسمى يەنىلا ناھەت بولغان مەھەممەت چاپا[1]دىكى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوختۇرلۇقتا ئوقۇيتتى. Zenith بۇ ئۈچىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىسىنىڭ كۆزدىن باشلاپ دەرسلىرىدە پەۋقۇلئاددە ناچارلاپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، ئاندىن تەكشۈرۈشنى مۇنداق خۇلاسىلىغانىدى: مەزكۇر ئوقۇغۇچىنىڭ ئاخىرقى ئايلاردا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكى ئۇنىڭ كادىرگا[2]دىكى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىدىن بەك ئاز چىققانلىقى، دەرسلەرگە قاتناشمىغانلىقى، ھەتتا شىپاخانىدىكى، دوختۇرخانىدىكى پراكتىكا دەرسىگە پەقەت كەلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن بولغان. ئارخىپ ناھىتىنىڭ ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىدىن قاچان چىقىپ، قايسى قاتىلىمىخانىغا، كاۋاپخانىغا،

---

[1] چاپا — ئىستانبۇلدىكى بىر رايون نامى. — ت

[2] كادىرگا — ئىستانبۇلدىكى بىر مەھەللە. — ت

مۇھەللەبخانىغا[1] ساتىراشخانىغا، بانكىغا بارغانلىقىنى تەپسىلاتى بىلەن بايان قىلغان ئىسپاتلار بىلەن تولغانىدى. مەھەممەت ھەر قېتىم ئىشنى قىلغاندىن كېيىن ھېچ ئىككىلەنمەستىن، تېز قەدەملەر بىلەن ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىغا قايتاتتى، Zenith يازغان ھەر خەۋەر خېتىدە دوكتور نارىندىن "تەتقىقاتى"ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پۇل تەلەپ قىلاتتى.

دوكتور نارىن Zenith تىن كېيىن تەيىنلىگەن Movado كادىرگادىكى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىنىڭ بىر باشقۇرغۇچىسى بولۇشى كېرەك ئىدى، شۇنداقلا كۆپلىگەن باشقۇرغۇچىلاردەك ساقچى بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. مەھەممەتنى قانداقلا بولمىسۇن ۋاقتى- ۋاقتىدا ئىزدىيەلەيدىغان بۇ تەجرىبىلىك ئادەمنىڭ شەھەر چېتىدىكى باشقا بەزى ئەندىشىلىك ئاتلارغا ياكى مىللىي ئاخبارات تەشكىلاتىغا خېلى بۇرۇنلا ئوقۇغۇچىلار ھەققىدە خەۋەر يېزىپ پايدا ئالغىنىنى ئويلىدىم. چۈنكى تۇرالغۇدىكى سىياسىي كۈچ تەكشۈرۈلۈۋىتىشى كەسپىي بىر ئىنچىكىلىك ۋە ئىختىيارلىق بىلەن ناھايىتى ئۈستىلارچە يېزىۋەتكەنىدى. نەتىجە مۇنداق ئىدى: ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىدا تەسىرى كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغاندىن ئىككىسى ئەسەبىي دىنچى، بىرى نەقشىبەندىيە تەرىقىتى[2] بىلەن ئالاقىدار، يەنە بىرى بىلىملىك سولچى ئوقۇغۇچىلار تەرەپدارى، بۇلار بىلەن ناھىتىنىڭ ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوق. بۇ ياش يىگىتىمىز ئۇ تەرەپبازلارنىڭ ھېچ قايسىسى بىلەن ئارىلاشماي، ئۆز ھالىدا، ئۆز يولىدا ئۈچ دوستى بىلەن بىر ياتاقتا ياشايتتى، ھۆرمەتلىك ئەپەندى، چۈشەندۈرۈش كېرەك بولسا،

---

[1] مۇھەللەب — سۈتكە شېكەر ۋە گۈرۈچ ئۇنى قوشۇپ ئىشلەنگەن تاتلىق ئىچىملىك، — ت.

[2] نەقشىبەندىيە — سوپىزم تەرىقەتلىرىدىن بىرى، — ت.

ئەتىگەندىن كەچكىچە قۇرئان ئوقۇيدىغان بىر ھافىزدەك[1] ئىچىگە كىرىپلا كەتكەن بىر كىتابتىن باشقا ھېچ بىر نەرسە كۆرمەيتتى. Movado نىڭ سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيىلىك تېمىلاردىكى چۈشەنچىلىرىگە ئىشەنگەن ياتاق باشقۇرغۇچىلىرى، ساقچىلار ۋە يىگىتنىمىزنىڭ ياتاقداشلىرى بۇ كىتابنىڭ سىياسىي ۋە دىنچى ياشلار يادلايدىغان خەتەرلىك كىتابلاردىن ئەمەسلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشكەندى. Movado خوجايىنىغا ئەھۋالنىڭ ئۇنچىۋالا ئېغىر ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن، ئۇ يىگىتنىڭ ياتىقىدىكى ئۈستەلدە بىر نەچچە سائەتلەپ كىتاب ئوقۇغاندىن كېيىن دېرىزىدىن سىرتقا قانداق ئەلەڭ-سەلەڭ قارىغانلىقى ياكى ئاشخانىدا دوستلىرىنىڭ ئويۇن-كۈلكىلىرىگە، ھەتتا مازاق قىلىشلىرىغا قانداق كۆلۈمسىرەپ ياكى پەرۋاسىزلارچە ئىنكاس قايتۇرغانلىقى، ياكى ھەر كۈنى ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئالمىغانلىقىغا ئوخشاش ئىشلاردىن بىر-ئىككىنى قېتىپ قويغانىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ داۋاملىق شۇ بىرلا سېرىق فىلىمنى كۆرىدىغانلىقى، شۇ بىرلا ئۇنئالغۇ لېنتىسىنى مىڭ قېتىمدەك تىڭشىغانلىقى، دائىم شۇ بىرلا قىيمىلىق قاتلىمىغا ئامراقلىقى دېگەندەك ياشلىق ھەۋەسلىرىنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى خوجايىنىغا تەجرىبىلىك ھالدا خەۋەر قىلغانىدى.

ماي ئېيىدا ئىش باشلىغان Omega نىڭ مەھەممەتنى پايلاشتىن بەكرەك مەھەممەت كۆپ ئوقۇغان كىتابنىڭ ئارقىسىغا چۈشكىنىگە قارىغاندا، بۇ ھەقتە دوكتور نارىندىن بىر بۇيرۇق ئالغان بولسا كېرەك. بۇمۇ، دادىسىنىڭ خېلى دەسلەپكى ئايلاردىن بېرى مەھەممەتنىڭ، يەنى ناھىتنىڭ ھاياتىنى يولىدىن چىقارغان نەرسىنىڭ كىتاب ئىكەنلىكىنى توغرا دەپ ئىسپاتلىغىنىنى

---

[1] ھافىز — قۇرئاننى تولۇق يادلاپ بولغۇچى، مۇرەتتەب قارى. — ت.

كۆرستەتتى.

شۇ ئارىدا Omega ئوخشاش بىر كىتابنى ئۈچ يىلدىن كېيىن ماگىمۇ سېتىپ بەرگەن كىتاب يايمىسىنى ۋە ئىستانبۇلدىكى شۇنىڭغا ئوخشاش كىتاب سېتىلىدىغان ناھايىتى نۇرغۇن يەرنى كۆزدىن كەچۈرگەنىدى. سەۋرچانلىق بىلەن ئىزدەشلەردىن كېيىن پىيادىلەر يولىدىكى ئىككى يايمىدا ئۇ كىتابنى ئۇچرىتىپتۇ، بۇ يەردىكى ساتقۇچىلاردىن ئالغان ئۇچۇر بىلەن كونا كىتابپۇرۇشلارنىڭ بىر دۇكىنىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇ يەردىن ئۇققانلىرىدىن شۇ يەكۈننى چىقىرىپتۇ: ئاز بىر قىسىم كىتاب (150 پارچىدىن 200 پارچىغىچە) بىلىنمىگەن بىر مەنبەدىن، زور ئېھتىمالدا، ئېيتىلىك، قۇرۇقدالغان، بىخسىغان كىتاب ئامبىرىدىن كىلولاپ مال ئالىدىغان بىر ئەسكى-تۈسكىچىگە، ئۇ يەردىن كونا كىتابپۇرۇشلارنىڭ بىر دۇكىنى ئارقىلىق بىر قانچە كوچا يايمىچىلىرىغا يەتكۈزۈلگەنىدى. كىلولاپ مال ئالغۇچى ۋاسىتىچى شېرىكى بىلەن سوقۇشۇپ، دۇكىنىنى تاقاپ، ئىستانبۇلدىن كېتىپتۇ. ئۇنى تېپىپ تۇنجى ساتقۇچىنى تېپىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كونا كىتابپۇرۇشلار ئىچىدىكى بىر دۇكاندار Omega غا بۇ كىتابنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن تارقىتىلغانلىقى توغرىسىدا شەپە بەرگەنىدى؛ چۈنكى ئۇ كىتاب بىر چاغلاردا قانۇنلۇق نەشىر قىلىنغان بولۇپ، سوت مەھكىمىسىنىڭ تەلپىگە بىنائەن يىغىۋېلىنىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا قاراشلىق بىر كىتاب ئامبىرىغا قويۇلۇپتىكەن، بۇ يەردىن بولسا پۇلسىز قالغان ساقچىلار تەرىپىدىن پات-پات، ئاز-ئازدىن ئوغرىلىنىپ، كىلولاپ مال ئالىدىغان ئەسكى-تۈسكىچىلەرگە سېتىلىپ، يېڭىۋاشتىن ئايلىنىشقا باشلاپتۇ.

تىرىشچان Omega كۈتۈپخانىلاردا ئۇ كىتاب ئاپتورىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنى تاپالماي، كونا تېلېفون قوللانمىلىرىدىنمۇ ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلالماي مۇنداق پىكىرنى قىلغانىدى: بىزدە تېلېفون

ئېلىشقا پۈلى يەتمەيدىغان كىشىلەرنىڭ كىتاب يېزىشقا جۈرئەت قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان بىر ئىش بولسىمۇ، بۇ ئۆزگىچە ئەسەردىكى نامنى تەخەللۇسمىكىن دەيمەن، ئەپەندىم.

ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىدا كىتابنى قايتا-قايتا ئوقۇپ پۈتۈن يازنى ئۆتكۈزگەن مەھەممەت كۆزگە يېقىن كىتابنىڭ كېلىش مەنبەلىرىگە يېقىنلىشىپ، ئىزدىنىشكە كىرىشكەنىدى. دادىسى بۇ قېتىم ئارقىسىغا سالغان يېڭى ئادەمنىڭ تەخەللۇسىنى جۇمھۇرىيەتنىڭ تۇنجى يىللىرىدا ئىستانبۇلدا كىشىلەر ياخشى كۆرگەن سوۋېت مىلى-يانچۇق ۋە ئۇستەل سائەتلىرىنىڭ Serkisof دېگەن ئىسمىدىن ئالغانىدى.

Serkisof مەھەممەتنىڭ بەيازىت دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ئىزچىل كىتاب ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن دوكتور نارىنغا بۇ يىگىتنىڭ نورمال ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىغا قايتىش ئۈچۈن چالا تاشلاپ قويغان دەرسلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغانلىقىنى ئاۋۋال خەۋەر قىلغانىدى. ئاندىن كېيىن يىگىتمىزنىڭ كۇتۇپخانىدا ھەر كۈنى «پېرتېۋ بىلەن پېتىر» ياكى «ئەلى بىلەن مارى» دېگەندەك باللار ژۇرناللىرىنى ئوقۇغانلىقىنى بايقىغاندا ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ، تەسەللى سۈپىتىدە پىكىر يۈرگۈزگەنىدى: يىگىت بەلكىم باللىق ئەسلىمىلىرىگە قايتىپ، ئىچكى دۇنياسىغا كىرىپ قالغان كىرىزىستىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلىۋاتقان بولسا كېرەك.

ئاخباراتلارغا قارىغاندا، ئۆكتەبىر ئېيىدا مەھەممەت بىر چاغلاردا باللار ژۇرنىلى چىقارغان ياكى ھازىرغىچە چىقىرىۋاتقان نەشرىياتلارنى ۋە بۇ ژۇرناللاردا قەلەم تەۋرىتىۋاتقان، نەشاتى[1] ئۇسلۇبىغا پىشىپ كەتكەن يازغۇچىلارنى زىيارەت قىلغانىدى.

[1] نەشاتى — تۈرك خەلق شائىرى. — ت

دوكتور نارىننىڭ ئوغلىنىڭ كەيىنگە ئادەم سىلىپ پايلاشتىن مەقسىتى، ئوغلىدىكى سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيىلىك خاھىشلارنى بىلىۋېلىش، دەپ ئويلىغان Serkisof ئۆزىنىڭ بىر قىسىم كىشىلەرگە قارىتىپ يازغان: "ئەپەندىم، ئۇلار سىياسەتكە ھەر قانچە قىزىققاندەك كۆرۈنسمۇ، كۆڭىدىلىك سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيىلىك تېمىلاردا قەلەم تەۋرەتسىمۇ، بۇ قەلەمكەشلەرنىڭ ئەسلىدە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن ھېچبىر پىكىر-چۈشەنچىلىرى يوق. كۆپىنچىسى پۇل ئۈچۈن، ئەگەر پۇل ئۈچۈن بولمىسا، ئۆزلىرى ياقتۇرمىغانلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈن بىر نەرسە يېزىشىدۇ." دېگەن ئۇچۇرنى دوكتور نارىنغا يەتكۈزگەنىدى.

كۆز كۆنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى مەھەممەتنىڭ ھەيدەرپاشادىكى[1] دۆلەت تۆمۈر يولى خىزمەتچىلىرى باشقارمىسىغا بارغانلىقىنى ھەم Serkisofنىڭ، ھەم Omega نىڭ ئاخباراتلىرىدىن بىلدىم. بىر-بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان ئىككى كۆزەتچىدىن توغرا ئۇچۇرغا ئېرىشكىنى Omega ئىدى: يىگىت دەم ئېلىشقا چىققان خىزمەتچىلەردىن بىرى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولماقچى ئىكەن.

ئارخىپلاشتۇرۇلغان ئاخبارات سەھىپىلىرىنى تېز-تېز ۋاراقلىدىم. كۆزلىرىم جىددىيلىك بىلەن مېنىڭ مەھەللەمنى، كوچامنى، بالىلىقىمدىكى ئىسىملارنى ئىزدەيتتى. مەھەممەتنىڭ مەن ئولتۇرۇشلۇق كوچىدا ماڭغانلىقىنى، بىر ئۆينىڭ ئىككىنچى قەۋەتتىكى دېرىزىلىرىگە بىر ئاخشام قارىغانلىقىنى ئوقۇغىنىمدا يۈرىكىم تېز سوقۇپ كەتتى. ئىچىگە مەن چاقىرىلمىدىغان ئاجايىپ دۇنيانىڭ ھازىرلىغۇچىلىرى گويا ماڭا ئاسان بولسۇن دەپ ھۆنەرلىرىنى مېنىڭ يېنىمدىلا چىقىرىشنى قارار قىلىشقانىدى، ئەمما ئۇ چاغلاردا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولغان مېنىڭ

---

[1] ھەيدەر پاشا — ئىستانبۇلنىڭ بىر رايونى،—ت.

بۇلاردىن ھېچ خەۋىرىم يوق ئىدى.

مەھەممەتنىڭ رىفقى تاغا بىلەن كۆرۈشۈشى ئەتىسى بولغانىدى. ئەمما بۇ مەن چىقارغان بىر يەكۈن ئىدى. مەھەممەتنى كۆزەتكەنلەرنىڭ ئېككىسىلا ئۇ يىگىتنىڭ ئېرەنكۆي[1] قاپاق تېرەك كوچىسىدىكى 28-نومۇرلۇق بىر ئۆيگە كىرگەنلىكى ۋە ئۇ ئۆيدە ئالتە، ياق بەش مىنۇت تۇرغانلىقىنى ئېنىقلىغان، ئەمما قايسى قەۋەتتىكى ئىشىكنى چەككەنلىكى، كىم بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئېنىقلىيالمىغانىدى. تىرىشچان Omega ھېچ بولمىسا بۇلۇڭدىكى دۇكاندار ياردەمچىسىنىڭ ئاغزىدىن گەپ ئېلىپ، ئۇ ئۆيلەردە ياشايدىغان ئۈچ ئائىلە ھەققىدە ئۇچۇر ئالغانىدى. پەرىزىمچە، دوكتور نارىننىڭ رىفقى تاغا ھەققىدە ئېرىشكەن تۇنجى ئۇچۇرى مۇشۇ ئىدى.

رىفقى بەگ بىلەن بۇ كۆرۈشۈشتىن كېيىنكى كۈنلەردە مەھەممەت Zenith نىڭمۇ كۆزىدىن قاچمىغان بىر كرىزىسقا دۇچ كەلگەنىدى. Movado مەھەممەتنىڭ ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىدىكى ياتىقىدىن چىقمىغانلىقىنى، ھەتتا ئاشخانىغىمۇ كىرمىگەنلىكىنى، ئەمما ئۇنى كىتابنى بىر قېتىم بولسىمۇ ئوقۇۋاتقاندا كۆرەلمىگەنلىكىنى يازغانىدى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىدىن چىقىشلىرى بولسا تەرتىپسىز، شۇنداقلا Serkisof نىڭ قارىشىچە مەقسەتسىز ئىدى. بىر كېچىسى ئۇ تاڭ ئاتقىچە سۇلتان ئەھمەد[2]نىڭ ئارقا كوچىلىرىدا ئايلىنىپتۇ، باغچىدا ئولتۇرۇپ سائەتلەرچە تاماكا چېكىپتۇ. يەنە بىر كېچىسى Omega ئۇنىڭ قولىدىكى قەغەز قاچىدىكى ئۈزۈمنىڭ ھەر بىر دانىسىنى ئۈنچە-مەرۋايىتنى كۆزەتكەندەك ئۇزۇندىن ئۇزۇن كۆزىتىپ، ئاندىن ئاستا-ئاستا

[1] ئېرەنكۆي— ئىستانبۇلنىڭ بىر رايونى. —ت

[2] سۇلتان ئەھمەد— ئىستانبۇلدىكى بىر مەھەللە

چايناپ يۇتۇپ تۈت سائەتنى ئۆتكۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىغا قايتقانلىقىغا شاھىد بولغانىدى. ئۇنىڭ ساقاللىرى ئۆسۈپ، ئۇستىۋېشى قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. كۆزەتچىلەر ئاخباراتلىرىدا يىگىتنىڭ ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىدىن چىقىش ۋاقتىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئاغرىنىپ، ھەقلىرىنىڭ كۆپەيتىلىشىنى تەلەپ قىلغانىدى.

نويابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەھەممەت پاراخوت بىلەن ھەيدەر پاشاغا ئۆتۈپتۇ، پويىزغا چىقىپ ئېرەنكۆيدە چۈشۈپ كوچىلاردا خېلى ئۇزۇن مېڭىپتۇ. ئارقىسىغا چۈشكەن Omega نىڭ يېزىشىچە، يىگىت مەھەللىنىڭ پۈتۈن كوچىلىرىنى كېزىپ چىقىپتۇ. مېنىڭ دېرىزەمنىڭ ئالدىدىنمۇ ( مېنىڭ ئۆيۈمدە ئولتۇرۇشۇم ئېھتىمالغا بەك يېقىن) ئۈچ قېتىم ئۆتكەندىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشكەندە قاپاق تېرەك كوچىسىدىكى 28-نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ دېرىزىلىرىگە قاراشقا باشلاپتۇ. قاراڭغۇلۇقتا، سىم-سىم يېغىۋاتقان يامغۇردا، بىر قارارغا كېلەلمەي ياكى Omega نىڭ ئاخباراتىچە، چىراغلىرى يېنىپ تۇرغان دېرىزىلەردىن ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئىشارەتكە ئېرىشەلمەي ئىككى سائەت كۈتكەن مەھەممەت شۇ كېچىسى كادىكۆيدىكى[1] مەيخانىلەرنىڭ بىرىدە خېلىلا مەست بولۇپ ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىغا قايتىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، Omega بىلەن Serkisof ئۇ يىگىتنىڭ شۇ سەپەرنى ئالتە قېتىم تەكرارلىغانلىقىنى يېزىشقانىدى، ھەمىشە ئىنتايىن قەتئىي بولغان Serkisof ئۇ يىگىت داۋاملىق قارىغان يورۇق دېرىزىنىڭ ئارقىسىدىكى كىشىنىمۇ توغرا ئېنىقلىغانىدى.

رىفقى تاغا بىلەن مەھەممەتنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق كۆرۈشۈشى Serkisof نىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا بولغانىدى. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ

[1] كادىكۆي— ئىستانبۇلدىكى بىر مەھەللە. —ت

يورۇق دېرىزىلىرىنى ئاۋۋال ئۇدۇلدىكى پىيادىلەر يولىدىن، ئاندىن باغچىنىڭ پەس تاملىرىنىڭ ئۇستىدىن كۆزەتكەن Serkisof بۇ كۆرۈشۇشنى (بەزىدە ۋەدىلەشكەن كۆرۈشۇشمۇ دەيتتى) كېيىنكى خەتلىرىدە ناھايىتى كۆپ قېتىم ئىزاھلىغانىدى. ئەمما تۇنجى كۆزەتكەنلىرى كۆپىنچە كۆرگەنلىرىگە ھەم ۋەقەلەرگە تايانغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ راست ئىدى.

دەسلەپتە ياشانغان ئادەم بىلەن يىگىت (ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئامېرىكا پادىچىلار كىنوسىنى بېرىۋاتقان تېلېۋىزور) ئورۇندۇقتا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ، يەتتە-سەككىز مىنۇت پەقەت پاراڭلاشماپتۇ. بىر چاغدا ياشانغان ئادەمنىڭ خوتۇنى ئۇلارغا قەھۋە ئەكىلىپتۇ. ئاندىن مەھەممەت ئورنىدىن تۇرۇپ، قول ھەرىكەتلىرى بىلەن، ئەسەبىيلەرچە ۋە غەزەپ-ئاچچىقى بىلەن بىر نەرسىلەرنى دەپ كېتىپتۇكى، Serkisof ئۇ يىگىتنى قېرىغان ئادەمگە قول تەگكۈزۈپ سالارمىكىن دەپ ئويلاپتۇ. بۇ چاغدا پەقەت دەردلىك كۆلۈمسىرىگەن رىفقى بەگ يىگىتنىڭ سۆزلىرىدىن جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوخشاش بىر ھاياجان بىلەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئىككىلىسى تامدا ئۆزلىرىنى دورىغان سادىق كۆلەڭگىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئورۇندۇققا قايتا ئولتۇرۇپتۇ ۋە سەۋرچانلىق بىلەن بىر-بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپتۇ، جىم تۇرۇشۇپتۇ، تېلېۋىزورغا كۆڭۈلسىز ھالدا بىر ئاز قارىشىپتۇ، يەنە پاراڭلىشىپتۇ، ئاندىن ياشانغان ئادەم بىر ھازا چۈشەندۈرۈپتۇ، يىگىت ئاڭلاپتۇ، شۇ ۋاقىتتا يەنە جىمىپ قېلىشىپ دېرىزىدىن سىرتقا پەرىشان ھالدا قارىشىپتۇ، Serkisof نى بايقىماپتۇ.

ئەمما ياندىكى بىنانىڭ دېرىزىسىدىن قىتىغۇر بىر خوتۇن كۆزەتتىكى Serkisof نى كۆرۈپ قېلىپ زۇۋانىنىڭ بېرىچە: "ئادەم بارمۇ! ئاللاھ جازاسىنى بەرسۇن، تەلۋە!" دەپ توۋلىغانلىقى ئۈچۈن،

بۇ قېتىمقى سۆھبەتنىڭ ئاخىرقى ئۈچ مىنۇتىنى ئىنقىلىيالماستىن، مول كۆزىتىش نۇقتىسىنى ھاپىلا ـ شاپىلا تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ كېيىنكى دوكلاتلىرىدا پەرەز قىلىشىچە، بۇ ئىش جەزمەن مەلۇم يەر ئاستى تەشكىلاتى ياكى خەلقئارا سىياسىي تەشكىلاتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن؛ ئۇ يەنە سۇيىقەست توغرىسىدىكى گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

كېيىنكى بىر ئارخىپتىن مەلۇم بولغىنىغا قارىغاندا، دوكتور نارىن ئۇ كۈنلەردە ئوغلىنىڭ ھەر ۋاقىت كۆزىتىلىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ، كۆزەتكۈچىلەرمۇ ئۇنى ئاخبارات يامغۇرىغا تۇتۇپتۇ. Omega نىڭ ئېيتىشىچە، مەھەممەت رىفقى بەگ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنكى كۈنلەردە تولىمۇ سەپرا مىجەز بولۇپ قاپتۇ، ئەمما Serkisof نىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قاتتىق دەردمەن كۆرۈنگىنى بىلەن قەتئىي نىيەتلىك ئىكەن. مەھەممەت جىمى يايمىلاردىن شۇ كىتابنىڭ تاپالىغانلىكى نۇسخىلىرىنى سېتىۋېلىپ، بۇ "ئەسەر"نى كادىرگا ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىدا (Movado يەتكۈزگەن خەۋەر)، ئوقۇغۇچىلار قەھۋەخانىلىرىدا ( Zenith بىلەن Serkisof يەتكۈزگەن خەۋەر) ۋە ئاپتوبۇس بېكەتلىرى، كىنوخانا ئىشىكلىرى، پاراخوت بېكەتلىرى(Omega يەتكۈزگەن خەۋەر) دېگەندەك ئېسىگە كەلگەن ھەر يەرگە تارقىتىشقا تىرىشىپ، قىسمەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى. ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىدىكى ياتىقىدا ئۇنىڭ ياش ئوقۇغۇچىلارنى تۈيدۈرتماي تەسىرلەندۈرۈشكە تىرىشقانلىقىنى Movado ياخشى بىلەتتى. باشقا ئوقۇغۇچىلار ماكانلىرىدىمۇ ئەتراپىغا ياشلارنى توپلاشقا تىرىشقانلىقى مەلۇم بولغانىدى، ئەمما ئۇ مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۆز دۇنياسىغا چېكىنگەن تەنھا بىر ئوقۇغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن تەسىرىنى تولۇق كۆرسىتەلمىگەنىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىدىكى ئاشخانىلاردا ۋە مەكتەپتە ئۇچراتقان ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىسىم تىزىملىكىنى تۈرگۈزۈۋېلىپ، مۇشۇ مەقسەتتە

دەرسلەرگە كىرىپ، بىر-ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇرغىنىنى، ئۇلارغا .كىتابنى ئوقۇتالىغانلىقىنى تولۇق ئىگىلىگەنىدىم، بىر گېزىت پارچىسىغا كۆزۈم چۈشتى:

ئېرەنكۆيدە جىنايەت (ئەنقەرە ئاخبارات ئاگېنتلىقى خەۋىرى):

دۆلەت تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان باش مۇپەتتىشلىرىدىن رىفقى خات تۈنۈگۈن ئاخشام سائەت توققۇزلاردا كىملىكى نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. تۈنۈگۈن ئاخشام ئۆيىدىن قەھۋەخانىغا چىققاندا قاپاق تىرەك كوچىسىدا رىفقى خاتنىڭ يولىنى توسقان بىر ئادەم ئۇنىڭغا تاپانچىدا ئۈچ پاي ئوق ئاتتى. كىملىكى نامەلۇم قاتىل نەق مەيداندىن قېچىپ كەتتى. يارىلىنىپ شۇ هامان جان بەرگەن خات (67ياش) دۆلەت تۆمۈر يول ئىدارىسىدا خىزمەتلەرنى ئاكتىپ ئىشلەپ ئاخىرىدا باش مۇپەتتىشلىكتىن دەم ئېلىشقا چىققانىدى. ئەتراپىدىكىلەر ۋە تۆمۈر يول ساهەسىدىكىلەر ئارىسىدا هۆرمەتكە سازاۋەر بولغان خاتنىڭ ئۆلۈمى ئۇلارغا قايغۇ-ماتەم ئېلىپ كەلدى.

بېشىمنى ئارخىپلاردىن كۆتۈرۈپ ئەسلىدىم: دادام كەچقۇرۇن ئۆيگە پەرىشان قايتقانىدى. دەپنە مۇراسىمىدا هەممە كىشى يىغا-زارە قىلىشقانىدى. هەسەتخورلۇقتىن كېلىپ چىققان جىنايەتنىڭ گېپى تارقالغانىدى. بۇ هەسەتخور ئادەم كىم بولغىيتى؟ دوكتور نارىنىنىڭ تەرتىپلىك ئارخىپلىرىنى ئاچچىقىم بىلەن ۋاراقلاۋېتىپ ئويلاپ تېپىشقا تىرىشتىم: تىرىشچان Serkisof؟ ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان Zenith؟ ۋاقىتنى چىڭ تۇتىدىغان Omega؟

باشقا بىر ئارخىپتىن دوكتور نارىنىنىڭ ئەيتاۋۇر قانچىلىك چىقىم تارتىپ ئېلىپ بارغان كۆزىتىشلىرىنىڭ باشقا بىر نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى بىلدىم. چوڭ بىر ئېھتىماللىق شۇكى، دۆلەت ئاخبارات تەشكىلاتىدا ئىشلەيدىغان "هاملتون سائەت" ناملىق

ئىشپىيون قىسقا بىر خەتتە دوكتور نارىنغا مۇنداق ئۇچۇرلارنى بەرگەنىدى:

رىفقى خات كىتابىنىڭ ئاپتورى ئىدى. بۇ ئەسەرنى 12 يىل ئاۋۋال يازغان، كىتابقا ئۆز ئىسمىنى يېزىشقا تارتىنچاق ھەۋەسكارلاردەك جۈرئەت قىلالمىغان. ئۇ يىللاردا ئوغۇللىرىنىڭ ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىبلەچىكىدىن ئەندىشە قىلغان خەۋەرچى ئاتىلارنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شىكايەتلىرىگە قۇلاقلىرى دىڭ تۇرىدىغان دۆلەت ئاخبارات تەشكىلاتىنىڭ نەشرىيات خادىملىرى كەلگەن خەۋەرلەردىن كىتابنىڭ بەزى ياشلىرىمىزنى ئازدۇرغانلىقىنى ئۇقۇپ، ھەۋەسكار ئاپتورنىڭ كىملىكىنى باسمىخانىدىن ئېنىقلاپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنى بۇ ئىشقا مەسئۇل نەشرىيات تەپتىشىگە تاشلاپ قويغانىدى. 12 يىل ئاۋۋال تەپتىش كىتابنى جىمجىتلا يىغدۇرۇپ ئامبارغا تىقتۇرۇپتۇ، ئەمما بىر سوت ئېچىپ ھەۋەسكار ئاپتورنى قورقۇتۇپ قويۇشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغانىدى. چۈنكى ئاپتور— دەم ئېلىشقا چىققان تۆمۈر يول مۇپەتتىشى رىفقى خات تەپتىش مەھكىمىسىگە تۇنجى چاقىرتىلىشىدا كىتابنىڭ يىغىۋېلىنىشىغا قارشى ئەمەسلىكىنى، يىغدۇرۇش قارارىغا ئېتىراز بىلدۈرمەيدىغانلىقىنى قانداقلا بولمىسۇن مەمنۇنىيەتكە يېقىن ئوچۇق بىر تىلدا ئىپادىلەپتۇ، ئۆز ئارزۇسى بويىچە يېزىلغان بىر ھۆججەتكە دەرھال ئىمزا قويۇپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يېڭى كىتاب يازماپتۇ. ھامىلتوننىڭ ئاخباراتى رىفقى تاغا ئۆلتۈرۈلۈشتىن 11 كۈن بۇرۇن يېزىلغانىدى.

كۆرسەتكەن ئىپادىلىرىدىن مەھەممەتنىڭ رىفقى تاغىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى شۇ ۋاقىتتا ئاڭلىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. Movado نىڭ ئېيتىشىچە"ئازغۇن يىگىت" كېسەل ھالدا ياتقىنىغا بېكىنىپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئورنىدىن قوپماي بىر خىل دىنىي ئەسەبىيلىك بىلەن كىتابنى ئوقۇشقا باشلىغانىدى. كېيىن ئۇنىڭ

ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىدىن سىرتقا چىققانلىقىنى ئېنىقلىغان Serkisof مۇ، Omega مۇ يىگىتىمىزنىڭ بىرەر نىشانى ۋە مەقسىتى يوقلۇقىنى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ جەزملەشتۈرگەنىدى. بىر كۈنى ئۇ زەيرەك[1] نىڭ ئارقا كوچىلىرىدا بىكارچىدەك بىر نەچچە سائەت مەقسەتسىز ئايلانغان ھەم چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتىنى بەيئوغلى كىنوخانىلىرىدا جىنسىيەت فىلىملىرىنى كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن. Serkisof ئۇنىڭ بەزىدە يېرىم كېچىدە ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىدىن چىققانلىقىنى ئېنىقلايتتى، ئەمما نەگە ماڭغانلىقىنى ئۇقالمايتتى. بىر كۈنى چۈشتە Zenith ئۇنى ناھايىتى پەرىشان ھالدا كۆرۈپتۇ: چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ئۈستۈبېشى رەتسىز بولۇپ، كوچىلاردىكى، پىيادىلەر يوللىرىدىكى كىشىلەرگە "كۈن نۇرى بىلەن خوشى يوق مۈشۈكياپىلاق" تەك قارايدىكەن. ئوقۇغۇچىلار قەھۋەخانىلىرىدىن، كىتابنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن بارغان دەرسخانا كارىدورلىرىدىن، تونۇشلىرىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك يىراقلاشقانىكەن. ھەر قانداق بىر ئايال بىلەن مۇناسىۋىتى ياكى شۇنداق بىر مۇناسىۋەت قۇرۇشتەك تىرىشچانلىقى يوق ئىكەن. ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىدا باشقۇرغۇچى بولغان Movado مەھەممەت يوق چاغدا ئۇنىڭ ياتىقىنى تەكشۈرگەندە يالىڭاچ ئاياللار رەسىملىرىنى باسقان بىر قانچە ژۇرنالنى كۆرۈپ، بۇلارنىڭ ئادەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى پايدىلىنىدىغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىغانىدى. بىر-بىرىدىن خەۋەرسىز Zenith بىلەن Omega نىڭ تىرىشچانلىقلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مەھەممەت بىر مەھەل ھاراقتا بېرىلىپ كەتكەنىدى. كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار بارىدىغان "شاد قاغا قىرىنداشلار پىۋىخانىسى"دا مەسخىرىلىك بىر گەپ قىلىش تۈپەيلىدىن بىر جېدەلگە ئارىلىشىپ قالغاندىن كېيىن، ئارقا كوچىلاردىكى چەت ۋە

[1] زەيرەك — ئىستانبۇلنىڭ بىر رايونى، — ت.

ناچار مەيخانىلارغا بارىدىغان بولغانىدى. بىر مەزگىل باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن، مەيخانىدا تونۇشقان تەلۋىلەر بىلەن يېگىدىن مۇناسىۋەت قۇرۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا كىتاب يايمىلىرىنىڭ ئالدىدا بىر نەچچە سائەتلەپ قاراپ كىتابنى ئۆزىگە ئوخشاش سېتىۋېلىپ ئوقۇيدىغان بىر دىلكەش قېرىنداشنى ئىزدەش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ دوستلۇقنى كۆچەيتىپ قولىرىغا كىتابنى بېرىپ ئوقۇتالىغان بىر قانچە ياشنى قايتا ئىزدەپ تېپىپتۇ، ئەمما Zenith نىڭ ئېيتىشىچە، مىجەزىنىڭ ئوساللىقى تۈپەيلىدىن ئۇلار بىلەن دەرھال سوقۇشۇپ قاپتۇ. ئاقساراي[1] نىڭ ئارقا كوچىلىرىدىكى بىر مەيخانىدا Omega بۇ تالاش-تارتىشنىڭ بىرىنى يىراقتىن بولسىمۇ ئاڭلىغانىدى، ئەمدى بىر يىگىتتەكمۇ كۆرۈنمەيدىغان يىگىتىمىزنىڭ كىتابتىكى دۇنيادىن، ئۇ يەرگە بېرىشتىن، بوسۇغىدىن، ھۇزۇردىن، تەگداشسىز پەيتتىن، ھادىسىدىن گەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئەمما بۇ ھاياجانلارمۇ ئۆتكۈنچى بولۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى Movadoنىڭ ئېنىقلىغىنىدەك، چېچى، ساقلى، قاسماقلىقى ۋە رەتسىزلىكى دوستلىرىنى(ئەگەر ئەمدى دوستى بولسا) بىئارام قىلىدىغان ھالغا كېلىپ قالغان مەھەممەت كىتابمۇ ئوقۇمايتتى. "مېنىڭچە ئەپەندىم، — دەپ يازغانىدى يىگىتىمىزنىڭ مەقسەتسىز ئايلىنىشلىرىدىن، ھېچبىر نەتىجىسى چىقمىغان مېڭىشلىرىدىن بىزار بولغان Omega، — بۇ دەردمەن يىگىت دەردىنى ئازايتىدىغان بىر نەرسە ئىزدەۋاتىدۇ، زادى نېمە ئىزدەۋاتقىنىنى ئېنىق بىلمەيمەن، لېكىن مېنىڭچە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيدۇ."

ئىستانبۇل كوچىلىرىدا مەقسەتسىز يۈرگەن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە Serkisof يېقىندىن كۆزەتكەن ئۇ يىگىتىمىز دەردىنى

---

[1] ئاقساراي— ئىستانبۇلنىڭ بىر رايونى. —ت

ئازايتىدىغان، روھىغا بىر ئاز بولسىمۇ ھوزۇر بېرىدىغان "بۇ نەرسىنى" ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدە، ياق، ئاپتوبۇسلارنىڭ ئۆزىدە تېپىۋاتاتتى. مەھەممەت قولىدا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر سومكا تۇتماي، بىر نىشانى بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر بېلەت ئالماي، بېكەتلەردىن قوزغالماقچى بولغان بىر ئاپتوبۇسقا ئاللىقانداق ئىلھام بىلەن چىقىۋېرەتتى، بىر پەس ئارىسالدى بولغان Serkisof ئۇنىڭ ئارقىسىدىن Magirus[1] قا چىقاتتى.

ئۇلار نەگە ماڭغانلىقىنى بىلمەستىن، نەگە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئاڭقىرالماستىن ناھىيىدىن ناھىيىگە، بېكەتتىن بېكەتكە ئاتلىنىپ، ئاپتوبۇستىن ئاپتوبۇسقا ئالمىشىپ بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ھەپتىلەپ سەپەر قىلغانىدى. Serkisof دىر-دىر تىترەيدىغان ئاپتوبۇس ئورۇندۇقلىرىدا ئولتۇرۇپ ئىرماش-چىرماش ھەرپلەر بىلەن يازغان ئىسپاتلار بۇ نائېنىق سەپەرلەرنىڭ سېھرىگە، مەقسەتسىز ساياھەتلەرنىڭ رەڭلىرىگە ھەقىقىي شاھىدلىق قىلاتتى: ئۇلار يوللىرىنى، چامادانلىرىنى يوقاتقان يولۇچىلارنى، ئەسىر-زاماندىن ئازغان تەلۋىلەرنى كۆرگەنىدى؛ كالپىندار ساتىدىغان پېنسىيونېرلار، ئەسكەرلىككە ماڭغان ھەۋەسكارلار، يېقىنلىشىۋاتقان قىيامەتتىن خەۋەر بېرىدىغان ياشلار بىلەن ئۇچراشقانىدى. بېكەت ئاشخانىلىرىدا ئولتۇرۇپ، توي قىلىشقا ۋەدىلىشىپ قويغان ياشلار، رېمونتچى شاگىرتلىرى، پۇتبولچىلار، ئەتكەس تاماكا ساتقۇچىلار، ياللانما قاتىللار، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، كىنوخانا مەسئۇللىرى بىلەن تاماق يېيىشكەنىدى، يۈزدەك كىشى بىلەن كۈتۈش زاللىرىدا، ئاپتوبۇس ئورۇندۇقلىرىدا بىر-بىرىگە يۆلىنىپ ئۇخلىغانىدى؛ بىر مېھمانخانىدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ قونمىغان،

---

[1] Magirus — ئاپتوبۇس ماركىسى، — ت.

بىرەر قېتىممۇ بىرسى بىلەن مۇقىم مۇناسىۋەت، دوستلۇق ئورناتمىغان، بىر قېتىم بولسىمۇ بىرەر نىشانى بار دەك سەپەر قىلالمىغانىدى.

" ئەپەندىم، بىزنىڭ قىلغان پۈتۈن ئىشىمىز بىر ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ يەنە بىرىگە چىقىشتىن ئىبارەت، — دەپ يازغانىدى Serkisof، — بىر ئىشنى كۈتىمىز؛ بەلكىم بىر مۆجىزە، بىر نۇر، بىر پەرىشتە، بىر ھادىسە؛ بىلمەيمەن، ئەمما قەلبىمىزنىڭ ئۈچىغا مۇشۇلار كېلىدۇ... گويا بىزنى ناتونۇش بىر دىيارغا ئاپىرىدىغان ئىشارەتلەرنى ئىزدەيمىز، ئەمما ھېچ تەلىيىمىز يوق. مۇشۇ چاغقىچە كىچىك بىر قاتناش ھادىسىسى بولسىمۇ باشتىن كەچۈرمىگەنلىكىمىز بەلكىم بىر پەرىشتىنىڭ بىزنى قوغداۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يىگىت مېنىڭ بارلىقىمنى تېخىچە بىلەلمىدىمۇ، بىلمەيمەن. ئاخىرىغىچە چىدىيالايمەنمۇ يوق، ئۇنىمۇ بىلمەيمەن."

ئۇ چىدىيالمىغانىدى. ئۇششاق-چۈششەك گەپلەر يېزىلغان بۇ خەتتىن بىر ھەپتە كېيىن مەھەممەت بىر ئۆتەڭدە يېرىم كېچىدە ئىچىۋاتقان شورپىسىنى تاشلاپ قويۇپ، قوزغىلىۋاتقان بىر MAVIVARAN [1]غا چىققانىدى، بۇلۇڭدىكى شىرەدە شورپىسىنى قوچۇپ ئولتۇرغان Serkisof قېچىپ غايىب بولغان مەھەممەتكە ھەيران-ھەسلىكتە قاراپ قالغانىدى. ئاندىن ئۇ شورپىسىنى ئالدىرىماي ئىچىپ تۈگىتىپ، بۇنىڭدىن خىجالەت ئەمەسلىكىنىمۇ دوكتور نارىنغا سەمىمىي بىلدۈرگەنىدى. ئەمدى قانداق قىلىشى كېرەك؟

شۇنىڭدىن كېيىن مەھەممەتنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى دوكتور نارىنمۇ، كۆزەتكۈچىلىكىنىڭ داۋاملىشىشىنى تەلەپ قىلغان Serkisof مۇ بىلەلمىگەنىدى.

---

[1] MAVIVARAN — ئاپتوبۇس ماركىسى، — ت.

Serkisof مەھەممەت دەپ ئويلىغان باشقا بىر ياش بالىنىڭ ئۆلۈكىنى ئۇچراتقانغا قەدەر ئالتە ھەپتە ئاپتوبۇس گاراژلىرىدا، قاتناش تارماقلىرىدا، شوپۇرلار يىغىلغان قەھۋەخانىلاردا ۋاقىت ئۆتكۈزۈپتۇ، بىر سەزگۈ بىلەن بولۇپ ئۆتكەن قاتناش ۋەقەلىرىگە ئۆلگۈرۈپ بېرىپ جەسەتلەر ئارىسىدا يىگىتىمىزنى ئىزدەپتۇ. شۇ ۋاقىتتا دوكتور نارىننىڭ ئوغلىنىڭ كەينىگە باشقا ۋاقىتلاردىمۇ ئادەم سالغانلىقىنى ئاپتوبۇسلاردىن يېزىلغان باشقا خەتلەردىن بىلدىم. بۇ خەتلەردىن بىرىنى قەلەمگە ئالغان پەيتتە ئاپتوبۇسنىڭ بىر ئات ھارۋىسىغا ئارقىدىن سوقۇلۇشى بىلەن Zenith نىڭ قىلچە بىخەستەلىك قىلمايدىغان يۈرىكى قان يېتىشمەي توختاپ قاپتۇ، چالا قالغان بۇ قانلىق خېتىنى ERKENVARAN شىركىتىنىڭ باشلىقلىرى دوكتور نارىنغا سېلىۋەتكەنىدى.

مەھەممەتنىڭ ناھىت بولۇپ ئۆتكۈزگەن تۇنجى ھاياتىنى زەپەر بىلەن ئاياغلاشتۇرغان قاتناش ھادىسىسىگە Serkisof ۋەقەدىن پەقەت تۆت سائەت كېيىن ئۆلگۈرگەنىدى. بىر SELAMET EXPRES ئاپتوبۇسى مەتبەئە سىياھى بېسىلغان بىر باكلىق ماشىنىغا كەينىدىن سوقۇلۇپتۇ، ھايالشمايلا بىر ھازا قىيا-چىيا كۆتۈرۈلۈپتۇ ۋە قاپقارا سىياھ بىلەن بويالغان ئاپتوبۇس يالقۇنلاپ كۆيۈپتۇ، كېيىن يېرىم كېچىدە كۆيۈپ تۈگەپتۇ. Serkisof "ھېچ تونۇغىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە كۆيگەن ئازغۇن، بەختسىز ناھىت"نى ئەسلىدە تونۇيالمىغانلىقىنى، قولىدىكى بىردىنبىر ئىسپات — تەلەيگە يارىشا كۆيمەي قالغان كىملىك ئىكەنلىكىنى يازغانىدى. ۋەقەدىن ساق چىققانلار ئۇ يىگىتنىڭ باشتا 37-نومۇرلۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقىنى ئېيتىشتى. ناھىت 38-نومۇرلۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بولسا بۇرنىمۇ قانىماستىن قۇتۇلۇپ قالىدىكەن. 38-نومۇرلۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ۋە ئىسمىنىڭ مەھەممەت ئىكەنلىكىنى ساق قالغان باشقا بىر يولۇچىدىن ئاڭلىغان، ناھىت

بىلەن تەڭ دىمەتلىك بىر يىگىتنى بولسا Serkisof ناھىتىنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىنى سوراش ئۈچۈن تاكى قەيسەرى[①]دىكى ئۆيىگىچە ئىز قوغلاپ بېرىپ ئىزدەپتۇ، ئەمما تاپالماپتۇ. بۇ قورقۇنچلۇق ھادىسىدىن ساق قالغاندىن كېيىن بۇ يىگىت ئۆزىنى كۆز ياشلىرى بىلەن كۆتۈۋاتقان ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىغا تېخىچە قايتمىغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇ ھادىسىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن بولۇشى كېرەك، ئەمما Serkisof نىڭ دەردى بۇ ئەمەس ئىدى. بىر نەچچە ئايلاردىن بېرى پېيىغا چۈشكەن يىگىت ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئەمدى باشقىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن دوكتور نارىنىدىن بۇيرۇق ۋە پۇل كۈتۈۋاتاتتى. چۈنكى ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى ئاناتولىيىنىڭ، ھەتتا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە بالقان(يېرىم ئارىلى)نىڭ ئاشۇنداق كىتابلارنى ئوقۇغان چۈشكۈن ياشلار بىلەن تولغانلىقىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتكەنىدى.

ئوغلىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەن ۋە كۆمۈلۈردەك جەسەت ئۆيگە يەتكۈزۈلگەنىدىن كېيىن دوكتور نارىن قاتتىق ئەسەبىيلىشىپ كەتكەنىدى. رىفقى تاغىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بۇ ئەسەبىيلىكنى يېنىكلىتەلمەيتتى، بەلكى ئۇنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتكە ياياتتى. جىنازىنى ئۇزۇتۇۋاتقان كۆڭۈللەردە دوكتور نارىن ئىستانبۇلدىكى ئىش كۆرگەن، ئالاقىسى كەڭ بىر پېنسىيونېر ساقچىنىڭ ياردىمى بىلەن يەنە يەتتە يېڭى تەكشۈرگۈچىنى ئىشقا ئاپتۇ، ئۇلارغىمۇ ئىمزا سۈپىتىدە ھەر تۈرلۈك سائەت ماركىلىرىنى بېرىپتۇ. يەنە ئورتاق دۈشمەنلىرىنىڭ چوڭ سۇيىقەستىگە قارشى دەردمەن تىجارەتچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتىپتۇ، ئۇلاردىن ئانچە-مۇنچە خەۋەر خەتلىرىنى ئېلىشقا باشلاپتۇ. بولۇپمۇ خەلقئارالىق توك مەش، مارۋژنا، توڭلاتقۇ، گازلىق سۇ،

---

[①] قەيسەرى ــــ مەركىزى ئاناتولىيە رايونىدىكى ۋىلايەت. ــــ ت.

جازانىخورلۇق ۋە هامبۇرگ بولكىسى شىركەتلىرىنىڭ رىقابىتى بىلەن دۇكانلىرى بىر-بىرلەپ تاقالغان بۇ كىشىلەر پەقەت رىققى تاغىنىڭ كىتابىنى ئەمەس، ئاساسەن غەلىتە، غەيرىي، يات كۆرگەن كىتابلارنى ئوقۇغان ياشلاردىن ئاچچىقلىناتتى، ئۇلارنى ئەيىبلەيتتى، دوكتور نارىن تەرىپىدىن ھەيدەكچىلىك قىلىنىپ قالسا بۇ ياشلارنى ئىزدەپ، ئىشلىرىنى كۆزىتىپ، غەزەپلىك، گۇمانلىق ئاخباراتلارنى يېزىشنى خۇشاللىق بىلەن قىلاتتى.

گۈلزارنىڭ "دادام سىزنى ئىشنى ئۈزۈپ قويمايدۇ دەپ ئويلىدى" دېگەچ بىر پەتنۇستا ئەكىرگەن كەچلىك تاماقنى يەۋېتىپ، بۇ ئاخباراتلارنىڭ ئۇ يەر- بۇ يېرىدىن ئوقۇۋاتاتتىم. بىر چەت كەنتتە ياكى بۇرۇقتۇم بىر ئوقۇغۇچىلار ياتىقىدا ياكى ئىستانبۇلنىڭ چەت بىر مەھەللىسىدە مەندەك بىرى كىتابنى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇغاندۇ ۋە دوكتور نارىننىڭ جاسۇسلىرىدىن بىرى كۆرۈپ ئىزدەۋاتقاندۇ دەپ ئويلىغاچ... بىر مەنىۋى قېرىنداشنىڭغا ئۇچراپ قېلىش ھەۋىسى بىلەن تېز-تېز ۋاراقلىغان بەتلەر ئارىسىدا بەدىنىمنى تىكەنلەشتۈرۈۋەتكەن بىر-ئىككى ئاجايىپ ۋەقەنى ئۇچراتتىم، ئەمما بۇلار مېنىڭ قانچىلىك مەنىۋى قېرىنداشلىرىم، بىلەلمىدىم:

دادىسى زونگۇلداكتا[1] كۆمۈر كان ئىشچىسى بولغان بىر مال دوختورلۇق ئوقۇغۇچىسى كىتابنى ئوقۇشقا باشلاپلا باشقا ھېچ ئىش قىلالماس ھالغا كېلىپتۇ. قارىنى تويغۇزۇش، ئۇخلاشتەك ئاساسلىق ئېھتىياجلىرىدىن باشقا ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى كىتابنى يېگىدىن ئوقۇشقا سەرپ قىلىپتۇ. بۇ يىگىت بەزىدە كۈن بويى بىر بەتنى مىڭ قېتىم ئوقۇيدىكەن، بۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىش قىلمايدىكەن. دائىم ئۈلۈۋالغۇسى كېلىدىغان ۋە مەست يۈرۈيدىغان بىر ئوتتۇرا

---

[1] زونگۇلداك — تۈركىيىنىڭ غەربىي قارا دېڭىز رايونىدىكى يېڭى پورت شەھىرى. — ت.

مەكتەپ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولسا ئوقۇغۇچىلىرى چۇقان سالغانغا قەدەر دەرسلىرىنىڭ ئاخىرقى ئون مىنۇتىنى كىتابتىن بىر قانچە جۈملە ئوقۇش ۋە ئارقىدىن ئادەمنى ساراڭ قىلىدىغان قاقاقلاپ كۈلۈش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. ئىقتىساد كەسپىدە ئوقۇيدىغان ئەرزۇرۇملۇق[1] بىر يىگىت بولسا ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىدىكى ياتىقىنىڭ تاملىرىغا تام قەغىزى چاپلىغاندەك كىتاب بەتلىرىنى چاپلاپتۇ. بۇ ئىش ياتاقداشلىرى بىلەن بولغان جېدەللەرگە سەۋەب بوپتۇ؛ بۇلاردىن بىرى كىتابنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت كەلتۈرگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپتۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىنىڭ كۆزى ئاجىز باشقۇرغۇچىسى بىر ئورۇندۇققا چىقىپ، مەشىنىڭ كانىيى بىلەن تورۇس ئارىسىدىكى بۆلۈكنى لوپا ئەينەك بىلەن ئوقۇشقا باشلاپتۇ. ۋەقەنى دوكتور نارىنغا خەۋەر قىلغان كۆڭلى سۇنۇق ئۇستام (قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى قوراشتۇرۇش ئۇستىسى) كىتابتىن شۇنداق خەۋەردار بولغانىدى، ئەمما "تەپتىش مەھكىمىسىگە ئەرز قىلايلىمۇ" دېگەن تالاش-تارتىشقا يول ئاچقان ۋە ئەرزۇرۇملۇق يىگىتىمىزنىڭ ھاياتىنى قارايتقان كىتابنىڭ رىفقى تاغا يازغان كىتاب ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالمىدىم.

شۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇكى، تاسادىپىي ئۇچرىشىشلار، چالا ھەۋەسكار ئوقۇرمەنلەرنىڭ تىلغا ئېلىنىشى، كىتاب يايمىلىرىدا دىققەتنى جەلپ قىلىش بىلەن، ئارىدا يەنىلا 100— 150 نۇسخىسى قولدىن قولغا بىر پارتلاتقۇچ دورىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن كىتاب ياكى شۇنداق رولنى سېھىرلىك ھالدا ئوينىيالايدىغان باشقا كىتابلار بەزىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىرىدە بىر ھاياجان دولقۇنى، بىر خىل ئىلھام ئويغىتاتتى. بەزىلىرى كىتاب بىلەن تەنھالىققا بېكىنەتتى،

[1] ئەرزۇرۇم — تۈركىيىنىڭ شەرقىي ئاناتولىيە رايونىدىكى تۆتىنچى چوڭ ۋىلايىتى،—ت.

جىددىي بىر بوھراننىڭ بوسۇغىسىدا تۇرغاندا دۇنياغا يۈزلىنىپ كېسەللىكتىن قۇتتۇلاتتى. كىتابنى ئوقۇپلا قەلبى دەھشەتكە چۆمگەن، غەزەپتىن بوغۇلغانلارمۇ بار ئىدى. بۇلار كىتابتىكى دۇنيانى بىلمىگەنلىكى، تونۇمىغانلىقى، ئىزدىمىگەنلىكى ئۈچۈن دوستلىرىنى، يېقىنلىرىنى، سۆيگىنىنى ئەيىبلەيتتى، كىتابتىكى دۇنيانىڭ ئادەملىرىگە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى رەھىمسىزلەرچە تەنقىدلەيتتى. باشقا بىر قىسىملىرى بولسا كىتابنى ئوقۇ-ئوقۇمايلا، كىتاب مەزمۇنى ئۈستىدە ئەمەس، ئىنسان تەبىئىتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ كېتەتتى. ئۇلار تېكىستنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، ئىنسانلارغا يۈزلەنگەن تەشكىلاتچىلار ئىدى. بۇ ھەۋەسكارلار كىتابنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئوقۇغانلارنى ئىزدەشكە باشلاپ، بۇنىڭدا نەتىجىگە ئېرىشەلمىسە(دائىم مۇشۇنداق بولاتتى) كىتابنى باشقىلارغا ئوقۇتۇپ قولغا كەلتۈرگەن كىشىلەر بىلەن ھەمكارلىششقا تىرىشاتتى. ئورتاق ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇلارنىڭمۇ، بۇ ئىشنى قىلغۇچىلارنى كۆزىتىۋاتقان ئاخباراتچىلارنىڭمۇ ھېچقانداق بىر چۈشەنچىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى سائەت ئىچىدە، كىتابتىن ئىلھام ئالالىغان شۇ ئوقۇرمەندىن بەشىنىڭ دوكتور نارىننىڭ "سائەت"لىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاخبارات مەكتۇپلىرىنىڭ ئارىسىغا كۆڭۈل قويۇپ سىڭدۈرۈلگەن گېزىت پارچىلىرىدىن بىلدىم. جىنايەتلەرنى قايسى "سائەت" نىڭ، قايسى مەقسەت ۋە بۇيرۇق بىلەن قىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىدى. پەقەت گېزىتلەردىن كېسىلگەن قىسقا جىنايەت خەۋەرلىرى ۋاقىت تەرتىپىگە ئاساسەن ئاخبارات ئىسپاتلىرىنىڭ ئارىسىغا سىڭدۈرۈلگەنىدى. ئىككى جىنايەت ھەققىدە ئىزاھلىق ئۇچۇر بار ئىدى: بىرىدە، ئاخبارات كەسپىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن بىر ئوقۇغۇچىسى «قۇياش»گېزىتىنىڭ خەلقئارا خەۋەرلەر بۆلۈمىدە تەرجىمانلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ۋەتەنپەرۋەر ئاخباراتچىلار

تەشكىلاتى بۇ ئىشنى مۇھىم كۆرۈپ، تۈرك نەشرىياتچىلىقىنىڭ ئازغۇن تېررورلۇققا قەتئىي بويۇن ئەگمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندى. يەنە بىرسىدە، دۆنەر[1]دۇكىنىدا ئىشلەۋاتقان بىر كۈتكۈچى قولىدا قېتىق قۇتىلىرى تۇتۇقلۇق ھالدا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ياش ئىسلامچى ئاۋانگارتلار ئۆلگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، بۇ ئىشنى CIA[2] ۋە CocaColaجاسۇسلىرىنىڭ قىلغانلىقىنى بىر ئاخبارات يىغىنى ئارقىلىق ئېلان قىلغانىدى.

## 11

جەمئىيىتىمىزدە مۆتىۋەر ئادەملەر، مەدەنىيىتىمىزدە كىتاب ئوقۇشتىن ھۇزۇرلىنىش دېگەن نەرسە يوق دەپ ئاغرىنىشىدۇ. ماڭا نىسبەتەن بۇ چاغدىكى ھۇزۇر دوكتور نارىنىڭ ئەسەبىي ۋە تەرتىپلىك ئارخىپىنىڭ ئىسپاتلىرى ۋە جىنايەت خەۋەرلىرى ئارىسىدا ئاڭلىغان مۇزىكا بولسا كېرەك. قوللىرىمدا كىچىنىڭ سالقىنلىقىنى ھېس قىلاتتىم، قولىقىمدا مەۋجۇت بولمىغان بىر كىچە مۇزىكىسىنى ئاڭلايتتىم، يەنە بىر تەرەپتىن، ياش تۈرۈپ ئۆچرىغان ھايات ئاجايىباتلىرى ئالدىدا ئىرادىلىك بولۇشقا نىيەت قىلغان بىر يىگىتتەك بۇندىن كېيىن نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئويلاپ تېپىشقا تىرىشاتتىم. كەلگۈسىنى ئويلايدىغان ياخشى نىيەتلىك بىر يىگىت بولۇش قارارىغا كەلگەنلىكىم ئۈچۈن دوكتور نارىنىڭ ئارخىپىدىن بىر قەغەزنى تارتىپ، ئەسقاتىدىغان كىچىك يىپ ئۇچلىرىنى يېزىشقا باشلىغانىدىم.

ئۆيىدە مېھمان بولغان پەيلاسوپ ئاتىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ نەقەدەر

---

[1] دۆنەر— زىخ كاۋاپ، —ت.

[2] CIA— ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى، —ت.

ئەمەلىيەتچى، نەقەدەر رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى ئوبدانلا ھېس قىلدىم، قۇلاقلىرىمدا تېخىچە مۇڭلۇق بىر مۇزىكا جاراڭلاۋاتاتتى، ئارخىپ ئۆيىدىن تالاغا چىقتىم. ئەسەبىي بىر روھنىڭ جاسارەت بەرگۈچى كۈشكۈرتۈشلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىلاتتىم: خۇشال قىلغۇچى ۋە ئۈمىد بەرگۈچى بىر كىنودىن چىققاندىن كېيىن ماڭا ئوخشاشلار ھېس قىلغان لەرزان مۇزىكىدەك ئارتىسلىق تۇيغۇسى ئىچىمنىڭ بىر يەرلىرىدە تىپىرلايتتى. شۇنداق بولىدىغۇ، فىلىمدىكى چاقچاقلارنىڭ، قەھرىمانغا ئۆزلىكىدىن كېلىۋەرگەن خوشلۇقلارنىڭ، ئادەم ئىشەنگۈسىز ھازىرجاۋابلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسلىدە خاتالاشمىسام مەنمۇ قىلغۇدەكمەن...

"مەن بىلەن تانسا ئوينامسىز؟" دېمەكچىدىم ماڭا ئەندىشە بىلەن قاراۋاتقان جانانغا.

ئۇ ئۈچ گۈل قىز قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە دالاندىكى شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ، قولدا توقۇلغان تال سېۋەتتىكى مولچىلىق، بەختىيارلىق پەسلىنىڭ پىشقان ئالمىلىرى، ئاپىلسىنلىرىغا ئوخشاش شىرەگە تۆكۈلگەن رەڭگارەڭ كاللەك-كاللەك يۇڭ يىپلارغا قارايتتى. سېۋەتنىڭ يېنىدا بىر چاغلار ئانامۇ ئالغان «ئائىلە ۋە ئايال»ژۇرنىلىنىڭ ئوتتۇرىدىكى بەتلىرىدىن چىقىدىغان كەشتىچىلىك ئەندىزىلىرى، پارچە-پارچە ئىشلەنگەن گۈللەر، غاقىلدايدىغان ئۆردەكلەر، مۇشۇكلەر، ئىتلار ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى گېرمانىيە ژۇرناللىرىدىن كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ تۈرك ئاياللىرىغا سۇنغان نەشرىياتچى قوشۇپ قويغان مەسچىت شەكىللىرى بار ئىدى. گاز لامپىلىرىنىڭ يورۇقىدا بۇ رەڭلەرنىڭ ھەممىسىگە مەنمۇ تۇيۇقسىز قارىدىم-دە، بايا مەن ئوقۇغان ھەقىقىي ھايات سەھنىلىرىنىڭ بۇ خام رەڭلەر بىلەن ئىشلەنگەنلىكىنى ئەسلىدىم. كېيىن، گۈلجاھاننىڭ ئەسنىشىپ ئانىسىغا يېقىنلىشىۋاتقان، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ بەختلىك ئائىلە

كۆرۈنۈشىنىڭ ئىچىدە ئېرىپ كەتكەن ئىككى كىچىك قىزنىغا بۇرۇلۇپ:

— قاراڭلار سىلەرگە، ئاناڭلار تېخىچە سىلەرنى ياتقۇزمىدىمۇ؟— دېدىم.

ئۇلار چۆچۈشۈپ ھەم قورقۇشۇپ، ئانىسىنىڭ قوينىغا كىرىۋېلىشقانىدى، تېخىمۇ خوش بولدۇم.

ماڭا شۇبھە بىلەن سەپسېلىپ قاراۋاتقان گۈلەندەم بىلەن گۈلزارغا"سىلەر، سىلەر تېخى سولمىغان بىر گۈل، خۇدا ساقلىسۇن" دېيىشىم مۇمكىن ئىدى.

— ئەپەندىم،— دېيەلىدىم پەقەت دوكتور نارىنغا، ياندىكى مېھمانخانىنىڭ ئەرلەر ياتىدىغان بۆلۈمىگە كىرگەندە،— ئەپەندىم، ئوغلىڭىزنىڭ ھېكايىسىنى ھەسرەتتە ئوقۇدۇم.

— ھەممە ئىش بەلگىلەنگەن،— دېدى دوكتور نارىن.

ئۇ مېنى غۇۋا قاراڭغۇ ئۆيدىكى ئىككى نائىبنىق ئادەم بىلەن تونۇشتۇردى. ياق، بۇ تىۋىشسىز ئەپەندىلەر "سائەت" ئەمەس ئىدى، بىرى ھۆكۈمەت ئەمەلدارى، يەنە بىرسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بۇنداق قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئېسىمدە تۇتالمىدىم، چۈنكى دوكتور نارىنىنىڭ مېنى ئۇلارغا قانداق تونۇشتۇرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىۋاتاتتىم: بەك چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا تەييارلىنىلەنگەن، سالماق، ئەستايىدىل ۋە جۇشقۇن بىر ياش ئىدىم ۋە ھازىردىن باشلاپ ئۇنىڭ ناھايىتى يېقىن ئادىمى بولۇپ قالغانىدىم. ئامېرىكا فىلىملىرىدىن ئۆگىنىپ ئۇزۇن چاچ قويۇۋالىدىغان دورامچى ياشلارنىڭ ھېچ بىر قىلىقى مەندە يوق ئىدى. ئۇ ماڭا بەك ئىشىنەتتى.

بۇ مەدھىيىلەرنى قانداقسىگە دەرھال ئۆزلەشتۈرۈۋالدىم! قوللىرىمنى نەگە قويۇشنى بىلەلمىدىم، مۇشۇنداق بىر يىگىتكە يارىشىدىغاندەك مەدھىيىلەر ئالدىدا كەمتەرلىكنى قولدىن

بەرمەسلىك ئۈچۈن بوينۇمنى ئالىيجانابلىق بىلەن تۆۋەن قىلىپ گەپنى بۇرىماقچى بولدۇم.

—كېچە بۇ يەردە نېمانچە جىمجىتلىق بولىدۇ ئەپەندىم،— دېدىم.

— پەقەت بىر تۈپ ئۈجمىنىڭ يوپۇرماقلىرىلا شىۋىرلايدۇ،— دېدى دوكتور نارىن،— ئەڭ شامالسىز، ئەڭ تىنچ كېچىدىمۇ ئاڭلاپ بېقىڭ.

ھەممىمىز بىرلىكتە ئاڭلىدۇق. ئۆينىڭ قورقۇتقۇچى غۇۋۋا قاراڭغۇلۇقى كىشىگە يىراقتىن بىلىنەر-بىلىنمەس بىر يەردىن كېلىۋاتقان دەرەخ شىۋىرلاشلىرىدىنمۇ بەك قورقۇنچ سالاتتى. جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقاندا بىر كۈندىن بۇيان بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەمىشە پىچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتقىنىنى ئەسلىدىم.

دوكتور نارىن مېنى بىر يانغا تارتىپ، — ئەمدى قارتا ئوينايلى،— دېدى،— ماڭا جاۋاب بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. ئوغلۇم، سائەتلىرىمنى كۆرگىڭىز بارمۇ، قوراللىرىمنىمۇ؟

— سائەتلەرنى كۆرسەم دەيمەن ئەپەندىم،— دېدىم ئويلانمايلا.

تېخىمۇ قاراڭغۇ يان ئۆيدە ئەنسىز چېكىلداۋاتقان Zenith ماركىلىق ئىككى دانە كونا ئۈستەل سائىتىنى كۆردۇق. دوكتور نارىن بۇنىڭ بىر جۈپىنىڭ توپقاپى سارىيى ھەرەمخانىسىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. گالاتا كۆچمەنلىرى رايونىدىكى ئەجنەبىيلەر ياسىغان، ياغاچ ئويمىلىق، ئۆزلىكىدىن مۇزىكا چالىدىغان، ھەپتىدە بىر بۇراپ قويۇلىدىغان تارتمىلىق سائەتنى كۆردۇق. مایاتنىكلىق، قاپقىقى ياڭاق ياغىچىدىن ئىشلەنگەن، ئىشكاپلىق تام سائىتىنى ياساپ ئىمزا قويغان لېۋانتېن سىمونى سىمونىئېننىڭ قايسى پورت شەھىرىدىن ئىكەنلىكىنى سائەت يۈزىدىكى “asmyrne” دېگەن سۆزدىن بىلدۇق. ئايلىق، چېسلالىق ئۇنىۋېرسال ماركىلىق سائەتنىڭ ئايدىڭ

كۈنلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەندۇق. سۇلتان III سەلىمنىڭ تەشۋىقى بىلەن ئالدى يۈزى مەۋلىۋى كۇلاھى شەكلىدە ياسالغان ماياتنىكلىق سائەتنى دوكتور نارىن يوغان بىر ئاچقۇچ بىلەن بۇراۋاتقاندا ئۈچ ئەزالىرىنىڭ كېرىلگەنلىكىنى بىئارامىلىق ئىچىدە ھېس قىلدۇق. نۇرغۇن ئۆيدە قەپەستىكى سېرىق قۇشقاچلاردەك تېخىچە قايغۇلۇق تىپىرلاۋاتقان مايانتىكلىق junghans ماركىلىق تام سائىتىنى بالىلىقىمىزدىن بېرى قانچىلىك جىق يەردە كۆرگەن، ئاڭلىغىنىمىزنى ئەسلىدۇق. serkisof ماركىلىق قوپال ئۈستەل سائىتىنىڭ ئەينىكىدىكى پاراۋوزنى ۋە ئاستىغا يېزىلغان "سوۋېت ئىتتىپاقى ياسىدى" دېگەن خەتنى كۆرۈپ چۆچىدۇق.

— سائەتنىڭ چىكىلدىشى بىز ئۈچۈن جامە ھويلىسىدىكى فونتانلىق كۆل سۈيىنىڭ شىلدىرلىشىدەك، دۇنيانى بايقاشنىڭ ئەمەس، ئىچكى ئالەمگە ئۆتۈشنىڭ تىۋىشىدۇر،— دېدى دوكتور نارىن،— كۈندە بەش ۋاقىت ناماز، سۇھۇر، ئىپتار ۋاقىتلىرىنى توغرىلاش— ئورۇنلىرىمىز ۋە سائەتلىرىمىز غەربتىكىدەك دۇنياغا يېتىشىشنىڭ ئەمەس، ئاللاھقا قاراپ يۈگۈرۈشنىڭ قورالىرىدۇر. ھېچقانداق بىر مىللەت سائەتكە بىزدەك مەستانە بولمىدى. ياۋروپا سائەتچىلىكىنىڭ ئەڭ چوڭ خېرىدارى بىز ئىدۇق. ئۇلاردىن ئېلىپ روھىمىزغا قوبۇل قىلدۇرالىغان بىردىنبىر نەرسە سائەتلەردۇر. شۇڭا، سائەتنىڭ خۇددى قورالغا ئوخشاش يەرلىك ياكى ئەجنەبىيچىسى بولمايدۇ. بىز ئۈچۈن ئاللاھقا يېقىنلىشىشنىڭ ئىككى يولى بار. جىھاد قورال بىلەن، ناماز سائەت بىلەن. ئۇلار قوراللىرىمىزنى بۇزۇشتى. ئەمدى سائەتلىرىمىزنى بۇزۇش ئۈچۈن بۇ پويىزلارنى چىقىرىشتى. ئەزان ۋاقتىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى پويىز ۋاقتى ئىكەنلىكىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. رەھمەتلىك ئوغلۇم بۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن بىزنىڭ يوقاتقان ۋاقتىمىزنى ئاپتوبۇسلار بىلەن ئايلارچە ئىزدىگەن. ئۇنى مەندىن يىراقلاشتۇرماقچى بولغانلار شۇ

سەۋەبتىن بالامنىڭ جىننى ئاپتوبۇس بىلەن ئېلىشتى، ئەمما دوكتور نارىن ئۇلارنىڭ دېيىشى ئۇسسۇل ئوينايدىغان سادىدا ئەمەس. شۇنى ئۇنتۇمايمەن: ئەسىرلەردىن بۇيان، ئارىمىزدا بىر ئاز پۇلى بارلار تۇنجى بولۇپ سېتىۋالغان نەرسە سائەتتۇر...

دوكتور نارىن بەلكىم پىچىرلاپ يەنە گەپ قىلاتتى، ئەمما ئالتۇن يالتىلغان، ئەينىكىدە خەت بار، ياقۇت گۈللۈك ۋە بۇلبۇل ئاۋازلىق prior ماركىلىق بىر ئىنگلىز سائىتى ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى "كاتىپىم" ناملىق خەلق ناخشىسىنىڭ مېلودىيىسىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى.

ئۇسكۇدارغا ماڭغان قارتا ئوينىغۇچىلار مۇڭلۇق مۇزىكىنى دىققەت بىلەن تىڭشاۋاتقاندا دوكتور نارىن قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

— بىر قارارغا كەلدىڭىزمۇ بالام؟

شۇ ئەسنادا، ئوچۇق قالغان ئىشىكتىن ئىچكىرىگە قارىدىم ۋە يان ئۆيدىكى چىنە-قاچا ئىشكاپىنىڭ ئەينەكلىرىدە ئەكس ئېتىۋاتقان، گاز لامپىنىڭ يورۇقىدا تىترەپ كۆرۈنۈۋاتقان جانانىنىڭ گىرىمسەن تۇرقىنى كۆرۈپ، كاللام ئېلىشىپ كەتتى.

—ئارخىپ ئۈستىدە يەنە ئىشلىشىم كېرەك ئەپەندىم،— دېدىم.

بىر قارارغا كېلىش ئۈچۈن ئەمەس، تېخىمۇ چوڭ بىر قاراردىن قېچىش ئۈچۈن شۇنداق دېگەنىدىم. يانىدىكى ئۆيدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، بالىلىرىنى ياتقۇزۇپ قايتىۋاتقان گۈلجاھانىنىڭ، تېتىك گۈلزارنىڭ، مىجەزى چۇس گۈلەندەمنىڭ ماڭا قاراۋاتقانلىقىنى سەزدىم. جانانىنىڭ خورما رەڭ كۆزلىرى شۇ قەدەر ئىشتىياقلىق ۋە قەتئىي ئىدى. يېنىدا گۈزەل، ھاياتىي كۈچكە تولغان بىر ئايال بولغان ئەرلەر شۇنداق قىلسا كېرەك، ئۆزۈمنى مۇھىم بىر ئىشلارنى قىلغان ئادەمدەك ھېس قىلدىم.

ھالبۇكى ئۇنداق ئادەم بولۇشتىن ئىنتايىن يىراق ئىدىم! دوكتور نارىننىڭ ئارخىپخانىسىدا ئولتۇرۇپ، ئالدىمغا ئاخبارات ئارخىپلىرىنى

ئېچىپ، يان ئۆيدىكى چىنە-قاچا ئىشكاپىنىڭ ئەينەكلىرى ئارىسىدا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن جانانىنى ئىشقى ئازاب بىلەن خىيال قىلىپ، تېخىمۇ ئازابلىنىپ ئەڭ ئاخىرىدا بىر قارارغا كېلىمەن دەپ ئارخىپ بەتلىرىنى تېز-تېز ۋاراقلايتتىم.

بەك زىيادە تەتقىق قىلىپ كېتىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىدى. ئوغلى دەپ ئويلاپ دەپنە قىلغان قەيسەرىيلىك بىتەلەي ياشنىڭ دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن كىتابنى ئوقۇغان ئادەمنى ئىزدىتىش ئۈچۈن دوكتور نارىن ئىشقا سالغان يېگى "سائەت"لەردىن ئەڭ ئىشچان، ھەۋەسكار بولغىنى Seiko، ئۇ كىتابنى ئوقۇغان بىرىنى ئۇچرىتىش ئۈمىدى بىلەن ئىستانبۇلدىكى ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇلىرىدا، قەھۋەخانىلاردا، ئۇيۇشمىلاردا ۋە فاكۇلتېت كارىدورلىرىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىنىڭ بىرىدە بىناكارلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدىغان مەھەممەت بىلەن جانانىنى ئېنىقلىغانىدى. بۇ 16 ئاي ئاۋۋالقى ئىش ئىدى، باھار پەسلى ئىدى، جانان بىلەن مەھەممەت بىر-بىرىگە ئاشىق ئىدى، ئۇلارنىڭ قولىدا بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ بىللە ئوقۇغان كىتاب بار ئىدى. سەككىز ئايدىن بېرى ئۆزلىرىنى بەك يېقىندىن بولمىسىمۇ كۆزىتىپ يۈرگەن Seiko نىڭ بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

ئۇلارنى بايقاشتىن، مېنىڭ كىتابنى ئوقۇشۇمغا ۋە مەھەممەتنىڭ مىنىبۇس بېكەتلىرىنىڭ ئالدىدا ئېتىلىشىغىچە ئۆتكەن بۇ سەككىز ئايدا Seiko دوكتور نارىنغا قەرەلسىز ھالدا 22 ئاخبارات يوللىغانىدى. يېرىم كېچىدىن خېلى ئۆتكىچە بۇ ئاخباراتلارنى دىققەت، سەۋرچانلىق ھەم ھەسەت بىلەن قايتا-قايتا ئوقۇدۇم ۋە ئۇلاردىن چىقارغان يەكۈنلەرنىڭ زەھىرىنى ئۆزۈم تەكشۈرۈۋاتقان ئارخىپتىكى شەكىلگە ئۇيغۇن بىر مەنتىقە بىلەن ئېچىمگە سىڭدۈرۈشكە تىرىشتىم.

1. گۈدۈل ناھىيە بازىرىدىكى 19-نومۇرلۇق مېھمانخانا

ياتقىمىزدىن كېچىدە شەھەر مەيدانىغا قاراۋاتقاندا جانان ماڭا ئېيتقان، ئۆزىگە ھېچ بىر ئەرنىڭ چېقىلمىغانلىقى ھەققىدىكى سۆزلىرى يالغان ئىدى. پەقەت باھار كۈنلىرىدىلا ئەمەس، ئۇلارنى ياز بويى بىر نەچچە قېتىم تېپىپ كۆزىتەلىگەنSeiko ئىككىسىنىڭ مەھەممەت ئىشلەۋاتقان مېھمانخانىغا كىرگەنلىكىنى، ياتاقتا ئۇزاق ۋاقىت تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى. بۇنى تەبىئىي پەرەز قىلاتتىم، ئەمما بىز پەرەز قىلىۋاتقان نەرسىلەرگە باشقا بىرى خېلىدىن بېرى شاھىد بولۇپ ئۇنى يازسا ئۆزىمىزنى تېخىمۇ ئەخمەق ھېس قىلىمىز.

2. مەھەممەتنىڭ ناھىت بولۇپ ھاياتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەگە بولغان يېڭى سالاھىيىتى ۋە باشلىغان يېڭى ھاياتىدىن دادىسى، ئۇ ئىشلىگەن مېھمانخانىنىڭ خوجايىنلىرى، بىناكارلىق فاكۇلتېتىنىڭ ئارخىپ ئىشخانىسى ۋە Seiko نىڭ ئۆزىمۇ شۇبھىلەنمىگەنىدى.

3. ئاشىقلارنىڭ بىر-بىرىگە ئاشىق بولۇشىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان بىرەر تەرىپى يوق ئىدى. ئاخىرقى ئون كۈننى ھېسابقا ئالمىغاندا قوللىرىدىكى كىتابنى باشقىلارغا بېرىشكە ئۇرۇنۇشقانىدى. ئۇلار كىتابنىمۇ ھەمىشە ئوقۇمايتتى. دەرۋەقە Seiko مۇ شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ كىتاب بىلەن نېمە ئىش قىلغانلىقى ئۈستىدە بەك توختالمىغانىدى. ئۇلار ئادەتتىكىچە توي قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئادەتتىكى ئىككى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كۆرۈنۈشىدە ئىدى. سىنىپداشلىرى بىلەن دوستلۇقلىرى نورمال، دەرسلىرىدە ياخشى، ھاياجانلىرى جايىدا ئىدى. ھەر قانداق بىر سىياسىي تەرەپ بىلەن مۇناسىۋىتىمۇ، يېزىشقا تېگىشلىك ھەر قانداق بىر ھاياجانلىرىمۇ يوق ئىدى. Seiko ھەتتا مەھەممەتنىڭ كىتابنى ئوقۇغان كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ سالىمقى، ئەڭ ئازمىغىنى، ئەڭ ئەسەبىيلەشمىگىنى ئىكەنلىكىنى يازغانىدى. كېيىن شۇڭا شۇنچىلىك ھەيران قالغانىدى، بەلكىم

ھەتتا سۆيۈنگەنىدى.

4. Seiko نىڭ ئۇلارغا ئىچى تارلىقى كېلەتتى. باشقا ئاخباراتلار بىلەن ئۇچراشقىنىمدا ئاۋۋال ئۇنىڭ جانانى ھەددىدىن زىيادە سەزگۈر ۋە شېئىرىي بىر تىلدا تەسۋىرلىگەنلىكىنى كۆردۈم: "كىتابنى ئوقۇغاندا ياش قىزنىڭ قوشۇملىرى سەل تۈرۈلەتتى، چىرايى گۈزەل، تەمكىن تۇس ئالاتتى"، "كېيىن ئۇ ئۆزگە خاس بىر ھەرىكەت قىلدى ۋە بېشىنى بوش سىلكىپ چېچىنى قۇلاقلىرىنىڭ ئارقىسىغا جەملىدى"، "ئاشخانىدا ئۆچرەتتە تۇرغاندا قولىدىكى كىتابقا قارىسا ئۇستۇنكى لېۋى سەل ئالدىغا چىقاتتى، كۆزلىرى بىردىنلا شۇنداق چاقناشقا باشلايتتىكى، كىشىگە بۇ قىزنىڭ شەھلا كۆزلىرىدە يوغان ياش تامچىسى مۆلدۈرلەپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى". كىشىنى چۆچۈتىدىغان مانا مۇنداق قۇرلارمۇ بار ئىدى:" ئەپەندىم، قىز كىتابقا تامامەن بېرىلگەن دەسلەپكى يېرىم سائەتتىن كېيىن چىرايى شۇ قەدەر مۇلايىملىشىپ، ئاندىن شۇنچە غەلىتە، ئۆزگىرىشچان بىر ئىپادىگە كىردىكى، شۇئان سېھىرلىك بىر نۇر دېرىزىلەردىن ئەمەس، بەلكى بۇ پەرىشتە چىراي ئىنسان ئوقۇغان كىتابنىڭ بەتلىرىدىن چېچىلغاندەك ھېس قىلدىم". " كېيىن جانانىنىڭ پەرىشتىلىشىشكە پاراللېل ھالدا يېنىدىكى ئوغۇل ناھايىتى دۇنياۋىلىشىپ كېتىۋاتاتتى". "ياخشى بىر ئائىلىدىن چىققان ياش قىز بىلەن سالاھىيىتى، ئۆتمۈشى نائېنىق بىر ئائىلىدىن چىققان نامرات بىر يىگىتنىڭ مۇھەببىتى بۇ، ئەپەندىم". "يىگىتىمىز ھەر قاچان ئېھتىياتچانراق، سەپراراق، ئىچى تارراق ئىدى". "قىز بەلكىم دوستلىرىغا بەكرەك ئوچۇق بولۇشقا، ئۇلارغا يېقىنلىششقا، ھەتتا ئۇلار بىلەن كىتابتىن بىللە ھوزۇر ئېلىشقا مايىل ئىدى، ئەمما مېھمانخانا كاتىپى ئۇنىڭغا بەكلا چېكىش قارايتتى". "ئېنىقكى، نامرات بىر ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئۇچۇن قىزنىڭ يېنىغا كىرىشتىن ئۆزىنى تارتاتتى". " ئەسلىدە قارىسىڭىز بۇ ياش

قىزنىڭ بۇ سوغۇق ۋە دىققەتنى تارتمايدىغان ئادەمدىن نېمە بايقىغانلىقىنى چۈشەنمەكمۇ تەس"، "ئۇ بىر مېھمانخانا كاتىپىنى كۈتۈلمىگەندەك دەرىجىدە ياقتۇرۇپ قاپتۇ". "جىمغۇرلۇق، كەم سۆزلۈكنى بىر پەزىلەتتەك كۆرسىتەلىگەن قابىلىيەتلىك كىشىلەردىن..."، "پىخسىق تەلۋە"، "ئەسلىدە ھېچ بىر ئالاھىدىلىكى يوق، ئەپەندىم". Seiko نى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتاتتىم. ئۇ مېنى ئىشەندۈرەلىسە ئىدى، لېكىن ئۇ باشقا بىر ئىشقا ئىشەندۈرۈپ قويۇۋاتاتتى.

5. ئاھ، ئۇلار نېمانچە بەختلىك! دەرستىن چىقىپلا بەيئوغلىدىكى بىر كىنوخانىغا باراتتى، بىر-بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشۇپ ئولتۇرۇپ «چەكسىز كېچىلەر» ناملىق كىنونى كۆرەتتى. مەكتەپ چايخانىسىدا بىر بۇلۇڭدىكى شىرەدە ئولتۇرۇپ كېلىپ-كېتىۋاتقانلارنى كۆزىتەتتى، ئاندىن ئۆز ئارا شېرىن-شېكەر پاراڭلارنى قىلىشاتتى. بىرلىكتە بەيئوغلىدىكى دۇكانلارنىڭ ئەينەك راملىرىغا قارايتتى، بىرلىكتە ئاپتوبۇسقا چىقاتتى، دەرسلەردە يانمۇ يان ئولتۇراتتى. شەھەردە سەيلىگە چىقاتتى، بىر كىچىك ئاشخانىدا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ ئەينەكتە ئۆزلىرىنى كۆزەتكەچ ساندىۋىچ[1] يەيتتى، بۇ چاغدا قىز سومكىسىدىن كىتابنى ئېلىپ ئوقۇيتتى. ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە Seiko مەھەممەتنى مېھمانخانا دەرۋازىسىدىن چىقىشى بىلەنلا كۆزىتىشكە باشلاپتۇ، مەھەممەت يالتىراق خالتا كۆتۈرگەن جانان بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. Seiko ئەمدى كۆرىدىغانغا تاماشا چىقتى دەپ ئويلاپ ئۇلارنىڭ پېيىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار پاراخوت بىلەن بۈيۈك ئادا[2] غا بېرىپ، قېيىق كىرا قىلىپ دېڭىزغا چۈشۈپتۇ،

---

[1] ساندىۋىچ — بولكىغا قېزا، ئىرىمچىك سېلىپ تاييارلانغان يېمەكلىك، — ت.

[2] بۈيۈك ئادا — چوڭ ئارال دېگەن مەنىدە، مەرمەر دېڭىزىدىكى كىچىك ئاراللارنىڭ بىرى، — ت.

ئات ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپتۇ، قوناق ماروژنىلارنى يەپتۇ، قايتقاندا بولسا مەھەممەت ئىشلەيدىغان مېھمانخانىنىڭ ياتىقىغا كىرىپتۇ. ئارخىپتىن بۇلارنى چۈشىنىش تەس ئىدى. ئۇلارنىڭ كىچىك جېدەللەرنى قىلغانلىقى، تاكاللاشقانلىقى، Seiko نىڭ بۇلارنى يامانغا چىقارغانلىقى يېزىلغانىدى. ئەمما كۆزگىچە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى يېرىكلىشىپ قالمىغانىدى.

6. دېكابىرنىڭ ھېلىقى قار ياغقان كۈنى مىنىبۇس بېكىتىدە يالتىراق خالتىدىن ئالغان تاپانچا بىلەن مەھەممەتنى ئاتقان كىشى Seikoئىدى. بۇنىڭغا تامامەن ئىشىنىپمۇ كەتمەيتتىم. ئەمما ئۇنىڭ ئاچچىقى، ھەسەتخورلۇقى بۇنى ئىسپاتلايتتى. مەن دېرىزىدىن كۆرگەن كۆلەڭگىنى، ئۇنىڭ قارلىق باغچىدا سەكرەپ يۈرۈپ قاچقانلىقىنى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزگەندە Seiko نى 30 ياشلاردا دەپ ئويلايتتىم. ئۇ 30 ياشلاردا، قوشۇمچە كىرىم قىلاي دەپ سىرتتىن مۇشۇ كۆزەتچىلىك ئىشىنى تاپقان، بىناكارلىقتا ئوقۇۋاتقان ياشلارنى "ئويۇنچى" بىلىدىغان، ساقچى مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئاچكۆز بىر ساقچى ئىدى. خوش، ئۇ مەن توغرىلىق نېمە ئويلايدىغاندۇ؟

7. مەن تۈزاققا چۈشۈرۈلگەن بىچارە بىر ئوۋ ئىدىم. Seiko مۇ بۇ قاراشقا شۇنچە ئاسان كېلىپ بولغان بولۇپ، مەن ئۈچۈن ھەسرەتلەنگەنىدى. ھالبۇكى، قىز بىلەن ئوغۇلنىڭ ئارىسىدا كۆزدىن تارتىپ باشلانغان سوغۇقچىلىقنىڭ جانانىنىڭ كىتاب بىلەن بىر ئىش قىلماقچى بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى ئۇ ئويلاپ يېتەلمىگەنىدى. كېيىن جانانىنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئۇلار كىتابنى باشقا بىرىگە بېرىش قارارىغا كەلگەن بولسا كېرەك. ياكى مەھەممەت جانانىنىڭ جاھىللىقى تۈپەيلىدىن بۇنىڭغا رازى بولغاندۇ. ئۇلار بىر مەزگىل خۇددى مەخسۇس بىر ئىش ئورنىدا بوش قالغان بىر كىشىلىك شىتات ئۈچۈن قىلىنغان ئىلتىماسلارنى كۆزدىن

كەچۈرۈۋاتقان خوجايىنلاردەك، فاكۇلتېت كارىدورلىرىدا ئالدىغا ئۈچرىغان ياشلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندى. مېنى نېمىشقا تالليغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەمما بىر مەزگىلدىن كېيىن مېنى ئىزدىگەنلىكى، مېنى كۆزەتكەنلىكلى، مەن توغرىلىق پاراكلاشقانلىقىنىSeiko دەل جايىدا ئىسپاتلىغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈم قىلتاققا ئىلىنغانىدىم، بۇ مېنى تالليغانلىقىدىنمۇ ئاسان بولغانىدى، شۇنچىلىك ئاسان: جانان بىر قانچە قېتىم قولىدا كىتابنى تۇتقان هالدا كارىدوردا ماڭا يېقىن ماڭغانىدى. بىر قېتىم ماڭا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، ئارقىدىن ئەسلى ئويىۇننى زوق بىلەن ئوينىغانىدى: كانتىندا نۆۋەت ساقلاپ تۇرغاندا مېنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىمنى بايقاپ، سومكىسىدىن ھەمىيىنىنى ئىزدەۋاتقاندا قولىدىكى نەرسىنى قويۇپ قويۇشى كېرەكتەك كىتابنى مەن ئولتۇرغان ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە، ئالدىمغىلا قويۇپ، سەككىز-ئون مىنۇتتىن كېيىن نازۇك قوللىرى بىلەن ئۇ كىتابنى ئېلىۋالغانىدى. كېيىن ئىككىسى، جانان بىلەن مەھەممەت بىچارە بىلىقنىڭ يەمچۈكنى يېگەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۇلار ئىلگىرىلا مۆقىملاشتۇرغان قايتىش يولۇمدىكى پىيادىلەر يولى كىتابپۇرۇشىغا كىتابنى ھەقسىز قويۇپ قويغان بولۇپ، مەن كەچتە ئۆيگە قايتىشىمدا ئۇنىڭغا مەستانىلەرچە قاراپ "مانا ئۇ كىتاب!" دەپ ئالغانىدىم. شۇنداق بولدى. Seiko ئەھۋالنى خەۋەر قىلغانىدا مەن توغرۇلۇق ھەقلىق يوسۇندا ھەسرەت بىلەن:"ھېچبىر ئالاھىدىلىكى يوق خىيالىي بىر يىگىت"دېگەنىدى.

بۇ گەپنى مەھەممەت ھەققىدىمۇ ئىشلەتكەنلىكىگە دىققەت قىلىپ كەتمىدىم، ھەتتا بىر ئاز تەسەللى تاپتىم ۋە ئۆزۈمدىن شۇ سوئالنى سورىيالىدىم. كىتابنى ئۇ گۈزەل قىز بىلەن يېقىنلىشىشقا ياردەمچى بولۇپ قالار دەپ ئىلىپ ئوقۇغانلىقىمنى هازىرغىچە نېمىشقا ئېتىراپ قىلماي كەلدىم؟

مەن جانانغا ھەيران ـ ھەس بولۇپ قاراۋاتقاندا، قارىغىنىمنىمۇ بىلمەستىن ئۇنى كۆزىتىۋاتقاندا، كىتاب سېھىرلىك ۋە ئۇركىگەك قۇشتەك ئۇستىلىمدە بىر قونۇپ بىر ئۇچقاندا، يەنى مەن ھاياتىمنىڭ سېھىرلەنگەنلىكىنى ھېس قىلغان چېغىمدا، مەھەممەتنىڭ ئىككىمىزنى، Seiko نىڭ بولسا ئۇچىمىزنى يىراقتىن كۆزىتىشى ئەڭ چىدىغۇسىز ئىش ئىدى.

" مەن ھاياتىنىڭ ئۆزى دەپ بەختىيارلىق بىلەن كۈتۈۋالغان، ئىشتىياق بىلەن سۆيگەن تاسادىپىيلىق پەقەت باشقا بىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەن" دېدىم مەن ـ ئالدانغان قەھرىمان. مەن دوكتور نارىننىڭ قوراللىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقماقچى بولدۇم. ئەمما تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتىشىم، ئۇنى تەتقىق قىلىشىم ئۈچۈن يەنە بىر سائەت ئىشلىشىم كېرەك ئىدى. چاپسان ئىشلىدىم ھەمدە دوكتور نارىننىڭ ئىشچان"سائەت"لىرى ۋە دەردمەن دۇكاندارلار ئاناتولىيىنىڭ تۆت تەرىپىدە كىتابنى ئوقۇۋاتقاندا كۆرۈپ جەزملەشتۈرگەن شۈبھىلىك ياش مەھەممەتلەر ھەققىدىكى مەسىلىلەرنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويدۇم. Serkisof بىزنىڭ مەھەممەتنىڭ فامىلىسىنى يازمىغانلىقى ئۈچۈن، قولۇمدا ئۇ چاغدا قانداق ئىزدىشىمنىمۇ بىلمەيدىغان ئۇزۇن بىر تىزىملىك شەكىللەنگەنىدى.

خېلىلا كەچ كىرىپ قالغانىدى، ئەمما دوكتور نارىننىڭ مېنى ساقلاۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتىم. سائەت چىكىلداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قارتا ئوينىلىۋاتقان ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. جانانمۇ، دوكتور نارىننىڭ قىزلىرىمۇ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشكەن، قارتا ئۇلپەتلىرى كېتىپ قېلىشقانىدى. دوكتور نارىن ئۆينىڭ ئەڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا، يوغان بىر ئورۇندۇقتا گاز لامپىسىنىڭ نۇرىدىن قېچىۋاتقاندەك چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى.

ئۇ مېنى كۆرۈپ كىتابنى، ئوقۇپ كەلگەن بېتىگە سەدەپ

نەقىشلەنگەن بىر خەت ئاچقۇچ سېلىپ يېپىپ بىر چەتكە ئېلىپ قويدى، ئورنىدىن تۇرۇپ، مېنى ساقلاۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. كۆزلىرىم بىر نەرسە ئوقۇشتىن بەك چارچاپ كەتكەن بولسا بىر ئاز ئارام ئالالايتتىم. ئەمما ئۇ مېنىڭ ئوقۇغان ۋە بىلگەنلىرىمدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىمگە ئىشىنەتتى. بۇ هايات شۇ قەدەر هەيران قالارلىق ئىشلارغا، قاتتىق هېيلىگەرلىكلەرگە تولغان ئەمەسمۇ؟ ئەمما ئۇ بۇ مۇرەككەپلىككە بىر تەرتىپ بېكىتىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغانىدى.

— ئارخىپلارنى، كاتالوگلارنى گۈلەندەم رېشىلىيە ئىشلەيدىغان بىر قىزنىڭ ئەستايىدىللىقى بىلەن تەييارلىغان، — دېدى ئۇ، — گۈلزار بارلىق خەت-ئالاقىنى باشقۇرۇشنى، مېنىڭ جاۋابلىرىم ۋە ئىستەكلىرىمنىڭ نېگىزلىك يېرىنى مەندىن ئېلىپ سۆيۈملۈك، ئىتائەتكار "سائەت"لىرىمگە خەت يېزىشنى دادىسىغا ئامراق بولغاندەك خۇشاللىق ئىش دەپ بىلىدۇ. هەر كۈنى چۈشتىن كېيىن گۈلجاهان ماڭا بارلىق خەتلەرنى بىر-بىرلەپ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئوقۇغاندا چايلىرىمىزنى ئىچكەچ ئاڭلايمىز. بەزىدە بۇ ئۆيدە ئىشلەيمىز، بەزىدە سىز ئىشلىگەن ئارخىپخانىغا كىرىمىز. باهار، ياز كۈنلىرىدە ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا بىر نەچچە سائەتلەپ ئولتۇرىمىز. جىمجىتلىقنى مەندەك ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشى ئۈچۈن ئۇ ۋاقىتلار هەقىقىي بەختىيارلىقتا ئۆتىدۇ.

كاللامدا بارلىق پىداكارلىق ۋە سۆيگۈنى، ئەستايىدىللىق ۋە نازۇكلۇقنى، تەرتىپ ۋە هۇزۇرنى مەدھىيىلەيدىغان سۆزلەرنى ئىزدەيتتىم. دوكتور نارىن مېنى كۆرۈپ ئوقۇشنى توختىتىپ قويغان كىتابىنىڭ بىر زاگور[①]نۇسخىسىدىكى كىتاب ئىكەنلىكىنى مۇقاۋىسىدىن بىلدىم. ئادەملىرىگە ئۆلتۈرگۈزگەن رىفقى تاغىنىڭ بۇ

---

[①] زاگور— بۇلغارىيىنىڭ بىر رايونى. —ت

رەسىملىك رومانىنى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك يىللىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆرۈنۈشلىرىگە تويۇنغان ھەجۋىي رەسىملىك كىتاب قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈپ يېزىشقا باشلىغانلىقىنى بىلىدىغانمىدۇ؟ ئەمما بۇ تاسادىپىيلىقلارنىڭ كىچىك تەپسىلاتلىرى بىلەن ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلىدىغاندەك ھېس قىلمايتتىم.

— ئەپەندىم، قوراللارنى كۆرۈشكە بولامدۇ؟

ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن، ماڭا ئىشەنچ بېغىشلايدىغان شەپقەتلىك بىر ئاۋازدا جاۋاب بەردى: ئۇنى دادا دېسەممۇ، دوكتور دېسەممۇ بولىدىكەن.

دوكتور نارىن ماڭا جامائەت خەۋپسىزلىك تەشكىلاتى تەرىپىدىن 1956 - يىلى ئېچىلغان بىر تاموژنا يولى بىلەن بېلگىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان ئاپتوماتىك ئوقدانلىق Browning تاپانچىسىنى كۆرسىتىپ، تېخى يېقىنغىچە بۇنداق تاپانچىلارنىڭ پەقەت دەرىجىسى يۇقىرى ساقچىلاردا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئۇزۇن ئىستىۋوللۇق، قېپىمۇ دەستە بولۇپ ملتىققا ئايلىنالايدىغان گېرمانىيە ئاپتوماتىك تاپانچىسىنىڭ بىر قېتىم خاتا ئېتىلىپ، توققۇز ملىلىمېتىرلىق ئوقنىڭ ئىككى يوغان ۋېنگىر ئېتىنى تېشىپ، ئۆيىنىڭ بىر دېرىزىسىدىن كىرىپ يەنە بىرسىدىن چىقىپ ئۇجمە ياغىچىغا تەگكەنلىكىنى ئېيتتى، ئەمما بۇ قورالنى ئېلىپ يۈرۈش ئەپسىز ئىدى. ئوڭاي ئىشلەتكىلى بولىدىغان ۋە ئىشەنچلىك بىر نەرسە ئىزدىسەم، ئۇ ماڭا ئامېرىكىنىڭ ملتىقتىن ئىشەنچلىك بولغان Smith - Wesson تاپانچىسىنى تەۋسىيە قىلدى. چاتىقى بولۇش ئېھتىمالىغا قارىماي تەۋسىيە قىلىنغان يەنە بىر ئەپچىل تاپانچا، قورال ھەۋەسكارى زوقلانغۇدەك پارقىراپ تۇرىدىغان colt تاپانچىسى ئىدى، ئەمما بۇنى ئېلىپ ماڭغاندا ئادەم ئۆزىنى ئامېرىكىلىقتا، پادىچىلارغا قالتىس ئوخشاپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، كۆڭلىمىزگە ئەڭ ياخشى سىغدۇرالىغان بىر يۈرۈش

گېرمانىيە Walther تاپانچىسى بىلەن ئۇلارنىڭ يەرلىك تەقلىدى، پاتېنتلىق "قىرىق قەلئە" تاپانچىسىغا قىزىقىپ قالدۇق. كەڭ تارقالغانلىقى، قىرىق يىلدىن بۇيان ئارمىيىدىن قاراۋۇلغىچە، ساقچىلاردىن بولكىچىلارغىچە نۇرغۇن قورالپەرەسلەر تەرىپىدىن كۆپلىگەن ئىسيانچى، ئوغرى، بۇلاڭچى، سىياسىئون ۋە ئاچ-يالىڭاچ ۋەتەنداشلارغا يۈزمىڭ قېتىمچە سىنىلىشى بۇ تاپانچىلارنى مېنىڭ نەزىرىمدىمۇ سەرخىل كۆرسىتىۋاتاتتى.

دوكتور نارىننىڭ Walther بىلەن "قىرىق قەلئە" ئارىسىدا ھېچبىر پەرق يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ تېنىمىزنىڭ روھىمىزچىلىك بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى بىر نەچچە قېتىم ئېيتقىنىغا قارىتا ياندا ئېلىپ يۈرۈشكە ئاسان ۋە چوقۇم بىر نەتىجە چىقىرىش ئۈچۈن يېقىندىن ئېتىشنىڭمۇ ھاجىتى بولمىغان 9 مىللىمېتىرلىق، تەپكىلىك بىر Walther نى ئېلىشنى قارار قىلدىم. تەبىئىيكى، كۆپ گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى، دوكتور نارىن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ قورال ھەۋەسكە مۇۋاپىق بىر چىراي ئىپادىسى بىلەن قورالنى ماڭا تولۇق ئىككى ئوقدان بىلەن بىللە ھەدىيە قىلدى ۋە پېشانەمدىن سۆيدى. ئۇ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇراتتى، مەن ئەمدى ئۇخلىشىم، ئارام ئېلىشىم كېرەك ئىدى.

ئۇيقۇ كاللامدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىش ئىدى. تاپانچا ئىشكاپى بىلەن ياتىقىمىز ئارىسىدىكى 17 قەدەملىك يولنى مېڭىۋاتقاندا كاللامدىن 17 ئوخشىمىغان سىنارىيە ئۆتتى. ئۇزۇن ئوقۇش سائەتلىرى بويىچە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كاللامنىڭ بىر بۇرجىكىدە مۇلاھىزە قىلىپ، ئاخىرىدا ئاخىرقى سەھنىگە ئۇيغۇنلىشىشنى قارار قىلغانىدىم. كېچىدە ئون بەتتەك ئوقۇپ مەست بولغان كاللامدا بۇ كارامەتلەرنى جانان قۇلۇپلىغان ئىشىكنى ئۈچ قېتىم ئۆزۈم چەككەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرگەنلىكىمنى ئەسلىدىم، ئەمما كۆزدىن كەچۈرگەن نەرسىنىڭ نېمىلىكى

خىيـــالىمغىمۇ كەلمـــــدى. چـــۈنكى ئـــشكنى قاقــا ـ قاقمـــايلا "پارول؟"دېدى ئىچىمـدىن بىـر ئـاۋاز، بەلكـى جانانىـڭ مۇشـۇنداق دەيدىغانلىقىنى ئويلىغـانلىقىم ئۈچـۈن بولـسا كېـرەك، "پادىـشاھىم، ئۇزاق ياشا" دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن.

جانـان مېنـى ھەيرانلىقتـا قالـدۇرغان يېـرىم خۇشـال، يېـرىم ئازابلىق، ياق پۈتۈنلەي سىرلىق بىر چىراي بىلەن ئـاۋۋال قۇلـۇپنى، ئانــدىن ئىــشكنى ئاچقــان ھامــان ئــۆزۈمنى بىــردىنلا بىــر نەچــچە ھەپتىدىن بېرى يادلىغان سۆزلەرنى سەھنە نۇرلىرى ئاستىغا چىقار ـ چىقماي ئۇنتۇپ قالغان خام سەنئەتچىگە ئوخـشاش ھېس قىلـدىم. بۇ ئەھۋالدا ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن ئەسكە ئالغان بىـر قـانچە قالـدۇق سۆزلەرگە ئىشىنىشتىن كـۆرە ئەس ـ يـادى جايىـدا بىرىنىـڭ ئـۆزىنى ئىچكى ئىـستەكلىرىگە تاشـلاپ قويىـدىغانلىقىنى پەرەز قىلىـش تەس ئەمەس ئىـدى. مەنمـۇ شـۇنداق قىلـدىم؛ ھېچبولمىغانــدا ئۇزاققــا چۇشۇرۇلگەن بىر ئوۋ ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇشقا تىرىشتىم.

ئــۇزۇن ســەپەردىن ئــۆيگە قايتىــپ كەلــگەن يــاش ئەردەك جانانىڭ لېۋىگە سۆيدۇم. مانـا ئەڭ ئاخىرىـدا، شـۇنچە خەتەرلىـك ھادىسىلەردىن كېيىن، ئىككىمىز بىـرلىكتە ئۆيىمىزدە، ھـۇجرىمىزدا جەم بولغانىدۇق. ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتىم. باشقا ھېچ نەرسىنى ئۇنىڭدەك مۇھىم بىلمەيتتىم. ھاياتتا ھەل قىلىنىـشى كېـرەك بولغـان بىـر ـ ئىككـى قىيىنچىلىـق بولـسا، بـۇنچە يـولنى جاسـارەت بىـلەن باسقان مەن ئۇلارنىمۇ ئاسـان ھەل قىلاتـتىم. ئۇنىـڭ لېۋى ئـۈچمە پـــۇرايتتى. يىراقلاردىكـــى، ئېنىقـــسىز يەرلەردىكـــى ئۇلۇغـــۋار خىيـاللاردىن، بـۇ خىياللارغـا ئالـدىنىپ ھايـاتى تـاپتىن چىققـان كىشىلەردىن، ئۆزىنىڭ بىمەنە خىياللىرىنى دۇنياغا نامايەن قىلىـشقا تىرىـــشۋاتقان ھـــۆرمەتكە ســـازاۋەر تەلـــۋە ئەخمەقلەردىـــن، پىداكارلىقلىرى بىلەن بىزنى پەرىـشان قىلىـشقا تىرىـشۋاتقانلاردىن، ئۇ يەردىكى ئېرىشكۈسىز ۋە مەقسەتلىك ھاياتنىڭ چاقىرىقىـدىن بىـز

ئىككىمىز بۇ ھۇجرىنىڭ ئىچىدە قۇچاقلىشىش ئارقىلىق يۈز ئۆرۈشىمىز كېرەك ئىدى. ئەي پەرىشتە، ئۇلۇغۋار خىياللاردىن تەڭ بەھرىمەن بولغان، ئەتىگەن-ئاخشاملىرى نەچچە ئاي ھەمراھ بولغان، شۇنچە يولنى بىرلىكتە باسقان ئىككى كىشىنىڭ ئىشىك-دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى دۇنيانى ئۇنتۇپ قۇچاقلىشىشلىرىغا، ھەممىدىن بەكرەك ھەقىقىي بولۇشلىرىغا، ئۇ تەگداشسىز ھەقىقىي ۋاقىتنى تېپىشلىرىغا نېمە توسقۇن بولالىسۇن؟

مانا بۇ ئۇچىنچى بىرىنىڭ قۇرۇق خىيالى ئىدى.

ياق، جېنىم بولدى قىل، لەۋلىرىڭگە سۆيەي، چۈنكى ئەمدى پايلاقچىلارنىڭ ئاخبارات دوكلاتلىرىدا ئىسمىلا قالغانلارنىڭ ئەرۋاھى يوقاپ، ھەقىقىي ئادىمىلىك سالاھىيىتى نامايەن بولغۇسى. مەن بولسام بۇ يەردە، قارا، بىلىۋاتىمەن، ۋاقىت ئاستا-ئاستا تۈگەۋاتىدۇ: بىز بىللە ئولتۇرغان ئاپتوبۇسلار بېسىپ ئۆتكەن ئۇ يوللار بىز ئۇنىڭدىن غايىب بولغاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر بىز بىلەن ھېچ كارى بولماستىن، ياز كېچىلىرىدە، يۇلتۇزلار ئاستىدا ئاسفالت، تاش ۋە ئىسسىقلار بىرلىكتە ئۆزلىرى بىلەن تەلتۆكۈس مەۋجۇت بولۇپ ھۇزۇر بىلەن سوزۇلۇپ ياتسا، بىزمۇ بۇ يەردە ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي بىرلىكتە ياتايلى... ياق جېنىم، ۋاقىتنى زادى ئۆتكۈزمەي، قوللىرىم زىبا مۇرىلىرىڭنى، ئىنچىكە، نازۇك قوللىرىڭنى تۇتقانچە، ساڭا يېقىنلاشقانچە، بارلىق ئاپتوبۇسلار ۋە يولۇچىلار ئىزدىگەن ئاشۇ تەگداشسىز ۋاقىتتا، قارا، نەقەدەر بەختلىك ھالدا ئاستا-ئاستا يېتىپ بېرىۋاتىمىز. لەۋلىرىمنى قۇلىقىڭ بىلەن چېچىڭ ئارىسىدىكى سۈزۈك يەرگە باسقىنىمدا، چاچلىرىڭنىڭ زەرەتلىرىدىن ئۇركىگەن قۇشلار شۇئان يۈزۈمگە، پېشانەمگە كۆز پەسلىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كەلگىنىدە، ئالقىنىمنىڭ ئىچىدە كۆكسۈڭ قانات قاققان جاھىل قۇشتەك تىكلەنگىنىدە، قارا، مانا ئەمدى، ئۇ ئېرىشكۈسىز ۋاقىت ئارىمىزدا قانداق تولۇق، ساغلام

تىرىلمەكتە. مانا ئەمدى ئىككىمىز ئۇ يەردىمۇ، باشقا بىر يەردىمۇ، مەن خىيال قىلغان دىياردىمۇ، ئاپتوبۇس ۋە قاراڭغۇ مېھمانخانا ياتاقلىرىدىمۇ ، پەقەت كىتاب بەتلىرىدە بار بولغان بىر كېلىچەكتىمۇ ئەمەس، بەلكى بۇ يەردە ، بۇ ھۇجرىدا ئىكەنلىكىمىزنى كۆزلىرىڭدىن كۆرۈۋاتىمەن، قانماي سۆيۈشلىرىم ۋە سېنىڭ مەيلىڭ بىلەن ئىككىمىز ئۇچى ئېنىق بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك، بىر-بىرىمىزنى تۇتقان بىر مۆجىزىنى كۆرۈشنى كۈتۈۋاتىمىز. ۋىسال پەيتى! مېنى قۇچاقلا، ۋاقىت ئۆتمىسۇن، قېنى جېنىم مېنى قۇچاقلا، مۆجىزە تۈگىمىسۇن! ياق، قارشى چىقما، ئەسلە: گەۋدىلىرىمىز ئاپتوبۇس ئورۇندۇقلىرىدا بىر-بىرىگە ئاستا-ئاستا تايىنىپ، چۈشلىرىمىز چاچلىرىمىزدەك بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن كېچىلەرنى؛ لېۋىڭنى تارتىۋالماي تۇرۇپ ئەسلە، باشلىرىمىز بىرلىكتە سوغۇق ۋە قاراڭغۇ ئەينەككە يۆلىنىپ قالغاندا بىز كىچىك ناھىيىلەرنىڭ ئارا كوچىلىرىدا كۆرگەن ئۆيلەرنى؛ بىز قول تۇتىشىپ كۆرگەن شۇنچە فىلىملەرنى ئەسلە: يامغۇردەك ياغقان ئوقلارنى، پەلەمپەيلەردىن چۈشكەن ئاق تەنلىكلەرنى، سەن ياخشى كۆرۈپ قالغان تەمكىن، كېلىشكەن ئەرلەرنى؛ بىز گۇناھ قىلغاندەك، جىنايەتنى ئۇنتۇغاندەك ۋە باشقا بىر دىيارنى چۈشىگەندەك جىمجىت ئولتۇرۇپ كۆرگەن سۆيۈشۈشلەرنى ئەسلە؛ لەۋلەرنىڭ بىر-بىرىگە يېقىنلىشىشىنى ۋە كۆزلەرنىڭ سىنئالغۇدىن يىراقلىشىشىنى ؛ ئەسلە، ئاپتوبۇسىمىزنىڭ چاقلىرى سېكونتىغا يەتتە يېرىم قېتىم ئايلىنىۋاتقاندا بىزنىڭ بىر ھازا قىمىرلىماي، قانداق ھەرىكەتسىز قالغانلىقىمىزنى. ئەمما ئۇ ئەسلىمىدى. ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەرچە سۆيدۈم. ياتاق قالايمىقان بولۇپ كەتكەنىدى. Walther نىڭ قاتتىقلىقىنى بايقىغانمىدۇ؟ جانان يېنىمدا يېتىپ، يۇلتۇزلارغا قارىغاندەك تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ دېدىم:

— جانان، بىز ئاپتوبۇستا بەختلىك ئەمەسمىدۇق؟ يەنە ئاپتوبۇسلارغا قايتايلى.

بۇ گەپنىڭ ھېچقانداق مەنتىقىسى يوق ئىدى، ئەلۋەتتە.

— نېمە ئوقۇدۇڭ، بۈگۈن نېمىنى بىلىۋالدىڭ، — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.

— ھايات ھەققىدە بەك كۆپ نەرسە، — دېدىم مەن ئاۋاز ئارتىسىدەك ھەم قىسمىلىق بىر فىلىم ئىچىدە تۇرغاندەك، — ئەسلىدە بەك پايدىلىق نەرسىلەر. بۇ كىتابنى ئوقۇغانلار خېلى كۆپ ئىكەن، كىتاب ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرلەرگە چاپتۇرۇپتۇ... ھەممە نەرسە مۇرەككەپلىشىپ كەتىكەن، كىتابنىڭ كىشىلەرگە بەرگەن ئىلھامبەخش نۇرى گويا ئۆلۈمدەك كۆز قاماشتۇرىدۇ. ھايات نېمىدېگەن ئازدۇرغۇچى.

بۇ تىل بىلەن داۋاملىق چۈشەندۈرىدىغانلىقىمنى، مۇھەببەت ئارقىلىق يارىتالمىدىم دېگەندىمۇ، ھېچبولمىغاندا سۆزلەر ئارقىلىق، بالىلار ياخشى كۆرىدىغان مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتاتتىم. سادىدىلىقىمنى ۋە بۇ چارىسىزلىكتە مۇراجىئەت قىلغان ھىيلىگەرلىكىمنى ئەپۇ قىل، پەرىشتە، چۈنكى يەتمىش كۈندىن كېيىن تۇنجى قېتىم جانانغا شۇ قەدەر يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ يېنىدا يېتىۋاتاتتىم، بىر ئاز كىتاب كۆرگەنلەرنىڭ بىلگىنىدەك، بالىلىقنى دوراش ھەقىقىي مۇھەببەت جەننىتىنىڭ ئىشىكلىرىگە سوقۇلغان مەندەكلەر مۇراجىئەت قىلىدىغان تۇنجى چارىدۇر. توپان بالاسىنى ئەسلىتىدىغان شىۋىرغانلىق يامغۇر ياغقان بىر كېچىدە، ئافيون[①] بىلەن كۈتاھيا[②] ئارىسىدا بىز ئۇستىدىن، دېرىزىلىرىدىن سەلدەك

---

[①] ئافيون— ئافيون قاراھىسارنىڭ ئىخچام ئاتىلىشى، تۈركىيىنىڭ ئېگەي رايونى بىلەن مەركىزىي ئاناتولىيە رايونىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ۋىلايەت، — ت.

[②] كۈتاھيا— تۈركىيىنىڭ غەربىي ئاناتولىيە رايونىدىكى ۋىلايەت، —ت.

سۇلار ئاققان بىر ئاپتوبۇستا كۆرگەن «ساختا جەننەتلەر» ناملىق فىلىمنى بىر يىلنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ بەخت ۋە ھۇزۇر ئىچىدىكى جانانىنىڭ ئاشىقىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كۆرگەنلىكىنى Seiko ماگا تېخى يېقىندا بىلدۈرگەن ئەمەسمىدى؟

— پەرىشتە كىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.

— بۇ شۇنداق چۈشىنىشلىك بولىدىكى، كىتاب بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنى بىلىدىغان يالغۇز بىزلا ئەمەس، پەرىشتىنى قوغلىشىۋاتقان باشقىلارمۇ بار، — دېدىم.

— ئۇ كىمگە كۆرۈنىدۇ؟

— كىتابقا ئىشەنگەن، ئۇنى دىققەت بىلەن ئوقۇيدىغانلارغا.

— ئاندىن كېيىنچۇ؟

— ئاندىن كىتابنى ئوقۇۋېرىپ سەن ئۇ بولىسەن. سېنى كۆرگەنلەر بىر ئەتىگىنى ئورنىدىن قوپۇپ كىتابنى ئوقۇغاندا، ئەپەندىم، جانابلىرى دەيدۇ، كىتابتىن چىققان نۇردا بۇ قىز پەرىشتە بوپتۇ! دېمەك، پەرىشتە بىر قىز ئىكەن. ئەمما بۇنداق بىر پەرىشتە باشقىلارنى قانداق تۇزاققا چۈشۈرەلەيدۇ دەپ كېيىن ھەيران بولىسەن! پەرىشتىلەرنىڭ ئۇسال ئويۇنلارنى ئوينىشى مۇمكىنمۇ؟

— بىلمەيمەن.

— مەنمۇ بىلمەيمەن. مەنمۇ ئويلاۋاتىمەن، ئىزدەۋاتىمەن، — دېدىم بەلكىم بۇ سەپەر مېنى يەتكۈزەلەيدىغان بىردىنبىر جەننەتنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ مەن جانان بىلەن ياتقان بۇ ھۇجرا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، خەتەرلىك ۋە ئىشەنچسىز رايونلارغا قەدەم بېسىشتىن ئۆزۈمنى تارتىپ، ئەي پەرىشتە. بوپتۇ، ھۆكۈمنى سۈرۈۋالسۇن شۇ تەگداشسىز پەيت. ھۇجرىدا بىلىنەر-بىلىنمەس بىر خىل ياغاچ پۇرىقى، يەنە باللىقىمىزدا ئىشلەتكەن، ئەمما ھازىر ئوراپ-قاچىلىنىشى ياخشى ئەمەس دەپ دۇكاندىن ئالمايدىغان كونا

سوپۇنلارنىڭ ۋە كەمپۈتلەرنىڭ خۇشپۇرىقىنى ئەسلىتىدىغان بىر سالقىنلىقمۇ بار ئىدى.

كىتابنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا چۆكەلمىگەن، جاناننىڭ ئەستايىدىللىقىغا يېتەلمىگەن مەن كېچىنىڭ كەچ سائىتىدە قاپىبەلدىن بىر قانچە ئېغىز گەپ قىلالايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، جانانغا ۋاقتىنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم؛ بىز بۇ سەپەرگە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چىققان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭدىن خەۋىرىمىز يوق ئىدى. شۇڭا ھەرىكەت قىلىۋاتاتتۇق ۋە زادى قىمىرلىيالمايدىغان ئاشۇ بىر پەيتنى ئىزدەۋاتاتتۇق. مىسلىسىز پەيت مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى. ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىنىمىزدا بىر چىقىش ۋاقتى بارلىقىنىمۇ ھېس قىلغان، بۇ ئىسمەنگۈسىز رايوننىڭ مۆجىزىلىرىگە ئۆلگەنلەر ۋە ئۆلۈۋاتقانلار بىلەن بىرلىكتە ئۆز كۆزىمىز بىلەن تولۇق شاھىد بولغانىدۇق. ئەتىگىنى ۋاراقلىغان باللار ژۇرناللىرىدا، كىتابىتىكى مەلۇماتلار بىر يادرو ھالىتىدە ئەڭ سەبىي شەكلىدە بار ئىدى، ئەمدى بىز ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ ئۇنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئۇ ياقتا، يەنى يىراقتىكى بىر يەردە ھېچ نەرسە يوق ئىدى. سەپىرىمىزنىڭ بېشىمۇ، ئاخىرىمۇ بىز قەيەردە بولساق شۇ يەر ئىدى. دەرۋەقە يوللار، قاراڭغۇ ئۆيلەر قورال تۇتقان قاتىللار بىلەن تولغانىدى. كىتابتىن، كىتابلاردىن ھاياتقا ئۆلۈم سىرغىيتتى. ئۇنى قۇچاقلىدىم، جېنىم، بۇ يەردە قالايلى، گۈزىلىم بۇ ھۇجرىنىڭ قىممىتىنى بىلەيلى؛ قارا، ئۈستەل، سائەت، لامپا، دېرىزە. ھەر ئەتىگىنى ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، بۇ ئۈجمە دەرىخىگە ھەيرانلىق بىلەن قارايمىز. ئۇ ئەنە شۇ يەردە بولسا، بىز بۇ يەردە، دېرىزىنىڭ كېشىكى، ئۈستەلنىڭ پۇتى، لامپىنىڭ پىلىكى: نۇر ۋە پۇراق؛ بۇ دۇنيا نەقەدەر يالىڭاچ. ئەمدى كىتابنى ئۇنۇت. ئۇمۇ ئۇنى ئۇنتۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. مەۋجۇتلۇق سېنى قۇچاقلاشتۇر. ئەمما جانان ئۇ

يەردە ئەمەس ئىدى.
— مەھەممەت قەيەردە؟
ئۇ بۇ سوئالىغا جاۋابنى تورۇستىن تاپىدىغاندەك پۈتۈن دىققىتى بىلەن تورۇسقا قاراۋاتقاندا قوشۇمىسى تۈرۈلدى، ماڭلىيى سوزۇلدى، لەۋلىرى بىر سىر بەرمەكچى بولغاندەك بىر ئاز پۈرۈلدى. ھۆجرىدىكى رەسىم قەغىزى ساغۇچ نۇردا ئىلگىرى مەن زادى كۆرمىگەن سۆسۈن رەڭگە ئۆزگەرگەنىدى. ئاشۇ سەپەرلەردىن، ئاپتوبۇسلاردا ئۆتكۈزگەن كېچىلەردىن، ئارامبەخش بىر مۇھىتتا بىر كۈن ئۆي تاماقلىرىنى يەپ ئۇخلىغاندىن كېيىن جانانىنىڭ رەڭگىرويى تۈزىلىپ قالغانىدى. بەزى قىزلار بەختلىك ۋە تەرتىپلىك بىر ئائىلە تۇرمۇشىنى سېغىنىپ، بىردىنلا توي قىلىۋەتكەنىدەك، ئۇنىمۇ مەن بىلەن توي قىلامدىكىن دەپ ئۇنىڭغا ئىغىز ئاچتىم.
— مىجەزىم يوق، — دېدى ئۇ، — يامغۇردا ئۆزۈمگە سوغۇق تەگكۈزۈۋالدىم، قىزىتمام ئۆرلەپ قالدى.
ئۇ ئوڭدا يېتىپ تورۇسقا قاراۋاتقاندا، مەن يېنىدا يېتىپ ئۇنىڭ يۈزىنىڭ رەڭگىگە ھەيران بولدۇم، قولۇمنى دوختۇردەك ئۇنىڭ پېشانىسىگە قويۇپ مەغرۇر تۇتۇپ تۇرۇش نەقەدەر كۆڭۈللۈك، قولۇم مەندىن قاچمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ پېشانىسىدە تۇرۇپ قالغانىدى. باللىق چاغلىرىمنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتىم، تۇتۇش لەززىتىنىڭ ماكانلارنى، تۆشەكلەرنى، ھۆجرىلارنى، پۇراقلارنى، ئادەتتىكى نەرسىلەرنى باشتىن-ئاخىر قانداق ئۆزگەرتكىنىنى بايقاۋاتاتتىم. كاللامدا باشقا ھېسابلار، ئوي-خىياللارمۇ بار ئىدى. ئۇ يۈزىنى سەل بۇراپ ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن قارىغاندا قولۇمنى پېشانىسىدىن تارتىپ، راستىنى ئېيتتىم:
— قىزىتماڭ بار.
شۇ ھامان ئالدىمدا ھېچ ھېسابتا يوق بىر مۇنچە ئېھتىماللىق نامايەن بولدى. يېرىم كېچىدىن كېيىن ئاشخانىغا چۈشتۈم.

كۆرۈنۈشى قورقۇنچلۇق كورىلار ۋە خىيالەتلەر ئارىسىدىن، غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا ئالدىمغا ئۈچرىغان يوغان بىر قەھۋە چەينىكىدە بىر ئىدىشتىن تاپقان ئىھلامۇر[1]نى قاينىتىۋاتقىنىمدا، بىر يۇڭ ئەدىيالنىڭ ئىچىگە كىرىپ باشقا بىرىنى قۇچاقلاشنىڭ سوغۇق تەگكەنلەرگە ئەڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى جانانغا ئېيتىشنى خىيال قىلىۋاتاتتىم. بىر دەمدىن كېيىن جانان ماڭا ئېيتقان يەردىكى ئاشخانا ئىشكاپى ئۈستىدىكى دورا قۇتىلىرى ئارىسىدىن ئاسپىرىن ئىزدەۋاتقىنىمدا، ئەگەر مەنمۇ ئاغرىپ قالسام ھۇجرىدا نەچچە كۈن تۇرۇپ قالالايمىز دەپ ئويلاۋاتاتتىم. بىر پەردە قىمىرلىدى، ساپما كەشلەر شىپىرلىدى. دوكتور نارىننىڭ ئايالىنىڭ ئاۋۋال كۆلەڭگىسى، ئاندىن نېرۋىسى ئىتتىك ئۆزى بىلەن ئۇچراشتىم. ياق خانىم، دېدىم، ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق، پەقەت ئۆزىگە بىر ئاز سوغۇق تەگكۈزۈۋاپتۇ.

ئۇ مېنى ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىرىپ، يوتقان-كۆرپە ئىشكاپى ئۈستىدىن قېلىن بىر يۇڭ ئەدىيالنى ئالغۇزۇپ، ئۇنىڭغا كىرلىك قاپلىدى ۋە: "ۋاي بالام، ئۇ قىز بىر پەرىشتە، ئۇنى خاپا قىلما، دىققەت قىل" دېدى. ئاندىن كاللامدىن ھېچ چىقمىغۇدەك بىر گەپ قىلدى: ئايالىڭنىڭ بوينى شۇ قەدەر گۈزەل ئىكەن.

ھۇجرىغا كىرگەندە ئۇنىڭ بوينىغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن قارىدىم. بۇرۇن دىققەت قىلمىغانمىدىم؟ دىققەت قىلغانىدىم، ياقتۇرغانىدىم، ئەمما بويننىڭ ئۇزۇنلۇقى مېنى شۇنچىلىك جەلپ قىلىۋالدىكى، خېلى بىر ۋاقىت باشقا ھېچنېمە ئويلىيالمىدىم. ئۇنىڭ ئىھلامۇرنى ئاستا-ئاستا ئىچىشىنى، ئاسپىرىننى يۇتار-يۇتماي دەرھال "ياخشى" بىر ئىشلار بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ياخشى باللاردەك يۇڭ ئەدىيالغا يۆگىنىپ ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈتۈشىنى كۆزەتتىم.

[1] ئىھلامۇر— بىر خىل دەرەخ، ئۇنىڭ چېچىكى چاي قىلىنىدۇ.— ت.

جىمجىتلىق ئۇزاق ھۆكۈم سۈردى. قوللىرىمنى چېكەمگە تىرەپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدىم. ئۇچمە دەرىخى بىلىنەر-بىلىنمەس قىمىرلايتتى. جېنىم، ئۇچمە دەرىخىمىز يېنىك بىر شامالدىمۇ شۇنچە تىترەۋاتىدۇ. جىمجىتلىق. جانان تىترىمەكتە، ۋاقىت تېز ئۆتمەكتە.

شۇنداق قىلىپ بۇ ھۇجرا، يەنى ھۇجرىمىز قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە "كېسەل ھۇجرىسى" دېيىلگەن ئۆزگىچە ئىقلىم ۋە مەنزىرىلىك يەرگە ئايلاندى. ئۇيىاق-بۇياققا مېڭىۋاتقاندا ئۇستەلنىڭ، ئىستاكاننىڭ، كىچىك شىرەنىڭ ناھايىتى تونۇش، يېقىملىق نەرسىلەرگە ئاستا-ئاستا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتىم. سائەت تۆت بولدى. جانان ماڭا "بۇ يەردە، كارىۋاتنىڭ قىرىدا، يېنىمدا ئولتۇرامسەن" دېدى. يۈك ئەدىيالنىڭ ئۈستىدىن پۇتلىرىنى تۇتتۇم. ماڭا كۈلۈمسىرىدى، مەن بەك بەلەن ئىكەنمەن. كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇخلىغاندەك قىلدى، ياق مۈگدىدى، ئۇخلىدى. ئۇخلىدىمۇ؟ ئۇخلىدى.

سائەتكە قارىغاندا، كوزىدىن سۇ ئالغاندا، جانانغا نەزەر سالغاندا، بىر قارارغا كېلەلمىگەندە، بىر ئىش بولسۇن دەپ بىر تال ئاسپىرىننى يۇتقىنىمدا، جانان كۆزلىرىنى ئاچقاندا، قولۇمنى پېشانىسىگە قويۇپ قىزىتمىسىغا يەنە بىر قارىغاندا ئۆزۈمنى توختىماي مېڭىپ يۈرگەندەك ھېس قىلدىم.

ۋاقىت تېز ئۆتسۇن دەپ تەقەززا بولۇۋاتقان چاغدا ۋاقىت گويا بىر ھازا ئىككىلەندى، مەن ئورنىمۋالغان نېپىز يۈك ئەدىيالدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ كەتتى، جانان ياتقان ئورنىدىن قوپتى: ئاردەمچى شوپۇرلار ھەققىدە توساتتىن قىزىق پاراڭلارنى قىلىشتۇق. شوپۇرلاردىن بىرى بىر كۈنى يەرلىك شوپۇرلارنى قولغا كەلتۈرۈپ نامەلۇم بىر دىيارنى بايقايدىغانلىقىنى ئېيتقاندى. يەنە بىرى ئېغىزىنى يىغالماي: بۇ شىركەتنىڭ سىلەردەك قەدىرلىك يولۇچىلارغا قىلغان ھەقسىز سوۋغىتى، مەرھەمەت، شاكىلاتلاردىن ئېلىڭ،

كۆپ چاينىماڭ، چۈنكى تەركىبىدە ئەپيۇن بار، يولۇچىلار ئاپتوبۇسقا چىقىپلا بوۋاقلاردەك پۈشۈلداپ ئۇخلاپ كېتىدۇ، بۇنى ئاپتوبۇسنىڭ سىلىقلىقى، رولغا پىشقان شوپۇرنىڭ ھۈنىرى، شىركىتىمىز ۋە ماشىنىلىرىمىزنىڭ ئىلغارلىقى دەپ بىلىدۇ، دېگەنىدى. يەنە باشقا بىرسىمۇ بار ئىدى، ئىنتايىن تاتلىق كۈلۈشكەنىدۇق، ئەسلىدىگىمۇ جانان، بۇنى ئايرىم ئىككى ئاپتوبۇستا كۆرگەنىدۇق، شوپۇر ماڭا: " ئاكا، ئالدىنقى قېتىم سىنىڭ بۇ قىزنى ئەپقاچقانلىقىڭنى بىلگەنىدىم، ئەمدى كۆرۈۋاتىمەن، توي قىلىپسىز يەڭگە، تەبرىكلەيمەن" دېگەنىدى.

مەن بىلەن توي قىلامسەن؟ بۇ سۆزلەرنىڭ نۇرلىرى بىلەن جانلانغان نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەنىدۇق: گىرەلىشىپ كەتكەن ئاشىق-مەشۇقلار دەرەخلەر ئاستىدا مېڭىشقاندا، كېچىدە بىر ئىستولبىنىڭ ئاستىدا، ماشىنىنىڭ ئىچىدە، ئەلۋەتتە ئارقا ئورۇندۇقتا، بوغۇز كۆۋرۈكى ئۈستىدە، چەت ئەل فىلىملىرىدىكىگە ئوخشاش يامغۇر ياغقاندا، قەدىرلىك تاغىلار قىز بىلەن ئوغۇلنى ئۇچراشتۇرمىغاندا ۋە ياكى ئاق كۆڭۈل دوستلار "سىلەرنى دەپ شۇنداق قىلدۇق" دېگەن باھانە بىلەن قىز-ئوغۇل ئىككىسىنى ئايرىۋەتكەندە، ياكى باي يىگىت گۈزەل قىزدىن شۇنى سوراپ كۆلگە چولتوك قىلىپ چۈشكەندە شۇ گەپ چىقاتتى:"مەن بىلەن توي قىلامسەن؟ ". بوينى گۈزەل قىزدىن كېسەل ھۇجرىسىدا بۇ سوئال سورالغان بىر كۆرۈنۈشنى كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن، سۆزلىرىمنىڭ جاناندا فىلىملەردىكىدەك سېھىرلىك تۇيغۇلار ئويغىتالايدىغانلىقىغا ئىشىنەلمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىققىتىم ھۇجرىدىكى بىغەم بىر پاشىغا قادىلىپ قالغانىدى.

سائەتكە قاراپ جىددىيلىشىپ كەتتىم. جانانىنىڭ قىزىتمىسىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. تىلىڭغا قاراپ باقاي دېدىم، تىلىنى چىقاردى، ئۇچى ئۈچلۇق ۋە سۆسۈن رەڭ ئىدى. ئالدىغا ئېڭىشىپ تىلىنى

ئاغزىمغا ئالدىم، مۇشۇ پېتى بىر ئاز تۇردۇق، ئاھ ، پەرىشتە.

— ئۇنداق قىلما، — دېدى ئۇ، — بەك شىرىنسەن، ئەمما ئۇنداق قىلمايلى.

جانان ئۇخلاپ قالدى. كارىۋاتنىڭ قىرىدا، يېنىدا يېتىپ تىنىقىنى ساناپ دىم. خىيالدىن كېيىن، تاڭ يورۇش ئالدىدا شۇنداق بىر نەرسىلەرنى قايتا - قايتا ئويلاۋاتاتتىم: ئۇنىڭغا دەيمەنكى، ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر ئويلان، جانان، سېنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىمەن، جانان، سېنى نە قەدەر ياخشى كۆرىدىغىنىمنى بىلەمسەن... مۇشۇ گەپلەرنى دېيىشنى ئويلىدىم ئېھتىمال. يالغان گەپتىن بىرنى قىلىپ ئۇنى يېڭىۋاشتىن ئاپتوبۇسلارغا ئېلىپ چىقاي دەپمۇ ئويلىدىم، ئەمما ئەمدى نەگە بېرىشىم كېرەكلىكىنى تەخمىنەن بىلەتتىم ھەمدە دوكتور نارىننىڭ رەھىمسىز "سائەت"لىرىنى تونۇغاندىن، جانان بىلەن بۇ ھۇجرىدا بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۆلۈمدىن قورقۇشقا باشلىغىنىمنىمۇ بىلەتتىم.

پەرىشتە، بىلىۋاتىسەن، بىچارە يىگىت سۆيگىنىنىڭ يېنىدا يېتىپ كۆڭ چىققىچە ئۇنىڭ تىنىقلىرىنى تىڭشىدى؛ جانانىنىڭ تۈز، چىرايلىق ئېڭىكىنى، گۈلزار بەرگەن ئۇخلاش كىيىمىدىن چىقىپ تۇرغان قوللىرىنى، چاچلىرىنىڭ ياستۇققا يېيىلىشىنى ۋە ئۇجمە دەرىخىنىڭ بارا - بارا يورۇغانلىقىنى تاماشا قىلدى.

ئاندىن ھەممە نەرسە تېزلەشتى: ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدىن تاراق - تۇرۇق ئاۋازلارنى تۇيدى، ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن ئېھتىياتلىق ئاياغ تىۋىشلىرىنى ئاڭلىدى، يېڭىدىن چىقىشقا باشلىغان شامالدا بىر دېرىزە ئېچىلىپ يېپىلدى، بىر ئىنەك مۆرىدى، بىر ماشىنا گۈرۈلدىدى، يۆتەلگەن بىر كىشى ئىشىكىمىزنى چەكتى. قولىدا يوغان بىر دوختۇر سومكىسى تۇتقان، دوختۇرلۇقى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق، ساقال - بۇرۇتلىرى قىرىلغان بىرى، سىرتتىكى قىزارغان نان پۇرىقى بىلەن بىللە ئىچكىرىگە كىردى. ئۇنىڭ

كالپۇكلىرى بايا قان ئىچكەندەك قىپقىزىل ئىدى، چۆرىسىدە سەت بىر جاراھەت بار ئىدى. ئۇ قىززىتما ئىچىدىكى جانانىي نومۇسسىزلارچە يېشىندۈرىدۇ ۋە تىترەۋاتقان بوينىنى، دۈمبىسىنى بۇ كالپۇكلىرى بىلەن سۆيىدۇ دەپ ئويلىدىم. ئۇ نەپرەتلىك سومكىسىدىن تىگىشغۇچىنى ئېلىۋاتقاندا مەن قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا Waltherىمنى تىقىپ قويغان يەردىن ئېلىپ، ئىشكتىكى ئەندىشىلىك ئائىغا پەرۋا قىلماي ھۇجرىدىن ۋە ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

دوكتور نارىن ماڭا تونۇشتۇرغان يەرگە ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ئالدىراشلىق بىلەن كىرىپ كەتتىم. ھېچكىمنىڭ مېنى كۆرمەيدىغانلىقىدىن ۋە شامالنىڭ غەيۋەت توشۇمايدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولغان، تېرەكلەر بىلەن قورشالغان بىر خىلۋەتتە تاپانچامنى بېسىپ كەينى-كەينىدىن ئوق ئاتتىم. شۇنداق قىلىپ دوكتور نارىننىڭ سوۋغىتى بولغان ئوقلار بىلەن پىخسىقلارچە قىسقا، كۆڭۈلسىز ۋە ئىقتىدارسىز ئېتىش مەشىقى قىلغان بولدۇم. مەن نىشان قىلىپ تاللىغان تېرەككە تۆت قەدەم ئارىلىقتىن ئاتقان ئۈچ تال ئوقتىن بىرەرسىمۇ تەگمىدى. بىر ئاز دېلىغۇل بولۇپ قالغىنىمنى، شىمالدىن كەلگەن ئالدىراڭغۇ بۇلۇتلارغا قاراپ چارىسىزلىك بىلەن خىياللىرىمنى يىغىۋېلىشقا تىرىشقىنىمنى بىلىمەن، ياش Walther نىڭ ئىزتىراپلىرى...

ئالدىدا بىر يەردە دوكتور نارىننىڭ بوش يەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن ئېگىز بىر قىيالىق بار ئىدى. ئۇ يەرگە چىقىپ ئولتۇرۇدۇم، مەنزىرىلەرنىڭ كەڭلىكىگە ۋە موللۇقىغا قاراپ ئېسىل خىياللارغا چۆكۈپ، ھايات مەنزىلىمنىڭ ئەمدى قانداق خاراب يەرلەردە بولىدىغانلىقىنى ئويلىدىم. خېلى ۋاقىت ئۆتتى، ئەمما بۇنداق قىيىن ۋاقىتلاردا پەيغەمبەرلەرگە، كىنو چولپانلىرىغا، ئەزىزلەرگە ۋە سىياسىي داھىيلارغا ياردەم بېرىشكە ئالدىرىغان

پەرىشتىلەر، كىتابلار، ئىلھام پەرىلىرى ۋە سەھرا ئاقىلللىرى ماڭا پەقەت ئۇچرىمىدى.

كاتتا تۇرالغۇغا چارىسىز قايتتىم. جانانىمنىڭ قېنىنى بەھۇزۇر سۈمۈرگەن قىزىل كالپۇكلۇق ساراڭ دوختۇر ئەمدى ئانىسى بىلەن ئولتۇرغان گۈل قىزلارنىڭ چېيىنى ئىچىۋاتاتتى. مېنى كۆرۈپ نەسىھەت قىلىش ئىشتىياقىدىن كۆزلىرى چاقنىدى.

— يىگىت! — دېدى ئۇ ماڭا، — ئايالىڭ سوغۇق تەگكۈزۈۋاپتۇ، ئېغىر زۇكام بولۇپتۇ، ئېخمۇ يامان بولغىنى، ھارغىنلىق، ھالسىزلىق، كۈتۈنەلمەسلىك تۈپەيلىدىن ئاجىزلاپ كېتىپتۇ.

نېمە قىلىپ ئۇنى بۇنچە چارچىتىۋەتكەندىمەن، نېمە قىلىپ ئۇنى بۇنچە ئازابلىغاندىمەن؟ قىزلار بىلەن ئانىسى يېڭى بىر ياش ئەرگە — ماڭا شۈبھىلىك قاراشتى.

— ئۇنىڭغا كۆپ دورىلارنى بەردىم، بىر ھەپتە مىدىرلىماي ياتسۇن.

بىر ھەپتە! دوختۇر چېيىنى ئىچىپ، ئىككى بادام باقالىسىنى يەپ بولۇپ يوقالغاندا، يەتتە كۈننىڭ ماڭا يېتىپ ئېشىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىدىم. جانان ئۇخلاۋاتاتتى، مەن ھۇجرىدىن كېرەكلىك ھېسابلىغان بىر-ئىككى ئۇششاق-چۈششەك نەرسىنى، خاتىرىلىرىمنى، پۇللىرىمنى ئالدىم. جانانىنىڭ بويىنىغا سۆيدۈم-دە، ۋەتەننى قوغداشقا ئاتلانغان خۇشال ئەسكەردەك ئالدىراشلىق بىلەن ئۆيدىن چىقتىم. ئاندىن گۈلزار بىلەن ئانىسىغا ئالدىراش بىر ئىشىم، باش تارتىپ بولماس بىر مەسئۇلىيىتىم بارلىقىنى ئېيتىپ، ئايالىمنى ئۇلارغا ئامانەت قىلدىم. ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆز كېلىنىدەك قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بەش كۈندىن كېيىن قايتىدىغانلىقىمنى ئالاھىدە بىلدۈردۈم ۋە كەينىمدە قالدۇرغان جادۇگەرلەر، ئەرۋاھلار ۋە قاراقچىلار دىيارىغا، دوكتور نارىننىڭ ئوغلى ئۈچۈن قەيسەرىيلىك يىگىت ياتقان مازارلىققا كەينىمگە

ئۆرۈلۈپ قاراپمۇ قويماي بازارغا، ئاپتوبۇس بېكەتلىرىگە قاراپ كەتتىم.

## 12

يەنە سەپەرگە ئاتلاندىم! ئەي ئەسكى بېكەتلەر، ئەبجەق ئاپتوبۇسلار، دەردمەن يولۇچىلار، مەرھابا! شۇنداق بولىدىغۇ، ئىختىيارسىز كۆنۈپ قالغان، كۆنۈپ قالغىنىمىزنى پەقەت بىلمىگەن ئادەتتىكى بىر ئىشتىياق خۇمارىدىن ئايرىلىپ قالغىنىمىزدا ھاياتنىڭ بۇرۇنقىدەك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ پەرىشان بولىمىز. كونا بىر MAGIRUS مېنى دوكتور نارىن ئىنىقلىماستىن ھۆكۈم قىلغان چاتىق ناھىيىسىنىڭ قالاق بىر يېرىگە ئېلىپ كېتىۋاتقاندا بۇ پەرىشانلىقتىن قۇتۇلىمەن دەپ ئويلىغانىدىم. چۈنكى يۆتەلسەممۇ، چۈشكۈرسەممۇ، تاغ يوللىرىدا بوۋايدەك ھاسىراپ-ھۆمۈدىسەممۇ، ئاقىۋەت بىر ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە ئىدىم. ئەمما ئارقامدا قالدۇرغان رىۋايەتلەردىكىدەك دىيارنىڭ مەركىزىدە، جانان قىزنىتما ئىچىدە بىر ھۇجرىدا ياتاتتى، مەن ئەدىۋىنى بېرەلمىگەن بىر پاشا شۇ ھۇجرىدا كېچىنى شۇملۇق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ئىشىمنى بالدۇرراق پۈتتۈرۈپ، غەلىبە بىلەن قايتىپ، يېڭى ھاياتنى باشلاشقا مۇۋەپپەق بولۇش ئۈچۈن پۇللىرىمنى ۋە ماتېرىياللىرىمنى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈردۈم.

يېرىم كېچىدە باشقا بىر ئاپتوبۇسنىڭ تىترەۋاتقان ئەينىكىدىن ئۇيقۇ بىلەن ئۇيغاقلىق ئارىسىدىكى بېشىمنى يىراقلاشتۇرۇپ كۆزلىرىمنى ئاچقىنىمدا، بەلكىم بۇ يەردە تۇنجى قېتىم، سەن بىلەن يۈزمۇ يۈز ئۇچرىشىدىغانلىقىمنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئويلىدىم، پەرىشتە. ئەمما روھ ساپلىقى بىلەن مىسلىسىز پەيتنىڭ سېھرىنى بىرلەشتۈرىدىغان ئىلھام مەندىن شۇ قەدەر

يىراقتا ئىدى. ئاپتوبۇس دېرىزىلىرىدىن ئۇزۇن مەزگىل سېنى كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. قاراڭغۇ تۈزلەڭلىكلەر، قورقۇنچلۇق قىيالار، كۈمۈش رەڭلىك دەريالار ۋە تاشلاندۇق ماي ئىسكىلاتلىرى، خەتلىرى ئۆچۈپ تۆكۈلۈپ كەتكەن تاماكا ۋە كولونىيا ئېلانلىرى دېرىزەمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈۋاتقاندا، كاللامدا شۇم پىلانلار، شەخسىيەتچى ئويلار، ئۆلۈم ۋە كىتاب بار ئىدى، خىياللىرىمنى جانلاندۇرىدىغان نە بىر ۋىدىيونىڭ ئانار رەڭلىك نۇرىنى كۆرمەيتتىم، يا قۇشخانىدىكى كۈندىلىك قەتلىئامدىن ئۆيگە قايتقان ھۇزۇرسىز بىر قاسساپنىڭ قورقۇنچلۇق خورىكىنى ئاڭلىمايتتىم.

ئاپتوبۇس سەھەرگە يېقىن مېنى چۈشۈرۈپ قويغان تاغلىق ئالاجائەللى[1] ناھىيە بازىرى ياز ئاخىرىدىنلا ئەمەس، كۈزدىنمۇ ھالقىپ، قىش پەسلىگە ئالدىراش كىرىپ كەلگەنىدى. مەن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈش ئۈچۈن كىرگەن كىچىك بىر قەھۋەخانىدا، چاي دەملەۋاتقان، ئىستاكانلارنى يۇيۇۋاتقان، چاچلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قاشلىرى بىلەن تۇتىشىپ ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن پېشانىسى كۆرۈنمەيدىغان بىر شاگىرت مېنىڭ شەيخ ئەپەندىنىڭ گېپىنى ئاڭلاش ئۈچۈن كەلگەنلەردىن ئىكەنلىكىمنى ياكى ئەمەسلىكىمنى سورىدى. ۋاقىت ئۆتسۇن دەپ ئۇنىڭغا ھەئە دېدىم. شاگىرت ماڭا بىر ئىستاكان قېنىق چاي بەردى ۋە شەيخنىڭ كېسەللەرگە داۋا قىلىش، تۇغماس خوتۇنلارنى باللىق قىلىش ھۈنىرىدىن باشقا يەنە بىر تىكىلىپ قاراش بىلەن قولىدىكى ۋىلكىنى پۈكلىۋېتىش، بارمىقىنىڭ ئۇچىنى تەگكۈزۈپ Pepsi-cola قۇتىسىنى

---

[1] ئالاجائەللى — مەركىزىي ئاناتولىيە رايونىدىكى چورۇم ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر ناھىيە. — ت.

ئۆزلۈكىدىن ئېچىۋېتىش قاتارلىق مۆجىزىلىرىنىڭ بارلىقىنى ماڭا دەۋالغىنىغا خۇش بولدى.

قەھۋەخانىدىن چىققىنىمدا كۆز بىلەن قىش كېتىپ، ئىسسىق ۋە پاشا تولا بىر ياز كۈنى بۇرۇنلا باشلىنىپ كەتكەنىدى. مەسىلىلەرنى ئالدىغا بېرىپ بىر دەمدىلا ھەل قىلىۋېتىدىغان كەسكىن، پىشقان كىشىلەردەك ئۇدۇللا پوچتىخانىغا ماڭدىم ۋە سەل ھاياجان ئىچىدە ئۈستەللەردە گېزىت ئوقۇۋاتقان، ئىش ئۈستەللىرىدە چاي ئىچىۋاتقان، تاماكا چېكىۋاتقان ئويقۇچان ئەر، ئايال مەمۇرىي خادىملارنى دىققەت بىلەن كۆزدىن كەچۈردۈم. ئەمما مەن ئىزدەۋاتقان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يوق ئىدى. مەن بەكرەك دىققەت قىلغان، شەپقەتلىك ھەددىدەك كۆرۈنگەن بىر ئايال خادىم ناھايىتى يامان بىر خوتۇن چىقتى: ئۇ مەھەممەت بۇلدۇمبەگ[1] نىڭ باياتىن خەت تارقىتىشقا كەتكىنىنى ماڭا ئېيتقانغا قەدەر مېنى شۇنچە ئاۋارە قىلدىكى، مەندىن "نېمىسى بولىسىز؟ نېمىشقا بۇ يەردە كۈتمەيسىز؟ ھازىر ئىش ۋاقتى، كېيىن كەلسىڭىز بولمامدۇ؟" دېگەندەك بىر پاتمان سوئاللارنى سوراپ كەتتى؛ مەن چىپ-چىپ تەرگە چۈمۈپ، ئامالسىز ھالدا ئۇنىڭغا ئىستانبۇلدىن كەلگەنلىكىمنى، مەھەممەتنىڭ ئەسكەرلىكتىكى سەپدىشى ئىكەنلىكىمنى، PTT[2] مۇدىرىيەت ھەيئىتىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋىتىمنىڭ ياخشىلىقىنى ئېيتتىم. شۇنداق قىلىپ، ھېلى، بايا، مانا ھازىر پوچتىخانىدىن چىققان، ئەتراپتىكى مەھەللە-كوچىلار ئىچىدە غايىب بولۇشقا ئۈلگۈرگەن مەھەممەتنى

---

[1] مەھەممەت بۇلدۇم — مەھەممەت دەپ قارىدىم، مەھەممەت دەپ بىلدىم دېگەن مەنىدە، ئاپتور بۇ يەردە بۇ ئىسىمنى باش پېرسوناژنىڭ ھەرىكىتىگە ماس ھالدا مەقسەتلىك قوللانغان بولۇشى مۇمكىن، — ت.

[2] PTT — پوچتا-تېلېگراف باش ئىدارىسى، — ت.

تېپىش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس ئىدى؛ خېلى ئۇزۇن ئايلىنىپ، كوچا ئىسىملىرىدىن قايمۇقۇپ قالدىم.

شۇنداقتىمۇ " ھاما، پوچتىكەش مەھەممەت بۇ يەردىن ئۆتتىمۇ؟" دەپ سۈرۈشتۈرۈپ سوراپ، چوڭ مەھەللىلەردە، تار كوچىلاردا ئېزىپ-تېنەپ يۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولۇپ تۇردۇم. بىر ئالا مۈشۈك ئاپتاپتا ھورۇنلۇق بىلەن ئۆزىنى يالاۋاتاتتى. ھۆكۈمەت ئادەملىرى بىر ئىستولبىغا شوتا قويۇۋاتقاندا كىزلىكلىرىنى، ياستۇقلىرىنى بالكونغا ئېلىپ چىققان ياش ۋە گۈزەل بىر ھاما ئۇلار بىلەن قارىشىپ قالدى. قارا كۆزلۈك بىر بالىنى كۆردۈم، ئۇلار مېنىڭ بۇ يەرگە يات ئىكەنلىكىمنى دەرھال بىلدى، "نېمە بولدى؟" دېدى ماڭا خورازدەك ھۈرپىيىپ. جانان يېنىمدا بولسىدى، بۇ جىن كۆز بىلەن دەرھال دوست بولۇپ، زېرەكلىك بىلەن پاراڭلىشاتتى، تاقەت قىلغۇسىز گۈزەل، سىرلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بۇ بالا بىلەن دەرھال مۇشۇنداق پاراڭلىشالايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قاتتىق ئاشىقمەن دەپ ئويلايتتىم.

پوچتىخانىنىڭ ئۇدۇلىدا ئاتاتۈرك ھەيكىلى، كوچا ئۇدۇلىدا "زۇمرەت قەھۋەخانىسى" بار ئىدى. مەن پىيادىلەر يولىدىكى كاشتان دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە ئولتۇردۇم. بىر دەمدىن كېيىن «ئالاجائەللى پوچتىسى» گېزىتىنى ئوقۇۋاتقاندا ئېسىمگە كەلدىم: "بۇلاق" دورىخانىسى ئىستانبۇلدىن Stlops ماركىلىق قەۋزىيەت دورىسىنى ئەكەلدۈرۈپتۇ، بولۇسپور[1] كۇلۇبىدىن كەشى توغرىلانغان ترېنېر بۇ بازارغا تونۇلغان كەلگەنىدى. ئۇ كېلەركى پەسىلدە ئالاجائەللى كاھىش زاۋۇتى

---

[1] بولۇ — تۈركىيىنىڭ قارا دېڭىز رايونىدىكى ۋىلايەت، ۋىلايەتنىڭ مەركىزي شەھىرىمۇ بولۇ دەپ ئاتىلىدۇ؛ بولۇسپور بۇ ۋىلايەتنىڭ پۇتبول كۇلۇبى ۋە پۇتبول كوماندىسىنىڭ نامى، — ت.

ياشلار پۇتبول كۇلۇبىغا تىرېنېر بولاتتى. دېمەك، بازاردا بىر كاھىش زاۋۇتى باردەك قىلاتتى. مەھەممەت بۇلدۇمبەگنىڭ مۇرىسىگە يوغان بىر پوچتا سومكىسىنى ئارتىپ، ھاسىراپ-ھۆمىدىگىنىچە بازارلىق ھۆكۈمەتكە كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆڭۈلسىز ھالدا كۆردۈم. بۇ ھارغىن مەھەممەت جانان ئېسىدىن چىقىرىۋېتەلمىگەن مەھەممەتتىن نەقەدەر يىراقتا ئىدى. بۇ يەردە ئىشىم تۈگىگەن، تىزىملىكىمدە مېنى كۈتۈۋاتقان تېخىمۇ كۆپ ياش مەھەممەتلەرنىڭ بارلىقىغا كۆرە بۇ كەمتەر، كۆڭۈللۈك ناھىيىنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بۇ يەردىن دەرھال كېتىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، مەھەممەت بۇلدۇمنىڭ بازارلىق ھۆكۈمەت بىناسىدىن چىقىشىنى كۈتتۈم.

ئۇ سايە چۈشۈپ تۇرغان پىيادىلەر يولىدا كىچىك، چاققان پوچتىكەش قەدىمى بىلەن كېتىۋاتقاندا، ئىسمىنى چاقىرىپ يولىنى توستۇم، ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراۋاتقاندا ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيدۈم ۋە ئەسكەرلىكتىكى سۆيۈملۈك دوستى بولغان مېنى تېخىچە تونۇيالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلىدىم. ئۇ گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدا قەھۋەخانا ئۈستىلىدە مېنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇردى، "مېنىڭ تولۇق ئىسمىمنى ئەسلە" دېگەن رەھىمسىز ئويۇنۇمغا تۇتۇلۇپ، ئۈمىدسىز تەخمىنلەرنى قىلىشقا باشلىدى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇنى قوپاللىق بىلەن توختىتىپ، بىر يالغان ئىسىم توقۇدۇم ۋەPTT دە تونۇشلىرىم بارلىقىنى ئېيتتىم. سەممىي بىر ئاغىنە ئىكەن، PTT غا ياكى ئۇنى تەرىپلىشىمگە ئانچە قىزىقمىدى، ئىسسىقتىن ۋە پوچتا يۈكىدىن تەرلەپ پىشىپ كەتكەچكە، كۈتكۈچى دەرھال ئەكىلىپ ئاغزىنى ئاچقان "پۇتاق" ماركىلىق مۇزدەك گاز سۈيى قۇتىسىغا مىننەتدارلىق بىلەن قارايتتى، ئەسكەرلىكتە بىللە تۇرغانلىقى گۇمانلىق بولغان بۇ بىزەڭ سەپدىشى ئېلىپ كەلگەن ئوڭايسىزلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى

ئىستەيتتى. بەلكىم ئۇيقۇسىزلىقتىن بولسا كېرەك، ئەمما كاللامنى يېقىملىق قايىدۇرۇۋاتقان بىر ئۆچمەنلىكنى ئېنىق ھېس قىلىۋاتاتتىم.

— بىر كىتاب ئوقۇپسەن!— دېدىم چېيىمدىن بىر ئوتلاپ،
— بىر كىتاب ئوقۇۋېتىپسەن، بەزىدە بۇ ئىشنى كىشلەرنىڭ ئالدىدا قىلىپسەن.

ئۇنىڭ چىرايى شۇئان تاتىرىپ كەتتى، گەپنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەنىدى.

— ئۇ كىتابنى قەيەردىن تاپتىڭ؟

ئەمما ئۇ تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. ئىستانبۇلغا دوختۇرخانىغا كەتكەن بىر تۇغقىنى بارمىش، ئىسمىغا ئالدىنىپ، ساغلاملىققا ئائىت كىتاب دەپ ئويلاپ پىيادىلەر يولىدىكى يايمىچىدىن سېتىۋالغانمىش، تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيمىغاچقا ئەكىلىپ ئۇنىڭغا بەرگەنمىش.

بىر ئاز جىمىپ قالدۇق. بىر قۇشقاچ ئىككى بوش ئورۇندۇقنىڭ بىرىگە قونۇپ، يەنە بىرىگە سەكرىدى.

ئىسمى كىچىك ھەرپلەر بىلەن كۆكۈل قويۇپ ياقىسىغا يېزىلغان پوچتىكەشكە سەپسالدىم، مەن قۇراملىق، بەلكىم مەندىن بىر قانچە ياش چوڭدۇ. پۈتكۈل ھاياتىمنى يولدىن چىقارغان، دۇنيايىمنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن كىتاب بۇ ئادەمگىمۇ ئۇچراپ، ئۇنىمۇ مەن تولۇق بىلەلمىگەن(بىلىشنى خالاش-خالىماسلىقىم ئارىسىدا دېلىغۇل بولغان)بىر ھالدا تەسىرلەندۈرۈپ، روھىنى زىل-زىلىگە سالغانىدى. ئىككىمىز ئوخشاشلا زىيانكەشلىككە ئۇچراش ياكى ئوخشاشلا غەلىبىگە ئېرىشىش— بىزدىكى ئورتاقلىق ئىدى، بۇمۇ نېرۋامغا تېگىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ گەپنى ئېتىبارغا ئالماي، پەرۋاسىز ھالدا قولىدىكى "پۈتاق" ماركىلىق گاز سۈيى قۇتىسىنىڭ ئېغىزىنى بىر بۇلۇڭغا

تاشلىغانلىقىنى كۆردۈم-دە، كىتابىنىڭ ئۇنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە بىر ئورۇن ئالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ قانداق ئادەم؟ ئۇنىڭ ئۇزۇن بارماقلىق، تۈز، ئالاھىدە چىرايلىق قوللىرى بار ئىدى؛ نازۇك دېگۈدەك تېنى، تۇيغۇچان يۈزى ۋە ئەمدى بىر ئاز ئاچچىقلانغانلىقىنى، ھەيران بولغىنىنى بىلدۈرۈپ تۇرغان بادام كۆزلىرى بار ئىدى. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئۇ كىتاب بىلەن مەندەك تونۇشقا چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتالارمىدى؟ ئۇنىڭمۇ پۈتۈن دۇنياسى ئۆزگەرگەن بولغىيمىدى؟ ئۇنىڭمۇ شۇ كىتاب ئاتا قىلغان يالغۇزلۇق بىلەن ئازابقا بوغۇلغان كېچىلىرى بولغىيمىدى؟

— بوپتۇلا،— دېدىم، — دوستۇم، بۈگۈن بەك خۇش بولدۇم، ئەمما ئاپتوبۇسۇم قوزغىلىدۇ.

قوپاللىقىمنى كەچۈر پەرىشتە، چۈنكى ئۇ پەيتتە بىردىنلا ھېسابتا يوق بىر ئىشنى قىلىشىم مۇمكىنلىكىنى، بۇ ئادەم ماڭا روھىنى ئاچسۇن دەپ ئۆز روھىمنىڭ پەرىشانلىقىنى ئۇنىڭغا بىر جاراھەتنى كۆرسەتكەندەك كۆرسىتىشىم مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلدىم. ھاراق شىرەلىرىدە دەرد-ئەلەم، كۆز يېشى ۋە ئانچە ئىشەندۈرگۈچى بولمىغان بىر قېرىنداشلىق ھېسداشلىقى بىلەن بۇ خىل سەمىمىيەت ئادەتلىرىگە نەپرەتلەنگەنلىكىم ئۈچۈن ئەمەس، (مەھەللىدىكى دوستلىرىم بىلەن پاكار مەيخانىلاردا ئىككى رومكا قېقىۋېلىشقا ئەسلىدە ئامراقمەن) ئۇ پەيتتە جانانىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئويلىغۇم كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولدى. بالدۇرراق يالغۇز قېلىش ۋە كۆڭلەرنىڭ بىرىدە جانان بىلەن بىللە ئۆتكۈزەلەيدىغان بەختلىك ئائىلە ھاياتىنىڭ خىياللىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشنى خالايتتىم . شىرەدىن قوپۇشۇمغا:

—بۇ بازاردا، بۇ ۋاقىتتا ھېچقانداق بىر يەرگە ماڭىدىغان ئاپتوبۇس يوق،— دېدى ئەسكەرلىكتىكى سەپدىشىم.

پاھ! ئۇ مۇشۇنداق زېرەك ئىدى. گەپنى جايىدا قىلغانلىقى

ئۇچۇن ئۆزىدىن مەمنۇن ھالدا چىرايلىق قوللىرى بىلەن گاز سۈيى قۇتىسىنى سىلاۋاتاتتى.

تاپانچام بىلەن ئۇنىڭ نازۇك تېنىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋېتىش ياكى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى، سىردىشى، دەرتدىشى بولۇپ قېلىش ئارىسىدا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. بەلكىم بىر ئوتتۇرا يول تېپىشىم مۇمكىن؛ مەسىلەن، ئاۋۋال مۇرىسىگە ئېتىپ، ئاندىن پۇشايمان قىلىپ، دوختۇرخانىغا ئاپارغان بولاتتىم، كېچىدە، مۇرىسى تېڭىقلىق تۇرغاندا بىرلىكتە پوچتا خالتىسىدىكى بارلىق خەتلەرنى بىر-بىرلەپ ئېچىپ ئوقۇپ، ساراڭلارچە ئويۇن-تاماشا قىلغان بولاتتۇق.

ــ بەرىبىر،ــ دېدىم ئەڭ ئاخىرىدا. چاي بىلەن گاز سۈيى پۇللىرىنى ئەپچىل بىر ھەرىكەت بىلەن شىرەگە قويۇپ، ئارقامغا بۇرۇلۇپ ماڭدىم. بۇ ھەرىكەتلەرنى قايسى فىلىمدىن ئۆگىنىۋالغىنىمنى بىلمەيمەن، ئەمما بەك ناچارمۇ بولمىغاندى.

داۋاملىق بىر ئىشنىڭ پېيىدە يۈرىدىغان، تۇتقىنىنى يۈلىدىغان ئادەملەردەك ئىتتىك ماڭدىم؛ ئۇ ئارقامدىن قاراۋاتقان بولۇشى كېرەك. ئاتاتۈرك ھەيكىلىنىڭ يېنىدىن تار ۋە سايە چۈشۈپ تۇرغان پىيادىلەر يولىغا چىقىپ بېكەتكە باردىم. بېكەتنىڭ بېكەت دېگۈچىلىكى يوق بولۇپ، ئۇ پەقەت ئاپتوبۇس ساقلايدىغانلارنىڭ قارا-يامغۇردىن پاناھلىنىدىغان لاپىسى ئىدى. پالاكەت بېسىپ، نامرات ئالاجائەللى ناھىيىسىدە بىر كېچە تۈنەشكە توغرا كەلگەنىدى (پوچتىكەش دوستۇم بۇ يەرنى شەھەر دېگەنىدى). ئىككى قەدەم كېلىدىغان بىر ئۆيدە ئۆمۈر بويى بېلەت سېتىش بىلەن ئۆتكەن مەغرۇر بىر ئادەم ماڭا تۈنجى ئاپتوبۇسنىڭ چۈشتىن بۇرۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ئوچۇق چىراي ھالدا ئېيتتى. ئەلۋەتتە، مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تاز بېشىنىڭ بەئەينى ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان كالېندارىدىكى Goodyear ماركىلىق بالون

ئېلانىدىكى گۈزەللىنىڭ يوتىسىدەك قىزغۇچ رەڭدە ئىكەنلىكىنى ئېيتمىدىم.

چۈنكى ئۆزۈمدىن" نېمىشقا ئاچچىقىم كەلدى، ئۇنىڭغا نېمىشقا ئۆچ بولدۇم؟ " دەپ سورايتتىم، ئېيت ماڭا، كىم ئىكەنلىكىڭنى، نېمىنىڭ نېمىسى ئىكەنلىكىڭنى مەن بىلمىگەن پەرىشتە، ئېيت! ھېچ بولمىسا ماڭا دىققەت قىل، مېنى ئويغىتىپ، غەزەپنىڭ ئاچچىقىدىن تاپتىن چىقماستا، ئۇۋىسىنى قوغدىماقچى بولغان بەختسىز بىر ئائىلە ئاتىسىدەك دۇنيادىكى يامانلىقلارنى ۋە تەلەيسىزلىكلەرنى ئۆزۈمچە بىر تەرتىپكە سېلىپ، ئوت-ھارارەت ئىچىدىكى جانانىمغا بالدۇرراق يېتەي.

ئەمما ئىچىمدىكى ئاچچىق توختاشنى بىلمەيتتى. ئەجىبا يېنىدا بىر Walther ئېلىپ يۈرۈشكە باشلىغان 22 ياشتىكى ھەر بىر يىگىت مۇشۇنداق بولامدۇ؟

خاتىرىلىرىمگە بىر كۆز يۈگۈرتۈپ، ئىسمى ئۇچرىغان كوچىنى ۋە "سالامەت تۇرلۇك ماللىرى دۇكىنى"نى ئاسانلا تاپتىم. كىچىك ئەينەك ئىشكاپقا كۆڭۈل قويۇپ تىزىلغان، قولدا ئىشلەنگەن ياپقۇچلار، پەلەيلەر، بالىلار ئاياغلىرى، پۆپۈكلەر دوكتور نارىن بەك ياقتۇرىدىغان باشقا بىر زامانىنىڭ شېئىرىغا سەۋر بىلەن مەنە ئېيتاتتى. دۇكانغا كىرىشىمگە، پەشتاختىدا ئولتۇرۇپ «ئالاجائەللى پوچتىسى»نى ئوقۇۋاتقان ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، كەينىمگە ياندىم. ئەجىبا بۇ ناھىيىدىكى ھەر كىم ئۆزىدىن شۇنچە خاتىرجەممۇ ياكى ماڭا شۇنداق بىلىنىۋاتامدۇ؟

كۆڭۈلسىز بىر كەيپىياتتا بىر قەھۋەخانىدا ئولتۇردۇم، گاز سۇيىدىن بىرنى ئىچىپ كاللامنى سەگىتتىم. سايە چۈشۈپ تۇرغان پىيادىلەر يولىدىن ئۆتكەندە توپىا باسقان بىر ئەينەك ئىشكاپتا دىققىتىمنى تارتقان بىر قارا كۆزەينەكنى "بۇلاق دورىخانىسى"دىن سېتىۋالدىم. تىرىشچان خوجايىن قەۋزىيەت دورىسى ئېلانىنى

گېزىتتىن كېسىۋېلىپ ئەينەك ئىشكاپقا خېلى بۇرۇنلا چاپلاپ قويغانىدى.

قارا كۆزەينەكنى تاقىغان هامان "سالامەت تۇرلۇك ماللىرى دۇكىنى"غا ئۆزنگە ئىشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە مەنمۇ كىرەلىدىم. پەلەيلەرنى كۆرۈپ باققۇم بارلىقىنى پەس ئاۋازدا ئېيتتىم. ئانام مانا مۇشۇنداق قىلاتتى: "ئۆزۈمگە تېرە پەلەي ئالاتتىم" ياكى"ئەسكەرلىكتىكى ئوغلۇمغا يەتتىنچى نومۇرلۇق يۇڭ پەلەي"، دېمەي، "پەلەيلەرنى كۆرۈپ باقسام!" دەيتتى، ئانامنى رازى قىلىش ئۈچۈن دۇكاندا بىر ئالدىراشلىق پەيدا بولاتتى.

ئەمما بۇيرۇقۇم ئۆز-ئۆزنگە خوجايىن ھەم مۇلازىمەتچى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان بۇ ئادەمگە يېقىملىق بىر مۇزىكىدەك تۇيۇلغان بولسا كېرەك، تېتىك بىر ئۈي ئايالىنىڭ ئېھتىياتچانلىقىنى ئەسلىتىدىغان ئىنچىكىلىك ۋە قوماندان بولۇش ئىرادىسى بار ئەسكەرنىڭ تۇرگە ئايرىش ئىشتىياقىغا يېقىنلاشقان بىر تەرتىپ بىلەن بارلىق ماللىرىنى تارتمىلىرىدىن، قولدا تىكىلگەن خالتىلىرىدىن ۋە ئەينەك ئىشكاپتىن ئېلىپ ماڭا كۆرسەتتى. ئۇ ئاتمىش ياشلاردا بولسا كېرەك، ساقال-بۇرۇتلىرىنى قىرمىغانىدى، گەپلىرى پەلەينىڭ ساختىلىقىنى زادى ئاشكارىلىمايدىغان دەرىجىدە كەسكىن ئىدى؛ ئۇ ماڭا قولدا ئىگىرىلگەن يۇڭدىن توقۇلغان، ھەر بارمىقى ئۈچ ئوخشىمىغان رەڭدە جۇلالاندۇرۇلغان كىچىك ئايالچە پەلەيلەرنى كۆرسەتتى، چوپانلار ياقتۇرىدىغان قوپال يۇڭ پەلەيلەرنىڭ ئالىقان قىسمىغا كەشتىلەنگەن ئۆچكىنى كۆرستىش ئۈچۈن ئۇنى تەتۈر ئۆرۈدى، ئۆزى توپلىغان يۇڭ يىپلىرىدىن يېزىلىق ئاياللارغا زاكاز قىلىپ توقۇتقان پەلەيلەرگە ھېچبىر سۈنئىي بوياق ئىشلەتمىگەنىدى. يۇڭ پەلەيلەرنىڭ ئەڭ ئاسان يىرتىلىدىغان يېرى بولغان بارماق ئۇچلىرىغا ئىچىدىن ئەستەر

قويدۇرغانىدى. ئەگەر تومۇرنىڭ ئۈستىدە بىر گۈل بولسۇن دېسەم، ئەڭ ساپ ياڭاق بويىقى بىلەن بويالغان ۋە بىلەك قىسمى پۆپۈكلەنگەن بۇ بىر جۈپنى ئېلىش كېرەك، ئۇنداق بولماي، ئۆزۈم ياقتۇرىدىغان ئۆزگىچە پاسونلار توغرۇلۇق كۆڭلۈمدە سان بولسا، بۇ باشقا گەپ. ئۇ مېنىڭ سوۋاس مالچى ئىتى تېرىسىدىن تىكىلگەن بۇ ئاجايىپ ئۆزگىچە مەھسۇلاتقا قارا كۆزەينىكىمنى ئېلىۋېتىپ بىر قاراپ بېقىشىمنى ئۆتۈندى.

قارىدىم. كۆزەينىكىمنى يەنە تاقىدىم.

— يېتىم ئەللىك، — دېدىم، — چۈنكى ئۇنىڭ دوكتور نارىنغا يوللىغان خەۋەر خەتلىرىدە قوللانغان تەخەللۇسى مۇشۇ ئىدى، — مېنى دوكتور نارىن ئەۋەتتى، ئۇ سەندىن رازى ئەمەس.

— نېمىشقا؟ — دېدى ئۇ سوغۇققانلىق بىلەن. گويا مەن پەلەيلەردىن بىرىنىڭ رەڭگىگە نارازى بولغاندەك.

— پوچتىكەش مەھەممەت جىم يۈرگەن بىر ۋەتەنداش، ئۇنى يامان كۆرسىتىپ خەۋەر بېرىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— جىم ئەمەس، — دېدى ئۇ پەلەيلەرنى بىرمۇ بىر كۆرسىتىۋاتقان ۋاقتىتىكى ئاۋازى بىلەن چۈشەندۈرۈپ: كىتابنى ئوقۇيدىكەن ۋە ئوقۇغاندىمۇ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ھالەتتە ئىكەن. روشەنكى، ئۇنىڭ كاللىسىدا بۇ كىتاب ۋە بۇ كىتاب يامرىتىۋېتىدىغان يامانلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك قەبىھ، قاباھەتلىك ئوي-پىكىرلەر بار ئىكەن. بىر قېتىم ئۇ خەت تاشلاپ قويىمەن دېگەن باھانە بىلەن بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە ئىشىكنى چەكمەيلا كىرگەندە ئۇنى تۇتۇۋالغانمىش. يەنە بىر قېتىم ئۇ بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن قەھۋەخانىدا يېقىن، يانمۇ يان ئولتۇرۇپ بىر رەسىملىك رومانىنى خەق ئاڭلىسۇن دەپ ئوقۇۋاتقاندا باشقىلار كۆرۈپتۇ. ئۇ رەسىملىك رومان تەبىئىيكى، قاراقچىلار، ئەخلاقسىزلار، ئوغرىلار بىلەن ئەزىزلەرنى، ئەۋلىيالارنى ئوخشاش

ئورۇنغا قويىدىغان كىتابلاردىن ئىكەن. "ئەمدى يېتەرلىك بولدىمۇ؟" دەپ سورىدى مەندىن.

بىر ئاز ئىككىلىنىپ جىم تۇرۇپ قالدىم.

— بۇگۈن بۇ بازاردا (شۇنداق، ئۇ بازار دەپ ئاتىدى) ئىشقى ھەۋەسكە چەك قويۇشتەك گۈزەل ئەخلاقىمىز ئەيىب سانالسا ۋە قوللىرىغا خىنە ياققان خانىملار كەمسىتىلسە، ئۇ پوچتىكەشىنىڭ، ئاپتوبۇسلارنىڭ ۋە قەھۋەخانا تېلېۋىزورلىرىنىڭ ئامېرىكىدىن بىر نېمە ئېلىپ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان، سەن قايسى ئاپتوبۇس بىلەن كەلدىڭ؟

ئېيتتىم.

— دوكتور نارىن، — دېدى ئۇ، — شۈبھىسىز ئۇلۇغ بىر ئادەم، ئۇنىڭ بىر ئەمرىمەرۇپىنى، بىر تەبلىغىنى ئاڭلاش ماڭا ھۇزۇر بېرىدۇ، شۇكۇر. ئەمما يىگىت، بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيت، ماڭا ئەمدى باللارنى ئەۋەتمىسۇن، — ئۇ پەلەيلىرىنى يىغىۋاتاتتى، — شۇنىمۇ ئېيت: مۇستاپا پاشا جامەسىنىڭ ئاممۇۋى تەرەتخانىسىدا مەن ئۇ پوچتىكەشىنىڭ قولىدا لەززەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

— ئاشۇ چىرايلىق قوللىرى بىلەنمۇ، — دېدىم ـ دە، يېنىپ چىقتىم.

سىرتتا راھەتلىنىپ قالىمەن دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ ياتقان، تاش يېيىتىلغان كوچىغا قەدىمىمنى باسار ـ باسماي بۇ ناھىيە بازىرىدا يەنە ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك بولغان ئىككى يېرىم سائەتنىڭ بارلىقىنى قورقۇنچ بىلەن ئويلىدىم.

ئاشقازىنىمدا ئىستاكانلاپ ئىچكەن ئىھلامۇرلار، چايلار، "پۇتاق"گاز سۇلىرى، يادىمدا «ئالاجائەللى پوچتىسى»دىكى قىسقا خەۋەرلەر، كۆز ئالدىمدا بازارلىق ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ كاھىشلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى پىلاكاتلىرىنىڭ ئېزىتقۇدەك بىر كۆرۈنۈپ بىر يوقىلىۋاتقان قىزىل، سۆسۈن رەڭلىرى، قۇلاقلىرىمدا

قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى، گېنېراتورلارنىڭ گۇرۇلدەشلىرى، يۆتەللەر... باش قېيىش، بۇرۇقتۇرمىلىق ۋە تېخىمۇ يامان بولغان بىر ئۇيقۇسىزلىق ئىچىدە ماشىنا كۈتتۇم. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى كۆرسەتكەن بىر ئەلپازدا توختىغان ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىگە ئېسىلىپ ئاچقىنىمدا، ئىچىدىن تېشىغا بىر ئىتتىرىشمەك بولدى. سىرتتىكىلەر(شۇكۇر، Walther نىمنى ئاختۇرماستىن) مېنى تۆۋەنگە تارتتى، چۈنكى ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋاتقان شەيخ ئەپەندىگە يول بېرىشىم كېرەك ئىدى. ھالرەڭ يۈزىدە نۇرلۇق بىر ئىپادە بالقىپ تۇرغان ئۇ زات بىزدەك پاتقاقتا پاتقانلار ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتقاندەك ئېغىر ـ بېسىق، ئەمما راھەت ھاياتىدىن ۋە قىلىنغان ھۆرمەتتىن كۆپ مەمنۇن ھالدا سالماق مېڭىپ ئالدىمدىن ئۆتتى. قورالىمنى يانپىشىمنىڭ ئۈستىدە سېزىۋېتىپ، قورالىمنى نېمىشقا چىقىراي، دېدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە. ھېچكىمگە دىققەت قىلماي ئاپتوبۇسقا چىقتىم.

ئاپتوبۇس قوزغالمايدىغاندەك، پۈتۈن دۇنيا بىلەن بىرلىكتە جانانىمۇ مېنى ئۇنتۇيدىغاندەك ھالدا 38 ـ نومۇرلۇق ئورۇندۇقتا كۈتۈپ ئولتۇرغىنىمدا، شەيخنى كۈتۈۋالغان كۆپچىلىكنى تاماشا قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم، قولىنى سۆيۈش نۆۋىتى كەلگەندە، ئوتتۇرىدا بىر يەردە پېشانىسى كۆرۈنمەيدىغان قەھۋەچى شاگىرتنى كۆردۈم. ئۇ شەيخنىڭ قولىنى چىرايلىق سۆيۈپ، ئاندىن قولىنى پېشانىسىگە دىققەت بىلەن ئاپىرىۋاتقاندا، ئاپتوبۇسىمىز قوزغالدى. بۇ ۋاقىتتا دولقۇنلانغان كىشىلەر توپىنىڭ باشلىرى ئىچىدە تۈرلۈك ماللار دۇكىنىنىڭ دەردمەن خوجايىنىنىمۇ كۆردۈم. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا بىر سىياسىي رەھبەرنى قەتلى قىلىش نىيىتىدىكى قاتىلدەك كېلىۋاتاتتى، ئاپتوبۇس يىراقلىشىۋاتقاندا ھېس قىلدىمكى، ئۇ شەيخكە ئەمەس، ئەسلىدە ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

ناھىيە بازىرى ئارقامدا قالغاندا، رەھىمسىز قۇياش ھەر بىر دەرەختىن، ھەر بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسىدىن كېيىن يارامىلىق بىر

جاسۇستەك مېنى ئورۇنـدۇققا نىقتاپ گەجگەمنـى ۋە بىلەكلىرىمنـى ناندەك پىشۇرىۋاتقاندا ئۇنۇت دىبدىم ئۆزۈمگە، ئۇنتـۇپ كەت. ئەمما ئۆيسىز، تۇرخۇنسىز، دەرەخسىز، قىياسىز، ساپسېرىق ئۇنۇمسىز بىـر يەردە ئاپتوبۇس غىڭىلداپ كېتىۋاتقاندا، ئۇيقۇسىز كۆزلىرىم نـۇردىن قامىشىۋاتقاندا، ئۇنتۇش ئەمەس، ئىچىمگە تەسىر قىلىۋاتقان باشقا بىر نەرسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر سەزدىم: مەن پوچتىكەش دوستۇمنىڭ ئىسمى مەھەممەت دەپ كەلگەن بۇ ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزگەن بەش سائەتنىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن مەن بىر ھەۋەسكار رازۋېتچىك روھى بىـلەن بارىـدىغان نـاھىيىلەردە، مەن كۆرىـدىغان ئـادەملەر ۋە مەن باشـتىن كەچۈرىـدىغان مەيـدانلار بىـلەن بولغـان مۇناسـىۋىتىمنىڭ (نېمىلا دېسەم) رەڭگىنـى، ئۇيغۇنلـۇقىنى تۈرلـۈك مـاللار دۇكىنىنـىڭ دەردمەن خوجايىنى ئاخبارات مەكتۇپىدا بىلدۈرۈپ بولغانىدى.

مەسىلەن، ئالاجائەللىدىن ئايرىلىپ دەل 36 سائەتتىن كېيىن رىئاللىقنىـڭ ئۆزىـدىن كـۆرە خىيـاللاردىن چىققانـدەك كۆرۈنـىدىغان تورپا-توزانلىـق بىـر يېزىـدىن ئـۆزگەرتىلگەن ناھىيىنىـڭ قاتنـاش بېكىتىـــدە يېـرىم كېچىـــدە ئـاپتوبۇس كۈتـۈپ، قانـــداقتۇر زادى ئۆتمەيۋاتقـان ۋاقىتنـى ئۆتكـۈزۈش ۋە كوركىراۋاتقـان ئاشـقازىنىمنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن پىشلاقلىق كۆمەچنى چايناۋاتقىنىمـدا، بىر شۇم كۆلەڭگىنىڭ ماڭا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى سـەزدىم. پەلەيـگە ئـامراق دۇكـانچى بولغىيمـدى بـۇ؟ يـاق، ئۇنىـڭ ئەرۋاھـى! يـاق، دەردمەن ۋە غەزەپلىـك بىـر ئـوقەتچى! يـاق، Seiko بولـسا كېرەك دەپ ئويلاۋاتقاندا بىردىنلا "تاق" قىلىپ ئىشىك ئۇرۇلدى. كۆرۈنۈش پۈتـــۈنلەي ئـــۆزگەردى، يـــامغۇرلۇق كـــيىم كىيىۋالغـــانSeiko تەســەۋۋۇرۇمدىمۇ شــۇنداق كىيىملىـــك، بەخىرامـــان بىـــر تاغىغـــا ئايلاندى. ئاندىن يالتىراق خالتا كۆتـۈرگەن رومـاللىق، هـارغىن بىـر يەڭگە بىلەن قىزىمۇ ئۇ تاغىغا قوشـۇلغاندا Seiko نېمىشقا كـۆلرەك يـامغۇرلۇق كـيىم كىيىۋالـدى؟ دەپ خىيـال قىلغىنىمنـى بىلـدىم.

دەردمەن دۇكانچى دوستۇمنىمۇ بېكەتتىكى كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئاشۇ رەڭلىك بىر يامغۇرلۇق كىيىم بىلەن كۆرگەنىدىم، شۇنىڭدىنمىدۇ؟

يەنە بىر قېتىمدا بولسا، مۇشۇ خىل تەھدىتنى يەنە بىر قېتىم باشتىن كەچۈردۈم. يامغۇرلۇق كىيىم كىيىۋالغان Seiko خىيالىي ھالەتتە ئەمەس، پۈتۈن بىر ئۇن زاۋۇتى سۈپىتىدە كۆرۈنگەنىدى. مەن تىنچ بىر ئاپتوبۇستا پۈشۈلداپ ئۇخلىغاندىن كېيىن، يۆلىنىپ ئۇخلايدىغان ئورۇندۇقى بار، خېلى تۈزۈك باشقا بىر ئاپتوبۇستا ئۇيقۇغا كەتكەنىكەندىم. ئەتىگەندە مەن تېزراق بىر نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بارغان بىر ئۇن زاۋۇتىدا بىر دەردمەن باقالچى خەۋەر بەرگەن زاۋۇتنىڭ ياش بوغالتىرىنى بالدۇرراق كۆرۈش ئىستىكىدە بوغالتىرنىڭ ئەسكەرلىكتىكى سەپدىشى دېگەن بىر يالغاننى دەپ تاشلىغانىدىم. مەن ئارقىسىغا چۈشكەن ھەر خىل مەھەممەتلەر ھەقىقىي مەھەممەتكە ئوخشاش 23، 24 ياشلاردا بولغاچقا ھەر قاچان ئەسقېتىۋاتقان بۇ ئەسكەرلىك يالغانچىلىقى ئۇندىن ئاپئاق بولۇپ كەتكەن بىر ئىشچىغا شۇنچىلىك راست تۇيۇلۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇمۇ بىز بىلەن بىر قىسىمدا تۇرغاندەك كۆزلىرىدە دوستلۇق، قېرىنداشلىق ۋە ھەيرانلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان ھالدا مېنى ئىچكىرىگە، ئىدارىگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇردۇم ۋە قانداقتۇر غەلىتە بىر تەھدىتلىك كەيپىياتنى ھېس قىلدىم. زاۋۇت دېيىلگەن بۇ كەپىدەك يەردىكى توك تۈگمەنىنىڭ ماتورىدىن ھەرىكەتلىنىۋاتقان يوغان بىر تۆمۈر بۇرغا ئۈستۈمدە تاقىر-تۇقۇر قىلىپ ئايلىنىۋاتاتتى. غۇۋا يورۇقلۇقتا ئاق، قورقۇنچلۇق ئىشچىلارنىڭ سىرلىق سىيمالىرى، چېكىۋاتقان پال-پۇل تاماكىلىرى ئاستا-ئاستا قىمىرلايتتى. ئۇلارنىڭ ماڭا دۈشمەنلەرچە قارىغانلىقىنى، مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۆز ئىچىدە پاراڭلاشقانلىقىنى بايقىدىم، ئەمما مەن ئولتۇرغان ئورنۇمدا

تەمكىن كۆرۈنۈشكە تىرىشۋاتاتتىم. بىر دەمدىن كېيىن مەن ئۇن تاغارلىرى تېمىنىڭ ئارىلىقىدىن قارىسىنى كۆرگەن بىر چاقنىڭ ماگا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرىۋىدىم، ئۇلاردىن بىرى دەلدەگشىپ كېلىپ ماگا سوقۇلدى-دە، نېمىشقا ئوسۇرغانلىقىمنى سورىدى. ئۇ شاۋقۇن-سۈرەندىن مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايتتى، ۋارقىراپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوسۇرمىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ياق، — دېدى ئۇ، مەندىن نېمىشقا كەلگەنلىكىمنى سورىغانلىقىنى ئېيتتى. بايىقىدەك ۋارقىراپ تۇرۇپ، ئەسكەرلىكتىكى دوستۇمنى بەك ياقتۇرىدىغانلىقىمنى، مەھەممەتنىڭ چاقچاقچى، ئاغىنىدارچىلىقى بار ئىشەنچلىك دوست ئىكەنلىكىنى، ئۆمۈر سۈغۇرتىسى سېتىش ئۈچۈن ئاناتولىيىگە قىلغان بۇ سەپىرىمدە ئۇنىڭ بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ ئىزلەپ كەلگەنلىكىمنى چۈشەندۈردۈم. ئۇنىڭ تۈزۈندىسىدىن شەكىللەنگەن خىيالىي ئادەم سىياقىدىكى بۇ كىشى مەندىن سۈغۇرتا كەسپىنى سورىدى: بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئوغرىلار، ئالدامچىلار، تەشكىلاتلار، تاپانچا ئېلىپ يۈرىدىغان ھەزىلەكلەر — شاۋقۇن-سۈرەن تەسىرىدىن خاتا ئاڭلاپ قالدىم دەپ ئويلىدىم مەن — يامان نىيەتلىك دىن ۋە يۇرت دۈشمەنلىرىمۇ؟ ئامالسىز ئۇزۇندىن ئۇزۇن چۈشەندۈردۈم، ئۇ دوستانە ھالدا ئاڭلىدى. شۇنداق قىلىپ، ھەر كەسىپ مانا مۇشۇنداق دېگەن كەيپىياتقا كىردۇق. بۇ دۇنيادا دۇرۇس ۋەتەنداشلارمۇ بار ئىدى، نېمىنىڭ كەينىدىن چېپىپ يۈرگىنىنى ئۇققىلى بولمايدىغان ساختىپەز، قۇۋ ئادەملەرمۇ بار ئىدى. شۇ ئەسنادا يەنە ئەسكەر دوستۇم مەھەممەتنى سورىدىم: ئۇ نەدە قالدى؟ "ماگا قارا، — دېدى ئۇ، ئاندىن ئىشتىنىنى قايرىپ ئاجايىپ پاچىقىنى كۆرسەتتى، — مەھەممەت قارى ئاقساق پاچىقى بىلەن ئەسكەرلىككە بارىدىغان ئەخمەق ئەمەس، ئۇقتۇڭمۇ؟" مەن كىم ئىدىم؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئالالمىسىزلىقتىن ئەمەس، ھەيرانلىقتىن مەنمۇ بىر دەمدە ئۇنتۇغاندەك بولدۇم. ھېچقانداق ئىشەندۈرگۈچىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ: " كاللام ئىلىشىپ، ئادرېسلار، ئىسىملارمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى" دېدىم.

تاياق يېمەي قېچىپ چىققاندىن كېيىن ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدە دەردمەن خەۋەرچىمىزنىڭ دۇكىنىدا ئېغىزدا ئېرىپ كېتىدىغان لەززەتلىك سامسىنى يەۋاتقاندا ئاقساق مەھەممەتنىڭ ئۇ كىتابنى ئوقۇغان بىرىگە پەقەت ئوخشىمايدىغانلىقىنى خىيال قىلدىم، ئەمما سىناقلىرىم ئادەمنىڭ ياخشى-يامىنىنى تاللاش يولىنىڭ نەقەدەر خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

مەسىلەن، بارلىق كىچىلىرى ئىس پۇرايدىغان ئەنجۈرپاشا ناھىيىسىدە ئۇ كىتابنى پەقەت خەۋەر قىلىنغان ياش ئوت ئۆچۈرگۈچىلا ئەمەس، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئوت ئۆچۈرگۈچى ئەترىتى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇغانىدى. بۇ ناھىيىنىڭ گېرېتسىيە ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلغانلىقىنىڭ يىل خاتىرىسى تەييارلىقى يۈزىسىدىن ئۆتتىپاقىداش ئوت ئۆچۈرگۈچىلەرنىڭ باشلىرىدا تۆمۈر قالپاق، قالپاقلىرىنىڭ ئۈستىدە مىخلانغان كىچىك گاز ئوچاقلىرى، ئوت ئۆچۈرۈش مەيدانىدا باشلىرىدا ئوتلار يالقۇنلاۋاتقان، تەڭكەش قەدەمدە يۈگۈرۈشۈپ «ئوتلار، ئوتلار، ئوتلار ئىچىدە ۋەتەن» خورىنى تولۇق كەلتۈرۈپ ئېيتىۋاتقاندا ئۇلارنى باللار ۋە رايىش بىر پادىچى ئىتى بىلەن بىللە تاماشا قىلدىم. ئارقىدىن ھەممىمىز بىرلىكتە داستىخانغا كېلىپ ئۆچكە گۆشى قورۇمىسى يېدۇق. ئوچۇق ساغۇچ قىزىل رەڭلىك، قىسقا يەڭلىك خىزمەت كۆڭلەكلىرى بىلەن ھەممىسى بەختلىك كۆرۈنگەن ئوت ئۆچۈرگۈچى دوستلار قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ ياكى ماڭا سالام بولسۇن دەپ ئارىلاپ-ئارىلاپ ئۇ كىتابتىن بىر-ئىككى ئېغىز كۇسۇرلىشىپ قوياتتى. ئۇ كىتاب (ئۇلار كېيىن

كۆرسەتتى) بىردىنبىر ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسىنىڭ كابىنكىسىدا قۇرئانىدەك ئاۋايلاپ ساقلىناتتى. ئىسسىق ياز كېچىلىرىدە پەرىشتىلەرنىڭ( پەرىشتىلەرنىڭ ئەمەس) يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئېقىپ چۈشۈپ، ناھىيە بازىرىنىڭ ئىس ھىدىنى ئېلىپ، بىچارىلەر، دەردمەنلەرگە بىر كۆرۈنۈپ ئۇلارغا بەخت يولىنى كۆرسەتكىنىگە ئىشەنگەن بۇ ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر ئۇ كىتابنى خاتا ئوقۇدىمۇ ياكى مەن خاتا ئوقۇدۇممۇ؟

بىر ناھىيىنىڭ رەسىمخانىسىدا سۈرەتكە چۈشتۈم. يەنە بىر ناھىيىنىڭ دوختۇرخانىسىدا جىگىرىمنى تەكشۈرتتۇم. ئۈچىنچى بىر شەھەرنىڭ زەرگەرخانىسىدا سىناپ باققان ئۈزۈكنى ئالمىدىم، بۇ پەرىشان، توپا-توزانلىق، ۋەيرانە يەرلەردىن ھەر بىر چىققىنىمدا كۆڭلەرنىڭ بىرىدە جان بىلەن بىرلىكتە بەختىيارلىق رەسىملىرىمىزنى تارتقۇزۇش، ئۇ گۈزەللىكە مېھرىبانلىق كۆرسىتىش ۋە بىزنى بىر-بىرىمىزگە ئۆلۈمگە قەدەر باغلايدىغان بىر ئۈزۈك ئېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق يەرلەرگە كىرىدىغانلىقىمىزنى خىيال قىلدىم، بۇ فوتوگراف مەھەممەتنىڭ، دوختۇر ئەھمەدنىڭ ۋە زەرگەر رەھمەتنىڭ ئەسلىدە كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۇ كىتابنى قانچىلىك ئىشتىياق بىلەن ئوقۇغىنىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىدى.

ئاندىن ناھىيە بازىرى مەيدانىدا بىر ئايلاندىم، ئاتاتۈرك ھەيكىلىگە ماياقلاپ قويغان كەپتەرلەرنى ئەيىبلىدىم، سائىتىمگە قارىدىم، Waltherىمگە قاراپ باقتىم، گاراژلارغا يول ئالدىم، دەل مۇشۇ چاغلاردا بەزىدە ئۇ يامان ئادەملەر-يامغۇر چاپانلىق دۇكاندارلار "سائەت" خىيالەتلىرى ۋە قەتئىي نىيەتلىك Seiko ئارقامغا چۈشكەندەك تۇيغۇغا كېلەتتىم. ئادانا[1] ئاپتوبۇسىغا

---

[1] ئادانا — تۈركىيىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىكى ۋىلايەت. — ت

چىقىپ تۇرۇشۇمغا مېنى كۆرۈپ كەينىگە يېنىپ ئاپتوبۇستىن چۈشكەن ئېگىز بويلۇق كۆلەڭگە دۆلەتلىك ئاخبارات تەشكىلاتىدىكى Movado بولغىيمىدى؟ شۇنداق، شۇ بولۇشى كېرەك، شۇ ئىدى، بالدۇرراق يولۇمنى ئۆزگەرتىشىم كېرەك ئىدى. ئۆزگەرتتىم، لەش پۇرايدىغان پاسكىنا بىر يەرگە يوشۇرۇندۇم، ئەڭ ئاخىرىدا مەن غىپلا قىلىپ چىقىۋالغان HEMENVARAN [1] نىڭ دېرىزىلىرىدىن پەرىشتىنى ئۇمىدسىزلەرچە كۈتۈۋاتقاندا، گەجگەمنى چۈمۈلىدەك چېقىۋاتقان بىر جۈپ كۆزنىڭ تىكىلىشىنى ھېس قىلاتتىم، كەينىمگە قاراپ بۇ قېتىم ئەڭ ئارقا ئورۇندۇقتا Serkisof نىڭ مېنى خائىنلارچە كۆزىتىپ ئولتۇرغانلىقىغا ھۆكۈم قىلاتتىم. شۇنداق قىلىپ يېرىم كېچىلەردە دەم ئالغان يەرلەرنىڭ ئاشخانىلىرىدا چېيىمنى چالا-پۇلا ئىچىپ، ئاپتوبۇس قوزغالغىچە قونىئاقلىقلاردا كۆك تاۋاردەك ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى تاماشا قىلدىم. شەھەر بازىرىدىكى بىر دۇكانغا ئاپئاق كىيىم ۋە خۇشچىراي بىلەن كىرىپ، بىر قىزىل كۆڭلەك، بىر سۆسۈن رەڭ چاپان، سارجا ئىشتان ئېلىپ، خاپا چىراي چىقتىم. بىر قانچە قېتىم ئارقامدىكى قاراڭغۇ كۆلەڭگىلەر بازاردىكى ئادەملەر توپى ئىچىدە مېنى بېكەتلەرگىچە قوغلايتتى.

قوغلاشلاردىن ئارقامدا قالغان قوراللىق خىيالەتنى خېلى يىراقلارغا تاشلىۋەتكىنىمگە ئىشەنگىنىمدە ياكى دوكتور نارىنىنىڭ سارائ "سائەت" لىرىنىڭ مېنى دۇمبالاشلىرى ئۈچۈن ئەسلىدە ھېچبىر سەۋەب يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرگىنىمدە، سىرتتىن مېنى كۆزىتىۋاتقان يامان كۆزلەرنىڭ ئورنىنى مېنى ئۆز ئارىسىدا كۆرۈشتىن بەخت ھېس قىلىدىغان دوستانە بازارلىقلارنىڭ زېرەك كۆزلىرى ئىگىلەيتتى.

---

[1] HEMENVARAN — «تېز بارار»ماركىلىق ئاپتوبۇس، — ت.

بىر قېتىم، قوشنا ئۆيگە ئورۇنلاشقان، ئەمما ھازىر ئىستانبۇلدىكى تاغىسىنىڭكىگە كەتكەن بىر مەھەممەتنىڭ بىزگە مەلۇم مەھەممەت ئەمەسلىكىگە ئىشىنىش ئۈچۈن ئۇدۇل ئۆيدىكى ۋات-ۋات ھامىمغا بازاردىن قايتىشىمدا ھەمراھ بولدۇم. بىز بىرلىكتە كۆتۈرۈپ ماڭغان تور خالتا ۋە يالتىراق خالتىلاردىكى يوغان پىدىگەنلەر، پارقىراق پەمىدۇرلار ۋە ئۈچلۈق مۇچلار قۇياشنىڭ يالت-يۇلت نۇرلىرىغا تاشلىنىپ ياتقاندا، ھامما ماڭا بىراۋنىڭ ئەسكەرلىكتىكى دوستىنى ئىزدىشىنىڭ خۇشاللىنارلىق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى، ئۆيدە مېنى كۈتۈۋاتقان ئايالىمنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىگە ئىرەن قىلماي، ھاياتنىڭ نە قەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى.

بەلكىم ھايات شۇنداق ئىدى. كاراچالىدا[1] يوغان بىر چىنارنىڭ ئاستىدىكى باغچىلىك"نەفاسەت (نەپىسلىك)" ئاشخانىسىدا رەيھان پۇراقلىق لەززەتلىك بىر دۆنەر يېدىم. ياپراقلارنى بىر دەم تەتۈرىگە، بىر دەم ئوڭىغا ئۆرۈپ-چۆرۈۋاتقان مەيىن شامال ماڭا بەختلىك ئانىلاردەك خۇشبۇي خېمىر پۇرىقىنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئافيونغا يېقىن بىر يەرلەردە— مەن ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغان كۆڭۈلسىز بىر بازاردا— ئۆز سەزگۈلىرى بىلەن پات-پات يۆنىلىش تاللاۋاتقان پۇتلىرىم مېنى ئىختىيارسىز ئېلىپ بارغان بىر تاتلىق-تۈرۈم دۇكىنىدا قۇرۇتۇلغان قىزىل گۈل ۋە ماندارىن قوۋزىقى رەڭگىدىكى شېكەرلەر تولدۇرۇلغان كوزىلارنى ۋە شۇ پار-پۇر كوزىلاردەك يۇملاق، يېقىملىق بىر ئانىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدىم، بۇرۇلۇپ پىركازچىكقا قاراپلا چۆچۈدۈم. ھېلىقى ئانىنىڭ قىزى ئانىسىنىڭ كىچىكلىتىلگەن نۇسخىسىنىڭ ئۆزى

[1] كاراچالى— تۈركىيىنىڭ مۇغلا ۋىلايىتىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز رايونىغا تەۋە ناھىيىسى، ھازىرقى ئىسمى دالامان، — ت.

بولـۇپ، سـولغۇن چـىراي كـۆرۈنەتتى. 16 ياشـلاردىكى، ياڭـاق سـۆڭىكى بۆرتـۈپ چىققـان بـۇ سـاھىبجامالنىڭ كـۆزلىرى ئالغـايراق ئىدى. ئۇ بىرىلىپ ئوقۇۋاتقان سۈرەتلىك روماندىن شاققىدە بېشىنى كۆتـۈرۈپ ئىللىـق كۈلۈمسىرىدى. ئەمما ئىشەنگۈسىز بىر ئىش، ئۇنىـڭ كۈلۈمسىرىـشى كىـشىگە ئامېرىكـا فىلىملىرىـدىكى ھېلىقـى ئەركىن، شەيتانىي ئاياللارنىڭ كۈلۈمسىرىشىنى ئەسلىتەتتى.

بىـر كېچىـسى، ئىـستانبۇلدىكى كـۆركەم، راھەت ئۆيلەرنىـڭ ئازادە، جىمجىت مېھمانخانىسىدەك ئىللىق نۇرلۇق چىـراغلار بىـلەن يورۇتۇلغـان بىـر بېكەتـتە ئاپتوبۇسـىمىزنى كۈتۈۋاتقانـدا تونۇشـۇپ قالغـان ئـۈچ كاندىـدات ئوفىتـسېر دوسـتۇم بىـلەن ئـۇلار ئـۆزلىرى كەشـىپ قىلىـپ تەرەققىـي قىلـدۇرغان قارتـا ئويـۇنى ــ "شـاھ چۆچۈدى"نى ئوينىدىم. ھەر بىرى" يېنىچې" مـاركىلىق تاماكىلىرىنىـڭ كاردون قېپىدىن كېسىلگەن ئويـۇن قارتىلىرىنىـڭ ئۈستىگە شاھلار، ئەجـدىھالار، سـۇلتانلار، جىـنلار، ئاشـىقلار ۋە پەرىـشتىلەرنى سىـزىۋالغانىدى، دوسـتلارنىڭ بىـر ـ بىرىنـى دوسـتلارچە مەسـخىرە قىلىشلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، يول ۋە شەپقەت كۆرسىتىۋاتقان بىـرەر خېـنىم مـىجەز قىزىقچـى رولـىدىكى "پەرىـشتە"لەر يـا ئۇلارنىــڭ مەھەللىـسىدىكى سـۆيگۈنىگە ۋەكىللىـك قىلاتتـى يـاكى ياشـلىقىدىكى بىردىنبىر ئۇلۇغ مـۇھەببىتىگە ۋە يـاكى ئارىلىرىـدىكى ئەڭ چاقچاقچى بىرىـدە يـۈز بەرگىنىـدەك پەقەت ئانـانىزم خىياللىرىـدا بىـرگە بولغـان بىرەر يەرلىك فىلىم ۋە كۆڭۈل ئـېچىش كۇلـۇبى چولپىنىغـا ۋەكىللىـك قىلاتتى. ئـۇلار تـۆتىنچى "پەرىـشتە"نـى ماڭـا ئۆتۈنـدى ۋە خىيالىمـدا ئۇنى كىمنىڭ ئورنىغا قويغانلىقىمنى مەنـدىن سورىماسلىقتەك ياخشى كـۆڭلى ئـارقىلىق ئەقىللىـق ۋە ئـاڭلىق دوسـتلارمۇ كەمـدىن كەم ئىپادىلەيدىغان ئەدەپ ـ قائىدىنى نامايان قىلىشتى.

دەردمەن خەۋەرچىلەرنىڭ قـۇرۇق گەپلىرىنـى ئاڭلاۋېتىـپ، ھەر بىـرى ئۆزىنىـڭ چەت بۇلۇڭلىرىغـا يوشـۇرۇنغان ئىـشكلىرى تاقـاق،

بېغىنىڭ تاملىرى تىكەنلىك ۋە يوگىمەچلەر بىلەن قاپلانغان، يوللىرىمۇ ناھايىتى ئەگرى-توقاي بولغان ھەر خىل مەھەممەتلەر ئىچىدىن ماڭا كېرەكلىك بولغانلىرىنى ئىزدەۋاتقاندا ۋە بېكەتلەردە، شەھەر مەيدانلىرىدا، ئاپتوبۇس بېكەتلىرىنىڭ ئاشخانىلىرىدا ئارقامدىكى ھەقىقىي يامغۇرلۇق كىيىم كىيگەنلەر بىلەن يامان نىيەتلىك "سائەت"لەردىن قېچىش ئۈچۈن ئۇلارنى يوگۈرتۈپ يۈرگەندە مەن شاھىد بولغان بەخت مەنزىرىلىرىدىن بىرسى مېنى خېلىلا ئازابلىدى.

يولغا چىققان بەشىنچى كۈنۈم ئىدى. «چورۇم[1] ئەركىن ئاۋازى» گېزىتى خوجايىنىنىڭ ئوقۇغان شېئىرلىرىمنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنسۇن دەپ چاي ئىستاكانىغا قۇيۇپ ماڭا سۇنغان ئارپابەدىيان ھارىقىنى ئىچتىم، گېزىتچىنىڭ كىتابىدىكى بەزى پارچىلارنى «ئۆي ۋە ئائىلە» سەھىپىسىدە ئېلان قىلمايدىغانلىقىنى، چۈنكى بۇنىڭ ئەمدى تۆمۈر يول دەۋاسىغىمۇ، چورۇمغا ئاماسيادىن[2] بىر تۆمۈر يول ياتقۇزۇلۇشىغىمۇ ھېچ پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندىم. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ناھىيىدە ئىز ۋە ئادرېس كەينىدىن ئالتە سائەت پىرقىرىغاندىن كېيىن ئۇ دەردمەن خەۋەرچىنىڭ دوكتور نارىنىدىن پۇل ئۇندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە يوق بىر ئوقۇرمەننى خەۋەر قىلىپ، ئۇنى بۇ جاھاندا يوق بىر كوچىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى غەزەپ ئىچىدە بايقىدىم، ئىككى يېرىمدىكى قىيالىق، تىك ھاڭلىق تاغلار تۆپەيلىدىن بالدۇر قاراڭغۇ چۈشكەن ئاماسيا مەنزىلىگە يەتتىم. تىزىملىكىمدىكى مەھەممەتلەرنىڭ ھېچبىر نەتىجە بەرمەي تۈرۈپ يېرىمى تۈگىگەنلىكى ۋە مەن تېخىچە قىزىتما ئىچىدە

[1] چورۇم— تۈركىيىنىڭ قارا دېڭىز رايونىدىكى ۋىلايەت، — ت.

[2] ئاماسيا— تۈركىيىنىڭ قارا دېڭىز رايونىنىڭ ئوتتۇرا ئىچكى قىسمىدىكى ۋىلايىتى، — ت.

تۆشــەكتە يېتىۋاتــدۇ دەپ خىيــال قىلغــان جانانىنــڭ كۆرۈنۈشــى پۈتلىرىمدا چۈمۈلە چاققاندەك بىر تۇيغۇ پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن بــۇ شــەھەردە كېرەكلىــك ئادرېــسلارغا بېرىـــپ، ئەســكەرلىكتىكى دوستۇمنى سوراپ، ئۇنىــڭ مەلـۇم مەھەمـمەت ئەمەسـلىكىنى ئۇقـار- ئۇقمـاي، مېنــى قــارادېكىز بويىغــا چۈشــۈرۈپ قويــدىغان بىــر ئاپتوبۇسقا دەرھال چىقىشنى پىلانلىدىم.

پەقەت يېشىل بولمايدىغان بۇلغانغـان بىـر سۇنى— بۇ تېخى داڭقى چىققان يېشىل دەريامىش— ھالقىپ ئۆتكەن بىـر كـۆۋرۈكتىن تاغدىكى قىيالارغا ئويۇلغان قەبرىلەرنىڭ ئاستىغىلا جايلاشقان بىـر مەھەللىگە كىردىم. بۇ يەردىكى كونا ۋە ھەيۋەتلىك تۇرالغۇلار بىر زامانلاردا راھەت-پاراغەتتە ياشىغان كىشىلەرنىڭ —كىم بىلىدۇ، قايسى پاشالارنىڭ ياكى پومېشچىكلارنىڭ— بـۇ توپـا باسـقان مەھەللىدە ياشىغىنىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. بۇ تۇرالغۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ ئەسكەرلىكتىكى دوستۇمنى سورىدىم، ئۇلار ئۇنىـڭ ماشىنىــسى بىــلەن يولــدا ئىكەنلىكىنــى ئېيتىــپ مېنــى ئىچكىــرىگە باشلىدى ۋە ماڭا نۇرانە، بەختلىك بىر ئائىلە ھاياتىدىن جىلۋىدار كۆرۈنۈشلەرنى كۆرسەتتى:

1. ئــۆي ئىگىــسى نامراتلارنىــڭ دەۋالىرىنــى ھەقــسىز قوبــۇل قىلىدىغان ئادۋوكات بولۇپ، ئىشىكتىن ئۈزىتىـپ قويغـان دەردمەن ھال ئېيتقۇچىنىـڭ دەردلىـرى ئۈچۈن ئـاھ ئـۇرۇپ، ھەيۋەتلىـك بىـر كۇتۇپخانىدىن ئېلىپ چىققان قـانۇنلار تـوپلىمىنى ئىجتىھات بىـلەن تەتقىـق قىلىـشقا باشلىدى. 2. بۇنـداق ئىشلارغا كۆنـۈپ كەتـكەن، شـۇنداقلا دەۋادىــن خەۋىــرى بـار ئانـا مېنــى ئــۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتكەن ئاتىغا، جادۇ كۆزلۈك سىڭلىغا، يېقىننى كۆرۈش كـۆزەينىكى تاقىۋالغان چوڭ ئانىغا ۋە بىر تۈركـۈم پوچتـا ماركىـسى(بىـر يـۈرۈش "دۆلەت زېمىنــى" ماركىــسى) نــى كۆزىتىۋاتقــان كىچىــك ئوغۇلغــا تونۇشتۇرغاندا، ھەممىسى تۈركلەرنىڭ ھەقىقىي مېھماندوست خەلـق

ئىكەنلىكى توغرۇلۇق غەرب سەيياھلىرىنىڭ كىتابلىرىدا تەسۋىرلەنگىنىدەك ھەقىقىي مېھماندوستلۇق تۇيغۇسى ۋە ھاياجىنى بىلەن خۇش بولۇشتى. 3. ئانا بىلەن جىن قىز سۇۋەيدە ھامىمىنىڭ دۇخوپكىسىدا پىشۇرغان ئېپار پۇراقلىق سامسىنىڭ قىزىرىشىنى كۈتۈۋاتقاندا ئاۋۋال مەندىن ئالاھىدە گەپ سوراشقا باشلىدى، ئاندىن ئاندرى مائۇروئىسنىڭ[1] «ئىقلىملار» ناملىق رومانى ھەققىدە مۇنازىرىلەشتى. 4. پۈتۈن كۈننى ئالملىق باغدا ئۆتكۈزگەن ئىشچان ئوغۇل مەھەممەت مېنى ئەسكەرلىكتىكى كۈنلىرىدە ھېچ ئەسلىيەلمىگەنلىكىنى ئۇدۇللا ئېيتتى ۋە ياخشى كۆڭلى بىلەن ئورتاق پاراڭ تېمىسى ئىزدىدى، تاپتى. شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا تۆمۈر يول سىياسىتىنىڭ تاشلىنىپ قېلىشىنىڭ ۋە يېزىلاردا كوپىراتسىيەلەشتۈرۈشنىڭ تەشۋىق قىلىنماسلىقىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان سىياسىي غەرەزلەرنى كىشىلەرنىڭ ئۇنتۇپ كېتىشكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ دۆلىتىمىز ئۈچۈن نە قەدەر زىيانلىق ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە قىلىشقا پۇرسەت تۇغۇلدى.

بۇ كىشىلەر بەلكىم ئەزەلدىن ئالدىنىپ باقمىغان، دەپ ئويلىدىم بەختلىك تۇرالغۇدىن چىقىپ كوچىلارنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا شۇڭغۇغاندا. ئىشىكنى چېكىپ، ئۇلارنى كۆرە-كۆرمەي مەلۇم مەھەممەتنىڭ بۇ ئۆيدە ياشىمىغانلىقىنى بىلگەنىدىم. ئۇنداقتا نېمىشقا ئۇ يەردە تۇردۇم ھەم قەرز ئۆي ئېلانلىرىدىكى مەنزىرىلەر بىلەن ئوپئوخشىشىدىغان بۇ بەختلىك ئائىلە كۆرۈنۈشىگە مەپتۇن بولدۇم؟ Walther تۈپەيلىدىن دېدىم تاپانچامنى يانچۇقۇمنىڭ ئۈستىدە سىيزىپ. مەن چىققان بەختلىك تۇرالغۇنىڭ كۆركەم دېرىزىلىرىگە قارىتىپ توققۇز مىللىمېتىرلىق ئوقلىرىمنى ئاتسامچۇ

[1] ئاندرى مائۇروئىس (1885—1967)— فرانسىيە يازغۇچىسى، تارىخچى. «ئىقلىملار» ناملىق رومانى 1928-يىلى يېزىلغان.—ت.

دەپ ئويلىدىم، ئەمما بىلەتتىم، بۇ ئويلاش ئەمەس، بەلكى "ئىچىمنىڭ قاراڭغۇ ئورمانلىقىدىكى قارا بۆرىنى ئۇخلىتىشقا ئۈندەش"ئىدى، ئۇخلا، ئۇخلا، قارا بۆرە، ئۇخلا! ئاھ، شۇنداق، ئۇخلايلى. بىر دۇكان، ئاندىن ئەينەك ئىشكاپ ۋە ئېلان كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى: پۇتلىرىم، بۆرىدىن قورققان قوزىدەك ياۋاش پۇتلىرىم مېنى بىر يەرلەرگە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. نەگە؟ سەفا(ئويۇن-تاماشا) كىنوخانىسى، باھار دورىخانىسى، ئۆلۈم قۇرۇق يەل-يېمىش دۇكىنىغا. قولىدا تاماكا تۇتۇۋالغان يەل-يېمىشچىنىڭ شاگىرتى ماڭا نېمىشقا ئۇنداق قارايدۇ؟ باققالنىڭ دۇكىنىدىن چىقىپ بىر چەرچىن ماللار دۇكىنىغا ۋە بىر تورتخانىغا باردىم، ئاخىرىدا ئۆزۈمنىڭ ئارچەلىك شىركىتىنىڭ چوڭ ئەينەكلىك دېرىزىسى ئالدىدا تۇرغانلىقىمنى بايقىدىم ۋە دېرىزە ئىچىدىكى "ئارچەلىك"ماركىلىق توڭلاتقۇلارنى، تۈركىيە كۆمۈر گازى شىركىتىنىڭ "ئايگاز" ماركىلىق ئوچاقلىرىنى، نان قۇتىلىرىنى، ئورۇندۇقلارنى، دىۋانلارنى ۋە زامانىۋى مەشلەرنى كۆردۈم. ئۈستىگە ئۇچلۇق يېپىلغان قويۇق تۈكلۈك بىر ئىتقا ("ئارچەلىك" ماركىلىق رادىئونىڭ ئۈستىگە قوندۇرۇلغان زىننەت ھەيكەلگە) قاراۋاتقاندا ئەمدى ئۆزۈمنى تۇتالمىغانلىقىمنى بىلىۋاتاتتىم.

شۇنداق قىلىپ، ئىككى تاغ ئارىسىدىكى ئاماسيا شەھىرىدە، يېرىم كېچىدە بىر ئەينەكلىك دېرىزىنىڭ ئالدىدا ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدىم، پەرىشتە. چوڭلار بالىلىرىدىن "نېمىشقا يىغلايسەن قوزام" دەپ سورىشىدىغۇ! ئۇ چوڭقۇر جاراھىتى ئىچىدىكى بىر يەر قانىغاچقا يىغلايدۇ؛ ئەمما ئۆزىدىن گەپ سورىغان تاغىغا، كۆك قەلەمتۇرىچىمنى يوقاتتىم دەيدۇ، مېنىڭمۇ ئەينەكلىك دېرىزە ئىچىدىكى پۈتۈن نەرسىلەرگە ئىچىم ئېچىشىۋاتاتتى. سۈنئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن رەسۋا قاتىل بولاتتىم ۋە ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە روھىمدىكى ئاشۇ ئازاب بىلەن ياشايتتىم. يەل-

يېمىشچىدىن مېغىز ئالغىنىمدا، باققالنىڭ ئەينەكلىك ئىشكاپىدا ئۆزۈمگە قارىغىنىمدا، توڭلاتقۇلار ۋە مەشلەر ئارىسىدىكى بەختلىك ھاياتتا گەۋدەمنى كۆرگىنىمدە، ئىچىمدىكى لەنەت ۋە ئالدامچى ئاۋاز، يەنە چىشلىرىنى كۆرسىتىۋاتقان خائىن قارا بۆرە ماڭا "سەن جىنايەتچى" دېمەكچى بولاتتى. شۇنداقتىمۇ پەرىشتە، مەن بىر چاغلاردا ھاياتقا ۋە ھاياتلىقتا ياخشى ئادەم بولۇش كېرەكلىكىگە نە قەدەر ئىشىنەتتىم، ئەمدىلىكتە مەن ئىشىنەلمىگەن بىر جانان بىلەن، ئىشەنگەن تەقدىردە مەن ئۆلتۈرىدىغان بىر مەھەممەت ئارىسىدا تېڭىرقاۋاتاتتىم، ئەگرى-توقاي ۋە ھىيلىگەر بىر ھېساب-كىتاب ۋەدە قىلغان خەتەرلىك تۇمانلار ئىچىدە بەختلىك ھايات كەچۈرۈش خىيالىدىن ۋە Walther ىمدىن باشقا ئېسىلىدىغان ھېچ بىر ئۈمىد شېخىم يوق ئىدى. توڭلاتقۇلار، ئاپېلسىن سىقىدىغان ئەسۋابلار ۋە بازاردىن نېسى ئېلىنغان ئورۇندۇقلار ئاڭلانماس بىر يىغا-زارنىڭ ھەمراھلىقىدا كۆز ئالدىمدىن ئىرغاڭلىشىپ ئۆتتى.

يەرلىك فىلىملەردىكى ماڭقىسىنى تارتىپ يۈرگەن كىچىك باللارنىڭ ۋە كۆزى ياشلانغان گۈزەل ئاياللارنىڭ دەردىگە دەرمان بولغانلاردەك سىياقتىكى بىر تاغا شۇ ئارىدا ماڭا— سوقۇشتا مەغلۇب بولغان قېرى خورازغا يېتىشتى ۋە : "ئوغلۇم، نېمىشقا يىغلايسەن، بىرەر دەردىڭ بارمۇ بالام؟... يىغلىما" دېدى.

بۇ ئەقىللىق ۋە ساقاللىق تاغا يا جامەگە كېتىۋاتاتتى ياكى بىرسىنى بوغۇزلىغىلى.

— تاغا، تۈنۈگۈن دادام تۈگەپ كەتتى، — دېدىم.

گۇمانلانغان بولسا كېرەك:

— سەن كىملەرنىڭ ئەۋلادى ئوغلۇم؟ — دېدى ئۇ، — بۇ يەرلىك ئەمەسلىكىڭ ئېنىق.

— ئۆگەي دادام بىزنى بۇ يەردە ھېچ قويىنغا ئالمىدى، — دېدىم ۋە " تاغا، مەككىگە ھەج قىلغىلى كېتىۋاتاتتىم، لېكىن

ئاپتوبۇس كېتىپ قالدى، قەرز بېرىپ تۇرساڭچۇ!“ دېسەم بوپتىكەن دەپ ئويلىدىم.

قاراڭغۇلۇقتا ئازابتىن ئۆلۈۋاتقاندەك ماڭدىم.

يەنە تۇرۇپلا بىر-ئىككى ئېغىز يالغان گەپ قىلغۇم كەلدى. كېيىن، مەن ھەر قاچان ئىشىنىدىغان GÜVENLIVARAN[1] نىڭ تېلېۋىزور ئېكرانىدا كىچىك، سۆيۈملۈك بىر خانىمنىڭ ئەسكى ئادەملەر توپىغا ماشىنىسىنى رەھىمسىز بىر نىيەتتە ھەيدىگەنلىكىنى كۆرۈش مېنى خېلىلا راھەتلەندۈردى. ئەتىگەندە قارادېڭىز بويىدىكى قارا دېڭىز باققال دۇكىنىدىن ئىستانبۇلدىكى ئانامغا تېلېفون قىلدىم، ئىشلىرىمنى ھەل قىلىپ پەرىشتە كېلىنى بىلەن ئۆيگە قايتماقچى بولۇپ تۇرغىنىمنى ئېيتتىم. يىغلىسا خۇشاللىقتىن يىغلىشى كېرەك. كونا بازاردا بىر تورتخانىدا ئولتۇرۇپ خاتىرىلىرىمنى ئاچتىم، ئىشنى بالدۇرراق تۈگىتىش ئۈچۈن بىر ھېساب-كىتاب قىلدىم.

كىتابنىڭ سامسۇن[2] دىكى ئوقۇرمىنى كوللېكتىپ سۇغۇرتا دوختۇرخانىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ياش بىر دوختۇر ئىدى. ئۇنىڭ مەلۇم مەھەممەت ئەمەسلىكىنى كۆرە-كۆرمەي — ساقالنى پاكىز ئېلىشىدىن، يېقىملىق، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ھالىدىنمۇ ئەيتاۋۇر دەرھال شۇنى چۈشەندىم: بۇ ئادەم كىتابنى مەندەك ئېزىپ-تېزىپ ياشىغانلاردەك ئەمەس، باشقا بىر ساغلام يول بىلەن ھەزىم قىلىپ، كىتاب بىلەن بىرلىكتە ھۇزۇر ۋە ئىشتىياق ئىچىدە ياشاشنى بىلەتتى. ئۇنىڭدىن دەرھال نەپرەتلەندىم. مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىمنى ئۆزگەرتكەن، دۇنيايىمنى زىلزىلىگە سالغان بۇ كىتاب بۇ ئادەمگە

---

[1] GÜVENLIVARAN — ئاپتوبۇس ماركىسى، «خاتىرجەم بارىدىغان، يولۇچىلارنى مەنزىلگە سالامەت يەتكۈزىدىغان» دېگەن مەنىدە، — ت.

[2] سامسۇن — تۈركىيىنىڭ ئوتتۇرا قارا دېڭىز رايونىدىكى پورت شەھىرى، — ت.

قانــداقچە ۋىتــامىن دورىـــسىدەك ياخـــشى تەســىر بەردى؟ نـــاۋادا سـەۋەبىنى سـوراپ بىلىۋالمـىسام، قىزىقـسىنغانلىقىمنىڭ دەسـتىدىن ئۆلـۈپ بېرىدىغانـــدەك قىلاتــتىم. مۇرىـــسى كەڭ، كېلىـــشكەن بـــۇ دوختۇرغا كۆزى چوڭ، بەدىنى قوپال، كـىم نـوۋاك[1]نـىڭ ئـۆچىنچى سـىنىپتىكى ۋاقتىغـا ئوخـشايدىغان قـارامتۇل بىـر سېـسترا سـىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراۋاتقاندا، ئۈستەلدىكى دورا كاتالوگلىرى ئارىسىدا دورا كاتالوگلىرىـــدەك ســـاختا بىـــر گۇناھـــسىزلىق ئىچىـــدە تۇرغـــان كىتابنى كۆرسىتىپ گەپنى باشلىدىم.

—ۋاي بۇ دوختۇر ئەپەنـدى بـۇ كىتـابنى ئوقۇشـنى بەك ياخـشى كۆرىدۇ،— دەپ جاراڭلىق كۈلـدى كۈچلـۈك، قەتئىـي نىيەتلىـك"كـىم نوۋاك".

سېـسترانىڭ چىقىــپ كېتىــشىگە دوختــۇر ئىــشكىنى قۇلۇپلىــدى، ئىـش كـۆرگەن ئـادەملەردەك سـالاپەت بىــلەن ئورۇنــدۇقىغا كېلىــپ ئولتۇردى. تاماكا چېكىشىپ ئولتۇرۇپ ھەممە گەپنى دېيىشتۇق.

ئـۇ ئائىلىـــسىنىڭ تەســـىرىدىن بىـــر مەزگىـــل دىنغـا ئىـشىنىپتۇ، ياشلىقتا قەدەم قويغـان مەزگىلىـدە جۈمە كـۈنلىرى جـامەگە بېرىپتـۇ، رامىزاندا روزا تۇتۇپتۇ. كېيىن بىر قىزغا ئاشىق بوپتۇ، شـۇ مەزگىلىـدە دىنىـي ئېتىقـادىنى يوقىتىپتـۇ، ئارقىـدىن ماركـسىزمچىمۇ بوپتـۇ. بـۇ بوران-چاپقۇنلار ئىز قالدۇرۇپ چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئـۇ ئـۆز روھىدا بىر بوشلۇقنى ھېس قىلىپتـۇ. بىـر دوسـتىنىڭ كۇتۇپخانىـسىدا كـۆرۈپ قالغـان بـۇ كىتـابنى ئوقـۇپ ھەمـمە ئىـشى جايىغـا چۈشـۈپتۇ. ئۆلۈمنىـــڭ ھايـــاتىمىزدىكى ئـــورنىنى ئەمـــدى بىلىپتـــۇ: ئۇنىـــڭ مەۋجۇتلـۇقىنى باغچىـدىكى ئەتىۋارلىـق بىـر دەرەخ، كوچىـدىكى بىـر دوستتەك قوبـۇل قىلىپتـۇ، ئىـسيانكارلىقىنى تاشلاپتۇ. بالىلىقىنىـڭ مـۇھىملىقىنى چۈشـىنىپتۇ. ئۆتمۈشـىدە قالغـان ئۇشـشاق-چۈشـەك

[1] كـىم نوۋاك— ئامېرىكا كىنو چولپىنى.

نەرسىلىرىنى، كەمپۇتلىرىنى، رەسىملىك رومانلارنى ئەسلەپ ئۇنى ياخشى كۆرۈشىنىمۇ شۇ يوسۇندا ئۆگىنىپتۇ، تۇنجى كىتابلىرىنىڭ هاياتىدىكى تۇنجى سۆيگىنىدەك ئورنىنىمۇ بىلىپتۇ. تەلۋە، هەسرەتلىك ئاپتوبۇسلارنى، ئاجايىپ دىيارنىمۇ ئەسلىدە باللىقىدىن بېرى ياخشى كۆرۈپ كەپتۇ. پەرىشتىگە كەلسەك، ئەڭ مۇهىمى، بۇ مۆجىزىلىك پەرىشتىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئەقلى بىلەن چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن ئىشەنگەنىدى. مانا بۇ بىرلىشىشتىن كېيىن پەرىشتىنىڭ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە كېلىپ ئۆزىنى تاپىدىغانلىقىنى ۋە بىرلىكتە يېڭى بىر هاياتقا يۈكسىلىدىغانلىقلىرىنى، مەسىلەن، گېرمانىيىدە ئىش تاپالايدىغانلىقىنى بىلگەنىدى.

ئۇ بۇلارنى بىر بەخت رېتسىپى يېزىپ، مېنىڭ قانداق شىپالىق تاپىدىغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندەك سۆزلىدى. رېتسىپىنىڭ چۈشىنىلگەنلىكىگە ئىشەنگەن دوختۇر ئەپەندى ئورنىدىن تۇرغاندا مەندەك بىر ساقايماس كېسەلمۇ ئىشىكتىن چىقماقچى بولۇۋاتاتتى. چىقىۋاتاتتىم، دورىنى تاماقتىن كېيىن ئىچىش كېرەكلىكىنى ئېيتىۋاتقاندەك دېدى:

— مەن كىتاب ئوقۇسام دائىم ئاستىغا سىزىپ ئوقۇيمەن، سىزمۇ شۇنداق قىلىڭ.

جەنۇبقا قېچىۋاتقاندەك بىرىنچى ئاپتوبۇس بىلەن جەنۇبقا كەتتىم پەرىشتە، قارا دېڭىز بويىغا ئەمدى ئىككىنچى بارمايمەن دەيتتىم ۋە گويا بەختىيارلىق پىلانلىرىم ئىچىدە بۇنداق رەڭلىك، كەسكىن بىر خىيال باردەك، جانان ئىككىمىز قارا دېڭىزدا ئەسلىدىنلا بەختلىك بولالمايتتۇق دەپ قوشۇپ قوياتتىم. دېڭىزنىڭ قاراڭغۇ ئەينىكىدىن قاراڭغۇ يېزىلار، قاراڭغۇ ئېغىللار، مەڭگۈلۈك دەرەخلەر، هەسرەتلىك بېنزىن ساتقۇچىلار، ئادەم يوق ئاشخانىلار، جىمجىت تاغلار، يۇگۇرگەك توشقانلار ئۆتتى. ئاپتوبۇس ئېكرانىدىكى فىلىمدە چىققان ياخشى كۆڭۈللۈك، ياخشى نىيەتلىك

يىگىتنىڭ ئالدىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ خېلى بىر ۋاقىت ئۆتكەندە، يامان ئادەملەردىن ئاۋۋال ھېساب ئېلىپ ئاندىن ئۇلارغا ئوق ئېتىشقا باشلىغاندا، بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى بۇرۇنلا كۆرگەندىم دېدىم ئۆز-ئۆزۈمگە. ئۇ ھەر بىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن ئاۋۋال سوراققا تارتاتتى، يالۋۇرتاتتى، پۇشايمان قىلدۇراتتى، گېپىدىن يېنىۋېلىشقا پۇرسەت بېرىدىغان دەرىجىدە ئىككىلەندۈرۈپ، ئۇلارنى كەچۈرۈۋەتكەندەك قىلاتتى، شۇ تېنىۋېلىش بىلەن بىرلىكتە بىز تاماشىبىنلارمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك بولغان بىر ئەبلەخنىڭ نەق ئۆزى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىنىمىزدا، شوپۇرىمىزنىڭ سەل ئۇستىدىكى ئېكراندىن نىشانلىق ئوق ئاۋازى كېلىۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا قان ۋە جىنايەتتىن خۇشاللىنالمايدىغان ئادەمدەك دېرىزىدىن سىرتقا — پەرىشتە ۋە قاملاشقان دوختۇرغا قارىدىم، ماڭا كىتابنىڭ رېتسېپىنى بەرگىنىگدە سېنىڭ كىملىكىڭنى نېمىشقا سورىمىغانلىقىمنى ئويلاپ ئوق ئاۋازلىرى، ماتورنىڭ گۈركىرىشى، چاقنىڭ ۋىژىلدىشى قوشۇلۇپ كەتكەن غەلىتە بىر ناخشىنىڭ مۇڭىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. ناخشا تېكىستى شۇنداق باشلىناتتى:

بىمار "پەرىشتە كىم؟" دەپ سورىغاندا ،"پەرىشتىنى دەمسەن؟— دەيتتى دوختۇر ۋە مەغرۇر ئادەملەردەك خاتىرجەملىك بىلەن بىر خەرىتە چىقىرىپ ئۇستەلگە ياياتتى ھەمدە بىچارە بىمارنىڭ رېنتېگىن نىگاتىۋىدا ئۈمىد قالمىغان ئىچكى ئەزالىرىنى كۆرسىتىۋاتقاندەك،— بۇ يەر مەنە داۋىنى، ئۇ يەر تەڭداشسىز پەيت شەھىرى، ئۇ يەر پاكلىق ۋادىسى، بۇ يەر بالا-قازا نۇقتىسى بولسا، ئۇ چاغدا قارا، بۇ يەر جەزمەن ئۆلۈم" دەيتتى.

دوختۇر، كىشىلەر پەرىشتە بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇلىغىنىدەك، ئۆلۈم بىلەنمۇ ئاشىقلارچە ئۇچرىشىشى كېرەكمۇ؟

قولۇمدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن، ئىكىزلى[1] ناھىيە بازىرىدا كىتابنى ئوقۇغان گېزىتچى خوجايىن بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك: ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ئون مىنۇتتىن كېيىن ئۇنى بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۇكىنىدا جانانىنىڭ سۆيگۈنىگە ھېچ ئوخشىمايدىغان پاكار، يوغان ۋە سېمىز بەدىنىنى كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن راھەت بىلەن قاشلاۋاتقانىدا كۆردۇم. شۇنىڭ بىلەن مەن— كەسكىن، چەبدەس رازۋېتچىك ئون مىنۇت كېيىنكى تۇنجى ئاپتوبۇس بىلەن بۇ شەھەرنى تەرك ئەتتىم. تۆت سائەت ئىچىدە ئىككى ئاپتوبۇس ئالمىشىپ بارغان ۋىلايەت مەركىزىدىكى گۇمانلىق ئادىمىم بولسا مېنى بايىقىسىدىن ئازراق ئاۋارە قىلدى: چۈنكى گاراژنىڭ دەل ئۇدۇلىدىكى ساتىراشخانىدا ئىشچان خوجايىن بىرىنىڭ ساقال-بۇرۇتىنى ئېلىۋاتقانىدا، ئۇ بىر قولىدا ئەخلەت ئالغۇچ، يەنە بىر قولىدا پاكپاكىز بىر پەرتۇقنى تۇتقان ھالدا ئاپتوبۇستىن چۈشكەن بىز بەختلىك يولۇچىلارغا چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن قارايتتى. ئىچىمدە "كەل قېرىندىشىم ئاپتوبۇسقا، ئەڭ نامەلۇم دۆلەتلەرگە بىللە كېتەيلى!" دېگۈم بولسىمۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، ئىلھام پەرىسى مېنى تەرك ئەتمەستە بۇ ئىشنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىگىچە بېرىپ باققۇم بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىر سائەت كېيىن يېتىپ بارغان ناھىيىدە شۈبھىلىك بىر سايائقتىن ئىنتايىن گۇمانلانغىنىم ئۈچۈن ئامالسىز شۇنىڭ دۇكىنىدىكى كونا قەپەسلەرنى، پانۇسلارنى، قايچىلارنى، گۈل دەرىخىدىن ياسالغان تۇۋاقلارنى(ئەمما ھەيران قالغۇدەك ئىش) تەكشۈرۈپ چىقتىم؛ مەن ئىزدىگەن دەردمەن خەۋەرچىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقا بېغىدىكى قاراڭغۇ قۇدۇققا ساڭگىلىتىپ قويغان پەلەيلەرنى، كۆنلۈكلەرنى، يەلپۈگۈچلەرنى ۋە Browning ماركىلىق بىر تاپانچىنى تەھلىل

[1] ئىكىزلى— قوشكېزەك دېگەن مەنىدە، — ت.

قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. كۆڭلى سۇنۇق ۋە چىشى سۇنۇق باي دوكتور نارىنغا بولغان ھۆرمەت ۋە قايىللىقىنىڭ نازۇك ئىپادىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا بىر Serkisof سائەتنى ھەدىيە قىلدى. ئازادلىق كۈنى ئۇچۇن ئۈچ ئاغىنىسى بىلەن بىللە جۇمە نامىزىدىن كېيىن تورتخانىنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆيىدە قانداق تېپىشقانلىرىنى سۆزلەۋاتقاندا بىردىنلا، ئاخشامنىڭلا ئەمەس، كۆز پەسلىنىڭمۇ قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا كېلىپ قالغىنىنى ئويلىدىم. قاپقارا ۋە پاكار بۇلۇتلار كاللامغا كىرىۋالغاندا ياندىكى ئۆينىڭ بىر ھۇجرىسىدا لامپا ياندى، بىر دەمدە كۆز ياپراقلىرى ئارىسىدىن يېرىم يالىڭاچ بىر ئايالنىڭ بەستلىك، بالرەڭ مۆرىلىرى دېرىزىدە قورقۇنچلۇق بىر كۆرۈنۈپ قويۇپ يوقالدى. ئاندىن كېيىن ئۇپۇقتا چاپتۇرۇلغان تۇلپارلارنى، پەرىشتىنى، سەۋرسىز جانىۋارلارنى، بېنزىن قاچىلاش پومپىلىرىنى، بەخت خىياللىرىنى، ئۆچۈرۈلگەن كىنولارنى، باشقا يۆنىلىشتىكى ئاپتوبۇسلارنى، باشقا ئىنسانلارنى، باشقا ناھىيە بازارلىرىنى كۆردۈم.

شۇ كۈنى، خېلى بىر ۋاقىتتىن كېيىن مەھەممەتنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندە نېمىلا بولسا ماڭا كۆڭۈلسىزلىكتىن كۆرە چوڭ ئۈمىد بەرگەن بىر ئۇنتۇلغۇ لېنتىسى ساتقۇچى بىلەن ساتقان نەرسىلەر ئاتا قىلغان خۇشاللىق، ئۆتكۈنچى يامغۇرلار، مەن يېڭى كەلگەن ناھىيە بازىرىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر ھەققىدە شاخلاپ پاراڭ سېلىشىۋاتاتتۇق، ھەسرەتلىك پويىز گۈدۈكىنى ئاڭلاپ ئالدىرىدىم: ئېسىممۇ ئېسىمدە قالمىغان بۇ ئۇنتۇلغان ناھىيىنى بالدۇرراق تاشلاپ، يەنە بىر ئاپتوبۇس مېنى ئېلىپ بارىدىغان سۆيۈملۈك قاراڭغۇ كېچەمگە قايتىشىم كېرەك ئىدى.

پويىز گۈدۈكى كەلگەن تەرەپكە — بېكەتكە قاراپ كېتىۋاتقىنىمدا، بىر يەرگە توختىتىپ قويۇلغان پارقىراپ تۇرىدىغان بىر ۋېلسىپىتنىڭ ئەينىكىدە پىيادىلەر يولىدا كېتىۋاتقان ئۆزۈمنى

كـۆردۈم: تاپانچـام يوشـۇرۇلغان، يېڭـى سـېتىۋالغان سۆسـۈن رەڭ چاپىنىم، يانچۇقۇمدا دوكتـور نارىنغـا ھەدىـيە قىلىنغـان Serkisof، پاچىقىمغا چىلڭ كەلگەن پادىچى شىمى ، كارغا كەلـمەس قـوللىرىم، ئۆتكۈنچى قەدەملىرىم... شۇ ئەسنادا دۇكانلار، ئەينەكلىك رامكىلار بـارا ـ بـارا يوقىلىـپ بـاردى، كىچىنىـڭ قوينىـدا بىـر مەيدانـدا سىركچىلەر چىدىرىنى، چىدىر ئىشىكىنىڭ ئۈستىدە بىـر پەرىـشتە رەسـمىنى كـۆردۈم. پەرىـشتىنىڭ رەسـمى ـــ پـارىس زىننەتلىـك رەسىملىرى بىلەن يەرلىك فىلىم چولپانلىرىنىڭ يۇغۇرۇلمىسى ئىدى، شـۇنداقتىمۇ يـۈرىكىم دۈپۈلـدەپ كەتتـى. قـاراڭ ئەپەنـدى، دەرس تاشـلىغان ئوقۇغـۇچى ھەم تاماكـا چېكىـدۇ ھەم يوشـۇرۇنچە سـىرك كۆرگىلى كىرىدۇ.

بىلەت ئېلىپ، چىدىرغا كىرىـپ ئولتـۇردۇم، سىـسقچىلىق، تەر ۋە توپىنىـڭ پـۇرىقى ئىچىـدە ھەمـمە نەرسـىنى ئۇنتۇمـاقچى بولـۇپ كۈتۈشكە باشـلىدىم. تېخىچە قىـسمىغا قايتمىغـان تەلـۋە ئەرلەرنـى، ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان كىشلەرنى، قېرىلار ۋە دەردمەنلەرنـى، بىـر ـ ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ بەلكىم بۇ يەرگە خاتـا كىرىـپ قالغـان ئەر ـ خوتـۇنلارنى كـۆردۈم. چـۈنكى بـۇ يەردە تېلېـۋىزورلاردا مەن كـۆرگەن ئاجايىـپ سـىركچىلەر، ۋېلىـسىپىت مىنىـدىغان ئېيىقلار، يەرلىك سېھىرگەرلەر يوق ئىـدى. بىـر ئـادەم قاسـماق، كـۈلرەڭ بىـر پەردىنىڭ ئاستىدىن بىر رادىئونى ئالدى، ئاندىن رادىئـودا مۇزىكـا ئاڭلانــدى. بىــر قەدىمىــي ناخــشىنى ئاڭلىــدۇق، شــۇ ئەســنادا ئىچكىرىسىدىن چىققان ياش ئايـال ئـۇ ناخشىنى ئېيتىـپ، ئانـدىن ھەسرەتلىك ئاۋازى بىـلەن ئىككىنچىـسىنى ئېيتىـپ چىقىـپ كەتتـى. بىلەتلىرىمــز نومۇرلــۇقمىش، نومــۇرلار لاتــارىيىگە ھېــسابىمىش، سـەۋرچانلىق بىـلەن كۈتۈشـىمىز كېـرەك ئىـكەن، بىـزگە شـۇنداق دېدى.

بايـا ناخـشا ئېيتقـان ئايـال يەنە كۆرۈنـدى، ئەمـدى ئـۇ بىـر

"پەرىشتە" بولغانىدى، ئۇ كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىگە خۇمار كۆز كۆرسىتىدىغان سىزىقلارنى سىزغانىدى. ئۇچىسىدا ئانام سۇرەيىيا دېگىزى ساھىلىدا كىيىدىغان، بەدەننى خېلى ياپىدىغان سۇ ئۈزۈش كىيىمى بار ئىدى. ئۇ غەلىتە بىر كىيىم ئىدى، مەن بىر شارپا ياكى ئاجايىپ بىر چوڭ ياغلىق دەپ ئويلىغان نەرسىنىڭ ئۇنىڭ بوينىغا يۆگەپ، زىبا مۇرىلىرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ساڭگىلاتقان بىر يىلان ئىكەنلىكىنى كۆردۇم. كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ نۇرنى كۆرۈۋاتاتتىم، يا بولمىسا بۇ نۇرنى كۆتۈۋاتقان بولغىيمىدىم، بەلكىم شۇنداق ئويلىدىم. ئۇ يەردە، ئۇ چېدىرنىڭ ئىچىدە پەرىشتە ۋە ئۇنىڭ يىلىنى ھەممە باشقا 20 ــ 25 ئادەم بىلەن بىرلىكتە بولۇشتىن شۇنچىلىك بەختىيارلىق سەزدىمكى، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كېتەمدىكىن دېدىم.

ئاندىن ئۇ ئايال يىلان بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا يادىمغا بىر نەرسە كەلدى. ئىنسان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بۇرۇنقى بىر ۋاقىتنى بەزىدە تۇيۇقسىز ئەسلەپ قالىدۇ، بۇنى نېمىشقا ئەمدى ئەسلەپ قالدىم دەپ ئۆزىدىن سورايدۇ، كاللىسى قوچۇلىدۇ، مەنمۇ شۇنداق بىر نەرسىنى ھېس قىلدىم، ئەمما كاللامنىڭ ئېلىشىپ كېتىشىدىن ناھايىتى ھۇزۇرلاندىم. بىر قېتىم، دادام بىلەن رىفقى تاغىنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمىزدا رىفقى تاغا: "دۇنيانىڭ يەنە بىر چېتىدە بولسىمۇ پويىز بارغانلىكى يەردە ياشىيالايمەن، چۈنكى ئۇخلاشتىن ئاۋۋال پويىزنىڭ گۈدۈكىنى ئاڭلىيالمايدىغان بىر ھاياتنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايمەن" دېگەنىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ ناھىيە بازىرىدا، بۇ كىشلەر ئارىسىدا ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە ياشىيالايدىغانلىقىمنى ناھايىتى ياخشى تەسەۋۋۇر قىلالايتتىم. ھېچبىر نەرسە ھەممىنى ئۇنتۇش ئاتا قىلغان ھۇزۇردىن قىممەتلىك بولالماس. يىلان بىلەن كۆڭۈللۈك سۆزلىشىۋاتقان "پەرىشتە"گە قاراپ مانا بۇلارنى ئويلاۋاتاتتىم.

چىراغلار بىردىنلا خىرەلەشتى، "پەرىشتە" سەھنىدىن چىقىپ كەتتى. ئارىلىقتا چىراغ يانغاندا "ئون مىنۇت ئارام" دەپ ئۇقتۇردى. مەن پۈتۈن ئۆمرۈمنى بىرلىكتە ئۆتكۈزىدىغان يۇرتداشلىرىم بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن سىرتقا چىقاي دېدىم.

قەھۋە رەڭگىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقلار ئارىسىدىن چىقىۋاتقاندا، سەھنە دەۋالغان توپا دۈۋىسىدىن ئۈچ-تۆت رەت ئارقىدا ئولتۇرۇپ، «ۋەيرانباغ پوچتىسى»گېزىتىنى ئوقۇۋاتقان بىرسىنى كۆرۈپ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ مەھەممەت ئىدى، جانانىنىڭ يىگىتى، دوكتور نارىنىنىڭ "ئۆلگەن" ئوغلى پۈتىنى مىنگەشتۈرۈپ، دۇنيانى ئۇنتۇغان هالدا مەن ئىزدىگەن هۇزۇر بىلەن گېزىتنى ئوقۇۋاتاتتى.

## 13

تالاغا چىقار چىقماي يېنىك بىر شامال گەجگەمدىن كىرىپ، پۈتۈن بەدىنىمنى كېزىپ، تۈكلىرىمنى تىكەنلەشتۈردى. كېلەچەكتىكى يۇرتداشلىرىم گۇمانلىق دۈشمەنلەرگە ئايلاندى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقاندا تاپانچامنىڭ يانپىشىمدا ئىكەنلىكىنى هېس قىلغاچ، تاماكام بىلەن پۈتۈن دۇنيانى ئىسلاۋاتاتتىم.

قوڭغۇراق چېلىندى، ئىچكىرىگە قارىدىم، ئۇ گېزىتنى تېخىچە ئوقۇۋاتاتتى. تاماشىبىنلار بىلەن بىرلىكتە چېدىرغا قايتىپ ئۈچ رەت ئارقىدا ئولتۇردۇم، "پروگرامما" باشلاندى، بېشىم ئايلاندى. نېمە كۆرگىنىمنى، نېمە كۆرمىگىنىمنى، نېمە ئاڭلىغىنىمنى، نېمە تىڭشىغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. كاللامدا بىر گەدەن ــ ياخشى بىر ئىنسانىنىڭ چىرايلىق قىرىلغان، كەمتەر گەدىنى بار ئىدى.

خېلىدىن كېيىن سۆسۈن رەڭ بىر خالتىدىن لاتارىيە تارتىلىشنى كۆردۇم؛ مۇكاپات چىققان نومۇرنى ئاڭلاتتى. چىشلىرى

تۆكۈلگەن بىر بوۋاي خۇشاللىق بىلەن سەھنىگە ئېتىلدى. ئۇچىسىغا ھېلىقى سۇ ئۈزۈش كىيىمنى كىيىۋالغان، كېلىن روملى ئارتىۋالغان "پەرىشتە" ئۇنى تەبرىكلىدى. شۇ چاغدا چېدىرنىڭ ئىشىكىدە بېلەت كەسكەن ئادەم قولىدا يوغان بىر ئاسما چىراغ كۆتۈرگىنىچە پەيدا بولدى.

— يا رەببىم، يەتتە قەندىللىك سۈرەييا[1] بۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى كوماك بوۋاي.

ئارقىدىن بەزى تاماشىبىنلارنىڭ ۋارقىراپ جارقىرىشىدىن، لاتارىيىنىڭ دائىم مۇشۇ ئادەمگە چىققانلىقىنى، ئاسما چىراغنىڭمۇ ھەر ئاخشىمى كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان، يالتىراق ياپقۇچ ئىچىدىكى ئاشۇ بىرلا ئاسما چىراغ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم.

"پەرىشتە" نىڭ قولىدا ئاۋاز چوڭايتمايدىغان سىمسىز بىر مىكروفون ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە تۇراتتى، ئۇ: "قانداق تەسىراتتا بولۇۋاتىسىز، تەلەيلىك بولۇش قانداق ئىشكەن، ھاياجانلاندىڭىزمۇ؟ " دېدى

— بەك ھاياجانلاندىم، بەك بەختلىكمەن، ئاللاھ سىزدىن رازى بولسۇن! — دېدى بوۋاي مىكروفونغا قاراپ، — ھايات گۈزەل نەرسە. بارلىق دەرد-ئەلەملەرگە قارىماي، بەختلىك بولۇشتىن ھېچ قورقمايمەن، خىجىلمۇ بولمايمەن.

بىر قانچە كىشى ئۇنى ئالقىشلىدى.

— ئاسما چىرىغىڭىزنى نەگە ئاساي دەيسىز؟ — دەپ سورىدى "پەرىشتە".

— بۇ ئۇبدان بىر ئامەت بولدى، — دېدى بوۋاي ۋە مىكروفونغا دىققەت بىلەن ئېگىلدى، — مەن ئاشىق، مەشۇقۇممۇ

---

[1] سۈرەييا — ئۈركەر يۇلتۇزى. بۇ يەردە چىراغ قاتارلىق نۇر تارقىتىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. — ت.

مېنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. يېقىندا تويى قىلىمىز، يېڭى بىر ئۆيىمىز بولىدۇ، بۇ چىراغنى شۇ يەرگە ئاسىمىز.

ئالقىش ياڭرىدى. ئاندىن" سۆي، سۆي" دېگەن ئاۋازلارنى ئاڭلىدىم.

"پەرىشتە" ئۇ بوۋاينى ئىككى مەڭزىدىن ئاستاغىنە سۆيگەندە ھەممە ئادەم جىمىپ قالدى. بوۋاي جىمجىتلىق ئىچىدە ئاسما چىرىغىنى كۆتۈرۈپ غايىب بولدى.

— لېكىن بىزگە ھېچنېمە چىقمايدۇ،— دېدى ئارقىدىن بىرى.

— خەپىشۇك،— دېدى "پەرىشتە"،— ئەمدى ماڭا قۇلاق سېلىڭلار.

قېرىنى سۆيگەن ۋاقىتتىكى ئاشۇ غەلىتە جىمجىتلىق يەنە باشلاندى.

— كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىلەرنىڭمۇ تەلىيىڭلار كېلىدۇ، ئۇنۇتماڭلار، سىلەرنىڭمۇ بەختلىك ۋاقتىڭلار كېلىدۇ،— دېدى "پەرىشتە"،— ئالدىراپ كەتمەڭلار، ھاياتقا قېيداشماڭلار، ھېچكىمگە ھەسەت قىلماي كۈتۈڭلار! ھاياتنى سۆيۈپ تۇرۇپ ياشاشنى ئۆگەنسەڭلار بەختلىك بولۇش ئۈچۈن نېمە قىلىشىڭلار كېرەكلىكىنىمۇ بىلىۋالىسىلەر. ئۇ چاغدا يولۇڭلار غايىب بولسۇن-بولمىسۇن، مېنى كۆرەلەيسىلەر، — ئۇ ناز بىلەن بىر قاش ئاتتى، — چۈنكى ئارزۇ پەرىشتىسى ھەر ئاخشىمى بۇ يەردە، شىرىن ۋەيرانىباغ بازىرىدا.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سېھىرلىك نۇر ئۆچۈپ، يالاڭ لامپۇچكا ياندى. نىشانىم بىلەن ئارىلىق ساقلاپ تاماشىبىن بىلەن بىللە ئىشىكتىن چىقتىم. شامال كۈچەيگەنىدى. ئوڭ-سولۇمغا قارىدىم، ئالدىدا كىشىلەر توپلىشىۋالغانلىقتىن ئۇنىڭدىن ئىككى قەدەم يىراقلىقتا تۇردۇم.

— قانداقراق، ئوسمان ئەپەندى، بولامدىكەن؟ — دېدى

خۇرۇم شەپكىلىك بىر ئادەم.

— ھەئە، ئىشقىلىپ، — دېدى ئۇ، ئاندىن گېزىتىنى قولتۇقلاپ، ناھەت بولۇشتىن قاچقاندەك ئىتتىكلەپ ماڭدى، ئۇنىڭ"مەھەممەت"لىكتىن ئىستېپا بېرىدىغانلىقىنى، يالغان نام سۇپىتىدە بۇ ئىسمنى قويۇۋالىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئېسىمگە كەلتۇرمىگەن بولغىيدىم؟ ئويلاپمۇ يېتەلمىدىم. ئارقىدا قالدىم، ئۇنىڭ يەنە بىر ئاز يىراقلىشىشىنى كۈتتۈم. ئالدىغا سەل ئېگىشكەن ئاۋاق گەۋدىسىگە دىققەت بىلەن قارايتتىم. جانان ئەسەبىيلەرچە ياخشى كۆرۈپ قالغان خۇمپەر مانا مۇشۇ ئىدى، ئارقىسىغا چۈشتۇم.

ۋەيرانباغ ناھىيىسى مەن كۆرگەن ئۇن نەچچە ناھىيە ئىچىدە كوچىلىرىدا دەرەخ ئەڭ كۆپ ناھىيە ئىدى. نىشانىم ئىتتىك مېڭىپ بىر كوچا چىرىغىنىڭ ئاستىغا كېلىۋىدى، ئۇ گويا چىرىغى غۇۋا سەھنىگە چىققاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، ئاندىن ئۇ كاشتان ۋە ئىھلامۇر دەرەخلىرىدىن بىرىگە يېقىنلاشقىنىدا، دىر-دىر تىترەۋاتقان، ياپراقلىق، شاماللىق قاراڭغۇلۇقنىڭ ساراسىملىك قوينىدا غايىب بولۇۋاتاتتى. ناھىيە بازىرى مەيدانىدىن، "يېڭى دۇنيا كىنوخانىسى" نىڭ ئالدىدىن، نىشانىمنىڭ ئاق كۆڭلىكىگە سۇس سېرىق، ئاندىن قىزغۇچ، ئاندىن كۆك ۋە قىزىلراق رەڭ بەرگەن تورتخانا، پوچتىخانا، دورىخانا، چايخانىلارنىڭ غۇۋا نىئون لامپىلىرىنىڭ نۇرىدىن ئۆتۈپ، بىر خالتا كوچىغا كىردۇق. ئۇچ قەۋەتلىك ئوخشاش ئۆيلەر، كوچا چىراغلىرى ۋە شىلدىرلاۋاتقان دەرەخلەر نامايان قىلغان مۇكەممەل بىر مەنزىرىنى كۆرۈپ، مەن ئۇ Serkisof، Seiko، Zenith لار ئېرىشىدۇ دەپ ئويلىغان ئىز قوغلاش خۇشاللىقىدىن چۆچۈدۇم ھەمدە ئىشىمنى تۈگىتىش ئۈچۈن نىشانىمنىڭ ئۆزگىچىلىكى يوق ئاق كۆڭلىكىگە تېزراق يېقىنلىشىشقا باشلىدىم.

نېمە بولدىكىن، بىر شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى: ئۇ ”سائەت“لەردىن بىرىنىڭ ئارقامدا ئىكەنلىكىنى تويۇقسىز ئويلاپ، ئالدىراپ بىر بۇلۇڭغا يوشۇرۇندۇم. بىر دېرىزە شامالدا سوقۇلۇپ، ئەينەكى جاراڭ-جۇرۇڭ چېقىلىۋىدى، قاراڭغۇلۇقتىكى نىشانىم بىردىنلا كەينىگە يېنىپ تۇرۇپ قالدى، مېنى كۆرمەي يولىنى داۋاملاشتۇرارمىكىن دەپ ئويلاپ، تېخى Waltherىمنىڭ بىخەتەرلىك كونۇپكىسىنىمۇ بىلىپ بولالماي تۇرغىنىمدا، ئۇ ئاچقۇچىنى چىقىرىپ، بىر ئىشىكنى ئېچىپ، ئوخشاش بىنالارنىڭ بىرىدە غايىب بولدى. ئىككىنچى قەۋەتتە بىر دېرىزىنىڭ چىرىغى يانغىنچە كۈتتۈم.

كېيىن بىر دەم قارىدىم، دۇنيادا ئۆزۈمنى قاتىللار ۋە بولغۇسى قاتىللاردەك تەنها ھېس قىلدىم. بىر كوچا نېرىدا ئورۇن ئالغان مەنزىرىگە ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ تۇرغان ”ئامانلىق مېھمانخانىسى“نىڭ شامالدا ئالدى-كەينىگە لىڭشىپ تۇرۇۋاتقان ئېلان تاختىسىدىكى كەمتەر نىئون خەتلەر ماڭا بىر ئاز سەۋر، ئەقىل، ھۇزۇر، بىر كارىۋات، شۇنداقلا پۈتۈن ھاياتىمنى، قاتىل بولۇش قارارىمنى ۋە جانانىمنى باشقىدىن ئويلاش ئۈچۈن ئۆزۈن بىر كېچە ۋەدە قىلىۋاتاتتى. مېھمانخانىغا ئامالسىز كىردىم ۋە مۇلازىمغا دەپ تېلېۋىزورى بار بىر ياتاق ئالدىم.

ياتاققا كىرىپلا تېلېۋىزور كونۇپكىسىنى باستىم، رەڭسىز كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ ياخشى قىلىپتىمەن دېدىم ئۆزۈمگە. شۇنداق قىلىپ كېچىنى خەتەرلىك بىر قاتىلنىڭ تەنھالىقى بىلەن ئەمەس، بۇ ئىشنى كېچىك ئىشلار قاتارىدا كۆرۈپ، رەڭسىز دوستلىرىمنىڭ دائىملىق خۇشال جىلۋىلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزەتتىم. تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى كۆچەيتتىم. بىر دەمدىن كېيىن قولىدا تاپانچا تۇتقان ئادەملەر بىر-بىرىگە ۋارقىراشقا، ئامېرىكا ماشىنىلىرى ئۇچقاندەك مېڭىپ، ئايالىملاردىن قېيىشقا باشلىغاندا راھەتلەندىم ۋە

دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى دۇنياغا، ئاچچىقى يامان كاشتان دەرەخلىرىگە ھۇزۇرلىنىپ قارىدىم.

شۇ سەۋەبتىن مەن ھېچقانداق يەردە ئەمەس، ھەر يەردە ئىدىم، ماڭا شۇنداق بىلىنىۋاتاتتىكى، دۇنيانىڭ مەۋجۇت بولمىغان مەركىزىدە ئىدىم. بۇ مەركەزدىكى جىمجىت ۋە كۆڭۈللۈك ياتىقىمنىڭ دېرىزىسىدىن مەن ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ياتىقىنىڭ چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرمەيۋاتاتتىم، ئەمما ئۇنىڭ ھازىر ئۇ يەردە، مېنىڭ بۈگۈن كېچە بۇ يەردە ئىكەنلىكىمدىن مەمنۇن ئىدىم، يەنە كېلىپ تېلېۋىزوردىكى دوستلىرىمۇ بىر-بىرىگە ئوق ئېتىشقا باشلىغانىدى. نىشانىمنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ بىر دەمدىن كېيىن ھاياتىنىڭ، مۇھەببەتنىڭ ۋە كىتابىنىڭ مەنىسى ئۈستىدە ئويلانماستىن، ئوق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن.

ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇپ، ساقال-بۇرۇتۇمنى ئالدىم ۋە پۈتۈن مەملىكەتتە يامغۇر ياغىدىغانلىقىنى سۆزلەۋاتقان تېلېۋىزورنى ئۆچۈرمەي مېھمانخانىدىن چىقتىم. Waltherىمغا قاراپمۇ باقمىدىم، مۇھەببەت ۋە كىتاب ئىشقىدا جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە تەييارلانغان بىر يىگىتكە ئوخشاپ قالغانلىقىمدىن، ياتاقتىكى ئەينەككە ۋە دۇنياغا قاراپ نېرۋاممۇ ئۆرلىمىدى. ئۇچامدىكى سۆسۈن رەڭ چاپىنىم بىلەن، يازلىق تەتىللەردە شەھەرمۇ شەھەر كېزىپ، جۇمھۇرىيەت ۋە چولپانلار قامۇسىنى سېتىشقا تىرىشىۋاتقان ئۈمىدۋار ستۇدېنتلارغا ئوخشىسام كېرەك. ئۈمىدۋار ستۇدېنت چەت ياقىدا نامىنى ئاڭلىغان بىر كىتاب ھەۋەسكارىنىڭ ئىشىكىنى چەككەندە، ئەدەبىيات ۋە ھايات ھەققىدە ئۇزۇن گەپ سېتىشنى ئۈمىد قىلماسمۇ؟ ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرەلمەيدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلەتتىم. بىر قەۋەتنىڭ پەلەمپىيىدىن چىقتىم، ئېلېكترونلۇق قوڭغۇراقنى بېسىشىمغا ئۇنىڭدىن جىرىڭلىغان ئاۋاز چىقماي، تورغاينىڭ سايرىشى ئاڭلاندى. ئەڭ ئاخىرقى يېڭىلىقلار ۋەيرانىباغ ناھىيە

بازىرىغىمۇ يېتىپ بارماقتا ئىدى، قاتىلمۇ ئۆزىنىڭ قۇربانىنى جەھەننەمنىڭ ئۇ چېتىدە بولىسمۇ تاپاتتى. بۇ خىل كۆرۈنۈشلەر كىنولاردا مۇنداق ئورۇنلىناتتى، يەنى قۇربانلار ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغاندەك كەيپىياتتا: "كېلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم" دەيتتى. ئەمما مېنىڭ ئىشىم ئۇنداق بولمىدى.

ئۇ ھەيران قالدى. ئەمما ھودۇقماي ئادەتتىكىدەك تۇردى. چىرايى ئېسىمدە قالغان ۋە مەن ئويلىغان چوڭقۇر مەنىلەردىن بىر ئاز يىراق بولىسمۇ، قاملاشقان، شۇنداق، بەلكىم كېلىشكەن ئىدى.

— ئوسمان ئەپەندى، مەن كەلدىم،— دېدىم، ئارىنى سۈكۈت باستى.

شۇ پەيتتە ئىككىلىمىز ئېسىمىزگە كەلدۇق. ئۇ مېنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلغۇسى يوقتەك ماڭا ۋە ئىشىككە خىجىللىق ئىچىدە بىر قاراپ قويۇپ:

— يۈر، سىرتقا بىللە چىقايلى،— دېدى.

ئۇ ئۇچىسىغا ئوق ئۆتىدىغان بىر كۆلرەڭ چاپان كىيدى، بىرلىكتە سىرتقا چىقىپ كوچىغا تەقلىد قىلىنغان كوچىلاردا ماڭدۇق. پىيادىلەر يولىدا گۇمانلىق بىر ئىت بىزگە سەپسالدى، كاشتان دەرىخىنىڭ ئۈستىدىكى قىرغاۋۇللار جىمىقتى. قارا، جانان، بىز ئۇنىڭ بىلەن قانداق يېقىن ئاغىنە بولۇپ كەتتۇق. ئۇنىڭ بويىنىنىڭ مەندىن بىر ئاز قىسقا ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلىۋاتاتتىم ۋە مەندەك ئەبلەخلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئۆزگىچىلىكى بولغان مېڭىش ئۇسلۇبىدا — قانداق دېسەم بولىدىكىن، مۈرىلەرنىڭ پەسلەپ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن قەدەملەرنىڭ چەبدەسلىكى ئارىسىدىكى ئۇ تەڭكەشلىكتە— ماڭا يېقىن بىر نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىۋاتاتتىم، ئۇ مەندىن ناشتا قىلغان-قىلمىغانلىقىمنى سورىغاندا ئويلىدىم: ناشتىلىق ئۈچۈن بىر نەرسىلەر يېگەنىمىدىم، يەمدىمەن، بېكەتتە بىر قەھۋەخانا بار ئىدى، چاي ئىچەمدىمەن؟

ئۇ بولكىخانىدىن ئىككى دانە ئىسسىق قۇيماق ئالدى، بىر دۇكانداردىڭ يېنىغا بېرىپ يۈز گرام قوي سۈتى پىشلىقىنى تىلىم-تىلىم كەستۈرۈپ ياغلىق قەغەزگە ئورىغۇزدى. شۇ پەيتتە، سېركچىلەرنىڭ ئۇ يەردىكى ئېلان قەغەزلىرىدىكى "پەرىشتە" بىزگە قول پۇلاڭلاتتى. بىر قەھۋەخانىنىڭ ئالدى ئىشىكىدىن كىردۇق، ئۇ ئىككى چاي بۇيرۇدى. ئارقا ئىشىكتىن بېكەتكە قارايدىغان بىر باغچىغا كىرىپ ئولتۇردۇق. كاشتان دەرىخىدىمۇ ياكى تامدىمۇ تۈنگەن پاختەكلەر بىزگە پەرۋا قىلماي غۇقۇلدىشاتتى. يېقىملىق مەيىن سەھەر سالقىنلىقى، جىمجىتلىق ۋە يىراقتىكى رادىئودا ئاڭلىنار-ئاڭلانماس مۇزىكا ئاۋازى بار ئىدى.

— ھەر ئەتىگىنى ئىش باشلاشتىن ئىلگىرى ئۆيدىن چىقىپ بىر قەھۋەخانىدا چېيىمنى ئىچىمەن، — دېدى ئۇ پىشلاق قېپىنى ئېچىپ، — بۇ يەر باھار پەسلىدە ۋە قىشتا قار ياغقاندا ياخشى بولىدۇ. ئەتىگەنلىرى بېكەتتە قار ئۈستىدە قاغىلارنىڭ مېڭىشلىرىنى، قارلىق دەرەخلەرنى تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. يەنە مەيداندىكى "ئۇلۇغ ۋەتەن" قەھۋەخانىسى ياخشى، مېشى چوڭ، ئوت ياخشى كۆيىدۇ. ئۇ يەردە گېزىتىمنى ئوقۇيمەن، بەزىدە ئوچۇق رادىئونى ئاڭلايمەن، بەزىدە بىكار ئولتۇرىمەن.

يېڭى ھاياتىم رەتلىك، ئىنتىزاملىق، تەرتىپلىك... ئەتىگىنى سائەت توققۇزغا يېقىن قەھۋەخانىدىن قوزغىلىپ ئۆيگە، ئۈستىلىمگە يېنىپ كېلىمەن. توققۇز بولغاندىلا ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ، قەھۋەيىمنى تەييارلاپ، بىر نەرسە يېزىشقا باشلايمەن. قىلىۋاتقان ئىشىم كىشىلەرگە ئاددىي كۆرۈنىدۇ، ئەمما دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ: بىر تال پەش ئاتلاپ كەتمەي، بىر ھەرپ، چېكىتنىڭ ئورنىنى خاتا قويماي كىتابنى قايتا-قايتا كۆچۈرۈپ يازىمەن. ھەممە نەرسە پەش، چېكىتلىرىگىچە ئوخشاش بولسۇن دەيمەن. شۇنداقلا بۇ پەقەت ئاشۇ ئىلھام، ئىستەك بىلەن ئورۇنلىنىدۇ.

خەقلەر بۇ ئىشمنى كىتاب كۆچۈرۈش دېيىشى مۇمكىن، ئەمما مېنىڭ ئىشىم ئاددىي ھالدا كۆچۈرۈشتىن ئېشىپ چۈشىدۇ. مەن ئۇنى ھېس قىلىپ، چۈشىنىپ تۇرۇپ، ھەر قېتىمدا ھەر بىر جۈملە، ھەر بىر سۆز، ھەر بىر ھەرپنى ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيىتىدەك يازىمەن. شۇنداق قىلىپ، ھەر ئەتىگىنى سائەت توققۇزدىن چۈش سائەت بىرگىچە بېرىلىپ ئىشلەيمەن، باشقا ھېچ ئىش قىلمايمەن، ھېچقانداق ئىش ماڭا دەخلى قىلمايدۇ. كۆپ ھاللاردا ئەتىگىنى ئىشنى ئۇبدان قىلىمەن.

ئاندىن چۈشلۈك تاماق يېيىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىمەن. بۇ بازاردا ئىككى ئاشخانا بار. ئاسمىنىڭ ئاشخانىسىدا ئادەم كۆپ. تۆمۈر يول ئاشخانىسى چوڭ، ھاراق ساتىدۇ. بەزىدە بىرىگە، بەزىدە يەنە بىرىگە بارىمەن. بىر قەھۋەخانىدا پىشلاق، نان يېگەن ۋاقىتلىرىممۇ بولىدۇ، ئۆيدىن چىقمىغان ۋاقىتلىرىمدىمۇ شۇنداق. چۈشتە پەقەت ھاراق ئىچمەيمەن. بەزىدە بىر ئاز ئۇخلىۋالىمەن، ئەھۋال مانا شۇ. مۇھىمى، سائەت ئىككى يېرىم بولغاندىلا ئۇستەلگە يېڭىۋاشتىن ئولتۇرىمەن. كەچ سائەت ئالتە يېرىم، يەتتىگىچە راۋۇرۇس ئىشلەيمەن. ياخشى يازسام يەنە بىر ئاز داۋاملاشتۇرۇپ قالىمەن. كىشى ئۆزىنىڭ يازغىنىنى ياخشى كۆرسە، ھاياتىدىن مەمنۇن بولسا پۇرسەتنى قاچۇرماسلىقى كېرەك، يازالىشىچە يېزىشى كېرەك. ھايات قىسقا، ئىشلار مانا مۇشۇنداق، سەنمۇ بىلىسەن. چېيىڭنى سوۋۇتۇپ قويما.

پۈتۈن كۈن ئىشلىگەندىن كېيىن، يازالىغانلىرىمغا ھەۋەس بىلەن بىر قاراپ قويىمەن، ئاندىن يەنە كوچىغا چىقىمەن. چۈنكى، ئاخشىمى كېزىتلەرنى ۋاراقلىغاندا، تېلېۋىزور كۆرگەندە، يېنىمدا مەن پاراڭ سېلىپ بېرىدىغان بىر-ئىككى كىشى بولسا دەيمەن. يالغۇز ياشىغانلىقىم، يالغۇز تۇرۇشقا نىيەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن مۇشۇنداق يۈرۈشكە مەجبۇرمەن. كىشىلەرنى كۆرۈش، ئۇلار بىلەن

پاراك سوقۇش، بىر ئاز ئىچىۋېلىش، بىر-ئىككى ھېكايە ئاڭلاش، بىر-ئىككى ھېكايە ئېيتىش، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى خۇشال قىلىدۇ. كېيىن بەزىدە كىنوخانىغا بارىمەن، بەزىدە تېلېۋىزوردىكى بىر پروگراممىنى كۆرىمەن، قەھۋەخانىدا قارتا ئويناپ قالىدىغان كېچىلىرىممۇ، گېزىت كۆتۈرۈپ ئۆيگە بالدۇر قايتىدىغان ۋاقىتلىرىممۇ بولىدۇ.

— ئۈنۈگۈنمۇ چېدىر تىياتىرخانىسىغا باردىڭ،— دېدىم.

— بۇلار ناھىيىگە بىر ئاي ئاۋۋال كېلىپ تۇرۇپ قالدى. ئاخشاملىرى ئۇ يەرگە يەنە بارىدىغانلار بار.

— ئۇ يەردىكى ئايال، — دېدىم، — گويا "پەرىشتە" گە بىر ئاز ئوخشايدۇ.

— پەرىشتە-مەرىشتە ئەمەس، — دېدى ئۇ، — ئۇ بازارنىڭ بايۋەچچىلىرى بىلەن، پۇلنى كۆپ بەرگەن ئەرلەر بىلەن ياتىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

ئارىنى بىر سۈكۈت باستى. "ئۇقتۇڭمۇ؟" دېگەن گەپ مېنى مەن نەچچە كۈندىن بېرى ئۇ يەردىن بۇ يەرگە ماڭدۇرۇلغان بىر مەستىنىڭ كەيپى بىلەن ھۇزۇرلانغان مەسخىرىلىك غەزەپىنىڭ راھەت ئورۇندۇقىدىن ئېلىپ، بېكەتكە قارايدىغان باغچىدىكى قاتتىق، راھەتسىز بىر ياغاچ ئورۇندۇقنىڭ بىئاراملىقىغا تاشلىدى.

— كىتابتا يېزىلغان ئىشلار،—دېدى ئۇ،—مەن ئۇچۇن ئەمدى ناھايىتى يىراق بىر ئۆتمۈش!

— ئەمما سەن كۈن بويى ئۇ كىتابنى يېزىۋاتىسەن، — دېدىم دەررۇ جاۋاب بېرىپ.

— پۇل ئۈچۈن يېزىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ.

ئۇ نە بىر زەپەر تۇيغۇسى، نە بىر تارتىنىش بىلەن ئەمەس، بەلكى گويا ئۇنى چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە تىلىگەندەك گەپ قىلدى. ئۇ مەن بىلىدىغان پاكىز مەكتەپ

دەپتەرلىرىگە كىتابنى قولىيازمىسى بىلەن يېڭىۋاشتىن يازىدىكەن. هەر كۈنى ئوتتۇرا هېساب بىلەن سەككىز-ئون سائەت ئىشلىگەچكە، بىر سائەتتە ئادەتتە ئۈچ بەت يازالىغاچقا، ئۈچ يۈز بەتلىك كىتابنىڭ بىر قولىيازما نۇسخىسىنى ئون كۈندە ئازادە تاماملايدىكەن. بۇ يەردە بۇنداق ئىشلارغا مۇۋاپىق پۇل بېرىدىغان ئادەملەر بارمىش. شەهەر مۆتىۋەرلىرى، ئەنئەنىلىرىگە سادىق كىشىلەر، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلار، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنى، ئېتىقادىنى، رىشتىسىنى، سەۋر-تاقىتىنى ماختايدىغانلار، كىتابنى بىر-بىرىدىن كۆرۈپ ياقتۇرغانلار، "يىگنە بىلەن قۇدۇق قازىدىغان" بىر كىشىنىڭ ئۆز ئارىلىرىدا هۇزۇر ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولغانلار......
هالبۇكى، ئۆزى خالىمىسىمۇ بۇنداق دەسمايىسىز تىجارەتكە پۈتۈن هاياتىنى بېغىشلاش نەتىجىسىدە( بۇنى دېگۈسى يوقتەك دېدى) هېچ بولمىغاندا پۈتۈكچىلەر ساهەسىدىكى نامدار شەخس بولۇپ قاپتۇ؛ كىشىلەر ئۇنى هۆرمەتلەيدىكەن، قىلغان ئىشىدا (ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش قانداق دېسەم بولار دېدى) بىر خەيرلىك بار دەپ قارايمىش...
ئۇ بۇلارنى مېنىڭ زورلىشىم بىلەن، كوچىلاپ سورىغان سوئاللىرىم سەۋەبىدىن چۈشەندۈرۈۋاتاتتى؛ بولمىسا ئۆزلۈكىدىن گەپ قىلغۇسى يوق ئىدى. ئۇ خېرىدارلىرىنىڭ، كىتابنىڭ قولىيازما كوپىيىسىنى سېتىۋالغان هەۋەسكارلارنىڭ ياخشى نىيىتى ۋە ئۆزىگە بولغان هۆرمىتىنى مىننەتدارلىق بىلەن تىلغان ئالغاندىن كېيىن:
— نېمىلا بولسا، — دېدى، — ئۇلارغا بىر خىزمەت بېرىمەن. ئۇلارغا ھەقىقىي بىر نەرسە، يەنى ھەر بىر سۆزى ئىشەنچ، قان، جان بىلەن قولدا يېزىلغان بىر كىتاب بېرىمەن؛ ئۇلارمۇ ماڭا هالال ئەمگىكىمنىڭ هەققىنى ئازدۇر-كۆپتۇر بېرىدۇ. هەر قانداق ئادەمنىڭ هاياتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ ئاخىر.
جىم بولدۇق. يېڭى قۇيماقلارنى قوي سۈتى پىشلىقى بىلەن

قوشۇپ يەۋېتىپ ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ خېلىدىن بېرى مۇقىملىشىپ قالغانلىقىنى، كىتابتا ئېيتىلغاندەك، "ئۆز ئىزىغا چۈشكەنلىكىنى" كۆرۈۋاتاتتىم. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش كىتابتىن تەسىرلىنىپ يولغا چىقىپتۇ، ئۆلۈم، مۇھەببەت ۋە پالاكەت بىلەن ئۇچرىشىش ئىزدىنىشلىرى، سەپەرلەر ۋە سەرگۈزەشتىلەردىن كېيىن مەن قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق بوپتۇ، ھەممە ئىش يىللارچە شۇ پېتى قالىدىغان تەكشۈكلۈقنى، قەلب ھۇزۇرىنى تېپىپتۇ. ئۇ پىشلاق تىلىملىرىنى دىققەت بىلەن چايناۋاتقاندا، ئىستاكىنىنىڭ ئاستىدىكى بىر ئىلىك قېلىنلىقتىكى بىر يۇتۇم چاينى لەززەتلىنىپ ئىچىۋاتقاندا، ئۇنىڭ بۇ كىچىك قول، بارماق، ئېغىز، ئېڭەك ۋە باش ھەرىكەتلىرىنى ھەر كۈنى تەكرارلىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ بايقىغان تەكشۈكلۈقنىڭ ھۇزۇرى ئۇنىڭغا تۈگىمەيدىغان ۋاقىت بەخش ئەتكەنىدى. مەن بولسام ئەندىشىلىك، ئۈمىدسىز ھالدا ئۇستەلنىڭ ئاستىدىكى پۇتلىرىمنى لىكىلدىتىپ ئولتۇراتتىم.

ئىچىمدە تۇيۇقسىز بىر ھەسەت، يامانلىق قىلىش ئىستىكى ئەۋج ئالدى؛ ئەمما تېخىمۇ يامان بىر ئىشنى بايقىدىم. ئەمدى تاپانچامنى ئېلىپ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتسام، يېزىۋېرىپ ئەبەدىيلىك ھۇزۇرىغا ئېرىشكەن بۇ ئادەمگە ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئاشۇ توختاپ قالغان ۋاقىتنىڭ ئىچىدە، ئىش باشقىچە بولسا، يولىنى داۋاملاشتۇراتتى. مېنىڭ توختاش بېكىتىنى تونۇمايدىغان ھۇزۇرسىز روھىم بولسا نەدىن نەگە ماڭغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان ھېلىقى ئاپتوبۇس شوپۇرلىرىدەك بىر يەرلەرگە بېرىش ئۈچۈن تەلپۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئىشنى سورىدىم، ماڭا "ھەئە"، "ياق"، "ئەلۋەتتە" دېگەنىدەك قىسقا جاۋابلارنى بەردىكى، سوئاللىرىمنىڭ جاۋابلىرىنى ئاۋۋال ئۆزۈمنىڭمۇ بىلىدىغانلىقىمنى ھەر قېتىم ئاڭقىردىم. ئۇ ھاياتىدىن مەمنۇن ئىدى. ھاياتتىن باشقا بىر

نەرسە كۈتمەيتتى. ئۇ كىتابنى ھازىرمۇ ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى. ھېچكىمگە ئاچچىقلانمايتتى. ھاياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى، ئەمما ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىمگە چۈشەندۈرمەيتتى. مېنى يۈزتۈرانە كۆرۈپ ئەلۋەتتە ھەيران قالدى. بىر كىمگە بىر نەرسە ئۆگىتەلەيمەن دەپ ئويلىمايتتى. ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا بىر تۇرمۇشى بار ئىدى، شۇڭا بارلىق تۇرمۇشلار ئەسلىدە بىر-بىرىگە تەڭداش ئىدى. ئۇ يالغۇزلۇقتىن خۇشاللىناتتى، ئەمما بۇ مۇھىم ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ كىشىلەردىنمۇ خۇشال بولاتتى. جاناندىنمۇ بەك خۇش بولغانىدى. شۇنداق، ئۇنىڭغا ئاشىقمۇ بولغانىدى. ئەمما كېيىن قېچىپ كېتەلىگەنىدى. ئۇنى تېپىۋالغىنىمغا ھەيران قالمىغانىدى. جانانغا كۆپ سالام ئېيتتى. ھاياتنى يېزىش ئۇنىڭ قىلىدىغان بىردىنبىر ئىشى ئىدى، ئەمما بۇ بىردىنبىر خۇشاللىقى ئەمەس ئىدى. ھەر كىمگە ئوخشاش بىر ئىشنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلەتتى، باشقا ئىشلاردىنمۇ خۇشاللىنالايتتى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئىشلار جان بېقىشقا يەتكۈدەك پۇل ئەكىلەلىسە ئىدى، ئۇلارنىمۇ قىلاتتى. مەسىلەن، دۇنياغا قاراش، ھەقىقىي مەنىسى بىلەن نەزەر سېلىپراق قاراشمۇ ناھايىتى كۆڭۈللۈك بىر ئىش ئىدى.

پويىز ئىستانسىسىدا بىر پاراۋوز سىناق قىلىنىۋاتاتتى، قارىدۇق. پاراۋوز پۇرقىرىغان قويۇق ئىسلارنى چىقىرىپ ياشانغان، ھارغىن، ئەمما يەنىلا تىنىچ، جاراڭلىق ھۆكۈمەت مۇزىكا ئوركېستىرىدەك تاراق-تۇرۇق ئاۋازلارنى چىقىرىپ ئالدىمىزدىن ئۆتۈۋاتقاندا، بېشىمىز پاراۋۇزغا ئەگەشتى.

كىتابنى قايتا-قايتا كۆچۈرۈپ تاپقان ھوزۇرنى بەلكىم مەن جانان بىلەن تاپالايمەن دەپ، بىر دەمدىن كېيىن تاپانچام بىلەن يۈرىكىنى تېشىمەن دەپ ئويلىغان ئادەمنىڭ كۆزلىرىدە (پاراۋوز بادام دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدا غايىپ بولغاندا) ھەسرەت پەيدا

بولدى. بىردىنلا قىرىنداشلىق تۇيغۇسى بىلەن بۇ كۆزلەردىكى سەبىيلىككە ۋە پەرىشانلىققا قارىغىنىمدا، جانانىنىڭ بۇ ئادەمنى نېمىشقا شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. چۈشەنگەن نەرسەم ماڭا شۇ قەدەر ھەقىقىي ۋە دەل كەلدىكى، مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن جانانىنى ھۆرمەتلىگۈم كەلدى؛ ئەمما بىر دەمدىن كېيىن، ماڭا زىيادە ئېغىر كەلگەن بۇ ھۆرمەتنىڭ ئورنىنى گويا مەن قۇدۇققا دومىلاپ كەتكەندەك ئىچىمگە چۈشكەن ھەسەت ئىگىلىدى.

قاتىل ئۆزىنىڭ قۇربانىدىن بۇ چەت ناھىيىدە ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىش نىيىتىگە كەلگىنىدە يالغان ئىسىم سۈپىتىدە نېمىشقا "ئوسمان"نى، يەنى قاتىلنىڭ ئىسمىنى تاللىغانلىقىنى سورىدى.

— ئۇقمايمەن، — دېدى ساختا ئوسمان ھەقىقىي ئوسماننىڭ كۆزلىرىدىكى ھەسەت بۇلۇتلىرىنى كۆرمەي. ئاندىن يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ گەپ قاتتى، — سېنى كۆرگەن چېغىمدا ياقتۇرغانىدىم، بەلكىم شۇ سەۋەبتىندۇر.

بادام دەرەخلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ۋە باشقا بىر لىنىيىدىن قايتىۋاتقان پاراۋوزنى ئۇ ھۆرمەتكە يېقىن بىر دىققەت بىلەن كۆزەتتى. قاتىل پاراۋوزنىڭ قۇياش ئاستىدىكى يالت-يۇلت نۇرلىرىغا مەپتۇن بولغان قۇربانىنىڭ شۇ تاپتا پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇغانلىقىغا قەسەم قىلالايتتى. ئەمما ئۇنداق ئەمەسكەن. سەھەر سالقىنلىقىنى ئاپتاپلىق بىر كۈننىڭ ئېغىرلىقى ئىگىلىگەندە:

— سائەت توققۇزدىن خېلى ئاشتى، — دېدى دۈشمىنىم، — ئۈستەلدە بولۇش ۋاقتىم... سەن نەگە بارىسەن؟

نېمە قىلىپ قويغىنىمنى ئوبدان بىلگەچكە، جىددىي ھەم چارىسىز ھالدا ، ئەمما ئاگاسىز ئەمەس، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بىرسىگە سەمىمىيلىك بىلەن يالۋۇردۇم: يەنە بىر دەم ئولتۇرغانغا نېمە بولىدۇ، يەنە بىر ئاز پاراڭلىشايلى، يەنە بىر ئاز مۇڭدىشايلى.

ئۇ ئەجەبلەندى، بەلكىم بىر ئاز ئەنسىرىدى، ئەمما بىلدى، يانچۇقۇمدىكى تاپانچىنى ئەمەس، نىيىتىمنى بىلدى؛ ماڭا شۇنداق ئىللىق بىر كۈلۈمسىرىدىكى، يانپىشىمدا Walther نىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغاچ ئۇنىڭغا تەڭ تۇرالايدىغان ئىشەنچىم شۇ ھامان يوقالدى. شۇنداق قىلىپ ھاياتنىڭ مەركىزىگە ئەمەس، پەقەت ئۆز قىيىنچىلىقىنىڭ چېگرىلىرىغا بارالىغان تەلەيسىز يولۇچى(مەن) بۇ چېگرىدا ئۇچراپ قالغان بىلىملىك شەيختىن(ئۇنىڭدىن)ھاياتنىڭ، كىتابنىڭ، ۋاقىتنىڭ، ئەسەرنىڭ، پەرىشتىنىڭ، ھەممە نەرسىنىڭ مەنىسىنى سوراشقا ئالدىراپ قالدى.

ئۇنىڭدىن مانا بۇلارنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراۋاتاتتىم، ئۇ بولسا "مانا بۇلار" دېيىشىمدە نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىمنى سورايتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھەممە نەرسىنىڭ بېشى بولالايدىغان سوئالنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراۋاتاتتىمكى، ئۇ سوئالنى ئۇنىڭدىن سورىۋالاي دەيتتىم. ئۇ ماڭا مەن تاپىدىغان نەرسىنىڭ باش-ئاخىرى يوق بىر يەر بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتاتتى. دېمەك، ئۇنىڭدىن سورىۋالغۇدەك سوئالىممۇ يوق ئىدى. ئۇنداقتا نېمە بار ئىدى؟ نېمە ئىكەنلىكى كىشىنىڭ قانداق قارىشىغا باغلىق ئىدى. بەزىدە جىمجىتلىق پەيدا بولىدۇ، كىشى ئۇنىڭدىن بىر نەرسىلەر ئېلىشقا تىرىشىدۇ. بەزىدە، ھازىر بۇ ئىككىمىزدەك، ئەتىگەندە بىر قەھۋەخانىدا چاي ئىچىپ كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىدۇ، پاراۋوزلارنى، پويىزلارنى تاماشا قىلىدۇ، پاختەكلەرنىڭ سايراشلىرىنى ئاڭلايدۇ. بۇلار بەلكىم ھەممە ئىش بولمىسىمۇ، يوق ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا باشقا بىر يەردە، شۇنچە ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن كۆرگەن يېڭى بىر دىيار يوقمىدۇ؟ نېرىدا بىر يەر بولسا، بۇ يەر ئەسەرنىڭ ئىچىدە ئىدى، ئەمما ئۇ ئەسەردە تاپقىنىنى ئەسەرنىڭ سىرتىدا، ھاياتتا ئىزدەشىنىڭ بىھۇدە ئىش ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ بولغانىدى. چۈنكى دۇنيامۇ

ھېچبولمىسا ئەسەرگە ئوخشاش چەكسىز، نۇقسانلىق ۋە كەمتۈك ئىدى.

شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن ئىككىمىزنىڭ ئۇ كىتابتىن نېمىشقا شۇنچە تەسىرلىنىپ كەتكىنىمىزنى سورىدىم. ئۇ ماڭا بۇ سوئالنى پەقەت ئۇ كىتابتىن تەسىرلەنمەيدىغان بىرسىنىڭ سورايدىغانلىقىنى ئېيتتى. دۇنيادا بۇنداق ئادەملەر كۆپ ئىدى، ئەمما مەن شۇنداق بىرىمۇ؟ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالغانىدىم. چۈنكى جانانغا ئۆزۈمنى ياخشى كۆرسىتىش، كىتابتىكى دىيارنى ۋە دۈشمىنىمنى تېپىش، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن باسقان يوللىرىمدا ئۆز روھىمنىڭ مەركىزىنى كۆككە سورۇۋەتكەنىدىم. بۇنى ئۇنىڭدىن سورىمىدىم، پەرىشتە، سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى سورىدىم.

— كىتابتا يېزىلغان "پەرىشتە"نى پەقەت ئۇچراتمىدىم، — دېدى ئۇ ماڭا، — ئادەم ئۆلۈۋاتقاندا بەلكىم بىر ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇنى كۆرۈشى مۇمكىن.

ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى نەقەدەر رەھىمسىز-ھە! ئۇنى ئۆلتۈرەتتىم. ئەمما ھازىر ئەمەس. تېخى پاراڭلىشىشىمىز كېرەك ئىدى. روھىمنىڭ غايىب بولۇپ كەتكەن فوكۇس نۇقتىسىنى تېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېغىزىدىن گەپ ئېلىشىم كېرەك. ئەمما مەن كىرىپ قالغان قىيىنچىلىق مەندىن ئاشۇ كېرەكلىك ۋە توغرا سوئاللارنى پەقەت سورىغۇزمايتتى. رادىئو يامغۇر ياغىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان ئاناتولىيىنىڭ پارچە بۇلۇتلۇق، ئادەتتىكى بىر سەھىرى، ئازادە بېكەتنىڭ جىلۋىلىك يورۇقى، پويىز سۈپىسىنىڭ بىر ئۇچىدا ئۇ يەر-بۇيەرنى تاتىلاپ يۈرگەن ئىككى توخۇ، قول ھارۋىسىدىن بېكەت ئاشخانىسىغا گازسۇيى يېشىكلىرىنى پاراڭلاشقاچ توشۇۋاتقان ئىككى شاد-خۇرام يىگىت، تاماكا چېكىۋاتقان پويىز باشقۇرغۇچى ئالدىغا مېڭىۋاتقان كۈننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ماڭا تولۇق ھېس

قىلـدۇرۇپ، قالايمىقانلىـشىپ كەتـكەن كاللامـدا هايـات ۋە كىتـاب ھەققىـدە ياخـشى بىـر سـوئال ئۇچـۇن ھېچقانـداق زېھنىـي كـۈچ قالدۇرمىغانىدى.

ئۇزاققىچە جىم بولۇپ قالدۇق. مەن ئۇنىڭدىن قايسى سوئالنى قانـداق سورىـسام بـولار دەپ تـۇرۇپ قالـدىم. ئـۇ بولـسا بەلكىم سوئاللىرىمدىن ۋە مەندىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئويلاپ تۇرۇپ قالدى. يەنە تۇردۇق. شۇ چاغدا پالاكەت پەيتى يېتىپ كەلدى. ئـۇ چاي پۇللىرىنى تۆلىدى، ماڭا ئىسسىلىپ مەڭزىلىرىمدىن سۆيدى. مېنى كـۆرۈپ شـۇنچە مەمنـۇن بولغانـدى! مەن ئۇنىڭـدىن شـۇنچە نەپرەتلىنەتتىم! ياق، بەلكىم ياخشى كۆرەتتىم. ياق، نېمىشقا ياخشى كۆرگۈدەكمەن؟ ئۆلتۈرەتتىم.

ئەمما هازىر ئەمەس. ئـۇ تەرتىپكە ۋە ئـازادىلىككە بويسۇنغان مەنزىرە كوچىسىدىكى چاشقان ئۇۋىسىغا، ئەخمىقانە، بىمەنە ئىشنى قىلىـشقا قايتىـشىدا چېـدىر تىياتىرخانىـسىدىن ئـۆتەتتى. مەن تۆمۈريولنى بويلاپ مېڭىپ، ئۇنىڭ قارىـسىنى يوقىتـورمەي يېتىـشىپ، ئـۇ كىچىـك كـۆرگەن ئـارزۇ پەرىشتىـسىنىڭ كـۆز ئالدىـدا ئـۇنى ئۆلتۈرەتتىم.

قويۇپ بەردىم، بۇ تەكەببۇر ئادەم كەتسۇن. ئۇنى سۆيگەنلىكى ئۈچـۈن جانانغـا ئـاچچىقىم كېلىۋاتـاتتى. ئەممـا جانانىنـىڭ تـوغرا قىلغانلىقىنى چۈشىنىشىمگە ئۇنىڭ بىچارە، قـايغۇلۇق كۆلەڭگىـسىگە يىراقتىن قاراپ قويۇشۇم يېتەرلىك بولدى: سىلەر ئوقۇغان كىتابنىڭ قەھرىمـانى ئوسـمان قانـداقمۇ جۈرئەتـسىز ۋە بىچـارە بولـسۇن... ئـۇ ئۆزىگە نەپرەتلىنىشكە تىرىشىۋاتقان ئادەمنىڭ ھەقلىـق ئىكەنلىكىنـى ئىنتايىن ياخشى بىلەتتـى. ئـۇنى دەرھـال ئۆلتۈرەلمەيـدىغانلىقىمنىمۇ بىلەتتى. قەھۋەخانىنىڭ لىڭشىپ تۇرىدىغان سۇنۇق ئورۇندۇقلىرىـدا ئىككـى سـائەتكە يـېقىن دىقـقەت ۋە هـارغىنلىق بىـلەن ئولتـۇرۇپ، رىفقى تاغىسىنىڭ يېڭـى هاياتىمـدا ماڭـا يەنە قانـداق تـۇزاقلار قۇرغـان

بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىدىم.

چۈشكە يېقىن خىجالەتتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالغان بولغۇسى قاتىلدەك " ئامانلىق مېھمانخانىسى" غا خىجالەتتە قايتتىم. مۇلازىمەتچى كاتىپ ئىستانبۇللۇق خېرىدارىنىڭ يەنە بىر كېچە قونىدىغانلىقىدىن بەك خۇش بولدى، ئۇنىڭغا چاي تۇتتى. شۇنداق قىلىپ، ياتاقتىكى ياالغۇزلۇقتىن قورققانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسكەرلىك ئەسلىمىلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇم، گەپ ماڭا كەلگەندە "قىلىدىغان ھېساب-كىتابىم" بارلىقىنى، ئەمما "ئىشنى تېخى پۈتتۈرەلمىگەنلىكىم" نىلا دەپ قويدۇم.

ياتاققا كىرىپلا تېلېۋىزورنى ئاچتىم: ئېكراندا قولىدا تاپانچا تۇتقان بىر كۆلەڭگە رەڭسىز بىر تامنى ياقىلاپ كېتىۋاتاتتى، بىر بۇلۇڭغا بارار-بارماي نىشانىغا ئوق ئاتتى. بۇ كۆرۈنۈشنىڭ رەڭلىكىنى جانان بىلەن بىر ئاپتوبۇستا كۆرگەنىمدۇق، دېدىم ئۆزۈمگە. كارىۋاتنىڭ قىرىغا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى قاتىللىق كۆرۈنۈشىنى سەۋر بىلەن كۈتۈشكە باشلىدىم. بۇ چاغدا مەن دېرىزىدىن ئۇنىڭ دېرىزىسىگە قاراۋاتاتتىم. ئۇ كۆلەڭگە ئۇ يەردە كىتاب كۆچۈرۈۋاتاتتى ، كۆرگىنىم شۇمىدۇ، ئۇقالمايۋاتاتتىم. ئەمما ئۇ يەردە ئۇنىڭ مېنى غەزەپلەندۈرۈش ئۈچۈن ھۇزۇرلىنىپ خەت يېزىۋاتقىنىنى ئويلىدىم، بىر ھازا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزورغا چۆكۈپ كېتىپتىمەن، ئەمما ئورنۇمدىن قوپقاندا نېمە كۆرگەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالغانىدىم. بىر چاغدا دېرىزىدىن تالاغا يەنە ئۇنىڭ دېرىزىسىگە قاراۋاتاتتىم. ئۇ سەپەر مەنزىلىگە يەتكەن خۇشاللىق نۇقتىسىدا ئىدى، مەن بولسام بىر-بىرىگە ئوق ئېتىشىۋاتقان رەڭسىز كۆلەڭگىلەر ئارىسىدا ئىدىم. ئۇ بىلەتتى، باشقا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭدا مەندىن يوشۇرۇپ يۈرگەن يېڭى ھايات بىلىمى بار ئىدى، مەندە بولسا جاناننى كەلتۈرۈشىنىڭ يېرىم-ياتا ئۈمىدىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى.

بۇ فىلىملەر بۇ مېھمانخانا ياتاقلىرىدا ئۆز بىچارىلىكىگە پاتقان دەردمەن قاتىللارنىڭ ھەسرىتىنى بىزگە نېمىشقا كۆرسەتمەيدۇ ؟ مەن رېژىسسور بولسام ئىدىم، فىلىممدە يوتقان ـ كۆرپىلىرى چۇۋۇلغان كارىۋاتنى، دېرىزىنىڭ سىرى چۇشكەن كېشەكلىرىنى، قاسماق پەردىلىرىنى، بولغۇسى قاتىلنىڭ پۇرلىشىپ كەتكەن كىر كۆڭلىكىنى، سۆسۈن رەڭ چاپىنىنىڭ ئاختۇرۇلغان يانچۇقلىرىنىڭ ئىچىنى، كارىۋىتىنىڭ قىرىدا دولىسىنى چىقىرىپ ئولتۇرۇشىنى، ۋاقىت ئۆتىسۇن دەپ ئانىنىزم قىلىش ـ قىلماسلىقنى قانداق ئويلىغانلىقنى كۆرستەتتىم.

خېلى بىر ھازا كالالامدىكى ئاۋازلار بىلەن شۇ تېمىلاردا ئوچۇق مەجلىس ئاچتىم: گۈزەل، چېچەن ئاياللار نېمىشقا ھاياتى تاپتىن چىققان دەردمەن ئەرلەرگە ئاشىق بولىدۇ؟ قاتىل بولسام ۋە قاتىللىقنىڭ ئىزلىرى ئۆمۈر بويى كۆزلىرىمدىن مەلۇم بولۇپ تۇرسا، ئەجىبا بۇ مېنى پەسكەش ئەردەك كۆرسەتەرمۇ ياكى دەردمەن ئەردەك كۆرسەتەرمۇ؟ جانان مېنى مەن بىر دەمدىن كېيىن ئۆلتۈرىدىغان ئادەمنى ياخشى كۆرگىنىنىڭ يېرىمچىلىك بولسىمۇ ھەقىقىي ياخشى كۆرەلەرمۇ؟ مەنمۇ ناھەت مەھەممەت ئوسماندەك، تۆمۈريولچى رىفقى تاغىنىڭ كىتابىنى دەپتەرلەرگە قايتا ـ قايتا كۆچۈرۈشكە پۈتۈن ئۆمرۈمنى بېغىشلىيالامدىمەن؟

قۇياش مەنزىرە كوچىسىنىڭ كەينىدە غايىب بولۇپ، كوچىلاردا ئۇزۇن سايىلەر بىلەن بىرلىكتە سالقىن ھاۋا ئوغرى مۇشۇكتەك كېزىشكە باشلىغاندىن كېيىن، دېرىزەمدىن ئۇنىڭ دېرىزىسىگە توختىماي قاراشقا باشلىدىم. ئۇنى كۆرەلمەيۋاتاتتىم، كۆرگەندەك قىلاتتىم، كوچىدا ئاندا ـ ساندا ئۆتكەنلەرگە ئازراق بولسىمۇ دىققەت قىلماي دېرىزىنى، دېرىزىنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆيىنى كۆزىتىۋاتاتتىم، ئۇ يەردە بىرسىنى كۆرگىنىمگە ئىشەنسەم دەيتتىم.

مۇشۇ ھالدا قانچىلىك تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. تېخى قاراڭغۇ

چۈشـمىگەن، ئۇنىـڭ ئۆيـدە چىـراغ يانمىغانـدى، دېرىزىـسىنىڭ ئاستىدا ئۇنى چاقىرىۋاتاتتىم. كۆلەڭگىلىك ئەينەكتە بىرى كۆرۈنۈپ، مېنى كۆرە-كۆرمەي غايىپ بولدى. بىناغا كىـردىم، پەلەمپەيلەردىن غەزەپ بىلەن چىقتىم، ئىشىك چېكىلىشكە ھاجەتسىزلا ئېچىلـدى، ئەمما ئۇنى كۆرەلمىدىم.

ئۆيىنىـڭ ئىچىـگە كىـردىم. ئۈستەلگە يېـشىل يـۇڭ رەخـت داستىخان سېلىنغانىدى. ئۈستىدە ئېچىقلىـق بىـر دەپتەر بىـلەن كىتـابنى كـۆردۈم. قەلەمـلەر، ئۆچۈرگـۈچلەر، تاماكـا قېپـى، تاماكـا كۈللىرى، كۈلـدانىنىڭ يېنىـدا قـول سائىتى، سـەرەڭگە، بىـر پىيالە سوۋۇپ قالغان قەھۋە. ئۆمۈر بويى كىتـاب كۆچۈرۈشكە مەھكۇم بىـر بىچارىنىڭ خۇشاللىق ۋاستىلىرى مانا مۇشۇلار ئىدى.

ئـۇ ئىچكىرىـدىن چىقىـپ كەلـدى، يـۈزىگە قاراشـتىن قورققانلىقىمـدىن بولـسا كېـرەك، دەپـتەرگە يازغـانلىرىنى ئوقۇشـقا باشلىدىم.

— بەزىـدە، بىـر پەش ئـاتلاپ كېتىمەن، — دېـدى ئـۇ، — بەزىـدە بىـرەر سۆزنى، بىـرەر ھەرپنـى خاتـا يازىمەن... ئـۇ چاغـدا قەتئىـي نىـيەت ۋە مـۇھەببەت، قىزغىنلىـق بىـلەن يېزىـشقا كىرىـشەلمىگەنلىكىمنى بىلىـپ ئىشنى تاشلايمەن، ئاشـۇ قىزغىنلىـق بىلەن يېزىشقا يەنە كىرىشىشىمگە بەزىـدە نەچچە سائەت، نەچـچە كـۈن كېتىـدۇ. مەن ھـېس قىلمىغـان، كـۆچىنى ئىچىمـدە بىلىـپ يېتەلمىگەن بىر سۆزنى يازغۇم كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىلھامنى سەۋر بىلەن كۈتىمەن.

— ماگـا قارا، — دېدىم ئۆزۈم توغرۇلۇق ئەمەس، باشـقا بىـرى ھەققىـدە گەپ قىلىۋاتقانـدەك سـوغۇققانلىق بىـلەن، — ئـۆزۈم بولالمـايۋاتىمەن، ھېچقانـداق نەرسە بولالمـايۋاتىمەن. ماگـا ياردەم قىل. ياردەم قىلغىنىكـى، سىبنىڭ يـازغىنىڭنى، بـۇ ئۆيىنى، كىتـابنى كاللامـدىن چىقىرىـپ تاشـلاي، بـۇرۇنقى ھاياتىمغـا ھـۇزۇر بىـلەن

قايتاي.

ئۇ ھاياتنىڭ ۋە دۇنيانىڭ مەركىزىگە نەزەر تاشلىيالىغان پىشقان كىشىلەردەك، مېنى چۈشەنگەنلىكىنى ئېيتتى. ھەممە ئىشنى چۈشەنگىنىگە بەلكىم ئىشىنەتتى. ئۇنى نېمىشقا شۇ چاغدا ئاتىمىدىم؟ چۈنكى ئۇ:

— تۆمۈر يول ئاشخانىسىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى، — دېدى.

ئاشخانىدا ئولتۇرغىنىمىزدا ئۇ ماڭا سائەت 9 غا 15 مىنۇت قالغاندا پويىز بارلىقىنى ئېيتتى. مېنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئۇ كىنوغا باراتتى. دېمەك، ئۇ مېنى ماڭغۇزۇۋېتىشنى بۇرۇنلا ئويلاپ قويغانىدى.

— جانان بىلەن تونۇشقان چېغىمدا ئۇ كىتابنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈشتىن، تارقىتىشتىن ۋاز كەچكەنىدىم، — دېدى ئۇ، — ھاياتىمنىڭ باشقىلارنىڭكىدەك نورمال ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. باشقىلاردىن ئارتۇق نەرسە پەقەت شۇ كىتابىملا ئىدى. ئۇ كىتاب ماڭا نامايان قىلغان دۇنياغا بېرىش ئۈچۈن باشتىن كەچۈرگەنلىرىمدىن كۆپ ھاسىلات قالاتتى. ئەمما جانان مېنى كۆيدۈردى. مېنى ھاياتلىقتا ئېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تېخىمۇ يوشۇرۇن بىر يەردە، مەندىن يىراقتا، مەن بىلىدىغان، ئەمما ئۇنىڭغا ئېيتمىغان بىر باغ بارمىش، بۇنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپتىمىشمەن. ئۇ باغنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇ مەندىن شۇنداق بىر ئىشەنچ بىلەن سورىدىكى، ئۇنىڭغا كىتاب ھەققىدە گەپ قىلىشقا، ئاندىن كىتابنى بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. كىتابنى ئوقۇدى، قايتا-قايتا ئوقۇدى. ئۇنىڭ كىتابقا خۇمارلىقىغا، ئۇنىڭدا كۆرگەن دۇنيانى كۈچلۈك تەلەپ قىلىشىغا ئالدانىدىم. شۇنداق قىلىپ، بىر مەزگىل ئۇ كىتابنىڭ جىمجىتلىقىنى، ئۇنىڭدا يېزىلغان نەرسىنىڭ — قانداق دېسەم بولار؟— ئۆزىنىڭ ئىچكى مۇزىكىسىنى ئۇنتۇدۇم. ئۇ كىتابنى

گويا دەسلەپتە ئوقۇغان كۆنلىرىمدىكىدەك كوچىلاردا، يىراق يەرلەردە، نېمىلا بولسا بىر يەردە ئاڭلاپ قېلىش ئۈمىدىگە ئەخمەقلەرچە ئەسىر بولدۇم. ئۇ كىتابنى باشقىلارغا بېرىش شۇ چاغدا ئۈنىڭ پىكرى ئىدى. سېنىڭ ئۇ كىتابنى ئوقۇشۇڭ، ئۈنىڭغا دەرھال ئىشىنىپ كېتىشىڭمۇ مېنى قورقۇتتى. كىتابنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتاتتىم، بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر، مېنى ئۇلار ئېتىپ يارىلاندۇردى.

تەبىئىيكى، كىتابنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— ياخشى بىر كىتاب بىزگە پۈتكۈل دۇنيانى ئەسلىتىدىغان نەرسىدۇر، — دېدى ئۇ، — بەلكىم ھەممە كىتاب شۇنداقتۇر، شۇنداق بولۇشى كېرەك، — بىر ئاز تۇرۇۋالدى، — كىتاب كىتابنىڭ ئۆز ئىچىدە بولمىغان، ئەمما مەۋجۇتلۇقىنى ۋە ئۈزلۈكسىزلىكىنى مەن كىتابنىڭ بايانلىرى ئارقىلىق ھېس قىلغان نەرسىنىڭ پارچىسىدۇر، — دېدى، ئەمما گەپلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئانچە مەمنۇن ئەمەسلىكىنى بىلىۋاتاتتىم، — كىتاب دۇنيانىڭ جىمجىتلىقىدىن ياكى شاۋقۇن-سۈرەنلىرىدىن چىقىرىلغان نەرسە بەلكىم، ئەمما ئۇ جىمجىتلىقنىڭ ۋە شاۋقۇن-سۈرەننىڭ ئۆزى ئەمەس.

بىمەنە گەپ قىلىۋاتقىنىنى پەملىيەلىگەنلىكىم ئۈچۈن، ئاخىرقى قېتىم چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى:

— بىر ياخشى كىتاب مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار، مەلۇم بىر يوقلۇق ۋە ئۆلۈم ھادىسىسى چۈشەندۈرۈلىدىغان ئەسەرنىڭ پارچىسىدۇر... ئەمما تەسۋىرلەرنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بەختلىك ماكانىنى ئەسەر ۋە كىتابنىڭ سىرتىدىن ئىزدەش قۇرۇق ئاۋارىچىلىق.

بۇنى ئۇ كىتابنى قايتا-قايتا كۆچۈرۈۋاتقاندا بايقىغانلىقىنى، بىلگەنلىكىنى، ياخشى بىلگەنلىكىنى ئېيتتى. يېڭى ھاياتنى ۋە

دىيارنى ئەسەردىن باشقا يەردە ئىزدەش بىكار ئاۋارىچىلىق ئىدى. مۇشۇنداق قىلغىنى ئۈچۈن جازالىنىشقا رازى بولغانىدى.

— ئەمما قاتىلىم يارىماس چىقتى، مېنى پەقەت مۇرەمدىن يارىلاندۇردى.

ئۇ مىنبۇس بېكەتلىرىنىڭ بىرىدە ئوق يېگەندە ئۇنى تاشقىشلانىڭ بىر دېرىزىسىدىن كۆرگىنىمنى ئېيتتىم.

— ئۇزاق تەتقىقاتلىرىم، ساياھەتلىرىم، ئاپتوبۇستا قىلغان سەپەرلىرىم ئۇ كىتابقا قارشى بىر سۇيىقەستچى تەشكىلاتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى ماڭا بىلدۇردى، — دېدى ئۇ، — ئۇچىغا چىققان بىر ساراڭ ئۇ كىتابقا تېزلا خۇمار بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرگۈزمەكچى. ئۇ كىم، نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدۇ، بىلمەيمەن. لېكىن ئۇنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى بۇ كىتاب توغرۇلۇق باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلەشمەسلىك نىيىتىمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بىر كىمنىڭ بېشىنى بالاغا تىققۇم ھەم بىر كىمنى ئازدۇرغۇم يوق. جانانىدىن قاچتىم. ئۇ ئىنتىلگەن دىيارنى تاپالمايدىغانلىقىمىزنى بىلگىنىمدەك، كىتابتىن چېچىلغان ئۆلۈمنىڭ نۇرىغا مەن بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭمۇ تۇتۇلىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەنگەنىدىم.

ئۇنى بىردىنلا ھەيران قالدۇرۇش، ئۇ ماڭا بەرمىگەن، مەندىن يوشۇرغان بىر ئۇچۇرنى بىر ھۇجۇم بىلەن ئۇنىڭدىن ئېلىش ئۈچۈن تۆمۈريولچى رىفقى تاغىنىڭ گېپىنى چىقاردىم. كىتاب ئاپتورىنىڭ شۇ ئادەم بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتىم. بالىلىق ۋاقتىمدا ئۇنى تونۇيدىغانلىقىمنى، ئۇ يېزىپ ھەم سىزغان رەسىملىك رومانلارنى مەستانىلارچە ئوقۇيدىغانلىقىمنى دەپ بەردىم. ئۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇ رەسىملىك رومانلارنى، مەسىلەن «پېرتېۋ بىلەن پېتىر»نى قايتا بىر قېتىم دىققەت بىلەن كۆرۈپ چىققانلىقىمنى، ناھايىتى كۆپ مەزمۇنلارنىڭ ئاۋۋال شۇ كىتابلاردا

تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرگىنىمنى ئېيتتىم.
— بۇ سېنىڭ كەيپىڭنى ئۇچۇردىمۇ ؟
— ياق، — دېدىم ئۇنىڭغا، — ماڭا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىڭنى دەپ بەر.
ئۇنىڭ دېگەنلىرى Serkisof يەتكۈزگەن ئاخبارات ئۇچۇرلىرىنى مەنتىقلىق ھالدا تولۇقلايتتى. ھېلىقى كىتابنى ئۇ كۆپ قېتىم ئوقۇغاندىن كېيىن بىر قېتىم بالىلىقىدا ئوقۇغان رەسىملىك رومانلارنى ئوقۇغاندەك بوپتۇ؛ كۇتۇپخانىلارغا بېرىپ شۇ ژۇرناللارنى ئېلىپ بەزى ھەيران قالارلىق ئوخشاشلىقلارنى ئېنىقلاپتۇ ھەمدە يازغۇچىنىڭ كىملىكىنى تېپىپ چىقىپتۇ. تۇنجى قېتىم، رىفقى تاغىنىڭ خوتۇنىنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن رىفقى ئەپەندى بىلەن ناھايىتى قىسقا كۆرۈشەلەپتۇ. ئىشىك تۈۋىدىكى بۇ كۆرۈشۈش ئەسناسىدا رىفقى ئەپەندى ئالدىدىكى بۇ ناتونۇش يىگىتنىڭ ئۇ كىتابقا قىزىقىپ قالغىنىنى سېزىپلا گەپنى ئۈزمەكچى بوپتۇ، مەھەممەت چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن، ئەمدى ئۆزىنىڭ بۇ ئىش بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ يەردە، ئىشىك ئالدىدا ياش مەستانە بىلەن قېرى يازغۇچى ئارىسىدىكى تەسىرلىك بىر كۆرۈنۈش دەل چىڭىغا چىققان بىر پەيتتە، رىفقى ئەپەندىنىڭ خوتۇنى(راتىبە هاما دەپ گەپ قىستۇردۇم) خۇددى ماڭا ئوخشاش ئارىغا كىرىپ ئېرىنى ئۆيگە تارتىپتۇ، تەكلىپ قىلىنمىغان مەستانە مېھماننى قارىتىپ قويۇپ ئىشىكنى تاقاپتۇ.
— شۇنداق مەيۈسلەندىمكى، ھەتتا بۇنىڭغا زادى ئىشەنمىدىم، — دېدى ناھىت، مەھەممەت ياكى ئوسمان دەپ ئاتىشىمنى ئۇقالمىغان دۇشمىنىم، — بىر چاغدا مەھەللىگە بېرىپ ئۇنى يىراقتىن كۆزەتتىم. كېيىن يەنە بىر قېتىم جۈرئەتلىنىپ ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم.
رىفقى ئەپەندى بۇ قېتىم ئۇنى تونۇشلارچە قارشى ئاپتۇ، ئۇ

كىتاب بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى، ئەمما جاھىل يىگىت بىلەن بىللە قەھۋە ئىچەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. نەچچە يىللار ئاۋۋال يېزىلغان بۇ كىتابنى ئۇنىڭ نەدىن تېپىپ ئوقۇغانلىقىنى سوراپتۇ، ئوقۇيدىغان نۇرغۇن ئېسىل كىتابلار تۇرسا نېمىشقا بۇ كىتابنى تاللىغانلىقىنى بىلگۈسى كەپتۇ ، ئەجىبا بۇ يىگىت قايسى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدۇ، كېيىنچە ھاياتىدا نېمە قىلماقچى، دېگەنلەرگە قىزىقىپتۇ.

ــ بىر قانچە قېتىم ماڭا كىتابىنىڭ سىرلىرىنى ئېيتىپ بېرىشىنى دېسەم گېپىمگە زادى قۇلاق سالمىدى،ــ دېدى بىر چاغلاردىكى مەھەممەت، ــ شۇنداق قىلغىنىمۇ توغرىكەن، ماڭا بەرگۈدەك ھېچبىر سىرنىڭ يوقلۇقىنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن.

ئۇ چاغلاردا بۇنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇ بوۋاي بولسا شۇ كىتاب تۈپەيلىدىن بالاغا قالغانلىقىنى، ساقچىلارنىڭ، سوتچىلارنىڭ ئۆزىنى ئاۋارە قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە "بۇنىڭ ھەممىسى باللارنى ئوينىتىپ خۇشال قىلغىنىمدەك، بەلكىم بىر قانچە چوڭ ئادەمنىمۇ ئوينىتىپ خۇشال قىلارمەن دەپ يازغان بىر كىتابىم تۈپەيلىدىن بولدى" دەپتۇ. بۇ گېپى يەتمىگەندەك، رىفقى تاغا يەنە:"ئۆزۈمنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن يازغان بىر كىتابىم تۈپەيلىدىن پۈتۈن ھاياتىمنىڭ نابۇت بولۇشىنى ئەلۋەتتە خالىمايمەن"دەپتۇ. سوتچىغا ئۇ كىتابنى قايتا نەشىر قىلدۇرمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەنلىكىنى دەۋاتقاندا، ئۇ بوۋاينىڭ قانچىلىك ھەسرەت چەككەنلىكىنى غەزەپلىك ناھەت شۇئان بايقىماپتۇ، ئەمما ھازىر ناھەت ياكى مەھەممەت ئەمەس، ئوسمان بولۇۋالغان چېغىدا بۇ دەرد-ئەلەمنى شۇنچىلىك ئوبدان چۈشىنىپتۇكى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا قىلغان تەلۋىلىكىنى ھەر قېتىم ئەسلىگەندە نومۇس قىلىدىكەن.

ناھەت ئاشۇ كىتابقا ئىشەنچ بىلەن باغلىنىپ قالغان ئادەتتىكى

ياشلاردەك، ئۇ پېشقەدەم يازغۇچىنى مەسئۇلىيەتسىز، يالغانچى، خائىن، قورقۇنچاق دەپ ئەيىبلەپتۇ. "ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىترەپ تۇرۇپ ۋاقىراپ-جارقىرايتتىم، ئۇ بولسا مېنى چۈشىنەتتى، ئاچچىقلىنىپمۇ قويمايتتى". بىر چاغدا رىفقى تاغا ئورنىدىن تۇرۇپ: " بىر كۈنى چۈشىنىپ قالىسىز، ئەمما ئۇ چاغدا بەرىبىر ھېچ ئىشقا يارىمىغۇدەك قېرىپ كەتكەن بولىسىز" دەپتۇ.

— چۈشەندىم. ئەمما بۇنىڭدىن مەنپەئەت ئالالىغان-ئالالمىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، — دېدى جانان تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرگەن ئادەم، — يەنە كېلىپ، ئۇ كىتابنى ئوقۇغان ھەر بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگۈزگەن ئۇچىغا چىققان ساراڭنىڭ ئادەملىرىمۇ مېنىڭ ئىزىمغا چۈشكەندىن كېيىن ئۇ قېرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى دەپ ئويلايمەن.

قەستلىگۈچى قەستلەنگۈچىدىن بىراۋنىڭ ئۆلۈمگە سەۋەبچى بولۇشنىڭ شۇ قاتىلغا ئۆمۈر بويى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئېغىر ئازاب بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى سورىدى. قەستلەنگۈچى جىمىپ قالدى، ئەمما قەستلىگۈچى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ھەسرەتنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن قورقتى. ئەپەندىلەر سۆزلەپ-سۆزلەپ ئارپابەدىيان ھارىقى ئىچىۋاتاتتى، تاملاردىكى پويىز رەسىملىرى، يۇرت مەنزىرىلىرى، ئارتىس سۈرەتلىرى ئارىسىدىكى رامكىغا ئېلىنغان سۈرەتتە ئاتا تۈرك گويا مەيخانىدا ھاراقخا بېرىلىپ كەتكەن توپ-توپ ئادەمگە بۇ جۇمھۇرىيەتنى تاپشۇرۇپ بېرىپ خاتىرجەم بولغاندەك كۈلۈمسىرەيتتى.

سائىتىمگە قارىدىم. ئۇ مېنى جايلاشتۇرۇپ يولغا سېلىۋېتىشقا ئويلاشقان پويىزنىڭ قوزغىلىشىغا يەنە بىر سائەت 15 مىنۇت بار ئىدى، نېمە ئىش بولسا قانغۇدەك پاراڭلىشىۋېلىشىمىزغا ۋاقىت يېتەرلىك ئىدى، لېكىن ئارىمىزدا "كىتابتا دېيىلىدىغان گەپنىڭ ھەممىسى دېيىلدى" دەپ يېزىلغىنىدەك بىر كەيپىيات ھۆكۈم

سۈرەتتى. ئوتتۇردا پەيدا بولغان سۈكۈتنى چۈشىنىكسىز ھېس قىلىپ جىددىيلەشمەيدىغان كونا ۋە ھەقىقىي ئاغىنىلەردەك خېلى ئۇزاقىچە گەپ قىلىشمىدۇق، مېنىڭچە بىز بۇ جىمجىتلىقنىڭ ئەڭ چۈشىنىشلىك پاراڭ سوقۇش ئىكەنلىكىنى ئويلىدۇق.

ئەمما يەنە، ئۇنىڭغا مەستانە بولۇپ، ئۇنىڭ قىلغىنىنى دوراش بىلەن ئۇنى جايلىۋېتىپ جانانىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ تۇمانلىرى ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇۋاتقان مەن ئۇنىڭ جېنىنى ئازابلاش ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ تارتقان جان ئازابىمدىن، ئۇنىڭغا كىتابنى ئوقۇغان ھەر بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگۈزگەن ۋەھشىي ساراڭنىڭ ئۇنىڭ دادىسى دوكتور نارىن ئىكەنلىكىنى دەۋېتىشنى خىيال قىلدىم، ئەمما دېمىدىم. خوش، ئۇنداقتا، دەرۋەقە، نېمە بولۇپ كېتەر دەپ ئويلىدىم؛ تەڭپۇڭلۇقنى بەك بۇزماسلىق كېرەك.

ئۇ بۇ ئويلىرىمنى، ھېچ بولمىسا بۇ ئويلىرىمنىڭ بىر ئىنكاسىنى بىلىنەر-بىلىنمەس ئۇققان بولسا كېرەك، دادىسى ئۆزىنىڭ ئىزىغا سېلىپ قويغان ئادەملەردىن قۇتۇلۇشقا يول ئاچقان ئاپتوبۇس ھادىسىسىنى تۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بايان قىلدى. سىياھتىن بۇلغانغان قاپقارا ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە يېنىدىكى ياشنىڭ بۇ ھادىسىدە دەرھال ئۆلگەنلىكىنى بىلىپتۇ، مەھەممەت ئىسىملىك بۇ ياشنىڭ كىملىكىنى يانچۇقىدىن ئېلىۋاپتۇ. ئاپتوبۇس كەينىگە يېنىشقا باشلىغاندا سىرتقا چىقىۋاپتۇ. ئاپتوبۇس كۆيۈشكە باشلىغاندىن كېيىن كاللىسىغا بۇ پىكىر چاقماقتەك كەپتۇ-دە، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى كۆيۈۋاتقان جەسەتنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپتۇ. جەسەتنى ئۆزىنىڭ ئورۇندۇقىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، يېڭى ھاياتقا يۈگۈرەپتۇ. ئۇ بۇلارنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا كۆزلىرى باللاردەك خۇشاللىقتا جىلۋىلىنەتتى. دادىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇرغان خاتىرە ئۆيىدىكى باللىق رەسىملىرىدىمۇ ئۇنىڭ بۇ خۇشال چىرايىنى كۆرگىنىمنى، ئەلۋەتتە، ئىچىمدە بىلدىم.

ئۇزاق جىمجىتلىق، ئۇزاق بىر سۈكۈت؛ كۆتكۈچى بىزگە پىدىگەن ھېسپى كەلتۈردى.

ۋاقىت ئۆتسۈن دەپ، شۇنداق، پاراڭ بولسۇن دەپ بىر پەس ئەھۋالىمىزنى، يەنى ھاياتىمىزنى، شۇنداق بىر كۆزدىن كەچۈرەيلى دېدۇق. ئۇنىڭ كۆزى پات-پات سائىتىدە، مېنىڭ كۆزۈم ئۇنىڭ كۆزىدە، بىر-بىرىمىزگە شۇنداق بىر نەرسىلەرنى دېدۇق: ھايات مۇشۇنداق ئىدى. ئەسلىدە ھەممە ئىش ناھايىتى ئاددىي ئىدى. «تۆمۈريول» ژۇرنىلىغا ئەسەر يازىدىغان مۇتەئەسسىپ بىر تۆمۈريولچى، قېرى ئاپتوبۇسلاردىن ۋە ئاپتوبۇس ۋەقەلىرىدىن نەپرەتلىنىپ ئۆزى يازغان بالىلار كىتابىنىڭ ئىلھامى بىلەن شۇنداق بىر كىتاب يازغانىدى. كېيىن، يەنى يىللار ئۆتۈپ، بالىلىق چاغلىرىمىزدا بۇ رەسىملىك رومانلارنى ئوقۇغان بىز ساددا ياشلار ئۇ كىتابنى ئوقۇپ، ھاياتىمىزنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگەرگىنىگە ئىشىنىپ، ھاياتىمىزنى توغرا يولدىن چەتنىتىۋەتكەنىدۇق. بۇ كىتابتا نېمە سېھىر، بۇ ھاياتتا نېمە كارامەت باردۇ؟ ئەجىبا بۇ ئىش قانداق بولۇپ كەتتى؟

رىفقى تاغىنى بالىلىق چېغىمدا تونۇيدىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ئېيتتىم.

— بۇ گەپ قانداقتۇ غەلىتە ئاڭلىنىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ.

ئەمما بىلەتتۇق، ھېچقانداق ئىش غەلىتە ئەمەس ئىدى. ھەممە ئىش شۇنداق ئىدى.

— ۋەيرانىباغ بازىرىدا تېخىمۇ غەلىتە، — دېدى سۆيۈملۈك دوستۇم.

ئۇ بۇ گېپى ئارقىلىق ماڭا بىر ئىشنى ئەسلەتمەكچى بولاتتى، شۇڭلاشقا دىققىتىمنى يىغىپ، سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، سۆزلىرىنىڭ ھەققىنى بېرىۋاتقاندەك ئالدىرىماي دېدىم:

— بىلەمسەن، كىتابىنىڭ مېنى بايان قىلغانلىقىنى،

ھېكايىسىنىڭ مېنىڭ ھېكايەم ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم ئويلىدىم.

سۈكۈت. جان تالىشىۋاتقان بىر روھنىڭ، بىر مەيخانىنىڭ، بىر ناھىيىنىڭ، بىر دۇنيانىڭ ئاخىرقى ئىچكى سادالىرى. ۋىلكا، پىچاق ئاۋازلىرى. تېلېۋىزورلاردا خەۋەرلەر. پويىز كېلىشكە يەنە 25 مىنۇت بار ئىدى.

— بىلەمسەن، — دېدىم يەنە، — ئاناتولىيە سەپەرلىرىمدە ناھايىتى كۆپ يەردە "يېڭى ھايات" ماركىلىق تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى كۆردۈم. ئىستانبۇلدا نەچچە يىللار ئاۋۋال سېتىلاتتىكەن، ئەمما چەت يەرلەردە، كوزىلارنىڭ، قۇتىلارنىڭ تېگىدە ئۇ نەرسىلەر ھازىرمۇ بار.

— ھەممە نەرسىنىڭ ئەسلى ھالىتىگە، تۇنجى سەۋەبىگە، يىلتىزىغا باراي دەمسەن؟ — دېدى باشقا بىر ھاياتتىن قانچىلىغان مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلالىغان دۈشمىنىم، — ساپ بولغان، بۇزۇلمىغان نەرسىگە، توغرا نەرسىگە ئېرىشسەم دەيسەن. ئەمما ئۇنداق ئىپتىدائىي نەرسە يوق. ھەممىمىزنىڭ ئەسلىي نەرسە — ئاچقۇچ، سۆز، يىلتىز ئىزدىشىمىز بىھۇدىلىك، چۈنكى ئۇلارمۇ تەقلىدىي نەرسە.

شۇنداق قىلىپ، پەرىشتە، جاناننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، ساڭا ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى پويىز ئىستانسىسى يولىدا ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلىدىم.

خاراب جىمجىتلىقلارنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر نەرسىلەرنى دەيتتى، ئەمما مەن ھەر قانچە قىلىپ بۇ دەردمەن، قاملاشقان ئادەمنىڭ گېپىنى بېرىلىپ ئاڭلىيالمايۋاتاتتىم.

— باللىق چېغىمدا، ئوقۇش ماڭا كەلگۈسىدە باشقا ھەممە كەسپلەرگە ئاندا ـ ساندا كىرىشكەن ۋاقىتلاردا ئىنسان ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان بىر كەسپتەك كۆرۈنەتتى.

— نوتا كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان روسسېئائو[1]مۇ باشقىلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى يىغىۋاشتىن كۆچۈرۈپ يېزىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

شۇ چاغدا ئارىمىزدىكى جىمجىتلىقتا دەز كەتكەندەك، ھەممە نەرسە خاراب بولغاندەك تۇيۇلدى. بىرسى تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ، رادىئودىكى ئىشق-مۇھەببەت ۋە ھىجران ناخشىسىنى قويدى. ئىنسان ھاياتتا قانچە قېتىم بۇ جىمجىتلىقتىن ئۆز ئارا شۇنچە زوق ئالىدۇ؟ ئۇ كۈتكۈچىدىن ھېساب-كىتاب قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋىدى، ئۇستىلىمىزگە ئوتتۇرا ياشلىق، چاقىرىلمىغان بىر مېھمان كېلىپ ئولتۇردى ۋە ماڭا سەپسېلىپ، ئوسمان ئەپەندىنىڭ ئەسكەرلىكتىكى دوستى ئوسمان ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، " بىز بۇ يەردە ئوسمان ئەپەندىنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرىمىز؛ دېمەك ئىسمىدىشىڭىز بىلەن ئەسكەرلىكتە بىللە تۇرۇپتىكەنسىز-دە!" دەپ چاقچاق قىلدى. ئاندىن كىتابنىڭ قولىيازمىسى ئۈچۈن چىققان بىر خېرىدار ھەققىدە ئۇنىڭغا سىر بېرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئېھتىيات بىلەن گەپ قىلدى. بۇنداق ۋاسىتىچىلارغا تاپان ھەققى بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ، بۇ ئەقىللىق دوستۇمنى ئاخىرقى قېتىم چىن كۆڭلۈمدىن ھۆرمەتلىگۈم كەلدى.

خوشلىشىش ۋاقتىدا Waltherىمنىڭ "پاك-پۇك"لىرىدىن باشقا، قانداقلا بولمىسۇن «پېرتېۋ بىلەن پېتېر» چاتما ھېكايىلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى ۋەقەلىك يۈز بېرىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم، خاتالىشىپتىمەن. ئۇ ئاخىرقى ۋەقەلىكتە ئوخشاش مەقسەت ئۈچۈن بىرلىكتە نەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلغان ۋە قانچىلىغان ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئىككى جانجىگەر دوست بىر غايىگە

[1] روسسېئائو (1778—1712)— شېۋىتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھىرىدە تۇغۇلغان، فرانسۇز تىلىدا ئەسەر يازغان پەيلاسوپ، يازغۇچى، — ت.

باغلانغان بىر قىزنى تەڭ ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ، بىر ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ مەسىلىنى دوستانە ھەل قىلىدۇ. تېخىمۇ سەزگۈر، تېخىمۇ جىمغۇر بولغان پېرتېۋ ئۇ قىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بەكرەك بەختلىك بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، مىجەزى ئوچۇق، ئۇمىدۋار پېتېرغا قىزنى جىمجىتلا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ ۋە مەندەك كۆزى ياشقا تولغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتىشلىرى ئىچىدە ئۇ قەھرىمانلار بىر چاغدا قەھرىمانلارچە قوغدىغان پويىز ئىستانسىسىدا خوشلىشىدۇ. لېكىن ئارىمىزدا زىيادە سەزگۈرلۈك ۋە غەزەبلىنىشكە پىسەنت قىلمايدىغان ۋاستىچى ئادەم بار ئىدى.

ئۇچىمىز پويىز ئىستانسىسىغا گەپ-سۆز قىلىشماي ماڭدۇق. بېلەت ئالدىم ۋە ئۆزۈمگە ئەتىگەنكى قۇيماقتىن ئىككىنى ئالدىم. "پېرتېۋ" ماڭا ۋەيرانىباغنىڭ داڭلىق چاۋۇش ئۈزۈمىدىن① بىر كىلو ئېلىپ بەردى. مەن ھەجۋىي ژۇرناللارنى تاللاۋاتقاندا ئۇ ئۈزۈمنى يۇغلى كەتتى، ۋاستىچى ئادەم بىلەن قارىشىپ قالدۇق. پويىز ئىككى كۈندە ئىستانبۇلغا بارىدىكەن. "پېرتېۋ" قايتىپ كەلگەندە ئىستانسا خادىمى دادامنى ئەسلىتىدىغان چەبدەس، چىۋەر ھەرىكەت بىلەن ئىشارەت بەردى. سۆيۈشۈپ خوشلاشتۇق.

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار رىفقى تاغىنىڭ رەسىملىك رومانلىرىغا قارىغاندا، جانان ئاپتوبۇس ۋەدىيولىرىدا بېرىلىپ كۆرگەن جىددىي فىلىملەرگە بەكرەك ماس كېلىدۇ: مۇھەببەت ئۈچۈن قاتىل بولۇش نىيىتىگە كەلگەن، كۆزى قانغا تولغان يىگىت نەم ئۈزۈم سېلىنغان يالتىراق خالتا بىلەن ژۇرناللارنى ۋاگوننىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلايدۇ-دە، پويىز تېز سۈرئەتتە مېڭىشتىن ئاۋۋال پويىز سۈپىسىنىڭ ئۇچىغا بارغان ۋاگوندىن سەكرەيدۇ؛ كۆرۈنۈپ

---

① چاۋۇش ئۈزۈمى — پوستى نېپىز، ئۇرۇغى ئۇششاق، دانىسى چوڭ بىر خىل ئاق ئۈزۈم. — ت.

قالمىغىنىغا ئىشەنگەندىن كېيىن، قەستلەنگۈچىنى ۋە ۋاستىچىنى يىراقتىن دىققەت بىلەن كۆزىتىدۇ. ئىئۇ ئىككىسى بىر ھازا پاراڭلىشىپ، ئادەمسىز، كۆڭۈلسىز كوچىلاردا لاغايلىشىپ يۈرگەندىن كېيىن پوچتىخانىنىڭ ئۇدۇلىدا خوشلىشىدۇ. قەستلىگۈچى قەستلەنگۈچىنىڭ "يېڭى دۇنيا كىنوخانىسى"غا كىرگىنىنى كۆرۈپ، بىر تال تاماكا چېكىۋالىدۇ. بۇنداق فىلىملەردە قەستلىگۈچى تاماكا چېكىۋاتقاندا نېمىلەرنى ئويلىغىنىنى بىلمەيمىز، پەقەت ئۇنىڭ چېكىپ تۈگىگەن تاماكىسىنىڭ بۇلۇتىنى مەندەك يەرگە ئېتىپ دەسسەپ مىجىغىنىنى، خاتىرجەم كۆرۈنىدىغان قەدەملىرى بىلەن«چەكسىز كېچىلەر» فىلىمىگە بېلەت ئېلىپ ئىچىگە كىرگىنىنى، زالغا كىرىشتىن ئاۋۋال چىقىش ۋە قېچىش يولىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ھاجەتخانىغا كىرىپ چىققىنىنى كۆرىمىز.

ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى كۆرۈنۈشلەر كېچىگە ھەمراھ بولغان جىمجىتلىقتەك خاراب ئىدى. Waltherنى قولۇمغا ئېلىپ تەكشۈرۈپ باقتىم، كىنو قويۇلۇۋاتقان زالغا كىردىم؛ زالنىڭ ئىچى نەم، ئىسسىق، تورۇسى پاكار ئىدى. قولىدا قورال تۇتقان قارا سايەم كىنو پەردىسىگە چۈشتى-دە، كۆڭلىكىم ۋە سۆسۈن رەڭ چاپىنىمنىڭ ئۈستىدە بىر رەڭلىك فىلىم قويۇلۇشقا باشلىدى. كىنو ئاپپاراتىنىڭ نۇرلىرى كۆزۈمگە كىرىۋاتاتتى، ئەمما ئورۇندۇقلار خېلىلا بوش بولغاچقا، قۇربانىمنى دەرھال تېپىۋالدىم.

ئېھتىمال ئۇ ھەيران قالدى ياكى ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى، بەلكىم مېنى تونۇيالمىدى ياكى مېنى كۈتۈۋاتاتتى، چۈنكى جايىدىن ھېچ قىمىرلىمىدى.

"مەندەك بىرىنى تاپىسىلەر، ئۇنىڭغا بىر كىتاب بېرىپ ئوقۇتىسىلەر، ئاندىن ئۇنى ئازدۇرىسىلەر" دېدىم ئۆز-ئۆزۈمگە.

ئۇنى ئاتقىنىمغا ئوبدان ئىشىنىش ئۈچۈن مەيدىسىگە ۋە مەن كۆرەلمىگەن يۈزىگە يېقىن ئارىلىقتىن ئۈچ پاي ئوق ئاتتىم.

Walther نىڭ "پاك-پۇك" ئاۋازىدىن كېيىن قاراڭغۇلۇقنى تاماشىبىنغا دېدىم:

— مەن ئادەم ئۆلتۈردۈم.

پەردىدىكى سايەمنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى «چەكسىز كېچىلەر»نى كۆرگەچ زالدىن سىرتقا چىقىۋاتقىنىمدا "ماكىنىست! — دەپ ۋاقىرىدى بىرسى، — ماكىنىست، ماكىنىست!"[1]

بېكەتتىن دەرھال چىقىۋالغان تۇنجى ئاپتوبۇستا، پويىز ھەيدىگۈچى بىلەن كىنو قويغۇچىنىڭ دۆلىتىمىزدە نېمىشقا ئۆز ئەينى پەرەڭچە سۆز بىلەن چاقىرىلىدىغانلىقىنى جىنايەتچىگە خاس نۇرغۇن سوئاللار بىلەن بىللە ئۆزۈمدىن سورىدىم.

## 14

ئىككى ئاپتوبۇس ئالماشتىم، ئۇيقۇسىز بىر قاتىل كېچىسى ئۆتكۈزدۈم، يولدىكى بىر بېكەتنىڭ ھاجەتخانىسىدىكى دەز كەتكەن ئەينەكتە ئۆزۈمگە سەپسالدىم: مەن ئەينەكتە كۆرگەن كىشىنى قاتىلدىن كۆرە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئەرۋاھىغا بەكرەك ئوخشاتقىنىمنى دېسەم ھېچكىم ماڭا ئىشەنمەس. ئەمما ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ كىتاب كۆچۈرۈپ ئېرىشكەن قەلب ھۇزۇرى ئۇ ھاجەتخانىدا، ئاندىن ئاشۇ يېقىمسىز ئاپتوبۇس چاقلىرىنىڭ ئۈستىدە مەندىن نەقەدەر يىراقتا ئىدى-ھە!

دوكتور نارىنىنىڭ كاتتا تۇرالغۇسىغا قايتىشتىن ئاۋۋال،

[1] ماكىنىست (Makinist)— "كىنوچى، كىنو قويغۇچى" دېگەن مەنىدە، بۇ سۆز تۈركچىگە فرانسۇزچىدىكىmachiniste (پاراۋوز، گېنېراتور، زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق مېخانىكىلىق ئەسلىھەلەرنىڭ باشقۇرغۇچىسى، ماشىنا رېمونتچىسى) دېگەن سۆزدىن قوبۇل قىلىنغان. — ت.

جانانىمنىڭ ئالدىغا بەختلىك بىر ئائىلە قۇرۇش ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن ئۈچراشقان، نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بىمالال، ئۈمىدۋار يىگىتتەك چىقىش ئۈچۈن، ناھىيە بازىرىدا ئەتىگەندىلا بىر ساتىراشخانىغا كىرىپ ساقال-بۇرۇتلىرىمنى ئالدۇردۇم. دوكتور نارىننىڭ قورۇقىغا كىرگىنىمدە قورۇنىڭ دېرىزىلىرىگە قاراپ، جانانىنىڭ ئىسسىق كارىۋىتىدا مېنى كۈتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى، چىنار دەرىخىدىكى بىر قۇشقاچنىڭ ۋىچىرلىشى ئۇنىڭغا تەڭكەش بولاتتى.

ئىشىكنى گۈلزار ئاچتى. يېرىم كۈن ئاۋۋال ئۇنىڭ ئاكىسىنى بىر كىنونىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، بەلكىم ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھەيرانلىقنى قارىيالمىدىم ھەم گۇمانلىق قاشلىرىنى ئۈچۈرغىنىنى بايقىيالمىدىم، گەپلىرىنى يېرىم-ياتا ئاڭلىدىم، دادامنىڭ ئۆيىگە كىرگەندەك ئىچكىرىسىگە كىرىپ، جانانىنى كېسەل كارىۋىتىدا تاشلاپ كەتكەن ئۆيگە — ئۆيىمىزگە ئۇدۇل ماڭدىم. مەشۇقۇمنى ھەيران قالدۇرۇش ئۈچۈن ئىشىكنى چەكمەي ئاچتىم. ئىشىك ئېچىلغان ئۆينىڭ ۋە بۇلۇڭدىكى كارىۋاتنىڭ قۇپقۇرۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپلا گۈلزارنىڭ مەن بايا ئىشىكتىن كىرەر-كىرمەيلا دېگەن گەپلىرىنى، تېخىچە دەۋاتقانلىرىنى چۈشەندىم.

جانان ئۈچ كۈن قىزىپ يېتىپ ئەسلىگە كەپتۇ. ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن بازارغا بېرىپ ئىستانبۇلغا تېلېفون قىلىپتۇ، ئانىسى بىلەن سۆزلىشىپتۇ، ئۇ كۆڭلەردە مەندىن ھېچ سادا بولمىغاچقا، تۇيۇقسىز بىر قارارغا كېلىپلا قايتىپ كېتىپتۇ.

بوش ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ئارقا باغدىكى سەھەر قۇياشىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئۈجمە دەرىخىگە قاراۋاتقان كۆزلىرىم رەتلىك يىغىشتۇرۇپ قويۇلغان كارىۋاتقا پات-پات قاراپ قالاتتى. بۇ يەرگە كېلىۋاتقاندا ماشىنىدا يەلپۈگۈچ قىلىپ ئىشلەتكەن «گۇدۇل

پوچتىسى» گېزىتى قۇرۇق كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. ئىچىمدىكى بىر ئاۋاز جانانىنىڭ مېنىڭ رەزىل بىر قاتىل بولغىنىمنى بىلىپ بولغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنى ئەمدى زادى كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى، بۇ ھالدا قىلىدىغان بىردىنبىر ئىشنىڭ ئىشىكنى تاقاپ، تېخىچە جانانىنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ كېلىۋاتقان كارىۋاتتا يېتىپ يىغلاپ-يىغلاپ ئۇخلاپ قېلىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئىچىمدىن يەنە بىر ئاۋاز ئۇنىڭغا قارشى چىقتى، قاتىللار قاتىلدەك ھەرىكەت قىلىشى، تەمكىن بولۇشى، جىددىيلەشمەسلىكى كېرەك ئىدى: جانان ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ ئۆيىدە، نىشانتاشتا مېنى چوقۇم كۈتۈۋاتاتتى. ئۆيدىن چىقىشتىن ئاۋۋال، شۇنداق، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ خائىن پاشىنى ئەينەكنىڭ چېتىدە كۆردۈم-دە، ئالقىنىم بىلەن بىرنى قويۇپ ئېزىۋەتتىم. پاشىنىڭ قارنىدىن ئالقىنىمدىكى مۇھەببەت سىزىقلىرىغا يۇققان قانىنىڭ جانانىنىڭ تاتلىق قېنى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم.

" سۇيىقەستچىلەرگە قارشى گۇرۇھ" نىڭ مەركىزىدىكى كاتتا تۇرالغۇدىن تىكىۋېتىشتىن، جانانىم بىلەن ئىستانبۇلدا ئۇچرىشىشتىن ئاۋۋال دوكتور نارىن بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ كېلەچىكىم ۋە كېلەچىكىمىز ئۈچۈن ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلىدىم. دوكتور نارىن ئۈچمە دەرىخىنىڭ سەل نېرىسىغا قويۇلغان ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ بىر ساپاق ئۈزۈمنى ئىشتىھا بىلەن يېگەچ، قولىدىكى بېرىلىپ ئوقۇۋاتقان كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بىز بىرلىكتە ئايلانغان تۆپىلىككە قاراپ، چارچىغان كۆزىنى ئارام ئالدۇرۇۋاتاتتى.

ئىككىمىز ھاياتنىڭ رەھىمسىزلىكى، تەبىئەتنىڭ ئىنسان تەقدىرىگە ئەسلىدە قانداق يوشۇرۇن ھۆكۈم قىلىدىغانلىقى، ۋاقىت دەيدىغان زىچ نەرسىنىڭ ئىنسان روھىغا قانداق سۈكۈت ۋە جىمجىتلىق سىڭدۈرىدىغانلىقى، بۈيۈك ئىرادىلىك ۋە كەسكىن

بولمىغۇچە ئىنسانىنىڭ شۇ پەشقان ئۆزۈم دانىلىرىنىمۇ تېتىيالمايدىغانلىقى، ھېچقانداق تەقلىد ئىزى ئېلىپ يۈرمەيدىغان ھەقىقىي ھاياتنىڭ ئۆزىگە يېتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يۈكسەك ئاڭ ۋە ئارزۇ بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى، يېنىمىزدىن شىپىرلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىچىك پېئىل بىر كىرپىنىڭ قايسى بۈيۈك تەرتىپ، قايسىبىر تاسادىپىيلىقنىڭ مەسخىرىلىك جىلۋىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە ۋاقتى مول كىشىلەردەك كەڭ كۆشادە پاراڭلاشتۇق. ئادەم ئۆلتۈرۈش كىشىنى پىشىپ يېتىلدۈرسە كېرەك، ئۇنىڭغا ھاڭ ـ تاڭ قېلىۋاتقان ھالىتىمدىكى مەپتۇنلۇقنى روھىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى يوشۇرۇن كېسەللىكتەك بىردىنلا ئاشكارا بولغان چۈشىنىش ۋە ئامراقلىق بىلەن بىرلەشتۈرەلىدىم. شۇڭا، دوكتور نارىن چۈشتىن كېيىن ئوغلىنىڭ تۇپراق بېشىغا مېنى بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلغاندا ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلماستىن كەسكىنلىك بىلەن ئۆزرە ئېيتالىدىم: ئالدىراشلا يۈرگەن ئاخىرقى ھارغىن بىر ھەپتە مېنى خېلىلا قىينىغانىدى؛ ئۆيۈمگە، ئايالىمنىڭ يېنىغا بالدۇرراق قايتىپ ئارام ئېلىشىم كېرەك، ئۇ ماڭا تەۋسىيە قىلغان بۈيۈك مەسئۇلىيەت ھەققىدە بىر قارارغا كېلىش ئۈچۈن كاللامنى بىر يەرگە يىغىشىم كېرەك ئىدى.

دوكتور نارىن ماڭا بەرگەن ھەدىيەنى سىناش پۈرسىتىمنىڭ بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سورىغاندا Walther نى سىنىغانلىقىمنى ۋە بەك رازى بولغىنىمنى ئېيتتىم ھەمدە ئىككى كۈندىن بۇيان ئېلىپ يۈرگەن Serkisof سائەتنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا بەردىم. بۇنىڭ كۆڭلى سۇنۇق ھەم چىشى سۇنۇق بىر دۇكاندارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ۋە قايىللىقىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى دېگەچ، سائەتنى ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈم تاۋىقىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدۇم.

— بۇ دەردمەن بەختسىزلەر، بىچارىلەر، ئاجىزلارنىڭ ھەممىسى، — دېدى دوكتور نارىن ۋە سائەتكە كۆزىنىڭ قىرىدا

مۇنداقلا بىر قاراپ قويدى، — ئۇلار كۆڭگەن ھاياتنى ئۆزلىرى ئامراق نەرسىلىرى بىلەن ئۆتكۈزەلىسۇن دەپ، مەندەك بىرسى ئۇلارغا ئادالەتلىك بىر دۇنيانىڭ ئۇمىدىنى بەرسە، ئۇلار ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر ئىشتىياق بىلەن باغلىنىۋالىدۇ. ھاياتىمىزنى، خاتىرىلىرىمىزنى نابۇت قىلماقچى بولۇۋاتقان سىرتقى كۈچلەر نېمىدېگەن رەھىمسىز-ھە! ئىستانبۇلغا قايتقىنىڭدا، قارارىڭنى بېكىتمەستە، بۇ كىشىلەرنىڭ دەردمەن ھاياتى ئۈچۈن قىلالايدىغان ئىشلىرىڭنى ئويلا.

ئىستانبۇلدا جاناننى دەرھال تېپىپ، ئالداپ، بۇ يەردىكى تۇرالغۇغا ئېلىپ كېلىپ، ”سۇيىقەستچىلەرگە قارشى گۇرۇھ“نىڭ بۇ مەركىزىدە يىللارچە، ”ئۇلار يېتىپتۇ مۇرادىغا، بىز چىقايلى كارىۋىتىغا“ دېگەندەك ياشىيالايدىغانلىقىمىزنى دەرھال ئويلىدىم...

— سۆيۈملۈك ئاياللىڭنىڭ يېنىغا قايتىشتىن ئاۋۋال، — دېدى دوكتور نارىن فرانسۇزچىدىن تەرجىمە قىلىنغان رومانلاردىكىگە ئوخشاش بىر تەلەپپۇزدا، — سېنى قەھرىماندىن كۆرە قاتىلغا بەكرەك ئوخشىتىپ قويغان شۇ سۆسۈن چاپىنىڭنى سېلىۋېتىپ قۇتۇلامسەن؟

ئاپتوبۇس بىلەن دەرھال ئىستانبۇلغا قايتتىم. بامداتقا ئەزان چىققاندا ماڭا ئىشىكنى ئاچقان ئانامغا ئالتۇن دىيارغا بارىمەن دەپ چېپىپ يۈرگىنىم ياكى پەرىشتە كېلىن ھەققىدە ھېچ گەپ قىلمىدىم.

— ئەمدى ئاناڭنى ئۇنداق تاشلاپ كەتمە! — دېدى ئانام گاز ئوچاقنى يېقىپ مۇنچىغا سۇ ئىسسىتقاچ.

ئانا-بالا ئىككىمىز بۇرۇنقىدەكلا جىمجىت ئولتۇرۇپ ناشتا قىلدۇق. ئوغۇللىرى سىياسىيغا، دىنىي ئېقىملارغا ئارىلىشىپ قالغان نۇرغۇن ئانىلاردەك ئانامنىڭ مېنىڭ دۆلەتنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئىچىدىكى بىر مەركەزنىڭ تارتىش كۈچىگە كىرىپ قالغىنىمنى ئويلىغىنىنى ھەمدە سوراپ قالسا، ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابىمنى ئاڭلاپ

چۆچـۈپ كېتىــدىغانلىقى ئۇچـۇن گەپ قىلمىغىنىنــى چۈشــەندىم. ئانامنىــڭ چــۈەر، يەڭگىــل، ھەرىكەتچـان قــوللىرى قىزغـۈچ مېـۋە قىيامىنىڭ يېنىـدا بىـر ھـازا توختـاپ قالغانـدا ئۇنىڭـدىكى داغلارنــى كۆردۈم ـ دە، بۇرۇنقى ھاياتىمغا قايتىـپ كەلگەنلىكىمنـى ئويلىـدىم. ھەممە ئىشنىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك داۋاملىششى مۇمكىنمىدۇ؟

ناشــتا قىلىــپ بولـۇپ ئۇستىلىمدە ئولتـۇردۇم ۋە مەن تاشـلاپ قويغان يەردە تېخىچە ئېچىقلىـق تۇرغـان كىتابقـا ئۇزۇنـدىن ئـۇزۇن قارىـدىم. ئەممـا بـۇ ھەرىكىـتىم كىتـاب ئوقـۇش ئەمەس، بىـر خىـل ئەسلەش، بىر خىل ئازاب... ئىدى.

جانانىنى تېپىش ئۈچـۈن ئۆيـدىن چىقىۋاتـاتتىم، ئانـام يولـۇمنى توستى:

ــ ئاخشاملىققا ئۆيگە قايتىمەن دەپ قەسەم قىل.

قەسەم قىلدىم. ئىككى ئاي ھەر ئەتىگىنـى ئىـشكتىن چىققانــدا قەسـەم قىلـدىم، ئەممـا جانـان ھـېچ يەردە يـوق ئىـدى. ئىشانتاشقا بــاردىم، كــوچىلارنى كەزدىــم، ئىــشىكلىرىنىڭ ئالدىـــدا كۈتتــۈم، قوڭغـۇراقلىرىنى چالــدىم، كــۆۋرۈكلەردىن ئۆتتــۈم، پاراخوتلارغــا چىقــتىم، كىنولارغــا بــاردىم، تېلېفــونلار قىلــدىم، ھــېچ ئۇچــۇر ئالالمىــدىم. 10 ـ ئاينىــڭ ئاخىرىــدا ئوقـۇش باشـلانغاندا تاشقىـشلا كارىدورلىرىدا ئۇچراپ قـالار دەپ ئـۈزۈمگە تەسـەللى بەردىـم، ئەممـا كەلمىدى. كۈنبويى تاشقىـشلانىڭ كارىدورلىرىـدا ماڭـاتتىم، بەزىـدە كارىـــدورلارغا قارايـــدىغان ئەينەكلەرنىـــڭ ئالدىـــدىن جانانغـــا ئوخشايدىغان بىر كۆلەڭگە ئـۆتتى دەپ سىنىپتىن ئېتىلىـپ چىقىـپ يۈگـۈرەيتتىم، بەزىـدە باغچـا ۋە مىنىبـۇس بېكەتلىـرىگە قارايدىغان بـوش سىـنىپلارنىڭ بىـرىگە كىرىـپ يولـدىن، پىيـادىلەر يولىـدىن ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرگە تەكشى قارايتتىم.

مەشـــلەرگە ئــوت يېقىلغـــان، پــارلار بىرىلىــشكە باشـــلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇستىلىق بىلەن پىلانلىدىم دەپ ئويلىغان بىـر

يالغانچىلىق بىلەن، يوقاپ كەتكەن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىغان يالغان گەپلەرنى قىلىپ رەسۋا بولدۇم. ماڭا جانانىنىڭ نەدە ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچبىر ئۇچۇر بەرمىگەنىدەك، قەيەردىن ئۇچۇر ئالالايدىغانلىقىم ھەققىدىمۇ ھېچبىر يىپ ئۇچى بەرمىدى. يەنە بىر بازار كۈنى چۈشتىن كېيىن تېلېۋىزور قىزىقارلىق بىر پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ رەڭلىرى بىلەن چاقناپ تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئىككىنچى قېتىم بارغىنىمدا مەندىن زىغىرلاپ ئۇچۇر ئېلىشقا ئۇرۇنۇشلىرىدىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم. ئۇلارنىڭ مەن تېلېفون نومۇرى قوللانمىسىدىن ئېنىقلىۋالغان تۇغقانلىرىدىن بۇ ئۇچۇرنى ئىگىلەشكە تىرىشىشلىرىممۇ ئاقمىدى. ئۇ تەرسا تاغىلار، ئەندىشىلىك يەڭگىلەر، ئېھتىياتچان خىزمەتچىلەر، چاقچاقچى يېزىلىلەر بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ، جانانىنىڭ تاشقىشلادا بىناكارلىق كەسپىدە ئوقۇغانلىقىدىن باشقا بىر گەپ ئالالمىدىم.

جانانىنىڭ بىناكارلىقتا ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلىرى بولسا بىر نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ئۇ يەردىكى مىنىبۇس بېكىتىدە ئوق يېگىنىدىن خەۋەردار بولغان مەھەممەت ھەققىدە جانانغا ئوخشاش ئۆزلىرى توقۇۋالغان ئەپسانىلەرگە ئىشىنىپ كېتىشكەنىدى. مەھەممەت ئۆزى ئىشلىگەن مېھمانخانىدىكى خىرۇئىن سودىگەرلىرىنىڭ ئۆچمەنلىكى نەتىجىسىدە ئېتىۋېتىلدى دېگۈچىلەرنىڭ گېپىنىمۇ، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان شەرىئەتچىلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى دېگۈچىلەرنىڭ پىچىرلاپ ئېيتقان سۆزلىرىنىمۇ ئاڭلىدىم. ياخشى ئائىلىلەر ناتونۇش بىر بالىغا باغلىنىپ قالغان قىزلىرىغا قىلغانىدەك، جانانىنىڭ ياۋروپاغا، يىراق بىر يەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېيتقۇچىلارمۇ بار ئىدى، ئەمما تىزىملاش ئورنىدا ئېلىپ بارغان كىچىككىنە تەكشۈرۈشلىرىم

ماڭا بۇنىڭ يالغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئايلارچە، يىللارچە ئېلىپ بارغان باشقا تەكشۈرۈشلىرىمنىڭ داھىيلارچە تەپسىلاتلىرى، بىر قاتىلغا يارىشىدىغان سالماق ھېسابلاشلىرى، ئۈمىدسىز كىشىنىڭ چۈشلىرىنى ئەسلىتىدىغان رەڭلىرى ھەققىدە توختالماي قوياي. ئىشقىلىپ، جانان يوق ئىدى، ئۇنىڭدىن ئۇچۇر ئالالمايۋاتاتتىم، ھېچبىر ئىز-دېرىكىنى قىلالمايۋاتاتتىم. يېرىم يىل قالدۇرغان دەرسلىرىمگە كىرىشتىم، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يېرىم يىلنىمۇ تۈگەتتىم. دوكتور نارىنىنىڭ ئادەملىرىنى ئىزدىمىدىم، ئۇلارمۇ مېنى ئىزدىمىدى. ئۇلارنىڭ داۋاملىق جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقان-ئۆتكۈزمەيۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىم. جانانىنىڭ يوقلۇقى بىلەن بىرلىكتە ئۇلار خىياللىرىمدىن ۋە قورقۇنچلۇق چۈشلىرىمدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىشكەنىدى. ياز كەلدى، كۈزدە يېڭى ئوقۇش يىلى باشلاندى، ئۇنىمۇ تۈگەتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يىلنىمۇ تۈگەتتىم. ئاندىن ئۇدۇل ھەربىيلىككە كەتتىم.

ئەسكەرلىك ھاياتىم ئاياغلىشىشقا ئىككى ئاي قالغاندا ئانامنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كەلدى. رۇخسەت ئالدىم، ئىستانبۇلغا بېرىپ جىنازا نامىزىغا ئۈلگۈردۈم، ئانامنى دەپنە قىلدۇق. ئاغىنىلىرىم بىلەن بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپ ئاندىن ئۆيگە قايتتىم، ئۆيلەرنىڭ بوش قالغىنىنى، جىمجىتلىقىنى كۆرۈپ قورقتۇم. ئاشخانا تاملىرىغا ئېسىلغان ساپلىق قازان، قەھۋە چەينىكىگە قاراۋېتىپ، توڭلاتقۇنىڭ ماڭا تونۇش ئاۋازدا غىڭىلداپ ھەسرەتلىك پىغان چېكىۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم. ھاياتتا يالغۇز قالغانىدىم. ئانامنىڭ كارىۋىتىدا يېتىپ بىر ئاز يىغلىدىم؛ تېلېۋىزورنى ئېچىپ، ئانامدەك ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، تەۋەككۇلچىلىك ھەم بىر خىل مەۋجۇتلۇق خۇرسەنلىكى ئىچىدە ئۇزاق كۆردۈم. ئۇخلاشتىن ئاۋۋال كىتابنى ساقلاپ قويغان يەردىن ئېلىپ ئۈستەلگە قويدۇم ھەمدە

تۈنجى ئوقۇغان كۆندىكىدەك تەسىرلىنىشنى ئۈمىد قىلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. گەرچە يۈزلىمگە بىر نۇر چېچىلغاندەك ياكى تېنىم مەن ئولتۇرغان ئۈستەل، ئورۇندۇقتىن ئاجراپ يىراقلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلمىساممۇ، يۈرىكىم راھەتلەندى.

كىتابنى قايتا ـ قايتا ئوقۇشنى مۇشۇنداق باشلىدىم. ئەمما ھەر قېتىم ئوقۇغاندا نەدىن كەلگەنلىكى ئېنىق بولمىغان بىر شامالدا ھاياتىمنىڭ مەۋھۇم بىر دىيارغا ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى ئەمدى ئويلىمايتتىم. بۇرۇنلا تۇنۇگەن بىر ھېسابنىڭ، بىر ھېكايىنىڭ سىرلىق گېئومېترىيىسىنى، مۇھىم نۇقتىلىرىنى، ئۇنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندا ئاڭلىيالمىغان ئىچكى سادالىرىنى ئاڭلاشقا تىرىشىۋاتاتتىم. بىلىدىڭىزغۇ دەيمەن، مەن تېخى ھەربىيلىكنى تۈگەتمەي تۇرۇپ قېرى بىر ئادەمگە ئايلانغانىدىم.

باشقا كىتابلارغىمۇ مۇشۇنداق بېرىلدىم: كەچقۇرۇنلىرى ئىچىمدە مۇجەسسەم بولىدىغان باشقا بىر روھقا ئىگە بولۇش ئىستىكىنى ۋە دۇنيانىڭ زادى كۆرۈلمىگەن باشقا بىر تەرىپىدىكى مەخپىي تەنتەنىگە خۇشاللىق بىلەن قاتنىشىش ھاياجىنىنى ئۆلگۈزۈيتىش، ياكى كىم بىلىدۇ، بىر يېرىدە مەن جاناننى ئۇچرىتالايدىغان يېڭى بىر ھاياتقا ئاتلىنالىشىم ئۈچۈن ئەمەس، باشتىن كەچۈرگەنلىرىمنى ۋە جانانىنىڭ مەن چوڭقۇر ھېس قىلغان كەمچىلىكىنى ئۆلمىي ھالدا، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن، زىيالىيدەك قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيتتىم. ئارزۇ پەرىشتىسىنىڭ تەسەللى ئۈچۈن ماڭا بېرىش ئېھتىمالى بولغان، جانان بىلەن ئۆيىمىزگە ئېسىش ئېھتىمالى بولغان يەتتە قەندىللىك ئاسما چىراغدىنمۇ ئۈمىدىم قالمىغانىدى. يېرىم كېچىلىرى بىر خىل روھىي تەكىپۇكلۇق ۋە خۇشنۇدلۇق تۇيغۇسى بىلەن ئوقۇغان كىتابلىرىمنىڭ بىرىدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ مەھەللىنىڭ چوڭقۇر جىمجىتلىقىنى ھېس قىلاتتىم ھەمدە مەن ئايىغى چىقمايدۇ دەپ ئويلىغان

ئاپتوبۇس سەپەرلىرىنىڭ بىرىدە جانانىنىڭ يېنىمدا ئۇخلىشى كۆز ئالدىمدا بىردىنلا جانلىنىپ كېتەتتى.

ھەر ئەسلىگىنىمدە كۆز ئالدىمدا جەننەت چۈشلىرىدەك رەڭگارەڭ جانلىنىدىغان ئۇ ئاپتوبۇس سەپەرلىرىنىڭ بىرىدە، ئاپتوبۇسنىڭ تۇيۇقسىز ئىسسىپ كەتكەن پارلىرىدىن جانانىنىڭ پېشانىسى ۋە مەڭىزلىرىنىڭ تەر ئىچىدە قالغىنىنى، چاچلىرىنىڭ بىر-بىرىگە يېپىشىپ كەتكىنىنى كۆرگەنىدىم، كۈتاھيادىن ئالغان نەقىشلىك قولياغلىقىم بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تەر تامچىلىرىنى دىققەت بىلەن سۈرتۈۋاتقىنىمدا، چۈش ئالمىدىكى مەشۇقۇمنىڭ چىرايىدا(ئۈستىمىزگە تويۇقسىز چۈشكەن ماي پونكىتى چىراغلىرىنىڭ كۆكۈش يورۇقلۇقى ياردىمىدە) مول خۇشاللىق ۋە ھەيرانلىق ئىپادىسىنى بايقىغانىدىم. ئاندىن بىر ئاشخانىدا توختىغىنىمىزدا، ئۇ تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن "سۈمەر بانك" نۇسخىسىدىكى گۈللۈك كىيىمى بىلەن ئولتۇرۇپ ئىستاكانلاپ چاي ئىچىۋاتقاندا خۇشاللىنىپ، چۈشىدە دادىسىنىڭ ئۆزىنى پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويغانلىقىنى، ئەمما بىر دەمدىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ دادىسى ئەمەس، بەلكى نۇردىن بىنا قىلىنغان دىيارنىڭ پوچتىكىشى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىنى كۈلۈمسىرەپ ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ بولغاندىن كېيىن كۆپىنچە چاققان قول ھەرىكىتى بىلەن چېچىنى قۇلىقىنىڭ كەينىگە يىغاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ھەر قېتىم ئەس-يادىم، قەلبىم، روھىمنىڭ بىر قىسمى ئېرىپ، قاراڭغۇ كېچىدە غايىب بولاتتى.

ئۇ كېچىلەردىن كېيىن روھىمدىن، يادىمدىن، قەلبىمدىن چىقىپ كەتكەنلەر بىلەن بىللە ئۆلۈشكە تىرىشقانلىقىمنى چۈشەنگەن بەزى ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئازابلانغانلىقىنى كۆرۈۋاتقاندەك قىلىمەن. سەۋرچان، ئاڭلىق، سەزگۈر ئوقۇرمەن، ئەگەر يىغلىيالىساڭ مېنىڭ ھالىمغا يىغلا، ئەمما سەن كۆز يېشى

تۆككەن كىشىنىڭ بىر قاتىل ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇما. ئەگەر بۇمۇ بولمىسا، ئادەتتىكى قاتىللار ئۈچۈن، جازا قانۇنىدىكى يەڭگىللىتىش سەۋەبلىرىدەك بىر شەپقەت، چۈشىنىش، مۇھەببەت ھېس قىلىش ئۈچۈن بەزى سەۋەبلەر بار دېيىلسە، مەن بەكلا مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن بۇ كىتابقا مۇنۇلارنىمۇ قوشۇپ قويغۇم كېلىدۇ:

كېيىنكى چاغلاردا، ئۆيلەنسەممۇ بەك ئۇزاق ياشىيالمايمەن دەپ ئويلىغان ھاياتىمدا ئاخىرىغىچە قىلالايدىغان ھەر ئىشىمنىڭ يىراقتىن ياكى يېقىندىن جانان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۆيلىنىشتىن ئاۋۋال دادامدىن قالغان، ئانام بوشىتىپ بەرگەن ئۆيگە كېلىن ئاسانلا ئورۇنلىشىپ نەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ جانان بىلەن ئۈچرىشىپ قېلىش ئۈمىدى بىلەن ئۇزۇن ئاپتوبۇس سەپىرىگە چىقتىم. يىلبويى سەپەرلىرىمدە ئاپتوبۇسلارنىڭ بارا-بارا چوڭايغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىنى دېزىنفېكسىيە دورىلىرىدەك بىر پۇراقنىڭ قاپلىغانلىقىنى، ئىشىكلىرىگە ئاپتوماتىك سىستېما ئورنىتىلغاچقا كونۇپكىنى بېسىش بىلەن ئاۋازسىز ئېچىلىپ يېپىلىدىغانلىقىنى، شوپۇرلارنىڭ ئۆڭكۈپ كەتكەن چاپانلاردىن، تەرلىك كۆڭلەكلەردىن قۇتۇلۇپ، مۇرىلىرىگە پاگون تاقىغان ئۇچقۇچى قىياپىتىدە كىيىنگەنلىكىنى، قوپال ياردەمچى شوپۇرلىرىنىڭ ھەر كۈنى ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەم ھاكاۋۇرلىشىپ قالغانلىقىنى، توختايدىغان يەرلەرنىڭ ناھايىتى چىرايلىق، ئاۋات، ئەمما بىر-بىرىگە ئوخشاش ماكانلارغا ئايلانغانلىقىنى، ئاسفالت ياتقۇزۇلغان يوللارنىڭ كېڭەيگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردۇم، ئەمما جاناننى ئۇچرىتىش ئۈمىدىنى ئۈزمىدىم ياقتا تۇرسۇن، بىرەر ئىز-دېرىكىنىمۇ ئالالمىدىم. ئۇنىڭ ئۆزىدىن، ئىز-دېرىكىدىن ۋاز كەچتىم. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئاپتوبۇسلاردا ئۆتكۈزگەن ئاجايىپ كېچىلەردىن چىقىپ كەلگەن بىر نەرسە بىلەن،

بىر بىكەتتە قولىمىزغا چاي ئىستاكانلىرىنى ئېلىپ پاراڭلاشقان بىر ھامما بىلەن، ھەتتا ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشكەن، ئۇنىڭ يۈزىدىن مېنىڭ يۈزۈمگە ئەكس ئەتكەنلىكى ئېنىق بولغان بىر دەستە نۇر بىلەن ئۇچرىششقا، ئۇ نۇرنىڭ كۈچى بىلەن ئۇنى يېنىمدا بىر دەم بولسىمۇ ھېس قىلىشقا مۇۋەپپەق بولۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلماستىم! ئەمما ئۇستى ئاسفالت بىلەن قاپلىنىپ، بالىلىق خاتىرىلىرى غۇۋالاشقان، ئەتراپى قاتناش بەلگىلىرى، يېنىپ ئۆچۈپ تۇرىدىغان چىراغلار ۋە رەھىمسىز ئېلان تاختىلىرى بىلەن قاپلانغان يېڭى يوللاردەك، ھەممە نەرسە ماڭا خاتىرىلەردىن، خاتىرىلىرىمىزدىن جىددىي قۇتۇلۇش بىلەن ئالدىراشتەك بىلىنەتتى.

ئىچىمنى قاراڭغۇلاشتۇرغان بۇ سەپەرلەرنىڭ بىرىدە، بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن، جانانىنىڭ ياتلىق بولغانلىق ۋە بۇ دۆلەتتىن چىقىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. ئائىلىلىك، بالىجانلىق، ياخشى ئائىلە باشلىقى ھەم قاتىل قەھرىمانىمىز شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەرەققىيات ئىدارىسىدىكى ئىشىدىن ئاخشىمى ئۆيىگە قايتىۋاتقاندا، قولىدا سومكا، سومكىدا بالىسىغا ئالغان شاكىلات، قەلبىدە قارا بۇلۇتلار، چىرايىدا ھارغىنلىق، كادىكۆي پاراخوتىدا كىشىلەر بىلەن بىللە ئۆرە تۇرغاندا ئۇنىۋېرسىتېتىكى گەپدان بىر ساۋاقدىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. "جانانىمۇ؟" دېدى ۋات-ۋات چوكان ساۋاقدىشى ياتلىق بولغان قىزلارنى ساناپ بولغاندىن كېيىن، "سامسۇنلۇق بىر دوختۇرغا ياتلىق بولۇپ گېرمانىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ". يەنە تېخىمۇ شۇم خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ سالماي دەپ كۆزلىرىمنى ئۇ چوكاندىن قاچۇرۇپ پاراخوتنىڭ دېرىزىلىرىدىن سىرتقا قارىغىنىمدا، كەچقۇرۇنلىرى ئىستانبۇلغا ۋە بوسپۇر دېڭىزى بوغۇزىغا ناھايىتى شالاڭ ئولتۇرۇشۇپ قالغان تۇمانىنى كۆردۈم. "بۇ تۇمانمۇ ياكى بەختسىز روھىنىڭ سۆكۈتىمۇ ؟ " دېدى قاتىل ئۆز-ئۆزىگە.

جانانىنىڭ ئېرىنىڭ سامسۇن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا

دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيدىغان، كىتابنى ئوقۇپ ئۇنى باشقىلاردىن پۈتۈنلەي پەرقلىق هالدا ساغلام هەزىم قىلىپ، هوزۇر، بەخت ئىچىدە ياشىيالىغان بەستلىك، كېلىشكەن دوختۇر ئىكەنلىكىنى بىلىشىم ئۈچۈن ئۇنى ئارتۇقچە سۈرۈشتۈرۈشۈمنىڭ هاجىتى قالمىدى. ئۇ دوختۇر بىلەن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا دوختۇرخانىسىدىكى ئىشخانىسىدا هاياتنىڭ ۋە كىتابنىڭ مەنىسى ئۈستىدە قىلىشقان پاراڭلىرىمىزنىڭ كۆڭۈلسىز تەپسىلاتلىرىنى رەھىمسىز ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىم ئېسىمگە سېلىپ قالمىسۇن دەپ، بىر مەزگىل هاراقىقا بېرىلگەن بولسامۇ، بۇنىڭ نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمىدى.

ئاخشىمى هەممە ئادەم ئۆيىگە بېكىنىپ، كۈندىلىك هاياتنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى تۈگەپ، قىزىمنىڭ ئىككى چاقى چىقىپ كەتكەن بىر ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى بىلەن هاۋا تاپان بولۇپ قالغان، ئۆچۈرۈلگۈك تېلېۋىزورغا تەتۈر قاراپ تۇرغان كۆك ئېيىقى تاشلاپ قويۇلغان ۋاقىتلاردا ئاشخانىدا چاققانلىق بىلەن تەييارلىغان هاراقنى قولۇمغا ئېلىپ، ”ئېيىق“نىڭ يېنىدا مەغرۇر ئولتۇرۇپ، تېلېۋىزورنى ئېچىپ ئاۋازىنى كىچىكلىتىپ، ئۇرۇش كۆپ چىقمايدىغان، بەك ئادەتتىكىچىمۇ بولمىغان بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئېكراندا قويۇلۇشقا باشلىغاندا، تۇمانلىق كاللا بىلەن تېلېۋىزورغا قاراپ كاللامنىڭ ئىچىدىكى تۇمانلارنىڭ رەڭلىرىنى تاللاشقا تىرىشاتتىم.

ئۆزۈڭگە ئېچىنىۋەرمە! ئۆز مەۋجۇتلۇقۇڭ ۋە خاراكتېرىڭنىڭ ئەسلىدە نەقەدەر يېگانە ئىكەنلىكىگە ئىشەن. هېس قىلغان سۆيگۈ قۇدرىتىنىڭ چۈشىنىكسىزلىكىدىن شىكايەت قىل. بىلەمسىلەر، مەن بىر چاغدا بىر كىتاب ئوقۇغانىدىم، بىر قىزغا ئاشىق بولغانىدىم، ئاجايىپ ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەنىدىم. مېنى ئۇلار چۈشەنمىدى، غايىب بولۇشتى، ئەجىبا ئۇلار نېمە ئىش قىلىشۋاتقاندۇ؟ جانان

گېرمانىيىدە، باخ كوچىسىدا، ئەجىبا دوختۇر ئېرى قانداقتۇ؟ ئويلىما. كىتابلارنى دائىم ئاستىغا سىزىپ ئوقۇيدىغان ئەخمەق، كېلىشكەن دوختۇر، ئويلىما. ئاخشىمى ئۆيىگە كېلىدۇ، جانان ئۇنى كۈتۈۋالىدۇ، چىرايلىق ئۆيلىرى، يېڭى ماشىنىلىرى، بىر-ئىككى بالىسى... ئويلىما، ئەخمەق ئەر. شەھەر تەتقىقات كومىتېتى مېنى گېرمانىيىگە ئەۋەتىدۇ، بىر ئاخشىمى ئەلچىخانىدا ئۇچرىشىپ قالىمىز، مەرھابا، بەختلىكمۇسەن، سېنى بەك ياخشى كۆرەتتىم... ھازىرچۇ؟ ھازىرمۇ شۇنچە ياخشى كۆرىمەن، سېنى سۆيىمەن، ھەممىنى تاشلاپ گېرمانىيىدە قالالايمەن، سېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، سېنىڭ سەۋەبىڭدىن قاتىل بولدۇم... بولدى سۆزلىمە، نەقەدەر گۈزەلسەن... ئويلىما... ساڭا ھېچكىم مېنىڭچىلىك ئاشىق بولالمايدۇ. ئېسىڭدىمۇ، بىر قېتىم، ئاپتوبۇسىمىزنىڭ چاقى ئېتىلىپ كەتكەندە، يېرىم كېچىدە بىر تويدىكى مەستلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندۇق، ئويلىما...

بەزىدە ئىچىپ-ئىچىپ ئۇخلاپ قالاتتىم، نەچچە سائەتتىن كېيىن ئويغىنىپ سافادا ئولتۇرغىنىمدا تىك موللاق تۇرغان كۆك "ئېيىق"نىڭ تېلېۋىزورنىڭ ئۇدۇلىدا تۈز ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالاتتىم: ئەجىبا ئېيىقنى قايسى كۆڭۈلسىز چاغلىرىمدا جايىغا تۈز ئولتۇرغۇزدۇم؟ بەزىدە ئېكراندىكى بىر چەت ئەل ناخشىسىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىگە، ئاندىن يەنە بىرىگە ئېرەڭسىز قاراۋاتقاندا جانان بىلەن ئاپتوبۇس سەپەرلىرىدە، بەدىنىمىزنىڭ بىر-بىرىگە بوش يۆلەنگىنىنى، مۇرەمدە ئۇنىڭ سولغۇن مۇرىلىرىنىڭ ئىسسىقىنى سەزگەندە بۇ ناخشىلاردىن بىرىنى بىرلىكتە ئاڭلىغىنىمىزنى ئەسلىدىم: بىر چاغدا بىز بىرلىكتە ئاڭلىغان ئاشۇ مۇزىكا تېلېۋىزوردا رەڭگارەڭ بولۇپ كەتكەندە، قارا، مەن بۇ يەردە قانچىلىك قاتتىق يىغلاۋاتىمەن. بىر قېتىم، ئىچكىرىكى ئۆيدە بالىنىڭ يۆتەلگىنىنى ئانىسىدىن ئاۋۋال ئاڭلىدىم، ئويغانغان

قىزىمنى قۇچاقلاپ مېھمانخانىغا كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئېكراندىكى ئاشۇ رەڭلەرگە قاراۋاتقىنىمدا، قىزىمنىڭ يېتىلگەن بىر ئىنسان قولىنىڭ نۇقسانسىز بىر كىچىك نۇسخىسى بولغان قوللىرىنىڭ، بارماقلىرىنىڭ ۋە تىرناقلىرىنىڭ ھەيران قالغۇدەك كىچىك، ئەمما بىر-بىرىدىن ئايرىم ئەگىملىرىنى ھەيرانلىق بىلەن كۆزىتىپ، ھايات دېگەن بۇ كىتاب ھەققىدە ئويغا چۆمگەن ئىدىم...

— بىرسى ئۆلدى، — دېدى قىزىم.

قاتتىق تاياق يەپ قانلار ئىچىدە يەرگە يىقىلىپ ئۆلگەن بىر بىچارىنىڭ ئۈمىدسىز يۈزىگە قىزىقىپ قاراپ قالدۇق.

سەرگۈزەشتىلىرىمگە دىققەت قىلىۋاتقان ئەقىللىق ئوقۇرمەنلىرىم، مېنىڭ ھاياتىمنىڭمۇ بۇرۇنلا تۈگەشكىنىگە، تۈن يېرىملاردا ھاراققا بېرىلىپ كەتكىنىمگە قاراپ، مېنى ھەرگىز ئۆزىنى تاشلىۋېتىپتۇ دەپ قالمىسۇن. دۇنيانىڭ بۇ چېتىدىكى نۇرغۇن ئەرلەردەك مەنمۇ تېخى 35 ياشقا بارماي تۈرۈپ دەردمەن بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدىم، ئەمما يەنە ئۆزۈمنى تۈتۈۋېلىشقا، كىتاب ئوقۇپ يۈرۈپ كاللامنى ئوڭشىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

كۆپ كىتاب ئوقۇدۇم، پۈتۈن ھاياتىمنى ئۆزگەرتكەن كىتابنىلا ئەمەس، باشقا كىتابلارنىمۇ ئوقۇدۇم. ئەمما ئوقۇۋاتقاندا، ھەسرەتلىك ھاياتىمغا چوڭقۇر بىر مەنە بېرىشكە، تەسەللى ئىزدەشكە، ھەتتا ھەسرەتنىڭ گۈزەل، قەدىرلىك تەرىپىنى ئىزدەشكە ئۇرۇنمىدىم. چېخوپقا، يەنى بۇ قابىلىيەتلىك، سىل كېسەل، كىچىك پېئىل رۇسقا كىشى سۆيگۈ ۋە قايىللىقتىن باشقا قانداق تۇيغۇدا بولار؟ ئەمما بىكار ئۆتكەن دەردلىك، ئازابلىق ھاياتىنى چېخوپچە سەزگۈرلۈك بىلەن گۈزەللەشتۈرگەن، ھاياتىنىڭ پەرىشانلىقىدىن مەغرۇرلىنىۋېرىپ گۈزەللىك، ئۇلۇغلۇق تۇيغۇسىغا ئېرىشكەن ئوقۇرمەنلەرگە ئىچىنىمەن، بۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەسەللى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ۋەزىپە قىلىۋالغان ئەقىللىق يازغۇچىلارغىمۇ

نەپرەتلىنىمەن. شۇڭا كۆپلىگەن ھازىرقى زامان رومانلىرىنى ۋە ھېكايىلەرنى ئوقۇپ بولالماي تاشلاپ قويىدۇم. ئاھ، ئېتى بىلەن پاراڭلىشىپ يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشقان بىچارە ئادەم. ۋاھ، مۇھەببىتىنى پات-پات سۇ قۇيۇپ تۇرىدىغان تەشتەكتىكى گۈلگە ئاتىغان ماغدۇرىدىن كەتكەن بەگزادە. ۋاي، كونا نەرسىلەر ئارىسىدا ھېچقاچان كەلمەيدىغان، ئەيتاۋۇر بىر سالام خەتنى، كونا بىر مەشۇقىنى ياكى دۆت قىزىنى كۈتۈۋاتقان سەزگۈر بىر ئادەم. بىزگە جاراھەتلىرىنى، ئاغرىقلىرىنى توختىماي كۆرسىتىۋاتقان بۇ قەھرىمانلارنى چېخوپتىن قوپاللاشتۇرۇپراق ئوغرىلاپ باشقا مۇھىت، ئىقلىملاردا بىزگە سۇنغان يازغۇچىلار ئەسلىدە تەڭلا شۇنى دېمەكچى: قاراڭ، بىزگە، ئازابلىرىمىزغا، يارىلىرىمىزغا قاراڭ؛ بىز نەقەدەر سەزگۈر، نەقەدەر نازۇك، نەقەدەر ئۆزگىچە! ئازابلار بىزنى سىلەردىنمۇ بەك نازۇك، سەزگۈر قىلىۋەتتى. سىلەرمۇ بىزدەك بولۇشنى، پەرىشانلىقىڭلارنى بىر غەلىبىگە، ھەتتا بىر ئۈستۈنلۈك تۈيغۇسىغا ئايلاندۇرۇشنى خالىمامسىلەر؟ ئۇنداقتا بىزگە ئىشىنىڭلار، بىزنىڭ ئازابلىرىمىزنىڭ ھاياتنىڭ ئادەتتىكى خۇشاللىقىدىنمۇ بەك پەيزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەڭلارلا بولدى.

ئەي ئوقۇرمەن، مانا شۇ ۋەجىدىن، سەندىنمۇ بەك سەزگۈر بولمىغان ماڭا ئەمەس، مەن بايان قىلغان ھېكايىنىڭ شىددىتىگە، مېنىڭ ئازابلىرىمغا ئەمەس، بۇ دۇنيانىڭ رەھىمسىزلىكىگە ئىشەن! شۇنداقلا رومان دېگەن بۇ زامانىۋى ئويۇنچۇقنى، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بۇ ئەڭ چوڭ كەشپىياتىنى بىز پەيدا قىلمىدۇق. كىتابلار بىلەن بۇلغانغان، دەبدەبىلىك پىكىرلەر بىلەن كۆرسى چۆشۈپ كەتكەن ھالىمدىن پاراڭ قىلغىنىم ئۈچۈن ئەمەس، ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇ چەت ئەل ئويۇنچۇقىنىڭ ئىچىدە قانداق يوشۇرۇنۇشۇمنى تېخىچە بىلەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ سەھىپىلەردە ئاۋازىمنى ئوقۇرمەنلەر بەتمۇ بەت ئاڭلايدۇ.

شۇنى دېمەكچىمەن: جانانىي ئۇنتۇش، بېشىمغا كەلگەنلەرنى چۈشىنىش، يېتەلمىگەن يېڭى ھاياتىمنىڭ رەڭلىرىنى خىيال قىلىش، خۇشاللىق ھەم بىر ئاز زېرەكلىك بىلەن( ھەمىشە زېرەك بولغىلى بولمايدىغۇ) ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، كىتاب ئوقۇۋېرىپ، ئاخىرىدا بىر كىتاب مەستانىسى بولدۇم، ئەمما ئىلمىي يەكۈنلەرگە كىرىپ قالمىدىم. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ يەكۈنلەرگە كىرىپ قالغانلارنىمۇ كەمسىتمىدىم. كىتاب ئوقۇشقا گويا كىنوغا بېرىشقا، گېزىت-ژۇرناللارنى ۋاراقلاشقا ئامراق بولغاندەك ئامراق ئىدىم. بۇلارنى بىرەر پايدا، نەتىجە كۈتكىنىم ئۈچۈن، ئەيتاۋۇر، ئۆزۈمنى باشقىلاردىن تېخىمۇ ئۇستۇن، تېخىمۇ بىلىملىك، تېخىمۇ چوڭقۇر پىكىرلىك دەپ بىلىش ئۈچۈن قىلمايتتىم. ھەتتا شۇنداق دېيەلەيمەنكى، كىتاب مەستانىلىقى ماڭا كىچىك پېئىللىقنىمۇ ئۆگەتكەنىدى. كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتىم، ئەمما كېيىن رىفقى تاغىنىڭ قىلغىنىنى بىلۋالغىنىمدەك، ئوقۇغان كىتابلىرىم توغرۇلۇق بىر كىمگە گەپ قىلىشنى خالىمايتتىم. كىتابلار مەندە پاراڭلىشىش ئىستىكى پەيدا قىلسا، بۇ ئىشنى كۆپ ھاللاردا مېڭەمدە ئۆز ئىچىدە قىلىشاتتى. بەزىدە، شۇ چاغلاردا كەينى-كەينىدىن ئوقۇغان كىتابلىرىمنىڭ ئۆزئارا بىر تۈشۈش ھاسىل قىلغانلىقىنى، بۇلار ئارقىلىق مېڭەمنىڭ ھەر بۇرجىكىدە بىر چالغۇ ئەسۋاب جاراڭلايدىغان ئوركېستىر ھاڭغا ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كاللامدىكى مۇشۇ مۇزىكا ئارقىلىق بۇ ھاياتقا بەرداشلىق بېرىۋاتقانلىقىمنى بايقايتتىم.

مەسىلەن، بىر ئاخشىمى ئۆيدە ئايالىم بىلەن قىزىم ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن باشلانغان ئاشۇ جەلپكار ھەم ئازابلىق جىمجىتلىقتا تېلېۋىزورنىڭ ئاق رەڭلىرىگە خىيالىي ھەم مەستانىلارچە قاراپ ئولتۇرۇپ جانانىي، مېنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتۇرغان كىتابنى، يېڭى ھاياتنى، پەرىشتىنى، بالا-قازانى، ۋاقىتنى ئويلىدىم، بۇ

مۇزىكىنىڭ مۇھەببەت ھەققىدە ماڭا پىچىرلاشلىرىدىن بىر گۈلدەستە تىزالايدىغانلىقىم كاللامغا كەلدى. ياش تۇرۇپ، پۈتۈن ھاياتىم مۇھەببەت تۈپەيلىدىن( كۆرۈۋاتىسەن ئوقۇرمەن، كىتاب تۈپەيلىدىن دېمىگۈدەك ئەقلىم بار) ئازغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە كىتاب، گېزىت- ژۇرناللارنىڭ، رادىئو، تېلېۋىزور، ئېلانلارنىڭ، سەھىپە يازغۇچىلىرىنىڭ، رەسىملىك ژۇرنال سەھىپىلىرى ۋە رومانلارنىڭ ئېيتقانلىرى كاللامدىن زادى چىقمىغۇدەك ئورناپ قالدى.

مۇھەببەت دېگەن نېمە؟

مۇھەببەت تەسلىم بولۇشتۇر. مۇھەببەت مۇھەببەتنىڭ سەۋەبىدۇر. مۇھەببەت چۈشىنىشتۇر. مۇھەببەت بىر مۇزىكىدۇر. مۇھەببەت بىلەن ئېسىل قەلب بىر نەرسىدۇر. مۇھەببەت ھەسرەت شېئىرىدۇر. مۇھەببەت سۇنغان روھنىڭ ئەينەكتە ئەكس ئېتىشىدۇر. مۇھەببەت ئۆتكۈنچىدۇر. مۇھەببەت ھېچقاچان پۇشايمان قىلدىم دېمەسلىكتۇر. مۇھەببەت كىرىستاللىشىشتۇر. مۇھەببەت بېغىشلاشتۇر. مۇھەببەت بىر سېغىز كەمپۈتنى تەڭ يېمەكتۇر. مۇھەببەت يوشۇرۇن بولىدۇ. مۇھەببەت قۇرۇق گەپتۇر. مۇھەببەت بىر ئازابتۇر. مۇھەببەت "پەرىشتە" بىلەن دەرقەمدە ئۇچرىششتۇر. مۇھەببەت كۆز يېشىدۇر. مۇھەببەت تېلېفون كېلىشنى كۈتۈشتۇر. مۇھەببەت پۈتۈن بىر دۇنيادۇر. مۇھەببەت كىنوخانىدا قول تۇتۇشۇپ ئولتۇرۇشتۇر. مۇھەببەت بىر مەستلىكتۇر. مۇھەببەت بىر يالماۋۇزدۇر. مۇھەببەت قارىغۇلۇقتۇر. مۇھەببەت يۈرەكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشتۇر. مۇھەببەت مۇقەددەس سۈكۈتتۇر. مۇھەببەت ناخشىلاردا ئېيتىلىدۇ. مۇھەببەت تېرىگە ياقىدۇ.

ئىشەنچىمنى يوقىتىپ ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىپ، ئەمما روھىمنى ماكانسىز قويىدىغان بىر مەسخىرىۋاز بولۇپمۇ كەتمەستىن، يەنى گويا تېلېۋىزوردىكى كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ ئالدىنىۋېتىپ ئالدانغانلىقىمنى بىلىپ، ئالدانمىغانىدا ئالدانغۇم كېلىپ بۇ

دۇردانىلەرگە ئېرىشتىم. ئۆزۈمنىڭ چەكلىك، ئەمما مول تەجرىبىلىرىمنى ئاساس قىلىپ، بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىمنى قوشۇپ قوياي:

مۇھەببەت بىرسىنى شىددەتلىك قۇچاقلاش، ئۇنىڭ بىلەن كونا جايدا بىللە بولۇش سېغىنچىدۇر. ئۇنى قۇچاقلاپ، پۈتۈن دۇنيانى سىرتتا قالدۇرۇش ئارزۇسىدۇر. ئىنساننىڭ ئۆز روھىغا خاتىرجەم بىر پاناھگاھ تېپىش ئىستىكىدۇر.

كۆردۈڭلارغۇ، ھېچقانداق يېڭى نەرسە دېمىدىم. شۇنداقتىمۇ بىر نەرسە دېدىم! ئۇنىڭ يېڭى بولۇش-بولماسلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيمەن. بەزى دورامچى ئەخمەقلەرنىڭ ئويلىغىنىنىڭ دەل ئەكسىچە، بىر-ئىككى ئېغىز سۆزمۇ سۈكۈتتىن ياخشىدۇر. جىمى رەھىمسىزلىكى بىلەن ئاستا-ئاستا يول ئالغان پويىزدەك، ھايات بىزنىڭ روھىمىزنى، جىسمىمىزنى يەنچىپ ئۆتۈۋاتقاندا سۈكۈتتە تۇرۇش، بىر ئېغىز گەپ قىلماسلىق نېمىگە يارايدۇ؟ پەرۋەردىگارغىمۇ؟ بىر ئادەمنى تونۇيتتىم، ئۇ مەن قۇراملىق ئىدى، مۇشۇنداق بىر سۈكۈنات ئۈستىمىزگە كېلىۋېرىپ بىزنى ئۆتمە-تۆشۈك قىلىدىغان دەھشەت ۋە يامانلىقلار بىلەن قارشىلىشىشتىن ياخشىراقتۇر دەپ گەپ يورغىلىتاتتى. شۇنداق، گەپ يورغىلىتاتتى، چۈنكى بۇ گەپنى ئۇ دېمەيۋاتاتتى، ئەتىگەندىن كەچكىچە بىر ئۈستەلدە جىمجىت ئولتۇرۇپ، خەقنىڭ گەپلىرىنى بىر دەپتەرگە چىرايلىق يېزىۋاتاتتى. بەزىدە ئۇنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى، تېخىچە خەت يېزىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ سۈكۈتىنىڭ ئىچىمدە يوغىناپ تېنىمنى تىكەنلەشتۈرىدىغان بىر دەھشەتكە ئايلىنىشىدىن قورقاتتىم.

يۈزىگە ۋە مەيدىسىگە ئوق ئاتقانىدىم، ئەمما ئۇنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈرەلىگەنىدىمەنمۇ؟ ئاتقىنىم پەقەت ئۈچ پاي ئوق ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇ كىنوخانىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا ۋە كىنو ئاپپاراتىنىڭ كۆزۈمگە

چۈشكەن نۇردا ئەتراپىمنى ياخشى كۆرەلمىگەنىدىم.

ئۇنىڭ ئۆلمىگەنلىكىگە ئىشەنگەن چېغىمدا ئۇنىڭ ئۇ كىتابنى ئۆيدە كۆچۈرۈۋاتقانلىقىنى خىيال قىلاتتىم. بۇ خىيال ماڭا شۇ قەدەر دەھشەتلىك تۇيۇلاتتى! مەن، ئاقكۆڭۈل خوتۇنۇم، تاتلىق قىزىم، تېلېۋىزورۇم، گېزىتلىرىم، كىتابلىرىم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىكى ۋە ئىشخانىدىكى خىزمەتداشلىرىم، غەيۋەت-شىكايەتلىرىم، قەھۋەلىرىم ۋە تاماكىلىرىم بىلەن ئۆزۈمگە ئايدىڭ بىر تەسەللى دۇنياسى يارىتىشقا تىرىشاتتىم، قول بىلەن تۇتقىلى بولغىدەك نەرسىلەر بىلەن ئۆزۈمنى قورشاپ قوغدانغىنىمدا، ئۇ تولۇق بىر سۈكۈناتتا ئۆزىنى كەسكىن ھالدا تەسلىم قىلالايتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىگە خۇشاللىق تاپاتتى. تۈن يېرىمىدا ئۇ ئىشەنگەن ۋە ئۆزىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاتىغان جىمجىتلىقنى ئويلىغىنىمدا، ئۇنىڭ ئۇ كىتابنى يېڭىۋاشتىن كۆچۈرۈشلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، كاللامدا ئەڭ بۈيۈك مۆجىزە رېئاللىققا ئايلىنىپ، ئۇ يەردە، ئۇنىڭ ئۈستىلىنىڭ بېشىدا، ئۇ سەۋر بىلەن دائىم بىر ئىشنىلا قىلىۋاتقاندا جىمجىتلىقنىڭ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. مەن ئېرىشەلمىگەن، ئەمما ئۈمىد-ئارزۇلىرىم ۋە مۇھەببىتىم شاھىد بولغان ئىشلارنىڭ سىرلىرى ئاشۇ جىمجىتلىق ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە ئىدى؛ شۇنداقلا جانان ياخشى كۆرگەن ئادەم خەت كۆچۈرۈۋاتقاندا، مەندەك بىرسى زادى يېتەلمەيدىغان چوڭقۇر كېچىنىڭ جىمجىتلىقى زۇۋانغا كېلىدۇ دەپ ئويلايتتىم.

## 15

بىر كېچە بۇ تىۋىشنى ئاڭلاش ئارزۇسىغا شۇنچىلىك بېرىلدىمكى، تېلېۋىزورنى ئۆچۈردۈم، بۇرۇنلا ئۇخلىغان ئايالىمنى ئويغاتماستىن كىتابنى كارىۋىتىمنىڭ بېشىدىن ئاستا ئالدىم ۋە ھەر

ئاخشىمى تېلېۋىزور كۆرگەچ تاماق يەيدىغان شىرەگە كېلىپ، يېڭى بىر ئىشتىياق بىلەن ئوقۇشقا باشلىدىم. ھازىر قىزىم ئۇخلاۋاتقان ھۇجرىدا نەچچە يىللارنىڭ ئالدىدا بۇ كىتابنى ئوقۇغانلىقىمنى مۇشۇنداق ئېسىمگە ئالدىم. ئاشۇ نۇرنىڭ كىتابتىن بالقىپ يۈزۈمگە چۈشۈشىگە شۇنچىلىك تەشنا بولدۇمكى، ئىچىمدە بىردىنلا يېڭى دۇنيانىڭ خىيالى تېپىرلىدى. بىر ھەرىكەت ۋە سەۋرسىزلىك ھېس قىلدىم، بۇ مېنى كىتابنىڭ مەركىزىگە ئاپىرىدىغان تۆۋشىنىڭ سىرىنى بېرىدىغان بىر تېپىرلاش ئىدى...

كىتابنى تۇنجى ئوقۇغان كۈنى كېچىسىدىكىدەك، مەھەللەمنىڭ كوچىلىرىدا ئايلىنىۋاتاتتىم. كۆز ئاخشىمى قاراڭغۇ كوچىلار ھۆلچىلىك ئىدى، پىيادىلەر يولىدا بىر قانچە كىشى ئۆيىگە قايتىۋاتاتتى. ئېرەنكۆي ۋوگزالى مەيدانىغا بۇرۇلغىنىمدا تونۇش دۇكانلارنىڭ ئەينەك رامكىلىرىنى، كونا ماشىنىلارنى، پىيادىلەر يولىدىكى باقاللار ئاپېلسىن، ئالما يەشىكلىرىگە يېپىپ قويغان كونا كىلىيونكىلارنى، قاسساپ دۇكىنىدىن چىقىۋاتقان كۆك نۇرنى، دورىخانىنىڭ كونا، يوغان مېشىنى، ئىشقىلىپ ھەممە نەرسىنى ئۆز جايىدا كۆردۈم. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان يىللىرىدا مەھەللىدىكى ئاغىنىلىرىم بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بارىدىغان قەھۋەخانىدا بىر-ئىككى يىگىت تېلېۋىزور رەڭلىرىگە قاراپ ئولتۇراتتى. كوچىلاردا كېتىۋېتىپ، تېخىچە ئۇخلىمىغان ئائىلىلەرنىڭ مېھمانخانا ئۆيلىرىنىڭ يېرىم ئوچۇق پەردىلىرى ئارىسىدىن، ئاشۇ تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنىڭ چىنار دەرەخلىرىگە، نەملىشىپ كەتكەن ئىستولبىلارغا، بالكوننىڭ شادا تۆمۈرلىرىگە چۈشكەن گاھى كۆك، گاھى يېشىل، ئاندىن قىزىللىشىۋاتقان نۇرلىرىنى كۆرەتتىم.

يېرىم تارتىلغان پەردىلەر ئارىسىدىن چىققان تېلېۋىزور نۇرلىرىغا قاراپ كېتىۋاتقىنىمدا رىفقى تاغىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا

توختاپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى دېرىزىلىرىگە ئۇزۇندىن ئۇزۇن قارىدىم. بىردىنلا، گويا جانان بىلەن خالىغانچە چىققان بىر ئاپتوبۇستىن خالىغانچە چۈشۈۋەرگەندەك، ئەركىنلىك ۋە تاسادىپىيلىق تۇيغۇسى ھېس قىلدىم. پەردىلەر ئارىسىدىن ئۆي ئىچىدىكى تېلېۋىزور يورۇقى ئۆينى كۆرەلەيتتىم، ئەمما مەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇش ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان رىفقى تاغىنىڭ تۇل خوتۇنىنى كۆرەلمەيتتىم. تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى كۆرۈنۈشكە ئەگىشىپ ئۆي بەزىدە ئاقۇش، بەزىدە جانسىز ساغۇچ بىر نۇردا يورۇيتتى. كىتاب ۋە ھاياتىمنىڭ سىرى ئۇ يەردە، ئۇ ئۆيدە كۆمۈلۈپ ياتىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم.

بىنانىڭ باغچىسىنى پىيادىلەر يولىدىن ئايرىپ تۇرغان تامغا چەبدەسلىك بىلەن چىقىپ، راتىبە ھامىمنىڭ بېشىنى ۋە ئۇ قاراۋاتقان تېلېۋىزورنى كۆردۈم. ئۇ رەھمەتلىك ئېرىنىڭ بوش ئورۇندۇقىغا 45 گىرادۇس يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقاندا، خۇددى ئانامدەك بويىنىنى قىسىپ ئولتۇراتتى، ئەمما ئانامدەك بىر نەرسە توقۇپ ئولتۇرماي، ھۇزۇرلىنىپ تاماكا چېكىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ، بۇ تامغا چىقىپ ئۆينىڭ ئىچىنى كۆزەتكەن مەندىن باشقا ئىككى كىشىنى ئېسىمگە ئالدىم.

بىنانىڭ "رىفقى خات" دېگەن ئىسىم چاپلانغان كىرىش ئىشىكىدىكى بىر كونۇپكىنى باستىم، سەل ئۆتۈپ ئېچىلغان ئىككىنچى قەۋەتتىن ئۇ ئايال پەسكە قاراپ توۋلىدى:

— كىمۇ؟

— مەن، راتىبە ھاما، — دېدىم مېنى ياخشىراق كۆرۈۋالسۇن دەپ بىر قانچە قەدەم كەينىمگە — كوچا چىرىغىنىڭ يورۇقىغا مېڭىۋېتىپ، — مەن تۆمۈر يول خادىمى ئاقىف ئەپەندىنىڭ ئوغلى ئوسمان.

— ھە، ئوسمانمۇسەن! — دېگىنىچە ئىچىگە كىرىپ كونۇپكىنى باستى، ئىشىك ئېچىلدى.

مېنى ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە كۈلۈمسىرەپ قارشى ئالدى ۋە مەگزىمگە سۆيۈپ "بېشىڭغىمۇ قاراپ باقاي" دېدى. ئېگىشىۋىدىم، بالىلىق چېغىمدا قىلغىنىدەك (سەل ئاشۇرۇپراق) چاچلىرىمنى پۇراپ، بېشىمنىمۇ سۆيدى.

بۇ ھەرىكەت ماڭا ئاۋۋال ئۇنىڭ رىفقى تاغا بىلەن ئۆمۈر بويى تەڭ تارتىشقان دەرد-ئەلىمىنى، ئىككىسىنىڭ بالىسى يوقلۇقىنى، ئاندىن ئانام ۋاپات بولۇپ يەتتە يىلدىن بۇيان بىر كىمنىڭ مېنى كىچىك بالىدەك كۆرۈپ مۇئامىلە قىلمىغانلىقىنى ئەسلەتتى. بىردىنلا شۇنچىلىك راھەتلەندىمكى، ئۆيگە كىرىۋاتقاندا ئۇ سورىماستا مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلاي دەپ ئويلىدىم.

— راتىبە ھاما، كوچىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، ئۆيىڭىز يورۇق تۇرۇپتۇ، كەچ بولۇپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ بىر كىرىپ سالام بېرەي دېدىم.

— ئەجەپ ياخشى قىلىپسەن! — دېدى ئۇ، — تېلېۋىزورنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇر. مېنىڭمۇ كېچىسى ئۇيقۇم كەلمەي مۇشۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرىمەن. قارا، ماشىنىنىڭ بېشىدىكى ئايال بەئەينى بىر يىلان. بولغۇلۇق بىزنىڭ بالىلارغا، شۇ ساقچىلارغا بولۇۋاتىدۇ. بۇلار پۈتۈن شەھەرنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇيدۇ... چاي ئەكىلەيمۇ؟

لېكىن دەرھال چاي ئەكەلمىدى. بىردەم بىرلىكتە تېلېۋىزور كۆردۇق. " قارا شۇنىڭغا، شۇ نومۇسسىزغا..." دېدى ئۇ بىر چاغدا ئېكراندىكى ئوتقاشتەك بىر ئامېرىكا گۈزىلىنى كۆرسىتىپ. ئۇ گۈزەل كىيىملىرىنى بىر ئاز يېشىۋېتىپ، بىر ئادەم بىلەن ئۇزاق سۆيۈشتى ۋە راتىبە ھاما بىلەن ئىككىمىز چىقارغان تاماكا ئىسلىرى ئارىسىدا زىنا قىلدى. شۇ ئەسنادا، ئېكراندا كۆرۈنگەن

نۇرغۇن ماشىنىلار، كۆۋرۈكلەر، تاپانچىلار، كېچىلەر، ساقچىلار ۋە گۈزەللەردەك راتسبە ھاممىمۇ يوقاپ كېتىۋاتاتتى. جانان بىلەن بىللە بۇ فىلىمنى كۆرگىنىمىزنى ئەسلىيەلمەيتتىم، ئەمما جانان بىلەن بىللە كۆرگەن كىنو ئەسلىمىلىرىنىڭ مېنى ئازابلاپ ئىچىمدە تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم.

راتسبە ھاممىسى چاي ئەكىلىش ئۈچۈن ئىچكىرىكى ئۆيگە ماڭغىنىدا بۇ ئازابلاردىن قۇتۇلۇش، مېنى دەردمەن بىر ئادەم قىلغان بۇ ھاياتنىڭ، ئۇ كىتابنىڭ سىرىنى يېشىپ، ئازراق بولسىمۇ راھەتلىنىۋېلىش ئۈچۈن بۇ يەردە، بۇ ئۆيدە بىر نەرسىلەرنى تېپىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغىنىمنى چۈشەندىم. بىر بۇلۇڭدىكى قەپەستە ئۇخلاپ قالغان سېرىق قۇشقاچ باللىق چېغىمدا رىفقى تاغا مېنى بۇ ئۆيدە ئوينىتىۋاتقاندا جايىدا جىم تۇرالمايدىغان قۇشمىدۇ ياكى ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن تۇتۇلۇپ قەپەسكە سولانغان يېڭى قۇشمىدۇ؟ كۆڭۈل قويۇپ رامكىغا ئېلىنىپ تامغا ئېسىپ قويۇلغان ۋاگون ۋە پاراۋوز رەسىملىرىمۇ بۇرۇنقى جايىدا ئىدى، ئەمما ئۇلارنى باللىق چېغىمدا دائىم بەختىيار بىر كۈن نۇرى ئىچىدە ۋە رىفقى تاغىنىڭ چاقچاقلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ، تېپىشماقلىرىغا جاۋاب بېرىشكە تىرىشىۋېتىپ كۆرگەنىدىم، ئەمدى كۆپ قىسمى ئىشلىتىلىشتىن قالغان بۇ ھارغىن نەرسىلەرنىڭ تېلېۋىزور نۇرى ئاستىدا ئۇنتۇلۇپ، چاڭ-توزانغا كۆمۈلۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ پەرىشان بولدۇم. بىر ئەينەكلىك ئىشكاپنىڭ يېرىمىدا ھەر خىل ئىچىملىك، يەنە يېرىم قۇتا جىنەستە ئىچىملىكى بار ئىدى. بۇنىڭ يېنىدا باللىق چېغىمدا دادام بىلەن رىفقى تاغىنىڭ ئۆيىگە بارغان ۋاقىتلاردا ئۇ ماڭا ئوينا دەپ بەرگەن كونتروللۇق بىلەت تەشكۆچ تۆمۈريول خىزمەت مېداللىرى بىلەن پاراۋوز شەكلىدىكى چاقماقنىڭ ئارىسىدا تۇراتتى. مودېل ۋاگونلارنىڭ، سۈنئىي كرىستال كۈلدانىنىڭ ۋە 25

يىللىق پۈيىز ۋاقىت جەدۋىلىنىڭ ئارقىسىدىكى ئەينەكتە كۆرۈنگەن ئىشكاپىنىڭ يەنە بىر كۆزنىكىدە 25ـ30 دانە كىتاب كۆرۈپ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقتى.

بۇلار رىففى تاغا «يېڭى ھايات»نى يېزىۋاتقان يىللاردا ئوقۇغان كىتابلار بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنچە سەپەرلەردىن، شۇنچە يىللاردىن كېيىن جانانىنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇت ئىزىغا ئۇچرايدىغاندەك بىر ھاياجان پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قاپلىدى.

چېيىمىزنى ئىچىۋاتقاندا، تېلېۋىزورغا قاراۋاتقاندا، راتىبە ھامما ئاۋۋال بالامنىڭ قانداقلىقىنى، ئاندىن ئايالىمنىڭ قانداقراق بىر ئايال ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئۇنى تويۇمغا چاقىرمىغانلىقىمنىڭ ئەيىبكارلىق تۇيغۇسى بىلەن بىر نەرسىلەرنى دەيتتىم، ئايالىمنىڭ ئەسلىدە بىزنىڭ كوچىدا ئولتۇرىدىغان بىر ئائىلىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم، كېيىن ئايالىم بولغۇچىنى كىتابنى تۇنجى ئوقۇغان چاغلاردا تۇنجى كۆرگەنلىكىمنى ئەسلىدىم. ئۆيىمىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى بوش ئۆيگە ئورۇنلاشقان ۋە ئۇ ئاخشىمى لامپۇچكىنىڭ كۇچلۇك يورۇقىدا، ئېچىقلىق تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ھەممىسى بىرلىكتە تاماق يېگەن ئائىلىنىڭ قىزىنى، يەنى نەچچە يىللاردىن كېيىن مەن ئالغان ئۇ تەلەيسىز قىزنى ئۇ كىتابنى تۇنجى قېتىم ئوقۇغان كۈنى تۇنجى رەت كۆرگىنىم تاسادىپىيلىقمۇ ياكى ئۆيلىنىپ نەچچە يىللاردىن كېيىن ھاياتىمنىڭ مەخپىي ئەندىزىسىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن رىففى تاغىنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ شۇ تاسادىپىيلىقنى ئەسلەپ بايقىغىنىم تاسادىپىيلىقمۇ؟ بۇ تاسادىپىيلىقلارنىڭ قايسىسى بەكرەك ئاساسلىق ھەم ھەيران قالارلىق؟ قىزنىڭ چاچلىرى سېرىق، تېلېۋىزور ئېكرانى يېشىل ئىدى دەپ ئويلىغىنىمنى ئەسلىدىم.

شۇنداق قىلىپ ئەسلىمە، تاسادىپىيلىق ۋە ھايات ھەققىدە

كۆكۈللۈك بىر ئەقىل گادىرماچلىقى ئىچىدە ئۆزۈمنى يوقاتقاندا راتىبە هاما بىلەن مەھەللىدىكى سۆز-چۆچەك ، يېڭى ئېچىلغان قاسساپ دۇكىنى، مەن كىرىدىغان ساتراشخانا، كونا كىنوخانىلار، دادىسىنىڭ ئاياغ دۇكىنىنى چوڭايتىپ بىر كارخانا قۇرۇپ باي بولغاندىن كېيىن مەھەللىنى تاشلاپ كەتكەن بىر دوستۇم ھەققىدە پاراڭلاشتۇق. سۆكۈت بىلەن ئۆزۈلۈپ تۇرغان بۇ پارچە-پۇرات سۆھبىتىمىز "ھايات نەقەدەر خاراب" دەۋاتقاندا، تاپانچا ئاۋازلىرى، شەھۋانىي ھەرىكەتلەر، ۋارقىراپ-جارقىراشلار، چۈشۈپ كەتكەن ئايروپىلانلار، پارتلىغان بىنىزىن تۇڭلىرى بىلەن قىزىپ كەتكەن تېلېۋىزور" لېكىن يەنە خاراب قىلىش لازىم" دەيتتى، ئەمما بىز بۇنىڭدىن بىئارام بولمايتتۇق.

خېلى كەچ بولغاندا تېلېۋىزوردىكى ئىگراشلار، جۆيلۈشلەر ۋە ئۆلۈم پەريادلىرى ھىندى ئوكيانىنىڭ christmas ئارىلىدا ياشايدىغان قىزىل، قارا قىسقۇچ پاقىلار ھەققىدىكى ھۆججەتلىك فىلىمگە ئورون بوشاتقاندا مەن ــ زەھەرلىك ئىشپىيون ئەسلى تېمىغا ئېكراندىكى سەزگۈر قىسقۇچ پاقىدەك يېقىنلىشىپ:

ــ بۇرۇن ھەممە نەرسە نېمىدېگەن ياخشى ئىدى، ــ دېيىشكە جۈرئەت قىلدىم.

ــ ياش چېغىڭدا ھايات گۈزەلدۇر، ــ دېدى راتىبە هاما. ئەمما ئېرى بىلەن ئۆتكۈزگەن ياشلىق دەۋرى ھەققىدە (بەلكى باللار ھېكايىلىرىنى، تۆمۈر يول خىزمەتچىلىرى روھىنى، رىفقى تاغىنىڭ ئەسەرلىرىنى، رەسىملىك رومانلىرىنى سورىغانلىقىم ئۈچۈن) كۆكۈللۈك بىر گەپ قىلمىدى.

ــ رىفقى تاغاڭ يېزىپ سىزىش ھەۋىسى بىلەن ھەر ئىككىمىزنىڭ ياشلىقىنى نابۇت قىلدى.

ئەسلىدە، دەسلەپكى يىللاردا ئېرىنىڭ «تۆمۈريول» ژۇرنىلىغا ئەسەر يېزىشىنى، ژۇرنالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللىغانىدى.

چۈنكى مۇشۇ باھانىدە رىفقى تاغا تۆمۈر يول مۇپەتتىشلىرىنىڭ ئۈزۈن سەپەرلىرىدىن بىرئاز بولسىمۇ قۇتۇلاتتى، راتىبە ھامىمۇ ئۆيدە يالغۇز، نەچچە كۈنلەرگىچە ئېرىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولمايتتى. شۇ چاغلاردا رىفقى تاغا تۆمۈر يول خادىملىرىنىڭ بالىلىرىمۇ ژۇرنالنى ئوقۇسۇن، بۇ مەملىكەتنى تۆمۈر يول ياساش ئارقىلىق قۇتقۇزىۋالغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسۇن دەپ ژۇرنالنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىگە رەسىملىك ھېكايىلەرنى سىزىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. " بەزى باللار بۇلارنى بەك ياخشى كۆرەتتى، شۇنداق ئەمەسمۇ يا؟ " دېدى راتىبە ھاما تۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرەپ، مەنمۇ ئۇ ۋەقەلەرنى قانداق مەپتۇن بولۇپ ئوقۇغانلىقىمنى، «پېرتېۋ بىلەن پېتېر» چاتما ھېكايىسىنى يادقا بىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

—ئەمما ئۇنى شۇ يەردە بولدى قىلسا بولاتتى، ئۇنچىلىك ئەستايىدىل بولۇپ كەتمىسىمۇ بولاتتى،— دەپ گېپىمنى بۆلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئېرىنىڭ خاتالىقى شۇكى، رەسىملىك ھېكايىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ھەققىدە ئۇ بابىئالىدىكى[1] ھېلىگەر بىر نەشرىياتچىنىڭ تەكلىپىگە ئالدىنىپ، بۇلارنى ئايرىم بىر ژۇرنال قىلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. — شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ ئۆزىگە ئاشمىدى، تەپتىش ساياھىتىدىن، ئىدارىسىدىن ھېرىپ-ئېچىپ كېلىپلا ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ، تاڭ ئاتقۇچە ئىشلەيتتى.

بۇ ژۇرناللار بىر مەزگىل ئوقۇلغان، ئەمما دەسلەپتە نام قازىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەي تارىخي رەسىملىك رومانلار، قاغانلار،

[1] بابىئالى— ئوسمان ئىمپېرىيىسى زامانىدا ئىچكى، تاشقى ئىشلار ئورگانلىرى تۇرۇشلۇق ئوردا-ساراي. بۇ يەردە ئىستانبۇلدىكى نەشرىياتچىلىق مەركىزىنى كۆرسىتىدۇ. — ت.

باتۇر ئوغلانلار، خاقانلار، يەنى بىزانسلىقلار[1] بىلەن جەڭ قىلىشقان تۈرك جەڭگىۋارلىرى مودا بولغاندا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىناۋەتتىن چۈشۈپ كەتكەنىدى.

— ئۇ ئارىلىقتا «پېرتېۋ بىلەن پېتېر» بىر ئاز سېتىلدى، پۇلمۇ تاپتۇق. ئەمما كۆپ پۇلنى، ئەلۋەتتە قىزىل كۆز نەشرىياتچى تاپتى، — دېدى راتىبە هاما. قويمىكەش نەشرىياتچى رىفقى تاغىغا ئامېرىكا تۆمۈر يولىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پادىچى نوچى ۋە قاراقچى-بۇلاڭچىلىق رولىنى ئالىدىغان تۈرك باللىرىنىڭ هېكايىلىرىنى ئەمدى تاشلاپ، ئۇ كۈنلەردە بەك سېتىلىدىغان باتۇر ئوغلانلار، قاغانلار، ئادىل چەۋەندازلاردەك نەرسىلەرنى سىزىپ ئەكېلىشنى ئېيتىپتۇ. "ئىچىدە پويىز كۆرۈنۈشى بولمىسا سىزمايمەن" دەپتۇ رىفقى تاغا. ۋاپاسىز نەشرىياتچى بىلەن ئۇنىڭ ئالاقىسى مۇشۇنداق ئۈزۈلۈپتۇ. ئۇ بىر مەزگىل ئۆيىدە رەسىملىك رومانلارنى ئۆزلىكىدىن سىزىپتۇ، باشقا نەشرىياتچىلارنى ئىزدەپتۇ، بىر چاغلاردىن كېيىن ئېتىبارسىز قېلىپ خاپا بوپتۇ.

— نەشر قىلىنمىغان ئۇ هېكايىلەر هازىر نەدە؟— دېدىم مەن ئۆيگە كۆز يۈگۈرتكەچ.

ئۇ جاۋاب بەرمىدى، قورسىقىدىكى تۆللەنگەن تۇخۇملارنى دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلگەن مۇۋاپىق بىر پەيتتە چىقىرىش ئۈچۈن پۈتۈن بىر ئارالنى باشتىن ئاياغ كېزىپ چىققان جاپاكەش، قارا، چىشى قىسقۇچ پاقىنىڭ مۇشەققەتلىك سەپىرىنى ئېكراندىن بىر هازا كۆردى.

---

[1] بىزانس— مىلادى395 — 330-يىللاردا قۇرۇلغان، مىلادى 1453-يىلى ئىستانبۇلنىڭ فەتهى قىلىنىشى بىلەن هۆكۈمرانلىقى ئاياغلاشقان ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە شۇ ئىمپېرىيىنىڭ ئەسكەرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — ت.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋەتتىم، — دېدى ئۇ، — ئىشكاپلارغا توشۇپ كەتكەن رەسىم، ژۇرنال، پادىچى نوچىلار ۋەقەلىرى، ئامېرىكىلىقلار ۋە پادىچى نوچىلار ھەققىدىكى كىتابلار، كىيىنىشلىرىنى ئۇسخىلىۋالغان كىنو كىتابلىرى، «پېرتېۋ بىلەن پېتېر»لەر، ئەيتاۋۇر بىر نېمىلەر... ئۇ مېنى ئەمەس، شۇ نەرسىلەرنى ياخشى كۆرەتتى.

— رىفقى تاغا بالىلارغا بەك ئامراق ئىدى.

— ئامراق ئىدى، ئامراق ئىدى، — دېدى، — ياخشى ئادەم ئىدى، ھەممە كىشىنى ياخشى كۆرەتتى، بۇنداق ئادەم ھازىر بارمۇ؟

بەلكىم رەھمەتلىكنىڭ ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن بىر-ئىككى ئېغىز شىكايەت قىلىپ سالغانلىقىدىن پەيدا بولغان گۇناھ تۇيغۇسى بىلەن بىر ئاز كۆز يېشى قىلدى. ئېكراندا قاتتىق دولقۇنلارنىڭ ۋە دېڭىز قۇشلىرىنىڭ قۇربانى بولماستىن قۇرۇقلۇققا چىقالىغان بىر قانچە تەلەيلىك قىسقۇچ پاقا بالىلىرىغا قاراۋاتقانىدى، قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا نەدىن چىقارغىنىغا مەن ھەيران قالغان بىر قولياغلىق بىلەن يېشىنى سۈرتتى، بۇرنىنى سۈرتتى.

— يەنە، — دېدى دىققەتلىك ئىشپىيون دەل شۇ چاغدا، — رىفقى تاغا چوڭلار ئۈچۈن «يېڭى ھايات» دەپ بىر كىتاب يېزىپتىكەن، باشقا بىر نام بىلەنمۇ نەشر قىلىپتۇدەك.

— نەدىن ئاڭلىدىڭ سەن بۇنى؟ — دەپ سۆزۈمنى بۆلدى، — ئۇنداق ئىش يوق.

ئۇ ماڭا بىر قاراپ قويۇپ، ئاچچىقى بىلەن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ئىسسىنى قاتتىق پۈۋلەپ شۇنچە غەزەپلىك بىر جىمجىتلىققا چۆمدىكى، زەھەرلىك ئىشپىيون جىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

بىر ھازاغىچە پاراڭلاشمىدۇق. ئەمما بىر ئىشنىڭ بولۇشىنى كۈتۈپ يەنە قوپۇپ كېتەلمىدىم، ھاياتنىڭ كۆرۈنمەس

تەگداشلىقىنىڭ ئەمدى نامايان بولۇشىنى كۈتتۈم.

تېلېۋىزوردىكى ھۆججەتلىك فىلىم تۈگىگەندە، قىسقۇچ پاقا بولۇشنىڭ ئىنسان بولۇشتىنمۇ بەتتەر ئىكەنلىكىنى ئويلىغاچ تەسەللى ئىزدەۋاتاتتىم، راتىبە هاما قوپال، كەسكىن ھەرىكەتلىرى بىلەن ئورنىدىن قوپتى، مېنى قولۇمدىن تۇتۇپ ئەينەك ئىشكاپنىڭ ئالدىغا تارتىپ "قارا"دېدى، بېشى ئېگىك تىكلەنمە چىراغنى ياققاندا تامدىكى بىر رەسىم يورىدى.

ھەيدەر پاشا پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيلەردە، ئوخشاش چاپان، ئوخشاش شىملارنى كىيىپ ئوخشاش گالستۇك تاقىغان ۋە كۆپ قىسمى ئوخشاش بۇرۇت قويۇۋالغان 35 ـ 40 ئادەم فوتو ئاپپاراتقا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇشاتتى.

— تۆمۈر يول مۇپەتتىشلىرى، ئۇلار بۇ مەملىكەتنىڭ تۆمۈر يول بىلەن تەرەققىي تاپىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى، — دېدى راتىبە هاما ۋە بىر بارمىقى بىلەن رىففى تاغىنى كۆرسەتتى.

رىففى تاغا مەن بالىلىقىمدا تونۇيدىغان، نەچچە يىللاردىن بېرى خىيال قىلغىنىمدەك ھالەتتە ئىدى. ئوتتۇرا بويىدىن سەل ئېگىز، ئورۇق، بىر ئاز قاملاشقان ۋە بىچارە چىرايىراق ئىدى. باشقىلار بىلەن بىرلىكتە بولۇشتىن، ئۇلارغا ئوخشىغانلىقىدىن خۇشال ھالدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەيتتى.

— قارا، مېنىڭ ھېچكىمىم يوق، — دېدى راتىبە هاما، — تويۇڭغا بارالمىدىم، بۇنى بولسىمۇ ئال، — قاچا ـ قۇچا ئىشكاپىدىن ئالغان كۈمۈش رەڭلىك كەمپۈت قۇتىسىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى، — ئۆتكەندە پويىز ئىستانسىسىدا ئايالىڭ بىلەن قىزىڭنى كۆردۈم. نېمىدېگەن چىرايلىق ئايال! قەدرىنى بىلەمسەن؟

قولۇمدىكى قۇتىغا قاراپ، ئەيىبكارلىق، يېتەرسىزلىك تۇيغۇسىدا تولغىناتتىم، بۇنداق دېسەم، ئوقۇرمەن بەلكىم ئىشەنمەس. نېمىنى ئەسلىگىنىمنى بىلەلمەستىن بىر نەرسىنى

ئەسلەۋاتاتتىم دېسەم بولار. كۈمۈش رەڭ كەمپۈت قاچىسىنىڭ ئەينىكىدە پۈتۈن ئۆي، مەن ۋە راتىبە هامما كىچىكلەپ، يۇمىلاقلىنىپ، ياپىلاقلىنىپ ئەكس ئەتتۇق. دۇنيانى ئاچقۇچ تۆشۈكلىرىدەك كۆزلىرىمىز بىلەن ئەمەس، باشقا بىر مەنتىقىنىڭ فوكۇس نۇقتىسىدىن تەسادىپىي كۆرۈش نەقەدەر سېھىرلىك-هە! ئەقىللىق باللار بۇنى چۈشىنىدۇ، ئەقىللىق چوڭلار بۇنىڭغا كۈلۈمسىرەيدۇ. ئوقۇرمەن، كالامنىڭ يېرىمى باشقا بىر يەردە، يەنە بىر يېرىمى باشقا بىر نەرسىدە توختاپ قالغانىدى. سىزدىمۇ شۇنداق ئىش بولامدۇ: بىر نەرسىنى ئەسلىمەكچىدىڭىز، ئەمما سەۋەب تاپالماي، ئەسلەشنى باشقا بىر ۋاقىتقا تاشلاپ قويدىڭىز.

— راتىبە هامما، — دېدىم رەھمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئىشكاپنىڭ يەنە بىر كۆزنىكىدىكى كىتابلارنى ئىشارەتلىدىم، — بۇ كىتابلارنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟

— نېمە قىلىسەن ئۇلارنى؟

— ئوقۇيتتىم، — دېدىم، قاتتىل بولغانلىقىم ئۇچۇن كېچىلىرى ئۇيقۇم كەلمەيدۇ، دېمىدىم، — كېچىلىرى ئوقۇيمەن، تېلېۋىزورغا قارىسام كۆزۈم چارچاپ كېتىدۇ، ئۇزۇن كۆرەلمەيمەن.

— ئالساڭ ئال، — دېدى شۈبھىلىنىپ، — ئەمما ئوقۇپ بولۇپ قايتۇرۇپ بەر. ئىشكاپنىڭ ئۇ يېرى بوش قالمىسۇن. رەھمەتلىك دائىم ئۇ كىتابلارنى ئوقۇيتتى.

شۇنداق قىلىپ، پەرىشتىلەر شەھىرى لوس ئانژېلىستىكى ئەسكى ئادەملەرنى، كوكائىنچى بايلارنى، پاھىشىلەردەك كۆرۈنىدىغان بىتەلەي چولپان نامزاتلىرىنى، غەيرەتلىك ساقچىلارنى، شۇنچە پاك، گۇناھسىز باللارنىڭ شادلىقىدەك بەخت ئىچىدە بىر-بىرىنىڭ مۇرادىغا دەرھال يېتىپ، ئاندىن بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن شۇنچە ئەيىبلىشىپ، غەيۋەتنى قىلىشىدىغان سەتەڭ، كېلىشكەن ئادەملەرنى كۆرسەتكەن بىر كىنونى راتىبە هامما بىلەن

كۆرگەندىن كېيىن، كېچە خېلى بىر ۋاق بولغاندا كىتابلارغا تولغان يوغان بىر يالتىراق خالتىنى كۆتۈرۈپ، خالتىنىڭ ئۈستىدە دۇنيانى، كىتابلارنى، كوچا چىراغلىرىنى، يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈۋاتقان سۆگەتلەرنى، قاراڭغۇ ئاسماننى، ئازابلىق كېچىنى، نەم ئاسفالت يولنى، خالتىنى كۆتۈرگەن قولۇمنى، بىلىكىمنى، مېڭىشلىرىمنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرغان كۈمۈش رەڭلىك كەمپۈت قۇتىسى بىلەن ئۆيگە قايتتىم.

ئانام هايات چېغىدا ئارقا ئۆيگە قويۇپ قويۇلغان، مەن بىر قانچە يىللار مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېت تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ «يېڭى هايات»نىمۇ تۇنجى قېتىم ئوقۇغان مېهمانخانا ئۆيدىكى ئۈستەلىمگە كىتابلارنى كۆڭۈل قويۇپ تىزدىم. كۈمۈش رەڭلىك كەمپۈت قۇتىسىنىڭ ئىغىزى چىڭ ئېتىلىپ كەتكەنىدى، ئېچىلمايتتى، ئۇنىمۇ كىتابلارنىڭ يېنىغا قويدۇم ۋە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ئۇلارغا زوق بىلەن قارىدىم. كىتابلار 33 پارچە ئىدى. ئارىسىدا «تەسەۋۋۇپ ئاساسلىرى»، «باللار پسىخولوگىيىسى»، «قىسقىچە دۇنيا تارىخى»، «بۈيۈك پەيلاسوپلار ۋە بۈيۈك زومىگەرلەر»، «رەسىملىك هەم ئىزاهاتلىق چۈش تەبىرلىرى» دېگەندەك قوللانمىلار، مىللىي مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ۋە بەزى مىنىستىرلىكلەرگە، باش ئىدارىلەرگە هەقسىز تارقىتىلغان كلاسسىك ئەسەرلەر مەجمۇئەسىدىن دانتىنىڭ، ئىبنى ئەرابىنىڭ، رىلكېنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىلىرى، «ئەڭ گۈزەل مۇهەببەت شېئىرلىرى»، «ۋەتەن هېكايىلىرى» دېگەندەك گۈلدەستىلەر، رەڭگارەڭ مۇقاۋىلىق «ژۇلېس ۋېرنې»، «شېرلوك هولمىس»، «مارك تۋېن ئەسەرلىرىدىن تەرجىمىلەر»، «كون-تىكى»، «داهىيلارمۇ بالا ئىدى»، «ئاخىرقى بېكەت»، «ئۆي قۇشلىرى»، «ماڭا بىر سىر ئېيت»، «مىڭ بىر تېپىشماق» دېگەندەك كىتابلار بار ئىدى.

كىتابلارنى شۇ كېچىسىلا ئوقۇشقا باشلىدىم. شۇنداقلا بۇ كېچىدىن باشلاپ «يېڭى هايات»تىكى بەزى كۆرۈنۈشلەرنىڭ، بەزى ئىپادىلەرنىڭ، بەزى خىياللارنىڭ يا بۇ كىتابلاردىن ئىلهاملىنىپ يېزىلغانلىقىنى، ياكى ئۇلاردىن بىۋاسىتە ئېلىنغانلىقىنى بىلدىم. رىفقى تاغا«Tommiks» ، «Pekos Bill» ۋە «يالغۇز ئەمەلدار» ژۇرناللىرىدىكى نەرسىلەرنى ۋە رەسىملەرنى ئۆزى سىزغان بالىلار كىتابلىرىغا بەھۇزۇر هالدا، ئادەتلىنىپ قالغان بويىچە كۆچۈرۈپ ئالىۋەرگەندەك،«يېڭى هايات»نى يېزىۋاتقاندىمۇ بۇ كىتابلاردىن پايدىلانغاندى. بىر نەچچە مىسال كۆرستەي:

" پەرىشتىلەر ئىنسان دېيىلگەن بۇ دۇنيا خەلىپىسىنىڭ يارىتىلىشىدىكى سىرنى بىلەلمىدى"

— ئىبنى ئەرابى، «فۇسۇسۇلهىكەم»

" بىز جانجىگەر هەمراھ، سەپەرداشلار ئىدۇق، بىز بىر-بىرىمىزگە شەرتسىز ياردەمچى ئىدۇق"

— نەشاتى ئاققەلەم، «داهىيلارمۇ بالا ئىدى»

"شۇنداق قىلىپ ئۆيۈمنىڭ تەنهالىقىغا قايتتىم ۋە ئۇ گۈزەل قىزنى ئويلاشقا باشلىدىم. ئۇنى ئويلاۋېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ بىر خىيالەت نامايان بولدى."

— دانتى، «يېڭى هايات»

" بەلكىم بىز شۇنداق نەرسىلەرنى دېيىش ئۈچۈن بۇ دۇنيادا تۇرىمىز: ئۆي، كۆۋرۈك، بۇلاق، ئىشىك، كوزا، مېۋىلىك دەرەخ، دېرىزە، — بەلكىم شۇمۇ بار: تۈۋرۈك، مۇنار... ئەمما دېيىش ئۈچۈن، ئۇنتۇما، ئاھ، شۇنداق بىر دېيىش ئۈچۈنكى، بۇ نەرسىلەر بۇنچىلىك كۆپ مەۋجۇت بولۇشىنى ئۆزلىرىمۇ هېچقاچان ئويلىمىغانىدى".

— رىلكې، «دۇئىنو مەرسىيىلىرى»

"ئەمما بۇ ئەتراپتا هېچقانداق ئۆي يوق ئىدى، خارابىلىكتىن باشقا بىر نەرسە كۆرۈنمەيتتى. بۇ خارابىلەر ۋاقىت سەۋەبىدىن

ئەمەس، بەلكى بىر تالاي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەندەك قىلاتتى."

— ژۇلىس ۋېرنې، «نامسىز ئائىلە»

"قولۇمغا بىر كىتاب كىرىپ قالدى. ئوقۇسام بىر قانچە توملۇق كىتابتەك قىلاتتى، ئوقۇمىسام بىر توپ يېشىل يىپەك رەختتەك تۈسكە كىرىپ قالاتتى... شۇ چاغلاردا كىتابنىڭ رەقەملىرىگە، ھەرپلىرىگە قاراپ قاپتىمەن، قول يازمىسىدىن بۇنىڭ ھەلەب قازىسى شەيخ ئابدۇرەھماننىڭ ئوغلى تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى بىلدىم. ئېسىمگە كەلسەم، ھازىر سىز ئوقۇۋاتقان بابنى يېزىۋاتاتتىم؛ بىردىنلا شۇنى چۈشەندىمكى، شەيخنىڭ ئوغلى يازغان ۋە مەن چۈشۈمدە كۆرگەن باب بىلەن ھازىر مەن يېزىۋاتقان كىتابتىكى باب بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ."

— ئىبنى ئەرابى، «فۇتۇھاتۇل مەككىيە»

" ئىشقى مۇھەببەت ماڭا شۇنچىلىك تەسىر قىلدىكى، پۈتۈنلەي ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا كىرگەن جىسمىم كۆپ ھاللاردا ئېغىر ۋە جانسىز بىر نەرسىدەك ھەرىكەت قىلاتتى."

— دانتى، «يېڭى ھايات»

" ھاياتنىڭ قايتماقچى بولغانلار ئۇ تەرىپىگە ئۆتسە بولمايدىغان رايونىغا قەدەم باستىم."

— دانتى، «يېڭى ھايات»

## 16

كىتابىمىزنىڭ شەرھ قىسمىغا كەلگەنلىكىمىز مەلۇم بولدى دەپ ئويلايمەن. ئۈستىلىمدە تۇرغان 33 كىتابنى نەچچە ئاي قايتا-قايتا ئوقۇدۇم. سارغايغان بەتلەردىكى سۆزلەرنىڭ، جۈملىلەرنىڭ ئاستىنى سىزدىم، دەپتەرلەرگە، قەغەز پارچىلىرىغا خاتىرە قالدۇردۇم، خىزمەتچىلىرى ئوقۇرمەنلەرگە " بۇ يەردە نېمە ئىشىڭ بار!" دەپ

قارايدىغان كۈتۈپخانىلارغا باردىم.
ھايات دېيىلگەن ئۇ دولقۇنغا بىر مەزگىل ئۆزىنى ھەۋەس بىلەن ئاتقان ۋە كۆتكىنىگە ئېرىشەلمىگەن قانچىلىغان دەردمەن ئادەملەردەك، ئوقۇغانلىرىمدىن، ئۆزۈم سىلىشتۇرغان بەزى خىياللاردىن، تەسۋىرلەردىن ئەسەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى يوشۇرۇن پىچىرلاشلارنى بايقايتتىم، بۇلاردىن سىرلارنى تېپىپ، ئۇلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئارىسىدا يېگى مۇناسىۋەتلەر ئورنىتاتتىم ۋە يىگىندە قۇدۇق قازغاندەك سەۋرچانلىق بىلەن شەكىللەندۇرگەن بۇ مۇناسىۋەتلەر تورىنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن پەخىرلىنىپ، ھاياتتا مەقستىمگە يېتەلمىگەن ئىشلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا تىرىشاتتىم. مۇسۇلمانلار شەھىرىدىكى كۈتۈپخانا ئىشكاپلىرىنىڭ باشقا كىتابلارغا يېزىلغان قول يازما چۈشەندۈرۈشى ۋە شەرھلەرگە قانداق تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنلەر بۇنىڭغا ھەيران قالىدىم دېسە، كوچىلاردىكى ئاشۇ دەردمەن ئادەملەر توپىغا بىر نەزەر سالسىلا كۇپايە.
مۇشۇ تىرىشچانلىقىم جەريانىدا، رىفقى تاغىنىڭ بۇ كىتابچىسىغا ئۇ باشقا بىر كىتابتىن ئالغان يېگى بىر جۈملە، خىيال، پىكىرگە دۇچ كەلسەم، خىياللىرىدىكى پەرىشتە قىزنىڭ ھەرگىز ئۇنچىلىك پاك ئەمەسلىكىنى بىلگەن خىيالپەرەس يىگىتتەك، ئاۋۋال بىر مەيۈسلۈككە ئۇچراپ، ئاندىن ھەقىقىي مۇھەببەت قۇربانىدەك، دەسلەپتە پاك كۆرۈنمىگەن نەرسىنىڭ ئەسلىدە ناھايىتى چوڭقۇر يوشۇرۇنۇپ ياتقان سېھىرلىگۈچى سىرىنىڭ، تەڭداشسىز ھېكمەتنىڭ ئىشارىتى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەكچى بولاتتىم.
باشقا كىتابلار بىلەن بىرلىكتە «دۇئىنو مەرسىيىلىرى»نى قايتا-قايتا ئوقۇۋېتىپ، ھەر قانداق ئىشنى پەرىشتىنىڭ ياردىمى بىلەن ھەل قىلالايدىغانلىقىمغا ئىشەندىم؛ بەلكىم بۇ مەزكۇر مەرسىيەلەردىكى پەرىشتىنىڭ رىفقى تاغا ئۇ كىتابتا تىلغا ئالغان

پەرىشتىنى ئىسمىگە سالغىنىدىن كۆرە، جانان بىلەن ئۆتكۈزگەن كېچىلەرنى بەكرەك سېغىنغانلىقىم، ئۇنىڭ پەرىشتە ھەققىدىكى گېپىنى ئەسلىگەنلىكىمدىن بولسا كېرەك. تۈن يېرىمىدىن خېلى ئۆتۈپمۇ تاقىر-تۇققۇرلىرى تۈگىمەيدىغان ئۇزۇن يۈك پويىزلىرى شەرققە مېڭىپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن مەھەللە چۆمگەن جىمجىتلىقتا بىر نۇرنىڭ، تىپىرلاشنىڭ، مەن ئۆتمۈشنى ئەسلەشتىن خۇشاللىنىدىغان ھاياتنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىماقچى بولاتتىم؛ قەغەزلەر، دەپتەرلەر بىلەن قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئۈستەلدە ئولتۇرغان مېنى، تاماكا چېكىشىمنى، ئېچىقلىق تۇرغان تېلېۋىزورنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرغان كەمپۈت قۇتىسىغا دۈمبەمنى قىلىپ دېرىزىگە بېرىپ، پەردىلەرنىڭ ئارىسىدىن قاراڭغۇ كېچىنىڭ ئىچىگە قارايتتىم، كوچا چىراغلىرىدىن ياكى ئۇدۇلدىكى بىنا ئۆيلىرىدىن چىقىۋاتقان سۇس نۇر بىردىنلا دېرىزە ئەينىكىدىكى سۇ تامچىلىرىدا ئەكس ئېتەتتى.

بۇ پەرىشتە كىمدۇ؟ مەن سوكۇتنىڭ قەلبىدىن ماڭا نىدا قىلىشىنى تىلىگەن كىم بولغىيدى؟ رىففى تاغىدەك تۈركچىدىن باشقا بىر تىل بىلمەيتتىم، ئەمما يات تىلدا ئۆتكۈنچى ھاياجانلارنىڭ تاسادىپىيلىقلىرى بىلەن يىراقلىشىپ كەتكەن ناچار ۋە ئۇدۇل تەرجىمىلەر بىلەن باغلىنىپ قالغىنىمغا كۆڭۈلشىپ كەتمىدىم. ئۇنىۋېرسىتېتلارغا باردىم، مېنى ھەۋەسكار كۆرۈپ قوپال تەگكەن ئوسال پروفېسسورلاردىن، تەرجىمانلاردىن سوئاللار سورىدىم، گېرمانىيىدىكى ئادرېسلارنى تېپىپ خەت يازدىم؛ تاۋى نازۇك، زىل كىشىلەردىن جاۋاب ئالغىنىمدا بۇ سىرنىڭ مەركىزىگە يول ئالغىنىمغا ئۆزۈمنى ئىشەندۈرمەكچى بولدۇم.

رىلكې ئۆز ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان پولشالىق تەرجىمانغا يازغان مەشھۇر بىر مەكتۇپىدا «دۇئىنو مەرسىيىلىرى»دىكى پەرىشتىنىڭ خىرىستىئان پەرىشتىسىدىن كۆرە ئىسلامىيەت

پەرىشتىلىرىگە بەكىرەك يېقىن ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىمىش، بۇنىمۇ رىفقى تاغا تەرجىمان يازغان قىسقا كىرىش سۆزدىن بىلگەنىدى. مەرسىيىلەرنى يېزىشقا باشلىغان يىلى لوئۇ ئاندرېس سالومە[1] گە ئىسپانىيىدىن ئەۋەتكەن بىر مەكتۇپتىن رىلكېنىڭ قۇرئاننى ھەيران-ھەس ھالدا ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىشىم مېنى بىر مەزگىل قۇرئاندا ئۇچرايدىغان پەرىشتىلەرنى بىلىپ بېقىشقا ئىنتىلدۈردى، ئەمما قۇرئاندا مومامدىن، مەھەللىدىكى ھامىملاردىن ۋە ئەقىللىق ئاغىنىلەردىن مەن ئاڭلىغان ھېكايىلەرنىڭ ھېچ بىرىنى ئۇچراتمىدىم. گېزىتلەردىكى كارتونلاردا، تۇرمۇش بىلىملىرى دەرسىدىكى قاتناش رەسىملىرىدە رەسىملىرىنى بىز دائىم كۆرىدىغان ئەزرائىلنىڭ نامىمۇ قۇرئاندا يوق ئىدى، پەقەت ئۆلۈم پەرىشتىسى دېيىلەتتى. مىكائىل ۋە قىيامەت كۈنى سۇر چالىدىغان ئىسراپىل ھەققىدە ئەسلىدە بىلگەنلىرىمدىن كۆپ نەرسىگە ئېرىشەلمىدىم. مەن گېرمانىيىلىك بىر تونۇشۇمدىن قۇرئاننىڭ 35-سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى "ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق" پەرىشتىلەر ھەققىدىكى ئىپادىنىڭ ئىسلامغا خاس ياكى ئەمەسلىكىنى سورىغىنىمدا، ئۇ گۈزەل سەنئەت كىتابلىرىدىن نۇسخىلىغان خرىستىئان پەرىشتىلىرىنىڭ رەسىملىرىدىن بىر توپ ئارخىپ ئەۋەتىپ ئىشنى تۈگەتتى: قۇرئاندا پەرىشتىلەر تۈركۈمى ھەققىدە ئايرىم باياننىڭ بېرىلىشى، جەھەننەمنىڭ ئىشىكىگە قارايدىغان زەبانىيلەرنىڭمۇ پەرىشتە ھېسابلىنىشى، پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ بىلەن مەخلۇقاتلىرى ئارىسىدا — ئىنجىلدا ئېيتىلىشىچە تېخىمۇ كۈچلۈك مۇناسىۋەت بولۇشىدەك ئۇششاق-چۈششەك پەرقلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا — ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنىدا تىلغا ئېلىنىدىغان پەرىشتىلەر ئارىسىدا رىلكېنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى

[1] لوئۇ ئاندرېس سالومە (1861—1937)— روسىيىلىك گېنېرالنىڭ قىزى.

ئىسپاتلايدىغان مۇھىم پەرق يوق ئىدى.

يەنىلا "ئىچىدە ھەممە نەرسە يېزىلغان كىتاب (قۇرئان)"نىڭ نازىل بولۇشىنى ۋە ئېقىپ كەتكەن، غايىب بولغان، چاقنىغان يۇلتۇزلار ئارىسىدا، قاراڭغۇ كېچە بىلەن ئاقارغان كۈن ئارىسىدا جىبرىئىلنىڭ ئۇپۇقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆرۈنگەنلىكىنى بايان قىلىدىغان «تەكۋىر» سۈرىسىنىڭ بەزى ئايەتلىرىنى رىففى تاغا كىتابىنى ئاخىرلاشتۇرۇۋاتقاندا رىلكېنىڭ گېپىسىزمۇ ئېسىگە ئالالىغان دەپ ئويلىدىم. ئەمما بۇ كۈنلەردە كىتابلارنى نەچچە ئاي ئوقۇپ، ئوقۇغان ھەممە نەرسىنى بىر-بىرىگە ئوخشىتىپ، رىففى تاغىنىڭ كىچىك كىتابىنىڭ يالغۇز 33 كىتابتىن ئەمەس، بارلىق كىتابلاردىن بارلىققا كەلگەن بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدىم. ئۈستىلىمدە توپلانغان ناچار تەرجىمىلەر، نۇسخىلار، ئىزاھلار ماڭا پەقەت رىلكېنىڭ تەسۋىرىدىكى پەرىشتە ھەققىدىلا ئەمەس، پەرىشتىلەرنىڭ نېمىشقا گۈزەل ئىكەنلىكى، ھادىسە ۋە تاسادىپىيلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان مۇتلەق گۈزەللىك، ئىبنى ئەرابىنىڭ تەسۋىرىدىكى پەرىشتىنىڭ ئىنساندىن ئۈستۈن ئالاھىدىلىكلىرى ۋە چەكلىمىلىكى، ھەم بۇ يەردە ھەم ئۇ يەردە مەۋجۇت بولالىشى، ۋاقىت، ئۆلۈم، ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھايات ھەققىدە سۆزلەيتتى، مەن بۇلارنى پەقەت رىففى تاغىنىڭ كىچىك كىتابىدا ئەمەس، يەنە ئۇ يازغان «پېرتېۋ بىلەن پېتېر»نىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىمۇ ئوقۇغانلىقىمنى ئەسلەيتتىم.

باھارغا يېقىن بىر ئاخشىمى تاماقتىن كېيىن:"ھەتتا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ،— دېدى رىلكېنىڭ ئەيتاۋۇر مەن نەچچىنچى قېتىم ئوقۇغان بىر مەكتۇپى ماڭا، — بىرەر ئېغىز ئۆيى، بىرەر قۇدۇقى، تونۇش مۇنارى، ئۆز كىيىملىرى، چاپانلىرى... ساناپ بولالمىغۇدەك، ھەددى-ھېسابسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خۇسۇسىي مۈلۈك دائىرىسىدىكى نەرسىلەر ئىدى".

بىردىنلا ئەتراپىمغا قارىغانلىقىمنى، بېشىمنى ئەپچىلگىنە بۇرىغانلىقىمنى بىلىمەن. پەقەت كونا ئۆستىلىمدىن، كىتابلارنىڭ ئارىسىدىن ئەمەس، ھەممە نەرسىنى چېچۋېتىدىغان قىزىم ئۇلارنى ئاپىرىپ قويغان يەرلەردىن، دېرىزىنىڭ چۆرىسىدىن، توپا-توزانلىق مەشلەرنىڭ، بىر پۈتى قىسقا ساپانىڭ، گىلەمنىڭ ئۈستىدىن يۈزلەرچە رەڭسىز پەرىشتە سايىسى ماڭا قارايتتى ۋە كۈمۈش رەڭلىك كەمپۈت قۇتىسىدا نەچچە يۈز يىللارنىڭ ئالدىدا ياۋروپادا سىزىلغان ھەقىقىي ماي بوياق رەسىملىرىدىكى پەرىشتىلەر تەقلىدىنىڭ رەڭسىز، سولغۇن نۇسخىلىرى ئەكس ئېتەتتى. ئۇلارنى ئەسلىي نۇسخىسىدىنمۇ بەك ياخشى كۆرگەنلىكىمنى ئويلىدىم.

— پەرىشتىلەرنى يىغىشتۇرۇپ قوي، — دېدىم ئۈچ ياشتىكى قىزىمغا،— پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ پويىزغا قارايلى.

— كەمپۈتمۇ ئالامدۇق؟

ئۇنى قۇچىقىمغا ئېلىپ، سوپۇن پاراشوكى ۋە كاۋاپ قازىنى پۇرايدىغان ئاشخانىدىكى ئانىسىنىڭ قېشىغا باردۇق ۋە پويىزلارغا قارايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. ئايالىم يۇيۇۋاتقان نەرسىلىرىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بىزگە كۈلۈمسىرىدى.

قىزىمنى چىڭ قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ، باھارنىڭ مەيىن شامىلىدا پويىز ئىستانسىسىغا بېرىش مېنى خۇشال قىلغانىدى. ئۇيگە قايتقاندا تېلېۋىزوردا ھەر كۈنلۈك پۇتبول مۇسابىقىلىرىنى كۆرىمەن، ئاندىن خوتۇنۇم بىلەن"يەكشەنبە ئاخشىمى" كىنو پروگراممىسىدا كىنو كۆرىمىز دەپ ئويلاپ سۆيۈندۈم. پويىز ئىستانسىسى مەيدانىدىكى "ھايات تورتخانىسى" دېرىزىلىرىنى قىيا ئېچىپ، تورتخانا ئالدىغا ماروژنى پەشتاختىسى راسلىغان ھەمدە ئۈستىگە قەغەز ئىستاكانلارنى تىزىپ، قىشنى ئاياغلاشتۇرغانىدى. يۈز گىرام Mabel كەمپۈتلىرى ئالدۇق. بىر دانىسىنى قەغىزىدىن سويۇپ، قىزىمنىڭ تاقەتسىزلىك بىلەن ئېچىلغان ئاغزىغا سالدىم. ئاندىن پويىز سۇپىسىغا چىقتۇق.

سائەت دەل9دىن 16 مىنۇت ئۆتكەندە، جەنۇب تېز پويىزى ئاۋۋال يەر ئاستىدىن، گويا زېمىننىڭ روھىدىن كېلىۋاتقان ئېغىر ماتورنىڭ گۈرۈلدىشى، كۆۋرۈك تاملىرى ۋە سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرىدە ئەكس ئەتكەن يورۇقى بىلەن بىزگە ئۆزىنى مەلۇم قىلدى، ۋوگزالغا يېقىنلاشقاندا گويا جىمىپ قالدى-دە، بىر-بىرىمىزنى چىڭ قۇچاقلىغان ئىككىمىزنىڭ ئالدىدىن ماتورلارنىڭ تىترەتكۈچى، بۆسكەك كۈچى بىلەن چاڭ-توزان قالدۇرۇپ ئۆتتى. ئارقىسىدا قالدۇرغان تېخىمۇ ئىنسانىي شاۋقۇن-سۈرەنلەرنىڭ ئىچىدە تاقىلداپ ئۆتۈۋاتقان ۋىل-ۋىل ۋاگونلاردا ئارقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان يولۇچىلارنى كۆردۇق، دېرىزىگە يۆلەنگەن، چاپىنىنى ئاسقان، پاراڭلىشىۋاتقان، تاماكا تۇتاشتۇرغان، بىزنى كۆرمىگەن يولۇچىلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆتۈپ كېتىشتى. پويىز ئارقىدا قالدۇرغان بوش بىر شامال ۋە جىمجىتلىق ئىچىدە ئاخىرقى ۋاگوننىڭ ئارقىسىدىكى قىزىل چىراغقا ئۇزاق قارىدۇق.

—بۇ پويىز نەگە بارىدۇ، بىلەمسەن؟—دېدىم قىزىمغا ئىختىيارسىز.

—نەگە بارىدۇ؟

— ئاۋۋال ئىزمىتقا[①]، ئاندىن بىلەجىككە[②].

— ئاندىنچۇ؟

— ئاندىن ئەسكىشەھەرگە[③]، ئاندىن ئەنقەرەگە بارىدۇ.

— ئاندىنچۇ؟

— ئاندىن قەيسەرىگە، سىۋاسقا، مالاتىياغا[④] بارىدۇ.

---

[①] ئىزمىت — تۈركىيىنىڭ مەرمەر رايونىدىكى كوجائەلى ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى، —ت.

[②] بىلەجىك—مەركىزىي ئاناتولىيە رايونىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ۋىلايەت،—ت.

[③] ئەسكىشەھەر—بىلەجىك ۋىلايىتىگە قوشنا ۋىلايەت،— ت.

[④] مالاتىيا— شەرقىي ئاناتولىيە رايونىدىكى ۋىلايەت،—ت.

— ئانــدىن؟— دەپ سـۆزىنى خۇشـاللىق بىـلەن تەكرارلـىدى سىرىق چاچ قىزىم ئاخىرقى ۋاگوننىـڭ كـۆرۈنەر-كـۆرۈنمەس قىزىـل چىراغلىرىغا قىزىقىپ قاراپ.

ھالبۇكى قىزنىڭ دادىسى پويىزلار كەينى-كەينىدىن بارىـدىغان بېكەتلەرنــى بىــر-بىــرلەپ ئەســلەۋاتقاندا، بىــر-بىــرلەپ ئەسلىيەلمەيۋاتقاندا، ئەسلىمىلىرىنىڭ ئىچىدە ئۆز بالىلىقىنى كۆردى.

11 — 12 ياشـلاردا بولـسام كېـرەك. بىـر كەچقۇرۇنلـۇقى دادام بىلەن رىفقى تاغاملارنىڭكىگە بارغانـدۇق. رىفقـى تاغـا بىـلەن دادام تاۋلا[1] ئويناۋاتقاندا مەن راتىبە هاما ماڭا بەرگەن باقـالىنى ئېلىـپ، قەپەستىكى سېرىق قۇشقاچلارنى تاماشا قىلغانىدىم، قانداق ئوقۇلۇپ چۈشەندۈرۈلىدىغانلىقىنى مەن هازىرغىچە بىلمەيدىغان بارومېتىرنىڭ ئەينىكىگە تىك-تىك ئۆرۈپ قويغانىدىم، كىتاب ئىشكاپىدىكى كونا ژۇرناللاردىن بىرىنى ئېلىپ، «پېرتېـۋ بىـلەن پېتىـر»نىـڭ ئۆتمۈش سەرگۈزەشتىلىرىگە بېرىلىـپ كەتكەنىـدىم، رىفقـى تاغـا مىنـى يېنىغـا چاقىردى ۋە ھەر قېتىم كەلگىنىمدە سورايدىغان سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى:

— يولچاتى بىـلەن كۇرتـالان ئارىـسىدىكى پـويىز بېكەتلىرىنـى ساناپ باق!

— يولچاتى، ئۇلۇئوۋا، كۇرك، سـۆرىجە، گېـزىن، مـادەن،— دەپ ھەممىسىنى تولۇق سانىدىم.

— ئاماسيا بىلەن سىۋاس ئارىسىدىكىلەرچۇ؟

تۇرۇپ قالماي سـاناپ بەردىـم، چۈنكى رىفقـى تاغـا "ھەر بىـر ئەقىللىق تۈرك بالىسى يادا بىلىشى لازىم" دېگەن پويىز جەدۋىلىنى يادلىغانىدىم.

— كۈتاھيـادىن قوزغالغـان پـويىز ئۇشـاققا بېـرىش ئۈچـۈن

---

[1] تاۋلا — شاھماتقا ئوخشايدىغان بىر تۈرلۈك ئويۇن، — ت.

نېمىشقا ئافيوندىن ئۆتىدۇ؟
بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى مەن پويىز جەدۋىلىدىن ئەمەس، رىففى تاغىدىن بىلىۋالغانىدىم:
— ئەپسۇس، دۆلەت ئۆزىنىڭ تۆمۈر يول سىياسىتىنى ئىجرا قىلمىغانلىقتىن.
— ئاخىرقى سوئال،— دېگەنىدى رىففى تاغا كۆزلىرىنى چاقنىتىپ،— چېتىنقايادىن مالاتيا‌غا كېتىۋاتىمىز.
چېتىنقايا، دېمىرىز، ئاقگېدىك، ئۇلۇگۇنەي، ھاسان چەلەبى، ھېكىمخان، كېسىككۆپرۈ... دەپ ساناشقا باشلاپ ئاياغلاشتۇرالماي تۇرۇپ قالدىم.
— ئاندىن؟
جىمىپ قالدىم. دادام بىر قولىغا ئۇرۇقلارنى ئېلىپ، تاۋلا تاختىسىدىكى ئۇرۇقلارغا قاراپ، قىسماققا چۈشۈپ قالغان ئويۇندىن چىقىش يولى ئىزدەيتتى.
— كېسىككۆپرۈدىن كېيىن؟
قەپەستىكى سېرىق قۇشقاچ تىپىرلاپ قويدى.
— ھېكىمخان، كېسىككۆپرۈ،— دەپ ئۈمىد بىلەن باشلىدىم، ئەمما كېيىنكى بېكەت ئېسىمگە پەقەت كەلمىدى.
— ئاندىن؟
— ئاندىن...
بىر ھازا جىمجىتلىق باستى. يىغلاپ تاشلايدىغاندەك قىلاتتىم، رىففى تاغا دېدى:
— راتىبە، ئۇنىڭغا كەمپوت بەر، قاراپ باقايلى، بەلكىم ئەسلەپ قالار.
راتىبە ھامما ماڭا كەمپوتلەرنى ئەكىلىپ بەردى. رىففى تاغىنىڭ دېگىنىدەك، بىر دانىسىنى ئاغزىمغا ئالار-ئالماي، كېسىككۆپرۈدىن كېيىنكى بېكەتنى ئەسلىدىم.

بىزنىڭ گاللۇۋاڭ ئوسمان 23 يىلدىن كېيىن قۇچقىدا گۈزەل قىزىنى تۇتۇپ، جەنۇب تېز پويىزىنىڭ ئاخىرقى ۋاگونىنىڭ ئارقىسىدىكى قىزىل چىراغلارغا قاراپمۇ ئۇ بىكەتنىڭ ئىسمىنى يەنە ئەسلىيەلمىدى. ئەمما ئەسلەش ئۈچۈن ئۆزۈمنى خېلى ئۇزاق زورلاپ باقتىم ۋە ئۇخلاۋاتقان نىدالارنى پەپىلەپ، قىزىقتۇرۇپ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز-ئۆزۈمگە دېدىمكى، نېمىدېگەن تاسادىپىلىق: 1. ھازىر ئالدىمىزدىكى ئۆتۈۋاتقان پويىز مەن ئىسمىنى ئېسىمگە ئالالمىغان بېكەتتىن ئەتە ئۆتىدۇ. 2. راتىبە ھامما ئۇ كەمپۈتلەرنى نەچچە يىللاردىن كېيىن ماڭا سوۋغا قىلغان ئاشۇ كۆمۈش رەڭلىك كەمپۈت قۇتىسىدىن ئېلىپ بەرگەنىدى. 3. قىزىمنىڭ ئاغزىدا بىر دانە، مېنىڭ قولۇمدا يۈز گرام كەمپۈت بار.

بىر باھار ئاخشىمى بالا-قازالاردىن يىراق، ناھايىتى يىراق بىر كېىسشمە نۇقتىدا ئۆتمۈشۈم بىلەن كېلەچىكىمنىڭ بۇ ئۇچرىشىشىدىن، ئەس-يادىمنىڭ قورۇپ كېتىشىدىن شۇنچىلىك شادلاندىمكى، سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن، بېكەت ئىسمىنى ئەسلەش ئۈچۈن تۇرغان يېرىمدە قاراپ قالدىم.

— ئىت، — دېدى قۇچىقىمدىكى قىزىم بىر ھازادىن كېيىن.

ناھايىتى مەيىنەت، رەزگى بىر لالما ئىت پاچىقىمنى پۇراۋاتاتتى، پويىز بېكىتى ۋە مەھەللىنىڭ ئاخشىمى مەيىن شامالدا سالقىنلىشىۋاتاتتى. ئۆيگە دەرھال قايتتۇق، ئەمما كۆمۈش رەڭلىك كەمپۈت قۇتىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرمىدىم. قىزىمنى قىچىقلاپ، ھىدلاپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئايالىم بىلەن بىللە " يەكشەنبە ئاخشىمى" كىنو پروگراممىسىدا قويۇلغان كىنولاردىكى سۆيۈشۈشلەرنى ۋە جىنايەتلەرنى كۆرۈپ بولۇپ، ئايالىمۇ ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن مەن ئۈستىلىمنىڭ ئۈستىدىكى كىتابلارنى، پەرىشتىلەرنى، قارتىلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئاندىن ئەسلىمىلەرنىڭ قويۇقلىشىپ قىيام بولۇشىنى يۈرىكىم دۈپۈلدىگەن ھالدا كۈتتۈم.

ئاندىن، كەل نىدايىم، كەل، دېدى مۇھەببەت ۋە كىتاب قۇربانى بولغان دەردمەن ئادەم، كۈمۈش رەڭلىك كەمپۈت قۇتىسىنى قولۇمغا ئالدىم. ھەرىكىتىمدە ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بىر شەھەرلىك تىياتىرخانا سەنئەتچىسىنىڭ "يورك"[1]نىڭ كاللىسىغا ئوخشايدىغان بىچارە كۆچمەن چارۋىچىنىڭ كاللىسىنى كۆز-كۆز قىلىپ تۇتۇشىنى ئەسلىتىدىغان بىر ئالاھىدىلىك بار ئىدى، ئەمما سۈنئىي ھەرىكەتكە ئەمەس، نەتىجىسىگە قاراڭ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى دېگەن بۇ تېپىشماق نېمىدېگەن ماسلىشىشچان: دەرھال ئەسلىدىم.

تاسادىپىيلىق ۋە بالا- قازاغا ئىشىنىدىغان ئوقۇرمەنلەر ھەمدە رىففقى تاغىنىڭ ئىشنى تاسادىپىيلىق ۋە بالا-قازاغا تاشلاپ قويمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەممىسى تەخمىن قىلالايدىغىنىدەك، ئۇ بېكەتنىڭ ئىسمى ۋەيرانباغ ئىدى.

يەنە ئەسلىدىم. چۈنكى 23 يىلنىڭ ئالدىدا مەن ئاغزىمدا كەمپۈتنى شۈمگەچ، كۈمۈش رەڭلىك كەمپۈت قۇتىسىغا قاراۋېتىپ "ۋەيرانباغ" دېگىنىمدە، رىففقى تاغا "ئاپرىن" دېگەنىدى.

كەينىدىن ئالتە ۋە بەش ئىككى ئۈرۈق ئېتىپ، دادامنىڭ ئىككى ئۈرۈقنى يوقىتىپ دېگەنىدى:

— ئاقىۋ! بۇ ئوغلۇڭ بەك ئەقىللىق! بىلەمسەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن نېمە ئىش قىلىمەن؟

ئەمما يوقالغان ئۈرۈقلارغا، ئالدىدىكى ئىشكىلەرگە قاراۋاتقان دادام ئۇنى ئاڭلىمايۋاتاتتى.

— بىر كۈنى بىر كىتاب يازىمەن، — دېگەنىدى رىففقى تاغا ماڭا، — قەھرىمانىغا سېنىڭ ئىسمىڭنى قويىمەن.

— «پېرتېۋ بىلەن پېتېر»دەك كىتابمۇ؟ — دەپ سورىغانىدىم

---

[1] يورك — شېكسپېرنىڭ «ھاملېت» دراممىسىدىكى ئەخمەق ۋەزىر، — ت.

يۈرىكىم دۈپۈلدەپ.

— ياق، رەسىمسىز بىر كىتاب. ئەمما سىنىڭ ھېكايەڭنى بايان قىلىمەن.

مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەي، گەپ قىلمىغانىدىم. ئۇ كىتابنىڭ قانداق بىر نەرسە بولىدىغانلىقىنى ئويلىيالمايتتىم.

— رىفقى، باللارنى يەنە ئالدىما، — دېگەنىدى راتىبە ھاما شۇ چاغدا.

بۇ ئىش راستمۇ ياكى مەندەك دەردمەنگە تەسەللى ئۈچۈن ياخشى كۆڭۈل، ياخشى نىيەتلىك ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىم شۇ چاغدا ئۈيدۈرۈپ چىققان نەرسىمۇ، بىلەلمىدىم. راتىبە ھامىمنىڭ يېنىغا دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ سورىغۇم كېلەتتى. كۈمۈش رەڭلىك كەمپۈت قۇتىسىنى ئېلىپ دېرىزىگە قاراپ ماڭدىم، جىمجىت كوچىغا قاراپ ئويلىدىم، يەنە ئويلىدىم، ئەمما بۇلار ئويلىنىشمۇ ياكى جۆيلۈشمۇ، بىلمەيمەن: 1. بىرلا چاغدا ئۈچ ئايرىم ئۆينىڭ چىرىغى بىردىنلا ياندى. 2. پويىز ئىستانسىسىدىكى پەرىشان ئىت ھەيۋە كۆرسىتىپ ئىشكىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. 3. تامامەن گاڭگىراش ئىچىدە ھەرىكەتلىنىۋاتقان قوللىرىم نېمە قىلسا قىلىپ، كۈمۈش رەڭلىك كەمپۈت قۇتىسىنىڭ ئېغىزىنى ھېچ زورۇقمايلا ، ئۆزلىكىدىن ئاچتى.

تۇيۇقسىز، بىر رىۋايەتتىكىدەك، كەمپۈت قۇتىسىدىن تىلسىملار، سېھىرلىك ئۈزۈكلەر، زەھەرلىك ئۈزۈملەر چىقىدۇ دەپ ئويلىماي قالمىدىم. قۇتا ئىچىدىن چەت يەردىكى باققاللاردا، يىراق بازارلاردىكى كەمپۈت دۇكانلىرىدىنمۇ تاپقىلى بولمايدىغان، باللىقىمدا يەيدىغان "يېڭى ھايات"ماركىلىق كەمپۈتلەردىن يەتتە تال چىقتى. ھەر بىرىنىڭ ئۈستىدە ئالامەتلىرى پەرقلىق بىر "پەرىشتە"، جەمئىي يەتتە "پەرىشتە" H ھەرپلىرىنىڭ چۆرىسىگە مەغرۇر ئورۇنلىشىپ، يېڭى بىلەن ھايات ئارىسىدىكى بوشلۇققا گۈزەل ئاياغلىرىنى چىرايلىق سۇنۇپ ئولتۇرۇشاتتى، يىگىرمە يىلدىن

بويان چىداپ كەلگەن كەمپۈت قۇتىسىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋالغان ماڭا تەشەككۈر نەزىرىدە قارىشىپ يېقىملىق كۈلۈمسىرەيتتى.

كونىراپ مەرمەردەك قاتتىقلىشىپ كەتكەن كەمپۈتلەرنىڭ قەغىزى ئۈستىدىكى "پەرىشتە"لەرنى يىرتىۋەتمەسلىككە تىرىشىپ دىققەت بىلەن تەستە سويدۇم. ھەر بىر كەمپۈت قەغىزىنىڭ ئىچىدە بىر بېيىت بار ئىدى، ئەمما بۇلارنى دۇنيانىڭ ۋە كىتابنىڭ مەنىسى ھەققىدە ماڭا ياردەمچى بولدى دېگىلى بولمايتتى. بىر مىسال:

ئۆيلەرنىڭ ئارقىسى
سېمونت زاۋۇتى.
يارىم سەندىن تىلەيمەن،
بىر تىكىش ماشىنىسى.

يەنە كېلىپ كېچىنىڭ بۇ جىمجىتلىقىدا بۇ مەنتىقىسىز نەرسىلەرنى ئۆزۈمچىلا تەكرارلاشقا باشلىغانىدىم. خىيالىمنى قاچۇرماي دەپ ئاخىرقى ئۈمىد بىلەن قىزىم ئۇخلاۋاتقان ئۆيگە كىرىپ، غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا كونا ئىشكاپنىڭ ئاستىدىكى تارتمىنى ئاستا ئېچىپ، قولۇم بىلەن سىلاشتۇرۇپ بىر تەرىپى جەدۋەل، يەنە بىر تەرىپى كىتاب ئاچقۇچ، كۆتمەك ئۇچى لوپا ئەينەك بولغان پلاستىك نەرسىنى — بالىلىقىمدىكى بۇ كۆپ ئىقتىدارلىق قورالنى تېپىپ چىقتىم-دە، ئۈستەل چىرىغىنىڭ يورۇقىدا، ساختا پۇللارنى تەكشۈرۈۋاتقان مالىيە مۇپەتتىشىدەك، كەمپۈت قەغەزلىرىدىكى پەرىشتىلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزدۈم. بۇلار ماڭا ئارزۇ پەرىشتىسىنىمۇ، تۆت قاناتلىق پەرىشتىلەر قېتىپ قالغان پارىس مودېللىرىنىمۇ، نەچچە يىللارنىڭ ئالدىدا ئاپتوبۇس دېرىزىلىرىدىن تۈيۈقسىز كۆرۈپ قالىمەن دەپ يۈرگەن پەرىشتىلەرنىمۇ، كۆپەيتىلگەن رەڭسىز رەسىملەردىكى مەخلۇقلارنىمۇ ئەسلىتىپ قويمىدى. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىم بىر ئىش قىلىش ئۈچۈن،

كىچىك ۋاقتىمدا باللارنىڭ بۇ كەمپۈتلەرنى پويىزلاردا ساتىدىغانلىقىنى ئەسلەتتى. كەمپۈت قەغىزىدىكى پەرىشتە شەكلىنىڭ چەت ئەلنىڭ بىر ژۇرنىلىدىن كېسىۋېلىنىپ ئوغرىلانغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىۋاتاتتىم، بىر بۇلۇڭدىن ماڭا قول پۇلاڭلىتىپ تۇرغان ئىشلەپچىقارغۇچى يادىمغا كەلدى:

"تەركىبى: گىلىكوزا، شېكەر، ئۆسۈملۈك يېغى، سېرىقياغ، سۈت ۋە ۋانىليا[1].

"يېڭى ھايات" كەمپۈتلىرىنى پەرىشتە كەمپۈت-شاكىلات شىركىتى ئىشلەپچىقارغان

ئادرېسى: ئەسكىشەھەر گۈلزارئۆستەڭ كوچىسى 18-قورۇ

ئەتىسى ئاخشىمى ئاپتوبۇستا، ئەسكىشەھەر يولىدا ئىدىم. شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىكى باشلىقلىرىمغا يىراقتىكى ئىگە-چاقىسىز بىر تۇغقىنىمنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى، ئايالىمغا بولسا شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىكى كاللىسىدىن كەتكەن باشلىقلىرىمنىڭ مېنى ھېچكىمىم يوق، يىراق شەھەرلەرگە ئەۋەتكەنلىرىنى ئېيتقانىدىم. بىلىۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن: ھايات بىر سارىڭ بايان قىلغان بىمەنە ھېكايە بولمىسا، ھايات ئۈچ ياشلىق قىزىمدەك قولىغا قەلەم ئالغان بىر گۆدەك بالا قەغەزگە ئۇدۇل جىجىلاۋەرگەن سىزىق بولمىسا، ھايات ھېچبىر مەنتىقىسى يوق رەھىمسىز بىمەنىلىكلەر زەنجىرى بولمىسا، ئۇ ھالدا رىفقى تاغا «يېڭى ھايات»نى يېزىۋاتقاندا تاسادىپىي كۆرۈنىدىغان ھېلىقى چاقچاقلارنىڭ ئارقىسىغا بىر مەنتىقە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ چاغدا پەرىشتىلەرنى نەچچە يىلدىن بېرى ئۇ يەر- بۇ يەردىن ئالدىمغا چىقىرىۋەرگەن ئۇ بۈيۈك پىلانلىغۇچىنىڭ بىر نىيىتى بولۇشى كېرەك ئىدى، ئۇ ھالدا مەندەك ئادەتتىكى، دەردمەن بىر قەھرىمان بالىلىقىدا ئامراق بىر

---

[1] ۋانىليا— بىر خىل خۇشبۇي ئۆسۈملۈك. — ت.

كەمپيۇتېرنىڭ قەغىزىگە نېمىشقا بىر پەرىشتە رەسىمىنىڭ قونۇپ قالغانلىقىنى بۇ ئىشقا نىيەت قىلغان كەمپيۇتېرچى تاغىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئۇقسا، ھاياتىنىڭ كېيىنكى كۆز پەسىللىرىدە كەچۈرۈلىرى غەم باسقاندا تاسادىپىيلىقلارنىڭ رەھىمسىزلىكىنى تىلغا ئېلىپ ، ھاياتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئاغزىنى تاتلىق ئېتىپ، تەسەللى تاپالايتتى.

تاسادىپىيلىق دېدىم: مېنى ئەسكىشەھەرگە ئېلىپ كېتىۋاتقان ئەڭ مودا Mercedes ئاپتوبۇسى شوپۇرىنىڭ 14 يىلنىڭ ئالدىدا جانان بىلەن ئىككىمىزنى بوز دالادىكى مەسچىت بار بىر بازاردىن ئېلىپ، يامغۇر سۇلىرى بىلەن پاتقاقلىشىپ كەتكەن بىر شەھەرگە تاشلاپ قويغان شوپۇر ئىكەنلىكىنى كۆزلىرىمدىن ئاۋۋال دۈپۈلدەپ سوققان يۈرىكىم بايقىدى. كۆزلىرىم بولسا جىسمىم بىلەن بىرلىكتە يېقىنقى يىللاردا ئاپتوبۇسلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەڭ زامانىۋى راھەتلىكلەرگە، ۋىشلداپ ئايلىنىۋاتقان ھاۋا تەڭشىگۈچلەرگە، ئورۇندۇقلارنىڭ خاس چىراغلىرىغا، مېھمانخانا كۈتكۈچىلىرىدەك كىيىنگەن ياردەمچى شوپۇرلارغا، ساياھەت شىركىتىنىڭ ”قانات“بەلگىسى چاپلانغان پەتنۇسلار ۋە قەغەز سالفېتكىلار بىلەن بىرلىگەن رېزىنكە تېتىيدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ رەڭگارەڭ خالتىلىرىغا كۆنۈشكە تىرىشاتتى. ھازىر ئورۇندۇقلار بارماقنى بىر تەگكۈزۈپ قويۇش بىلەن ئارقىدىكى تەلەيسىزنىڭ قۇچىقىغا سوزۇلىدىغان بىر كارىۋاتقا ئايلانغانىدى. بىر بېكەتتىن يەنە بىر بېكەتكە، چۈن قايىنايدىغان ئاشخانىلاردا توختىماستىن تېز بارىدىغان قاتناش يولغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن بەزى ئاپتوبۇسلارغا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان توك ئورۇندۇقلارنى ئەسلىتىدىغان ۋە شۇنداق بىر دەھشەتلىك بالا ـ قازا پەيتىدە ئادەم بۇنىڭ ئىچىدە بىر دەممۇ تۇرمىسام دەيدىغان ئايرىم كىچىك ھۇجرىلار ئورنىتىلغانىدى. تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا ھە دېسىلا بىزنى دالا بازىرىنىڭ ئاسفالتلىق

مەركىزىگە دالالەت قىلىدىغان ساياھەت شىركىتى ماشىنىلىرىنىڭ ئېلانلىرى چىقىۋالاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر ئاپتوبۇستا ئۇخلاپ سایاھەت قىلىپ تېلىۋىزورغا قارىغاندا، بۇنىڭ نەقەدەر ئوبدان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى تېلېۋىزوردا كۆپلەپ كۆرەلەيتتى. دېرىزىلەردىن بىر چاغلاردا جانان بىلەن ئىككىمىز كۆرگەن ئادەمسىز، قورقۇنچلۇق دالا بولۇشىغا چىقىرىلغان تاماكا ۋە بالون ئېلانلىرى بىلەن ئاۋاتلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ كۈن نۇرىنى توسۇپ تۇرۇپ دەپ رەڭلەندۇرۇلگەن ئاپتوبۇس ئەينەكلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ھالدا بەزىدە قەھۋە دۇغلىرى رەڭگىگە، بەزىدە مازارلىقلارنى ئەسلىتىدىغان بىر نېفىتلىك رەڭگىگە كىرىپ قالاتتى. شۇنداقتىمۇ، غايىب بولغان ھاياتىمنىڭ سىرلىرىغا ۋە مەدەنىيىتى كېيىن قالغانچە ئۇنتۇلغان چەت ناھىيىلەرگە يېقىنلاشقانچە تېخىچە ياشاۋاتقانلىقىمنى، تېخىچە ئاچكۆزلەرچە نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىمنى، تېخىچە (كونا گەپلەر بىلەن دەۋىرەي) بەزى ئارزۇلارنىڭ كويىدا ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلاتتىم.

سەپىرىم ئەسكىشەھەردە ئاياغلاشمايدىغاندەك قىلاتتى. بىر زامانلاردا "پەرىشتە كەمپۈت- شاكىلات پاي شىركىتى"نىڭ باسمىخانىسى ۋە زاۋۇتى جايلاشقان گۈلزارئۆستەڭ كوچىسى 18- قورۇدا ئىمام- خاتىپلىق مەدرىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ياتاق قىلىپ ئىشلەتكەن ئالتە قەۋەتلىك بىر بىنا بار ئىدى. ئەسكىشەھەر سودا- سانائەت ئىشخانىسى ئارخىپخانىسىدا ماڭا گازسۇيى سۇنغان بىر ياشانغان خىزمەتچى نەچچە سائەت ئارخىپ دەپتەرلىرىنى ئاختۇرغاندىن كېيىن، ئۇ شىركەتنىڭ نامىنىڭ كۆتاھيا سودا جەمئىيىتىدە تىزىملىتىلغانلىقىنى، تىجارەت پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن 22 يىل بۇرۇن ئەسكىشەھەردىن ئايرىلغانلىقىنى ئېيتتى.

كۆتاھيادا بولسا بۇ شىركەتنىڭ بۇ يەردە يەتتە يىل مەھسۇلات

ئىشلەپچىقارغاندىن كېيىن ئىشتىن توختىتىلغانلىقى مەلۇم بولدى. چىنە خىشلار بىلەن بېزەلگەن ھۆكۈمەت بىناسىدىكى نوپۇس ئىدارىسىغا ۋە مەنزىلخانە مەھەللىسىگە بېرىشنى ئويلىمىغان بولسام "پەرىشتە كەمپۈت- شاكىلات پاي شىركىتى"نىڭ قۇرغۇچىسى سۈرەييا ئەپەندىنىڭ 15 يىل بۇرۇن يالغۇز قىزىنىڭ ئېرىنىڭ شەھىرى بولغان مالاتياغا كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقالمايتتىم. مالاتيادا بولسا بۇندىن 14 يىل ئىلگىرى ئۇ شىركەتنىڭ ئاخىرقى بىر قانچە يىلدا ئوبدان روناق تاپقانلىقىنى ئۇقتۇم ۋە جانان بىلەن ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدە بۇ ئاخىرقى كەمپۈتلەر بىلەن ئۇچراشقانلىقىمىزنى ئەسلىدىم.

خۇددى يىمىرىلىۋاتقان بىر ئىمپېراتورلۇق باستۇرغان ئاخىرقى بىر تەڭگىدەك، يېڭى ھايات كەمپۈتلىرى مالاتيا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ناھايىتى كۆپ تارقالغاندا، تىجارەت ئىشخانىسىنىڭ «خەۋەرلەر سەھىپىسى»دە بىر چاغلار پۈتۈن تۈركىيىدە ئىستېمال قىلىنغان كەمپۈتلەرنىڭ ۋە شىركەتنىڭ تارىخى ھەققىدە بىر ماقالە بېسىلغانىمىش، "يېڭى ھايات" كەمپۈتلىرىنىڭ بىر چاغلاردا تەمىنات دۇكانلىرىدا، تاماكىچىلاردا پارچە پۇل ئورنىدا ئۆتىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەنمىش، «مالاتيا كەچلىك گېزىتى»دە پەرىشتىلەر ھەققىدە كەينى-كەينىدىن بىر قانچە ئېلان چىققانمىش، شۇ چاغدا بۇ ئەتراپتا كەمپۈت خۇددى بۇرۇنقىدەك ھەر كىم يانچۇقىدا ئېلىپ يۈرۈيدىغان بىر نەرسە بولۇپ قالغاندا، خەلقئارا چوڭ شىركەتلەرنىڭ مېۋىلەردىن ئىشلەنگەن، كۆپ ئېلان بېرىلگەن مەھسۇلاتلىرىنى تېلېۋىزوردا لەۋلىرى چىرايلىق بىر ئامېرىكا گۈزىلىنىڭ ناھايىتى يېقىملىق بىر ھالەتتە يېيىشلىرى نەتىجىسىدە ھەممە نەرسە ئاياغلاشقانىدى. قازانلارنىڭ، ئوراپ قاچىلاش ماشىنىلىرىنىڭ ۋە شىركەت نامىنىڭ سېتىلغانلىقىنى يەرلىك گېزىتلاردىن ئۇقتۇم. كۈيئوغۇلنىڭ تۇغقانلىرىدىن "يېڭى ھايات" كەمپۈتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقارغۇچىسى سۈرەييا ئەپەندىنىڭ مالاتيادىن

كېيىن نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىشكە تىرىشتىم. ئىزدىنىشلىرىم مېنى تېخىمۇ شەرققە، چەت شەھەرلەرگە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئاتلاسلىرىدا نامى كۆرۈنمەيدىغان خىلۋەت ناھىيىلەرگە ئېلىپ باردى. بىر زامانلاردا ئاۋات جايلارغا قاچقانلاردەك، سۈرەييا ئەپەندى بىلەن ئائىلىسىمۇ ئىلانلارنىڭ ۋە تېلېۋىزورنىڭ ياردىمى بىلەن غەربتىن كېلىپ پۈتۈن دۆلەتنى ئەجەللىك يۇقۇملۇق كېسەللىكتەك چىرمىۋالغان چەت ئەل نامىدىكى رەڭگارەڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىدىن قېچىشنى كۆزلەپ، يىراقلارغا، قاراڭغۇ ماكانلارغا قېچىپ كەتكەنىدى.

ئاپتوبۇسلارغا چىقتىم، ئاپتوبۇسلاردىن چۈشتۈم، بېكەتلەرگە كىردىم، ناھىيە بازارلىرىدىن ئۆتتۈم، نوپۇس ئىدارىلىرىدە، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەردە، ئارقا كوچىلاردا، بۇلاقلىرى، دەرەخلىرى، مۈشۈكلىرى، قەھۋەخانىلىرى بولغان مەھەللە مەيدانلىرىدا ئايلاندىم. بىر مەزگىل، قەدىمىي تەگكەن ھەر شەھەردە، پىيادىلەر يولىدا ماڭغان ھەر كوچىدا، توختاپ چاي ئىچكەن ھەر بىر قەھۋەخانىدا بۇ يەرلەرنى ئەھلى سەلىپلەرگە، رىملىقلارغا، ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە باغلايدىغان، داۋاملىق ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىر تەشكىلاتنىڭ ئىزلىرىنى تاپقاندەك بولدۇم: مېنى ساياھەتچى كۆرۈپ يېڭى بېسىلغان رىم پۇللىرىنى سېتىشقا ئۇرۇنغان سەزگۈر باللارغا كۈلۈمسىرەيتتىم، سۈيدۈك رەڭلىك "يېڭى ئۇرارت" ماركىلىق كولونىيانى گەجگەمدىن تۆكىدىغان ساتىراشقا جىلە بولمايتتىم، ھەممە يەردە يەر مەدىكىدەك كۆپەيگەن يەرمەنكىلەردىن بىرىنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسىنىڭ بىر ھىتىت[1] خارابىلىرىدىن چىقىرىۋېلىنىپ

[1] ھىتىت — مىلادىدىن ئاۋۋال 20-ئەسىردىن 12-ئەسىرگىچە ئاناتولىيىدە، 12-ئەسىردىن 8-ئەسىرگىچە خاتاي ۋە شىمالىي سۈرىيە ئارىسىدا دۆلەت قۇرغان قەدىمكى بىر مىللەت.—ت.

ئورنىتىلغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالمايتتىم. پەننىي كۆزەينەكچى زەكىنىڭ ئادەم بويى كۆزەينەكلەردىن ياسالغان ئېلان تاختىسىنىڭ چاڭ-توزانلىق ئەينىكىدە ئەھلىي سەلبىي ئاتلىق ئەسكەرلىرى قالدۇرغان چاڭ-توزانلىق بىر نەرسىلەرنىڭ بارلىقىغا دەرھال ھۆكۈم قىلىشىم ئۈچۈن خىيال كۈچۈمنىڭ چىگىقىي چۈشتىكى ئىسسىقتا مەن ئۈستىدە كېتىۋاتقان ئاسفالتتەك يۇمشاپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

ئەمما بەزىدە، بۇ زېمىنلارنى مۇقىم قىلغان ئاشۇ تارىخىي ۋە قوغىدىغۇچى تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى سېزەتتىم، 14 يىل بۇرۇن جانان بىلەن ماڭا سەلجۇق قەلئەلىرىدەك يىقىلماس، ئۆزگەرمەس كۆرۈنگەن ناھىيە بازارلىرىنىڭ، مەھەللە دۇكانچىلىرىنىڭ، ئىچ كىيىملەر ئېسىلغان كوچىلارنىڭ غەربتىن كەلگەن شامالنىڭ كۈچى بىلەن سورۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم. شەھەر مەركىزىدىكى رېستورانلارنىڭ ئەڭ كۆركەم يەرلىرىنى جىمجىتلىقنىڭ ھۇزۇرى بىلەن چىڭ ئوراپ تۇرغان ئەينەك ئىدىشلارنىڭ ھەممىسى خۇددى مەخپىي ئاگاھلاندۇرۇش بۇيرۇقى بېرىلگەندەك ئىچىدىكى بېلىقلار بىلەن بىللە تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشكەنىدى. 14يىلدا پەقەت چوڭ كوچىلارنى ئەمەس، چاڭ-توزانلىق ئارقا كوچىلارنىمۇ ھەددى ھېسابسىز پلاكات، لوزۇنكا، شوئارلارنىڭ بۇدۇشقاقتەك قاپلاپ كېتىشكە كىم سەۋەبچى؟ شەھەر مەيدانلىرىدىكى دەرەخلەرنى كىم كەستۈردى؟ ئاتاتۈرك ھەيكەللىرىنى تۈرمە تاملىرىدەك قورشىغان بېتون بىنالارنىڭ بالكونلىرىدىكى تۆمۈر رىشاتكىلارنىڭ ئوخشاش شەكىلدە بولۇشىنى كىم بۇيرۇدى؟ كېلىپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇسلارغا تاش ياغدۇرۇڭلار دەپ بالىلارنى كىم كۈشكۈرتتى؟ مېھمانخانا ياتاقلىرىنى دېزىنفېكسىيە دورىسىنىڭ زەھەرلىك پۇرىقىدا پۇرىتىشنى ئويلاپ تاپقان، ئانگلوساكسون مودېللىرى ئۇزۇن پاچاقلىرىنىڭ ئارىسىغا

ماشىنا چاقلىرىنى قىستۇرۇۋالغان كالپىندارلارنى پۈتۈن دۆلەتكە تارقاتقان، لىفىت، تاشقى پېرىپۇوت ئالماشتۇرۇش ئورنى، كۈتۈش ئۆيى دېگەندەك يېڭى ئورۇنلاردا ۋەتەنداشلار ئۆزلىرىنى خاتىرجەم ھېس قىلىش ئۈچۈن بىر-بىرىگە دۈشمەنچە قارىشى كېرەك دېگەن كىم ئىدى؟

بالدۇرلا قېرىپ كەتكەنىدىم؛ تېز ھېرىپ قالاتتىم، ئاز ماڭاتتىم، تېنىمنىڭ ئىشەنگۈسىز جىق ئادەم ئارىسىدا ئاستا-ئاستا ئىتتىرىلىشىنى ۋە بىر چەتتە قېلىشىنى گويا ئۇقمايلا قالاتتىم، تار پىيادىلەر يولىدا ماڭا سوقۇلغانلارنىڭ ۋە مەن سوققانلارنىڭ چىرايلىرىنى باش ئۇستۇمدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئېلان تاختىلىرىدىكى سانسىز ئادۋوكاتلارنىڭ، چىش دوختۇرىنىڭ، ئىقتىساد مەسلىھەتچىسىنىڭ ئىسمىدەك كۆرە-كۆرمەي ئۆتۈپ قالاتتىم. بىر چاغلاردا ئاقكۆڭۈل بىر ھاما بىزگە ئېچىپ بەرگەن بىر ئارقا باغچىدا ئايلىنىۋاتقاندەك، جانان بىلەن بىر ئويۇن ۋە مەپتۇنلۇق تۇيغۇسىدا ئايلانغان كىچىك شەھەرلەر ۋە رەسىملەرگە ئوخشايدىغان ئارقا كوچىلار ھازىر نېمە بولۇپ ھەممىسى بىر-بىرىنى تەقلىد قىلغان خەتەرلىك بەلگىلەر، ئۈندەشلەر بىلەن تولغان قورقۇنچلۇق سەھنە دېكوراتسىيىلىرىگە ئايلىنىپ كەتتى، بىلەلمەيۋاتاتتىم.

ئەڭ ناتونۇش يەرلەردە جامە ھويلىلىرىغا ياكى ساناتورىيىلەرگە ئۇدۇل بۇلۇڭلاردا ئېچىلغان قاراڭغۇ مەيخانىلار، پىۋىخانىلارنى كۆردۈم. كىيىمگە توشقان چامادانىنى ئېلىپ، شەھەرمۇ شەھەر ئايلىنىپ ئاپتوبۇسلاردا، ناھىيە كىنوخانىلىرىدا، بازارلاردا ئۆز ئالدىغا كىيىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن كۆرگەزمە قىلغان كىيىملەرنى ئۇزۇن كىيىملىك، ياغلىق ئارتقان ئاياللارغا سېتىۋاتقان بوتا كۆزلۈك رۇس مودېلىنى كۆردۈم. ئاپتوبۇسلارغا چىقىپ بارماقچىلىك چوڭلۇقتىكى «قۇرئان كەرىم» ساتىدىغان ئافغان كۆچمەنلىرىنىڭ ئورنىنى پلاستىك شاھماتلارنى، قېتىشما مېتالدىن

ياسالغان دۇربۇنلارنى، ئۇرۇش مېداللىرىنى ۋە هازار[1]دېڭىزى بېلىق تۇخۇمى قىيامى ساتىدىغان گۇرجى[2]، رۇس ئائىلىلىرىنىڭ ئىگىلەپ بولغانلىقىنى كۆردۈم. جانان بىلەن يامغۇرلۇق بىر كېچىدە باشتىن كەچۈرگەن قاتناش هادىسىسىدىن كېيىن ئۆلگەن ئاشىقىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆلگەن كاۋبوي شىملىق قىزنى تېخىچە ئىزدەۋاتقان دادىسىنى كۆردۈم. ئېلان قىلىنمىغان ئۇرۇش تۈپەيلىدىن قۇرۇقدالغان، ئەرۋاھلار ماكانىدەك كۇرد يېزىلىرىنى، يىراقلاردىكى قىيالىق تاغلارنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا توپ ئېتىۋاتقان توپچى قىسملارنى كۆردۈم. مەكتەپتىن قاچقان باللار، ئىشسىز ياشلار ۋە يەرلىك داھىيلار يىغىلىپ قابىلىيەتلىرىنى، تەلەيلىرىنى، ئاچچىقىنى سىنايدىغان ئېلېكترونلۇق ئويۇن زالىدىكى ئويۇنلارنىڭ بىرىدە نومۇر يىگىرمە مىڭغا يەتكەندە، بىر ياپونىيىلىك پىلانلاپ، بىر ئىتالىيىلىك سىزغان هال رەڭلىك "ئويۇن پەرىشتىسى" نىڭ زەيلىشىپ كەتكەن چاڭ-توزانلىق زالنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا كونۇپكىلارنى بېسىپ، كىچىك خوتلىرىنى ئۇياق-بۇياققا تولغاۋاتقان بىز تەلەيسىزلەرگە بىر ئامەتنى ۋەدە قىلىۋاتقاندەك يېقىملىق كۈلۈمسىرىگىنىنى كۆردۈم. OPA ماركىلىق ساقال سوپۇنىنىڭ ئۇچۇچان، تېز تارىلىشچان پۇرىقىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ مەرھۇم گېزىتچى جالال سالىكنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان مەخسۇس سەھىپە ماقالىلىرىنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. يېڭى تەرەققىي قىلىپ، كونا ياغاچ سارايلار يىقىتىلىپ، ئورنىغا بېتون بىنالار سېلىنغان ناھىيە بازارلىرىنىڭ قەھۋەخانىلىرىدا سېرىق ۋە گۈزەل خوتۇنلىرى ۋە باللىرى بىلەن

[1] هازار — مىلادى 6-ئەسىردىن 10-ئەسىرگىچە هازار دېڭىزىنىڭ ۋە كاۋكازىيەنىڭ شىمالىدا ياشىغان بىر تۈرك قەۋمى، — ت.

[2] گۇرجى — جەنۇبىي كاۋكازىيەنىڭ گۇرجىستان(گرۇزىيە) ئاھالىسى، —ت.

ئولتۇرۇپ Coca-Cola ئىچىۋاتقان يېگى ئالمىشىپ كەلگەن بوسنىيىلىك، ئالبانىيىلىك پۇتبولچىلارنى كۆردۈم. خىلمۇخىل مەيخانىلاردا، ئاسمانغا يېگىنە ئاتسا يەرگە چۈشمەيدىغان بازارلاردا، ئۇچكى ئەزالارنى كۆرگەزمە قىلغان دورىخانىلارنىڭ ئۈدۈلىدىكى دۇكاننى كۆرسىتىدىغان ئەۋرىشكە ئىشكاپلىرىدا، كېچىلىرى مېھمانخانا ياتاقلىرىدا ياكى ئاپتوبۇس ئورۇندۇقلىرىدا كۆرگەن قاباھەتلىك چۈشلىرىمنىڭ ۋە رەڭگارەڭ بەخت خىياللىرىنىڭ ئارىسىدا مەن Seiko ياكى Serkisof دەپ ئويلىغان كۆلەڭگىلەرنى كۆرۈپ قورقتۇم.

گەپ تېپىشلىگەنىكەن، ئاخىرقى نىشانىم بولغان سونبازار[1]غا بېرىشتىن بۇرۇن، دوكتور نارىن دۆلەتنىڭ مەركىزى قىلىۋالماقچى بولغان چەت ياقىدىكى چاتىق ناھىيىسىگىمۇ شۇنداق بىر كۆرۈنۈپ قويغىنىمنى دېيىشىم كېرەك. ئەمما ئۇ يەرنىڭمۇ ئۇرۇشلارنىڭ، كۆچۈشلەرنىڭ، غەلىتە ھالدا خاتىرىسىنى يوقىتىشلارنىڭ، ئادەملەر توپىنىڭ، قورقۇنچلارنىڭ ھەم پۇراقلارنىڭ تەسىرىدىن — ئۇسلۇبىمدىن بىلگەنسىلەر، يەنە نېمىلەردىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمەيۋاتاتتىم — ناھىيە بازىرىنىڭ شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىمكى، كوچىلاردىكى غايە-نىشانسىز كىشىلەر ئارىسىدا جايىدىن، نىشانىدىن ئازغان ئەقلىمدەك، جانانىدىن ماڭا قالغان خاتىرىلەرمۇ نابۇت بولىدۇ دەپ ئويلاپ جىددىيلىشىپ كەتتىم. دورىخانىنىڭ ئەينەك ئىشكاپلىرىغا تىزىلغان رەقەملىك ياپون سائەتلىرى دوكتور نارىننىڭ سۈيىقەستكە قارشى گۇرۇھىنىڭ ۋە خىزمىتىدىكى "سائەتلەر" تەشكىلاتىنىڭ خېلى بۇرۇنلا ۋەيران بولغانلىقىنى ھەقىقىي ھەم سىمۋوللۇق ھالدا ماڭا ئېلان قىلدى؛ بازارلارغا رەت-رەت تىزىلىپ، ئىسىملىرى چەت ئەلچە

[1] سونبازار — ئاخىرقى بازار دېگەن مەنىدە، — ت.

ھەرپلەر ۋە سۆزلەر بىلەن يېزىلغان گاز سۇيى، ماشىنا، توگلاتقۇ ۋە تېلېۋىزور دۇكانلىرى تېخىمۇ يامان بىر ئەھۋالنى نامايان قىلدى.

شۇنداقتىمۇ جانانىنىڭ چېھرىدىن، كۈلۈشىدىن، سۆزلىگەن ھەر بىر سۆزىدىن ئېسىمدە قالغانلىرىنى جانلاندۇرۇپ ھەم ئۇلغايتىپ، غايىب بولغان، خاتىرىسىنى يوقاتقانلارنىڭ بۇ ماكانىدا ھاياتنىڭ مەنىسىنى تېپىشقا تىرىشۋاتقان بەختسىز، ئەخمەق قەھرىمانغا كۆڭۈللۈك خىيال پاناھگاھى بولالايدىغان سايىدايدىغان، سالقىن يەر ئىزدەپ دوكتور نارىنىنىڭ سۆيۈملۈك قىزلىرى بىلەن بىر چاغلاردا بىللە ياشىغان كاتتا تۇرالغۇغا، خاتىرىلىرىمدىكى كۆڭۈللۈك ئۇجمە دەرىخىگە قاراپ ماگدىم. ۋادىغا سىمتاناپ تۇۋۇرۇكلىرى قادالغان، سىملار تارتىلغان، توك كەلگەنىدى، ئەمما بۇ ئەتراپتا ئۆي يوق ئىدى، خارابىلەردىن باشقا بىر نەرسە كۆرۈنمەيتتى. بۇ خارابىلەر ۋاقىت سەۋەبىدىن ئەمەس، بىر تالاي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەندەك كۆرۈنەتتى.

ئاشۇ قۇرلارنى يىللارچە يېزىپ، ئەبەدىيلىك ھۇزۇرۇنى، ھاياتنىڭ سىرىنى (بۇنىگغا نىمە دېسىگىز دەڭ) تاپىمەن دەپ ئويلىغان جانانىنىڭ كونا ئاشقىنى ئۆلتۈرۈپ ياخشى قىلغانلىقىمنى بۇ ئەسنادا، دوكتور نارىن بىلەن بىر چاغلاردا بىللە چىققان بىر تۆپىلىككە ئورنىتىلغان "ئاق بانكا" ئېلانىغا قاراۋېتىپ ھەيرانلىق ئىلكىدە ئويلاشقا باشلىدىم. دوكتور نارىنىنىڭ ئوغلىنى بۇ ئىپلاس كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈشتىن، بۇ ۋىدىيولار، لوزۇنكا-پلاكاتلار ئارىسىدا چاگقاپ بوغۇلۇشتىن، بۇ نۇرسىز، يورۇقلۇقى يوق دۇنيادا كور بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدىم. بۇ سەپرا غەلىتىلىكلەر، كىچىك پېئىل رەھىمسىزلىكلەر دۆلىتىدىن مېنى ئۆزىنىڭ نۇرىغا چۆمكەپ كىم قۇتقۇزىدۇ؟ بىر چاغلاردا خىياللىرىنىڭ كىنوسىدا مەن چىرايلىق، ئاجايىپ رەگلىرىنى تاللىغان، قەلبىمدە بولسا سۆزلىرىنى ئاگلىغان پەرىشتىدىن ھېچقانداق ئاۋاز ۋە ئىشارەت ئالالمايۋاتاتتىم.

كـۈرد ئـسيانچىلىرى تۆپەيلىـدىن ۋەيرانبـاغ شـەھرىدە پـويىز سـەپىرى ئەمەلـدىن قالدۇرۇلغانـدى. قاتنلنـىڭ نەچـچە يىللاردىـن كېيىن بولسىمۇ جىنايەت ئۆتكۈزگەن يەرگە قايتىـپ بېرىش نىيىتـى يـوق ئىـدى، ئەممـا كەمپۈتلىرىگە "يېڭـى ھايـات"نامىنى بېرىـپ، ئۈستىگە بىـر "پەرىشتە" ئورۇنلاشتۇرۇشـنى ئـويلاپ تاپقـان سۈرەيىيا ئەپەندىنىڭ نەۋرىسى بىلەن بىللە ياشاۋاتقانلىقى ماڭا مەلۇم بولغـان سونبازارغا بېرىشىم ئۈچۈن، كۈردلار كۈچلۈك بولغـان بـۇ رايوندىـن كۈندۈزى ماڭىدىغان بىر ئـاپتوبۇس بىـلەن ئۆتۈشـۈم كېـرەك ئىـدى. ئاپتوبۇس بېكىتىـدىن كـۆرگىنىمچە بولغانـدا بـۇ يەردە ئەسلىگۈدەك بىر نەرسە قالمىغانـدى، ئەممـا ئېھتىمـال بىرەرسـى قـاتىلنى كـۆرۈپ يادىغـا ئېلىـپ قالمىسـۇن دەپ، ئاپتوبۇسـنىڭ قوزغىلىـشىنى كۈتۈۋاتقاندا بېشىمنى «مىللىيەت»گېزىتىنىڭ ئىچىگە تىقتىم.

شىمالغا قاراپ يولغا چىققاندا سـەھەرنىڭ تـۇنجى تېڭـى بىـلەن تەڭ تاغلارنىـڭ چوققىـسى كۆرۈنـدى، چوڭقايـدى، ئاپتوبۇسـىمىزنىڭ ئىچىنـى قورقۇنچلـۇق بىـر جىمجىتلىـق باسـتىمۇ يـاكى قوپـال تـاغلار پىرقىراۋېرىـپ ھەممىمىزنىـڭ بېشـى قايـدىمۇ، بىلەلمـدىم. ئەسكەرلەرنىڭ پات-پات كىملىك تەكشۈرۈشى تۆپەيلىـدىن يـاكى ۋۇقۇش ئۈچماس، كارۋان كەزمەس بىـر يەردىكـى يېزىـسىغا بۇلۇتلارغـا ھەمراھ بولۇپ پىيادە كېتىـدىغان ۋەتەنداشـنى چۈشـۈرۈپ قويـۇش ئۈچۈن توختاپ ئۆتەتتۇق. ئۆز ئىچىلىرىگە بېكىنىـپ، نەچـچە يـۈز يىللاردىـن بۇيـان شـاھىد بولـۇپ كەلـگەن رەھىمـسىزلىكلەرگە مىـت قىلمـاس بولـۇپ كەتـكەن تاغلارغـا ھەيرانلىـق ئىچىـدە قارىـدىم. جىنايەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يوشـۇرغان قـاتىللارنىڭمۇ بـۇ جەھەتتە خېلى كۆپ جۈملىلەرنى يېزىش ھەققى بـار دەي-دە، بـۇ ئـاخىرقى جـۈملىلەرگە قاشـلىرىنى ئۈچـۈرغـان ئوقـۇرمەن ئـاخىرغىچە سـەۋر بىـلەن ئوقـۇپ كەلـگەن بـۇ كىتـابنى ئەيىـبلەپ بىـر بۇلۇڭغـا ئاتمىسۇن.

سونبازار ناھىيىسى كۇردلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنىڭ سىرتىدا قالدى دەپ ئويلىدىم. بۇ ناھىيىنى يەنە زامانىۋى مەدەنىيەت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سىرتىدا قالغان دىيىشكىمۇ بولاتتى، چۈنكى ئاپتوبۇستىن چۈشكەندىن كېيىن ناھىيە بازىرى مەيدانلىرىدا "ئايلىنىپ چۆگىلەپ يەنە ئاشۇ يەرگە كېلىپ قاپتىمەن"تۇيغۇسى بېرىدىغان بانكا، ماروژنا، توڭلاتقۇ، تاماكا ۋە تېلېۋىزور دۇكانلىرىنىڭ دەبدەبىلىك ۋېۋىسكىلىرى ۋە بەلگىلىرىگە قامىلىپ قالمىدىم ، بەلكى ئارامبەخش شەھەرلەر ۋە بەختلىك پادىشاھلار بايان قىلىنىدىغان ئۇنتۇلغان چۆچەكلەردىن چىققان سېھىرلىك بىر جىمجىتلىق مېنى قارشى ئالدى. بىر مۈشۈكنى كۆردۈم. ئۇ مۈشۈك بازار مەيدانى بولۇش ئېھتىمالى بولغان دوقمۇشنىڭ ئۇدۇلىدىكى قەھۋەخانىنىڭ تىپتىنچ لەمپىسى ئاستىدا، ھاياتىدىن ناھايىتى مەمنۇن ھالدا تۈكلىرىنى يالايتتى. قاسساپ دۇكىنىنىڭ ئالدىدىكى خۇشال قاسساپ، باققال دۇكىنىنىڭ ئالدىدىكى دەردسىز باققال، كۆكتات دۇكىنىنىڭ ئالدىدىكى ئۈيقۇچان دۇكاندار ۋە ئۈيقۇچان چىۋىنلەر يېقىملىق بىر سەھەر قۇياشىنىڭ ئاستىدا ئولتۇراتتى، ئۇلار يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولۇشنىڭ ۋە ھەممە ئادەم قىلىدىغان ئاددىي ئىشلارنىڭ نەقەدەر بۈيۈك نېمەت ئىكەنلىكىنى زېرەكلىك بىلەن چۈشىنىپ، كوچىدىكى ئالتۇن نۇرلار قېتىدا ھۇزۇر ئىلكىدە ئېرىپ كېتىشكەندى. ئۇلار كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىغان، ناھىيە بازىرىغا كەلگەن يات كىشى بولسا بۇ چۆچەكلەردىكىدەك سېھىري مەنزىرىلەرگە بىردىنلا مەپتۇن بولۇپ، بىر چاغلاردا تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرگەن جانانىنى بوۋىلىرىمىزدىن قالغان كونا سائەتلەرنى، بىر يوگەم كونا ژۇرنالنى ئېلىپ، چېھرىدە كۈلكە ئويىنىتىپ، بىرىنچى كوچىدىن ئۆزىنىڭ ئالدىغا تۇيۇقسىز چىقىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

بىرىنچى كوچىدا ئەس-يادىمنىڭ سۆكۈتكە پاتقانلىقىنى

بايقىدىم، ئىككىنچى كوچىدا يەرگىچە ئېگىلگەن سۆگەت تاللىرى مېنى سىلاپ قويىدى، ئۈچىنچى كوچىدا ئۈزۈن كىرپىكلىك گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى بولغان بىر قىزچاقنى كۆرۈپ يانچۇقۇمدىكى قەغەزنى چىقىرىپ ئادرېسنى سورىۋالغۇم كەلدى. ئازغۇن دۇنيايىمىنىڭ ھەرپلىرى ئۇنىڭغا ناتونۇشمۇ ياكى ئۇ قىزچاق بۇ ھەرپلەرنى ئوقۇشنى بىلمەمدۇ، ئۇقالمىدىم؛ ئەمما 200 كىلومېتىر جەنۇبتىكى بىر مەھەللە باشلىقىدىن ئېرىشەلىگەن ئادرېسقا قارىدىم، لېكىن ئۇنى ئوقۇغىلى بولمايتتى، "زىبا تۆپە كوچىسى" دەپ ھەجىلەپ، سۆزۈمنى تۈگەتمەي تۇرۇشۇمغا، بىر بالكوندىن بېشىنى چىقارغان سەت بىر ھامما : "ھە، ئاۋۇ تەرەپتە، مۇشۇ كوچىنى بويلاپ داۋانغا قاراپ مېڭىڭ" دېدى.

17

نەچچە يىل داۋاملاشقان سەپىرىمنىڭ مەنزىلى بۇ داۋان بولغۇسى دەپ ئويلاۋاتقىنىمدا، ئېغىزىغىچە سۇغا توشقان تۇڭلارنى ئارتىپ ماڭغان بىر ئات ھارۋىسى مەندىن ئاۋۋال داۋانغا چىقتى. يۇقىرىدىكى بىر يەردىكى قۇرۇلۇشقا سۇ توشۇۋاتقان بولسا كېرەك. ھارۋا سىلكىنىپ يۇقىرىغا چىققانچە ئېغىزىدىن سۇلار شالاق-شۇلۇق تۆكۈلۈۋاتقان تۇڭلار نېمىشقا سىنىكلەنگەن تۇنىكىدىن ياسالدى؟ دەپ سورىدىم ئۆزۈمدىن، بۇ دىيارغا پلاستىك، رېزىنكىدىن ياسالغان مەھسۇلاتلار تېخى كەلمىدىمۇ؟ ئىشى بىلەن بولۇۋاتقان ھارۋىكەش بىلەن ئەمەس، ئات بىلەن كۆزىمىز ئۇچراشتى-دە، ئۆزۈمدىن نومۇس قىلدىم. ئات قارا تەرگە چۆمگەن بولۇپ، غەزەپلىك ھەم چارىسىز ئىدى، يوق بىلەن شۇنچىلىك قىينىلاتتىكى، ئۇنى پەقەت ئازابلا تارتىۋاتىدۇ دېيىشكە بولاتتى. تۈيۈقسىز ئۇنىڭ ئازابلىق، ھەسرەتلىك يوغان كۆزىنىڭ ئىچىدە

ئۆزۈمنى كۆردۈم-دە، بۇ ئاتنىڭ ھالىنىڭ مېنىڭكىدىن خاراب ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. داراڭ-داراڭ ئاۋاز چىقىرىۋاتقان تۈنىكە تۇڭلار، شېغىل تاشتا تاقىر-تۇقۇر مېڭىۋاتقان چاقلار بوغۇلۇپ قالغان ۋۇجۇدۇم بىلەن بىرلىكتە ھاسىراپ-ھۆمىدەپ مەقسەت داۋىنىغا ياماشتى. ھارۋا سىمونت ياتقۇزۇلغان كىچىك بىر باغچىغا كىردى، قۇياش بىر قارا بۇلۇتنىڭ ئارقىسىدا غايىب بولغاندا، مەن ”يېڭى ھايات“ كەمپۈتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچىنىڭ تاملار كەينىدىكى سايە تاشلاپ تۇرغان تىلسىم باغچىسىغا ۋە ئۆيىگە كىردىم. باغدىكى تاش ئۆيدە ئالتە سائەت تۇردۇم.

”يېڭى ھايات“ كەمپۈتلىرىنىڭ بارلىققا كەلتۈرگۈچىسى، ماڭا ھاياتىمنىڭ سىرى ھەققىدە ئاچقۇچ بېرەلەيدىغان سۈرەيىيا ئەپەندى كۈندە ئىككى قاپ ”سامسۇن“ تاماكىسىنى ھاياتى بەخش ئەتكەن بىر ئابھاياتتىن ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك خۇشاللىق بىلەن چېكىۋېتىدىغان سەكسەن ياشتىكى قېرىلاردىن ئىدى. مېنى نەۋرىسى خېلى بۇرۇنلا تونۇيدىغان يېقىنى، ئائىلە دوستىدەك قارشى ئالدى ۋە گويا تونۇگۈن ئوتتۇرىدا ئۈزۈلۈپ قويغان بىر ھېكايىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندەك، كۈتاھيادا قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە دۇكىنىغا كەلگەن ۋېنگىرىيىلىك فاشىست جاسۇسىنىڭ ھېكايىسىنى ئۇزۇن بايان قىلىشقا باشلىدى؛ ئاندىن پەشتەدىكى تاتلىق-تۈرلۈم دۇكىنى، 1930-يىللاردا ئىستانبۇلدىكى بىر تانسا مۇراسىمىدا ئاياللار كىيگەن باش كىيىملىرى، تۈرك ئاياللىرىنىڭ چىرايلىق كۆرۈنمەن دەپ قىلغان خاتالىقلىرى، ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ-چىقىپ يۈرگەن مەن قۇراملىق نەۋرىسىنىڭ نېمىشقىدۇر پەقەت ئۆيلىنەلمىگەنلىكى ھەققىدە ( ئىشلىرى بۇزۇلغان ئىككى لايىقنىڭ ھېكايىسىنى تەپسىلىي ئېيتقاچ) سۆزلىدى. توي قىلغانلىقىمنى بىلىپ سۆيۈندى ۋە مەندەك بىر ياش سۇغۇرتا خادىمىنىڭ بۇ دۆلەتنى سۇغۇرتىلاشتۇرغاندا يېقىنلىشىۋاتقان پالاكەتلەرگە قارشى

ۋەتەنداشلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ھەممە نېمىسىنى يىغىپ ـ تۆشەپ چىققان سەپەرلەردە خوتۇن ـ بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئويلاپ قويۇشنىڭ ھەقىقەتەن بىر ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

بۇ ئىككىنچى سائەتنىڭ ئاخىرى ئىدى. ئۆمۈر سۈغۇرتىسى خادىمى ئەمەسلىكىمنى، "يېڭى ھايات" كەمپۈتلىرىگە قىزىقىپ قالغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ ئورۇندۇقىدا تېپىرلىدى؛ سايە چۈشۈپ تۇرغان باغچىدىن كېلىۋاتقان قوغۇشۇن رەڭلىك نۇرغا يۈزلىنىپ، مەندىن گېرمانچىنى بىلىدىغان ـ بىلمەيدىغانلىقىمنى سىرلىق ھالدا سورىدى. جاۋابىمنى كۈتمەستىن"Schachmatt"دېدى. بۇ سۆزنىڭ پارسچە "شاھ" بىلەن، "ئۆلدى"نىڭ ئەرەبچىسى "ماتە" دىن ياسالغان شالغۇت سۆز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇردى. غەربكە شاھماتنى بىز ئۆگەتكەندۇق؛ شاھمات دۇنياۋى نەرسە، ئۇرۇش مەيدانى كۆرۈنۈشىدىكى نەرسە، ئاق قوشۇن بىلەن قارا قوشۇننىڭ، ئىچىمىزدىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ روھىي كۈرىشى سۈپىتىدىكى نەرسە ئىدى. ئۇلار نېمە قىلىشتى؟ ۋەزىرىمىزنى خانىش، پىلىمىزنى ئېپىسكوپ قىلىشتى؛ بۇ مۇھىم ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلار شاھماتنى ئۆز ئەقىللىرىنىڭ ۋە دۇنيادىكى ئەقلىيەتچىلىكنىڭ غەلىبىسى سۈپىتىدە بىزگە قايتۇرۇپ بېرىشتى. بۈگۈن ئۇلارنىڭ ئەقلى بىلەن ئۆز شان ـ شەرىپىمىزنى چۈشىنىشكە تىرىشىۋاتىمىز ھەم بۇنى مەدەنىيەت دەپ قاراۋاتىمىز.

دىققەت قىلىۋاتامدىمەن— نەۋرىسى دىققەت قىلغانىدى— ياز بېشىدا تۇرنىلار شىمالغا ئۇچقاندا ياكى ئاۋغۇستتا جەنۇبقا، ئافرىقىغا قايتىشقاندا بۇرۇنقى بەختىيار ۋاقىتلاردا ئۇچقىنىدىنمۇ ئېگىز ئۇچۇشاتتى. چۈنكى ئۇلار ئۈستىدىن قانات قېقىپ ئۇچۇپ ئۆتكەن بۇ شەھەرلەر، تاغلار، دەريالار، بارلىق دۆلەتلەر ئاپەتتىن ئازاب چېكىۋاتاتتى. ئۇلار ئېچىنىشلىق بىر ماكانغا ئايلانغان بۇ زېمىننىڭ نامراتلىقىنى كۆرۈشنى خالىمايتتى. ئۇ تۇرنىلار ھەققىدە ئامراقلىق

بىلەن گەپ قىلىشىپتىپ، ئىستانبۇلغا 50 يىل بۇرۇن كەلگەن تۇرنا پاچاقلىق، گۈلەڭگۈچ ئۇچىدىغان بىر فرانسۇز قىز توغرۇلۇق گەپ باشلىدى ھەم كونا سېركلەرنى، يەرمەنكىلەرنى، ئىشكىلەردە سېتىلىدىغان تاتلىق-تۈرۈملەرنى سېغىنىشتىن ئۆتە ئەستايىدىل ياد ئېتىش تەرزىدە تەپسىلىي ۋە ئەينەن بايان قىلدى.

مېنى تەكلىپ قىلغان داستىخاندا چۈشلۈك تامىقىمىزنى يەپ، سوغۇق Tuborg پىۋىلىرىنى ئىچىۋاتقاندا سۇرەييا ئەپەندى ئەھلى سەلىپلەر سەككىزىنچى قېتىم يۈرۈش قىلغاندا ئوتتۇرا ئاناتولىيىدە قاپسىلىپ قالغان بىر تۈركۈم شىۋالىيەلەرنىڭ[1] كاپادوكىيادىكى[2] غارلارنىڭ بىرىگە كىرىپ يەر ئاستىغا چۈشۈشلىرىنى بايان قىلدى. نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى نوپۇسلىرى كۆپەيگەندە بۇ شىۋالىيەلەرنىڭ بالىلىرى، نەۋرىلىرى غارلارنى كېڭەيتىپتۇ، يەر ئاستىدا دەھلىزلەر ئېچىپتۇ، باشقا غارلارنى تېپىپتۇ، شەھەرلەر قۇرۇپتۇ. ئىچىدە ئەھلى سەلىپلەر نەسلىدىن بولغان يۈزمىڭلارچە كىشى (خرىستىئانلار) ياشىغان، كۈن نۇرى كۆرمەيدىغان بۇ سىرلىق يەر ئاستى دۆلىتىدىن بىر جاسۇس بەزىدە قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ شەھەرلىرىمىزگە، كوچىلىرىمىزغا سوقۇنۇپ كىرىپ، بىزگە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ بىر نەرسە ئىكەنلىكى ھەققىدە ۋەز ئېيتىشقا باشلىدىكى، ئاستىمىزنى ئويۇپ ئورۇنلاشقانلار كاللىمىزنىڭمۇ ئويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭۈل راھەتلىكى ئىچىدە يەر يۈزىگە چىقىشتى. بۇ جاسۇسلارنىڭ OPA

---

[1] شىۋالىيە— ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا بۈيۈك غايە ئۈچۈن مەخسۇس يېتىشتۈرۈلگەن، ئالىي ئىرقتا مەنسۇپ، جەڭگىۋار ئاتلىق ئەسكەر، —ت.

[2] كاپادوكىيا( kapadokya ياكى kappadokkia)— ئاناتولىيە زېمىنىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى قىزىل دەريا ئىچكى ۋادىسىغا جايلاشقان رايون. بۇ جايدا تارىختا نۇرغۇن قەدىمىي مىللەتلەر ياشىغان، —ت.

دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، بۇ ماركىنىڭ بىر ساقال سوپۇنى ئىكەنلىكىنى بىلەمدىمەن؟

ئاتاتۇركنىڭ "قوماچ قورۇش" ئىشتىياقىنىڭ دۆلىتىمىز ئۈچۈن نەقەدەر ئاپەت بولغانلىقىنى سۆرەيىيا ئېيتتىمۇ، مەن شۇ ئەسنادا تەسەۋۋۇر قىلىۋاتامتىم؟ گەپنى دوكتور نارىنغا شۇ تەسەۋۋۇر يەتكۈزدىمۇ؟ ياكى گەپ توغرا كېلىپ قالغاچقا مەن يوشۇرۇن مەندە ئېيتتىممۇ، بىلەلمەيۋاتاتتىم. دوكتور نارىننىڭ خۇددى بىر ماتېرىيالىستتەك ماددىغا ئىشىنىپ، ئۆلارنى ساقلاش ئارقىلىق يوقاپ كەتكەن روھنى قوغدايمەن دەپ ئويلىغىنى دەل ئۇنىڭ خاتالىقى ئىدى. ئۇنىڭ دېگەنلىرىدەك، بۇ راست بولسىدى، پىت بازىرىغا نۇر ياغاتتى. "نۇر" دېگەن سۆز بىلەن باشلىنىدىغان بەك كۆپ ماركا بار بولۇپ، ئەلۋەتتە ھەممىسى تەقلىد ئىدى. نۇر چىراغلىرى، نۇر سىياھلىرى ۋە باشقىلار. دوكتور نارىن ماددىي ئەشيالار بىلەن بىللە يوقاپ كەتكەن روھنى، روھىمىزنى قوغداپ قالالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەندە، ئىشنى تېررورلۇققا بۇرىۋەتكەنىدى. بۇ تەبىئىيلا ئامېرىكىنىڭ ئىشىغا ئوخشاپ قالغانىدى، ھېچكىم ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىدەك ئەپلەشتۈرۈپ قىلالمايتتى بۇ ئىشلارنى. بۈگۈن دوكتور نارىننىڭ كاتتا قورۇ جايىنىڭ ئورنىدا شامال ئۈچاتتى، گۈل قىزلىرى بىر-بىرلەپ قېچىپ يوقاپ كېتىشكەنىدى، ئوغلى بۇرۇنلا ئۆلتۈرۈلگەنىدى. تەشكىلاتى بولسا تارقىلىپ كەتكەن، بۇيۇك ئىمپېراتورلۇقلار غۇلاپ چۈشۈۋاتقاندا يۈز بېرىدىغان ئىشلاردەك بەلكىم ھەر بىر قاتىل ئۆز ئالدىغا شاھزادىلىكىنى ئېلان قىلغانىدى. ئاسسىمىلياتسىيىچى قاقۋاشلار ئاقىللارچە بىر تاكتىكا بىلەن "ئوتتۇرا شەرق" دەۋالغان بىپايان زېمىنلار ئۆز مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلغان ساختىپەز شاھزادە قاتىللار بىلەن بۈگۈن شۇ ۋەجىدىن ئايرىلالماس بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ تاماكىسىنىڭ ئۇچى بىلەن مېنى ئەمەس، يېنىمدىكى بوش

ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئاتالمىش "مۇستەملىكىچىلىكتىكى زىددىيەت"نى تەكىتلىدى: بىز مۇستەملىكە زېمىن بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان ئۆز ئەركىنلىك تارىخىنىڭ خاتىمىسىدە تۇرۇۋاتىمىز.

ئاخشىمى قاراڭغۇ باغچىغا بىر مازارلىقتا كىرگەندەك جىمجىت ھالدا كىرىۋاتقاندا ئۇ نەچچە سائەتتىن بېرى مەن كۈتۈۋاتقان گەپنى تۇيۇقسىز دېدى. ئۇ قەيسەرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئۇچراپ قالغان ياپونىيىلىك بىر كاتولىك مىسسىيونېرىنىڭ بىر جامە ھويلىسىدا ئېلىپ بارغان كاللا يېگىلاش پائالىيىتىنى بايان قىلىۋاتقاندا، بىردىنلا گەپنى بۇرىدى: "يېڭى ھايات" دېگەن نامنى نەدىن تاپقانلىقىنى ئەسلىيەلمەيدىكەن، ئەمما كەمپۈت بۇ زېمىنلاردا ئۇزۇن مەزگىل ياشاۋاتقان ئىنسانلارغا يېڭى شان-شەرەپنىڭ، يېڭى تەمنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق، يوقىتىۋېتىلگەن ئۆتمۈشنى ئەسلەتكەچكە، بۇ نامنىڭ سېھرىي كۈچىنى، جايىدا ئىشلىتىلگەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. ئويلىغانىنىڭ ئەكسىچە karamela (كەمپۈت)[1] ۋە كەمپۈت دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئۆزى فرانسىيەدىن كەلگەن مەلۇم بىر ئىمپورت مال، مەلۇم بىر تەقلىد ئەمەس ئىدى. "kara"[2] سۆزى ئەسلىدىنلا بۇ زېمىنلاردا 10مىڭ يىلدىن بۇيان ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ سۆزلۈكلىرىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سۆز بولغاچقا، 32يىللىق ئىشلەپچىقىرىش تارىخى جەريانىدا، كەمپۈتلەرنىڭ قەغىزىگە يازغان 10مىڭ پارچە بېيىتنىڭ مىڭغا يېقىنىدا بۇ سۆز بار ئىدى.

خوش، ئۇنداقتا پەرىشتىچۇ؟ دەپ يەنە بىر قېتىم سورىدى

[1] karamela — بۇ سۆز تۈركچىگە ئىتالىيانچە caramella دىن كىرگەن، بۇ يەردە شۇنىڭغا قارىتىلغان، — ت.

[2] kara — بۇ سۆز تۈركچىدە "قارا رەڭ، قارا تۇپراق، يەنى قۇرۇقلۇق" دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، — ت.

بەختسىز يولۇچى، سەۋرلىك سۇغۇرتىچى، بىچارە قەھرىمان.

سۇرەييا ئەپەندى جاۋاب سۇپىتىدە بۇ 10مىڭ بىيىتتىن سەككىزىنى يادا ئوقۇدى. دۇنيا گۈزەللىرىگە قىياسلانغان، ئۇيقۇچان ياش قىزلارنى ئەسلىتىدىغان، چۈچەكلەردىن ئېلىنغان بىر سېھىر بىلەن بولغانغان ۋە بارغانچە سەبىيلىشىپ مەنىدىن يىراقلاشقان، ماڭا جەلپكار تۇيۇلمايدىغان ۋە ئەسلىملىرىمنى جانلاندۇرمايدىغان ساپ پەرىشتىلەر مىسرالارنىڭ ئىچىدىن ماڭا قول پۇلاڭلاتتى.

سۇرەييا ئەپەندى ئوقۇغان بىيىتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. يېڭى ھايات كەمپۇتلىرىدىكى 10مىڭ بىيىتنىڭ ئالتە مىڭغا يېقىنىنى ئۆزى يازغانىدى. ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە دەۋر سۇرگەن ئۇ ئالتۇن يىللاردا بەزىدە كۈندە 20 بىيىت توقۇغان ۋاقىتلىرى بولغانىدى. شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ تۈنجى تەڭگىسىنى باستۇرغان ئاناستاسىئۇسمۇ پۇلنىڭ ئالدى يۈزىگە ئۆز رەسىمىنى چىقارغان بولغىيمىدى؟ سۇرەييا ئەپەندى بىر چاغلاردا بۇ دۆلەتتىكى بارلىق تەمىنات دۇكانلىرىدا تارازا بىلەن غەللە ئارىسىدىكى كوزىلاردا ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى، ئۆز مۆھۈرى بار نەرسىلەرنىڭ ئون مىليونلارچە يانچۇقتا يۆتكىلىپ يۈرگەنلىكىنى، پارچە پۇل سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقىنى ماڭا ئەسلىتىۋېتىپ، خۇددى بىر زامانلاردا تەڭگە باستۇرغان بىر ئىمپېراتوردەك ئىقتىدارى، بايلىقى، ئىقبالى، گۈزەل خوتۇنلىرى، شۆھرىتى، مۇۋەپپەقىيىتى، بەختىيارلىقىنى، قىسقىسى ھاياتىنىڭ بارلىق لەززىتىنى تېتىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇڭا ئەمدى ئۇ قاتناشماقچى بولغان ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدىسى بولمايتتى. ئەمما تەسەللى سۈپىتىدە ياش سۇغۇرتىچى دوستىغا كەمپۇتلىرىدە نىمىشقا بىر پەرىشتە رەسىمىنى ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرەلەيتتى. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا پات-پات

بارسىدىغان بەيئوغلى كىنوخانىلىرىدا Marlene Dietrich [1] رول ئالغان فىلىملەرنى كۆرۈشنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ھازىرمۇ «Der Blaue Engel» فىلىمىگە ئامراق ئىدى. بىزدە «كۆك پەرىشتە» دەپ كۆرسىتىلگەن بۇ فىلىم گېرمانىيە رومانچىسى ھېنرىخ مان[2] نىڭ داڭلىق ئەسىرىدىن سېنارىيىلەشتۈرۈلۈپ ئىشلەنگەنىدى. سۈرەيىيا ئەپەندى «پروفېسسور ئۇنرات» ناملىق ئەسلى رومانىنىمۇ ئوقۇغانىدى. پروفېسسور ئۇنرات (فىلىمدە Emil Jannings رول ئالغان) ئاددىي بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، بىر كۈنى كوچىغا چىقىپ قالغان بىر ئايالغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئايال پەرىشتىدەك كۆرۈنىسىمۇ، ئەسلىدە...

سىرتتا كۈچلۈك شامال بولغاچقا دەرەخلەر شىۋىرلاۋاتامدۇ ياكى قەلبىمنى شامال شىۋىرلىتىۋاتامدۇ، بىلەلمەيۋاتاتتىم. خىيالپەرەس، كەچۈرۈمگە ئېرىشەلەيدىغان دەرىجىدە ساددا ۋە مەسۇم ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئاق كۆڭۈل ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك، بىر ھازا "كاللام توختاپلا قالغانىدى". مېنىڭ «يېگى ھايات»نى تۈنجى قېتىم ئوقۇغان چاغدىكى ياشلىق كۈنلىرىمنىڭ نۇرلۇق خىيال-تەسەۋۋۇرلىرى كۆز ئالدىمدىن گويا قاراڭغۇ كېچىدە يوقاپ كېتىۋاتقان ئاجايىپ بىر كېمىنىڭ يالت-يۇلت چىراغ نۇرلىرىدەك ئاستا ئۆتتى. مەن چۆكۈپ كەتكەن جىمجىتلىقتا سۈرەيىيا ئەپەندىنىڭ ئۆزى ياش ۋاقتىدا كۆرگەن كىنو، ئوقۇغان رومانىنىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىسىنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم، ئەمما گويا ھېچ نەرسە ئاڭلىمايتتىم، كۆرمەيتتىم.

---

[1] Marlene Dietrich (1904—1992) — گېرمانىيە كىنو چولپىنى، — ت.

[2] Heinrich Mann (1871—1950) — گېرمانىيە يازغۇچىسى، — ت.

شۇ چاغدا نەۋرىسى ئۆيگە كىرىپ، لامپىنى يېقىۋەتتى، بىردىنلا ئۈچ نەرسىنى بايقىدىم. 1. تورۇستىكى يېنىپ تۇرغان ئاسما چىراغ ۋەيرانباغ شەھىرى چېدىر تىياتىرخانىسىدىكى ھەر ئاخشىمى بىر تەلەيلىككە ھايات ھەققىدە ئاجايىپ نەسىھەتلەر بىلەن بىللە ھەدىيە قىلىغان ئاسما چىراغ بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى. 2. شۇنچىلىك قارىغۇ چۈشۈپ كەتكەن ئىدىكى، قىرى كەمپۈتچىنى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت زادى كۆرمەيۋاتاتتىم، لېكىن ئۇنىڭ "سۇرەييا"دېگەن ئىسمى چېدىر تىياتىرخانىسىدىكى يەتتە قەندىللىك سۇرەييا بىلەن ئوخشاش ئىدى. 3. ئۇمۇ مېنى پەقەت كۆرمەيتتى، چۈنكى ئەما ئىدى.

بۇ ئۈچىنچىسىگە ئەجەبلىنىپ، ئالتە سائەتكىچە بىر ئادەمنىڭ ئەما ئىكەنلىكىنى بايقىيالمىغان مەن ئەخمەقنىڭ دىققىتىدىن، ھوشىيارلىقىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىغان يامان، مەسخىرىۋاز ئوقۇرمەندىن مەنمۇ يامان ئەلپازدا ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابنىڭ ھەر بىر يېرىگە يېتەرلىك دىققەت قىلغان-قىلمىغانلىقىنى، ئەقىل ئىشلەتكەن-ئىشلەتمىگەنلىكىنى سورايمۇ؟ مەسىلەن، پەرىشتە دەسلەپتە تىلغا ئېلىنغان سەھنىنىڭ رەڭلىرىنى ئەمدى ئەسلەپ باقالامسىز؟ ياكى «تۆمۈر يول قەھرىمانلىرى» ناملىق ئەسىرىدە رىفقى تاغىنىڭ شىركەت ناملىرىنى سانىشىنىڭ «يېڭى ھايات» قا قانداق ئىلھام بەرگەنلىكىنى دەرھال ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ مەن مەھەممەتنى كىنوخانىدا ئاتقاندا ئۇنىڭ جانىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى كېيىن قايسى يەپ ئۈچىدىن بىلەلىگەنلىكىمنى بايقىدىڭىزمۇ؟ مەندەك ئازغۇنلاردا دەرد-ئەلەم ئەقىللىق بولۇشقا تىرىشىۋاتقان غەزەپ سۈپىتىدە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. ئەقىللىق بولۇش ئارزۇسىمۇ ئەڭ ئاخىرىدا ھەممە نەرسىنى بەربات قىلىدۇ.

ئۆز دەردىگە كۆمۈلگەن، ئەما ئىكەنلىكىنى مەن ئۇستىمىزدە يېنىۋاتقان ئاسما چىراغقا قارىشىدىن بىلگەن بۇ قېرىنى تونجى

قېتىم بىر خىل ھۆرمەت، بىر خىل مەستانىلىق، راستىنى ئېيتسام بىر خىل قايىللىق بىلەن ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، ئاۋاق، يېشىغا يارىشا تەمكىن سالاپەتتە ئىدى. قول بارماقلىرىنى ھۈنەر بىلەن ئىشلىتىشنى بىلەتتى، كاللىسى ھازىرمۇ زاۋۇتتەك ئىشلەيتتى، سۇغۇرتىچى دەپ ئويلىغان خىيالپەرەس بىر قاتىلنىڭ ئالدىدا زېرىكمەستىن ئالتە سائەت پاراڭلىشالايتتى. بەخت ۋە ھاياجان ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ياشلىقىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپتۇ، مۇۋەپپەقىيىتى مىليونلارچە كىشىنىڭ ئاغزىدا ھەم ئاشقازىنىدا قانچىلىك ئېرىپ كەتسىمۇ، ئالتە مىڭ بېيىتى كەمپۈت قەغەزلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەخلەتكە تاشلانسىمۇ، بۇ غەلىبە ئۇنىڭغا دۇنيادىكى ئورنى ھەققىدە ساغلام، ئۈمىدۋار بىر ئەقىل بېرىپتۇ، يەنە كېلىپ 80 يېشىغىچە كۈندە ئىككى قاپ تاماكا چېكەلەپتۇ.

جىمجىتلىقتا ئۇ ئەمالارغا خاس بىر سەزگۈ بىلەن مەندىكى دەرد-ئەلەمنى ھېس قىلدى ۋە كۆڭلۈمنى ئېلىشقا ئۇرۇنۇپ پاراڭغا كىرىشتى. ھايات مانا مۇشۇنداق ئىدى، ئۇنىڭدا بالا-قازا بار ئىدى، ئامەت، مۇھەببەت، يالغۇزلۇق، خۇشاللىق بار ئىدى؛ قىسمەت بار ئىدى، يورۇقلۇق، ئۆلۈم، ئەمما بىلىنەر-بىلىنمەس بەختمۇ بار ئىدى؛ بۇلارنى ئۇنتۇش كېرەك ئىدى. رادىئودا سائەت سەككىزدە خەۋەر بار ئىدى؛ نەۋرىسى ئەمدى رادىئونى ئاچاتتى، مەن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كەچلىك تاماققا داخىل بولۇپ قالاتتىم.

ئۆزرە ئېيتتىم، ئەتە ۋەيرانباغ ناھىيە بازىرىدا ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتناشماقچى بولغان ناھايىتى كۆپ كىشىنىڭ مېنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتىم. شۇ چاغدا قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا ئۆيدىن، باغچىدىن چىقىپ، كوچىغا كەلدىم. سىرتتا، قىشنىڭ بۇ يەردە تەستە ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدىغان سالقىن بىر باھار كېچىسىدە ئۆزۈمنى باغچىدىكى قاراڭغۇ سەرۋى دەرەخلىرىدىنمۇ يالغۇز ھېس قىلدىم.

بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش قىلاتتىم؟ بىلىشىم كېرەك بولغىنىنى (ھېچ كېرەك بولمىغىنىنى) بىلگەنىدىم، ئەمدى ئۆزۈم ئۈچۈن ئىجاد قىلالايدىغان بارلىق سىرلارنىڭ، سەرگۈزەشتىلەرنىڭ ۋە سەپەرلەرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەنىدىم. مەن كېيىلەچىكىم دېيەلەيدىغان ھاياتىنىڭ بىر قىسمى خۇددى تاغ باغرىدىكى ئۇنتۇلغان سونبازاردەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ كېچىلەردىن، قايىنام - تاشقىنلىق ئادەملەر توپىدىن، ياخشى يورۇتۇلغان يوللاردىن خېلى يىراقتىكى بىر قانچە خۇنۇك كوچا چىرىغىنىڭ سىرتىدىكى قاراڭغۇلۇقلار ئىچىدە ئىدى. نىشانى ئېنىق بىر ئىت ئىككى قېتىم "ھاۋ" دېيىشىگە، داۋاندىن پەسكە چۈشتۈم.

دۇنيانىڭ ئاخىرىدىكى بۇ كىچىك بازاردىن مېنى بانكىلارنىڭ تەشۋىق ۋاراقلىرى، تاماكا ئېلانلىرى، گاز سۈيى قۇتىلىرى ۋە تېلېۋىزور ئېكرانلىرىنىڭ داۋراڭلىرىغا يەنە ئاپىرىدىغان ئاپتوبۇسنى كۆتكەچ كوچىلاردا مەقسەتسىز ئايلاندىم. دۇنيانىڭ، كىتابىنىڭ، ھاياتىمنىڭ بىرلىكى ۋە مەنىسىگە يېتىش ئۈچۈن ئەمدى بەك چوڭ ئۈمىد، ئارمىنىم قالمىغاچقا، كوچىلاردا كېتىۋېتىپ ھېچ نەرسىنى بىلدۈرمەيدىغان، ھېچ نەرسىنى كۆرسەتمەيدىغان قالايمىقان كۆرۈنۈشلەر ئارىسىدا ئېسىمگە كەلدىم. ئېچىقلىق بىر دېرىزىدىن، بىر شىرەنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ كەچلىك تاماق يەۋاتقان بىر ئائىلىنى تاماشا قىلدىم. ئەنە شۇنداق ئىدى، بىلىسىلەر. جامە تاملىرىغا ئېسىقلىق بىر كاردون قەغەزدىن قۇرئان كۇرسىنىڭ ۋاقىتلىرىنى بىلدىم. سايىۋەنلىك قەھۋەخانىدا "پۇتاق" گاز سۈيىنىڭ، Coca-Cola، Schweppes ۋە Pepsi-Cola نىڭ ھۇجۇملىرىغا قارىماي بۇ يەردە پۇت تىرەپ تۇرغانلىقىنى مۇنداقلا كۆرۈپ قويدۇم. سايىۋەنىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر ۋېلىسىپىت دۇكىنىنىڭ ئالدىدا، دۇكاندىن كېلىۋاتقان يورۇقلۇقتا بىر چاقنى تەكشەۋاتقان ئۇستا بىلەن، تاماكىسىنى تۇتقىنىچە ئۇنىڭ بىلەن

كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىۋاتقان دوستىنى كۆزەتتىم. نېمىشقا "دوست" دەيمەن، بەلكىم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىچ-ئىچىدىن بىر دۈشمەنلىك ۋە ياتلىشىش بار ئىدى. ئۇلار ھەر ئىككى ئەھۋالدا ئانچە قىزىق تۇيۇلۇپ كەتمەيتتى. بۇنىڭ بەك مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى ئويلايدىغان ئوقۇرمەنلىرىمگە، سايىۋەنلىك بىر قەھۋەخانىنىڭ سالقىنلىقىدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنى كۆزىتىشنىڭ بۇنداق قىلماسلىقتىن ياخشىراق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقىمنى ئېيتاي.

ئاپتوبۇس كەلدى، بۇ تۇيغۇلار بىلەن سونبازارنى تەرك ئەتتىم. بۇرۇلۇپ-بۇرۇلۇپ قىيالىق تاغلارغا چىقتۇق. بىر قانچە قېتىم توختىتىلدۇق، ئەسكەرلەرنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن كىملىكلىرىمىزنى چىقىرىپ كۆرسەتتۇق. نەۋاخ بولدىكىن، تاغلار، ئەسكەرلەر ۋە كىملىك تەكشۈرۈشلىرى تۈگىدى، ئاپتوبۇسىمىز كەڭ، قاراڭغۇ تۈزلەڭلىكلەردە ئۆزى بىلگەنچە تېزلىنىشقا، ئىلگىرىلەشكە، كۆرەڭلەشكە باشلىدى، ماتورنىڭ گۈركىرىشى ۋە چاقلارنىڭ تېۋىشلىرى ئىچىدە قۇلاقلىرىم تونۇش، كونا بىر مۇزىكىنىڭ ھەسرەتلىك نوتىلىرىنى تاللاشقا باشلىدى.

بەلكىم بۇ ئاپتوبۇس بىر چاغلاردا جانان بىلەن ئىككىمىز چىققان چىدامлىق، چوڭ ۋە ئاۋازى يوغان كونا Magirus لارنىڭ ئاخىرقىسى بولغانلىقى ئۈچۈن؛ بەلكىم ھەر سېكۇنتتا سەككىز قېتىم ئايلىنىدىغان چاقلىرى چىقارغان ئۆزگىچە ئىڭراشقا ماس بىر ئەسكى ئاسفالت يولدا كېتىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن؛ بەلكىم ۋىدىيو فىلىمىدە يېشىلچام[①] ئاشىقلىرى بىر-بىرلىرىنى خاتا چۈشىنىپ

[①] يېشىلچام— "يېشىل قارىغاي" دېگەن مەنىدە. ئىستانبۇلنىڭ بەيئوغلى ناھىيىسىدىكى فىلىم ئىشلەيدىغان، كىنو شىركەتلىرى توپلاشقان بىر كوچىنىڭ ئىسمى. بۇ ئىسىم يەنە تۈركىيە كىنوچىلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مەجازى مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. — ت.

يىغلىشۋاتقاندا ئۆتمۈشۈمنىڭ ۋە كېلەچىكىمنىڭ سۆسۈن، بوز رەڭلىرى ئېكراندا كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن؛ بىلەلمىدىم، بىلەلمەيۋاتاتتىم؛ بەلكىم ھاياتىمدا تاپالمايدىغان مەنىنى تاسادىپىيلىقنىڭ يوشۇرۇن تەرتىپىدە تاپاي دەپ، ياكى ئۇنىڭ (جانانىنىڭ) بوش ئورۇندۇقىغا بويۇنداپ قاراڭغۇ دېرىزىگە قارىغان ھامان سىرتتا بىر چاغلاردا بىزگە ۋاقىتتەك، خىيالدەك، ھايات ۋە كىتابتەك پۈتمەس-تۈگىمەس دەرىجىدە سىرلىق، جەلپكار كۆرۈنگەن كېچىنىڭ قاراڭغۇ سىيماسىنى بىردىنلا كۆرگىنىم ئۈچۈن ئىختىيارسىز ھالدا 37-نومۇرلۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. مەندىنمۇ ھەسرەتلىك يامغۇر تامچىلىرى ئەينەكلەرگە چېپىلداپ چۈشۈشكە باشلىغاندا ئورۇندۇقۇمغا يۆلەندىم-دە، ئۆزۈمنى ئەس-خاتىرىلىرىمنىڭ مۇزىكىسىغا تاشلىدىم.

مەندىكى دەرد-ئەلەمگە قوشۇلۇپ يامغۇر تېز يېغىشقا باشلىدى، يېرىم كېچىگە يېقىن بىر ۋاقىتتا بۇ يامغۇر كاللامدا ئېچىلغان سۆسۈن رەڭ ھەسرەت گۈللىرى بىلەن بىر رەڭدىكى چاقماقلار ۋە ئاپتوبۇسىمىزنى پاراكەندە قىلغان شامالنىڭ ھەمراھلىقىدا شىددەتلىك يامغۇرغا ئايلاندى. دېرىزىلەرنىڭ گىرۋەكلىرىدىن ئورۇندۇقلارغا سۇ ئېقىۋاتقاندا كونا ئاپتوبۇس شىددەتلىك يامغۇردا كۆرۈنمەي قالغان بىر ماي پونكىتىنىڭ، سۇدىن شەكىللەنگەن خىيالەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن پاتقاقلىق يېزىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر توختاش يېرىگە قاراپ ئىغاڭلاپ ماڭدى. "سۇبېشى خاتىرە رېستورانى" ۋېۋىسكىسىنىڭ كۆك نۇرى ئۈستىمىزگە چۈشكەن ھامان "يېرىم سائەت مەجبۇرىي توختايمىز" دېدى ھارغىن شوپۇر.

جايىمدىن قىمىرلىماي ئۆزۈم خاتىرىلىرىم دەۋالغان ئېچىنىشلىق فىلىمنى يالغۇز ئولتۇرۇپ كۆرسەم دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما Magirus نىڭ تورۇسىنى ئۇرغان يامغۇر ئېچىمدىكى ئېغىر

ھەسرەتنى شۇنچىلىك كۈچەيتىۋاتاتتىكى، چىدىماي قېلىشىمدىن قورقتۇم. باشلىرىنى گېزىتلار، يالتىراق خالتىلار بىلەن توسۇپ پاتقاقتا ئاتلاپ-ئاتلاپ كېتىۋاتقان يولۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئۆزۈمنى تالاغا ئاتتىم.

كۆپچىلىككە قوشۇلۇپ كېتىش ماڭا ئوبدان بولۇۋاتىدۇ دەيتتىم، شورپا ئىچىمەن، مۇھەللەب يەيمەن، دۇنيانىڭ قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان خۇشاللىقلىرى بىلەن ئۆزۈمنى گالۋاڭ قىلىمەن، شۇنداق قىلىپ ھاياتىمنىڭ ئۆتكەن قىسمىغا قاراپ ئېچىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئالدىمدا سوزۇلۇپ ياتقان قىسمىغا ئەقلىمنىڭ يىراق مۇساپىلىك چىراغلىرىنى تۇغرىلاپ، ھوشۇمنى يىغىۋالىمەن. ئىككى پەلەمپەي باستىم، قولياغلىقىم بىلەن چاچلىرىمنى قۇرۇتتۇم، ياغ ۋە تاماكا پۇراپ كەتكەن، چىراغلىرى پالىلداپ تۇرغان بىر زالغا كىرىپ بىر مۇزىكا ئاڭلىدىم-دە، تىترەپ كەتتىم.

يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان يۈرەك كېسىلىنى سېزىۋاتقان تەجرىبىلىك بىماردەك، تەدبىر قوللىنىش، خەتەرنى ئۆتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن چارىسىزلىك بىلەن تولغىنىپ كەتكىنىمنى بىلىمەن. ئەمما "رادىئودىكى شۇ مۇزىكىنى ئۆچۈرۈڭلار، جانان بىلەن ئىككىمىز بىز ئۇچرىغان بالا-قازادىن كېيىن ئۇنى قول تۇتۇشۇپ بىللە ئاڭلىغاندۇق" دېيەلمەيتتىم. ياكى" تامدىكى شۇ يەرلىك ئارتىسلارنىڭ رەسىملىرىنى ئېلىۋېتىڭلار، جانان ئىككىمىز بۇ ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقاندا ئۇلارغا قاراپ قانداق كۈلۈشۈپ كەتكەندۇق-ھە!" دەپ ۋارقىرىيالمايتتىم. يانچۇقۇمدا ھەسرەت بىئاراملىقىنى باسىدىغان دورا بولمىغانلىقتىن، بىر گەپ بولار دەپ بىر چىنە ئېزوگېلىن شورپىسى، بىر پارچە نان ۋە بىر جۈپ رومكا ئارپىبەدىيان ھارىقى ئېلىپ، پەتنۇسۇمغا قويۇپ بۇلۇڭدىكى شىرەگە كەلدىم. شورپىنى قوشۇقۇم بىلەن قوچۇۋاتقاندا ئۇنىڭغا ئاچچىق كۆز ياشلىرىم چېپىلداپ چۈشۈشكە باشلىدى.

قويـۇڭلار، چېخـوپنى تەقلـد قىلـىشقان يـازغۇچىلار يازمـاقچى بولغانىدەك، ھەسرىتىگە بارلىق ئوقۇرمەنلەر تەڭ شېرىك بولـىدىغان ئىنسان بولۇش غۇرۇرۇمنى كۆرسـەتمەي، شـەرقلىق، ئەنئەنـۋى بىـر يـازغۇچى يازمـاقچى بولغانـدەك، ئـۇنى بىـر ئىبـرەت سەۋەبچـىسى سـۈپىتىدە كۆرسـىتەي. قىسقىـسى، ئـۆزۈمنى باشـقىلاردىن پەرقلەندۈرمەكچى، ئۆزۈمنى خەقلەرگە ئوخشمايدىغان بىر مەقسىتى بار ئۆزگىچە بىـر ئـادەم سۈپىتىدە كـۆرمەكچى بولغانـىدىم. بۇمۇ بۇ يەرلەردە كەچۈرۈلـىدىغان جىنـايەت ئەمەس. بـۇ ئىمكانـىسىز خىيالغـا رىغبـى تاغىنىـڭ بالىلىقىمـدا ئوقۇغـان رەسـىملىك رومانلىرىـدىن ئېرىشكىنىمنى ئـۆزۈمگە ئېيتتىم. شـۇنداق قىلـىپ، بىـرەر ئىبـرەت ئېلىشقا قىزىقىدىغان ئوقۇرمەن خېلىدىن بېرى ئويلىغـان نەرسـىنى، يەنـى بـالىلىق چاغلىرىمـدىكى كىتـابلار مېنـى ئەسـلىدە شـۇنىڭغا ھـازىرلاپ قويغـانلىقى ئۈچـۈن «يېڭـى ھايـات»تـىن شـۇنچىلىك تەسىرلەنگەنلىكىمنى يەنە بىـر قېتىم ئويلىـدىم. ئەممـا بـۇرۇنقى مەسـەل يازغۇچىلىرىـدەك، ئـۆزۈم ئالغـان ئىبـرەتكە ئـۆزۈم ئىشەنمىگەنلىكىم ئۈچۈن، ھايـاتلىق ھېكـايەم ئـۆز ئالـدىغا مېنىـڭ ھېكـايەم بولـۇپ قالـدۇ، بۇمۇ ئـازابىمنى يېنىكلەتمەيتتـى. كاللامغـا ئاسـتا-ئاسـتا كېلىۋاتقـان بـۇ رەھىمـسىز يەكـۈننى ئەسـلىدە قەلـبىم ئـالىلبۇرۇن بىلـىپ بولغانـدى: رادىئـوۋدىكى مۇزىكىنىـڭ تەڭكەشلىكىدە ھۆكـرەپ يىغلاشقا باشلىغانىدىم.

شورپىلىرىنى قوشۇقلاپ ئىچىۋاتقان، گۈرۈچ تـامىقىنى تېـز-تېـز يەۋاتقان سەپەرداشلىرىم بۇ ئەھۋالىمنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ خالاغا كىرىـپ كەتـتىم. ئۆكـسۈپ يىغـلاپ تـۇرۇپ بېـشىمنى بىـر جـۈمەككە تىـرەپ، ئىسسىق ۋە دۇغ سـۇ بىـلەن يـۈزۈمنى يۇيـدۇم، بۇرنـۇمنى سۈرتتۈم، بۇنىڭ بىـلەن بىـر ئـاز گـالۋاڭ بولـدۇم، جايىمغـا قايتىـپ ئولتۇردۇم.

بىـر دەمـدىن كېيىن ئۇلارغا كۆزۈمنىـڭ قىرىـدا قارىغىنىمـدا،

ماگمۇ كۆزىنىڭ قىرىدا قاراۋاتقان سەپەرداشلىرىمنىڭ بىر ئاز راھەتلىنىپ قالغانلىقلىرىنى كۆردۈم. شۇ ئەسنادا، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە مېنى كۆزىتىپ تۇرغان ياشانغان بىر سېتىقچى چىغدىن توقۇلغان سېۋىتىنى ئېلىپ، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭا يېقىنلاشتى.

— بولدى قىل، — دېدى ئۇ، — بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. نانە[①] كەمپۈتىدىن بىر تال يەپ باق، دەردىڭگە دەرمان بولىدۇ.

ئۇ ئالدىمغا "فەراھ"(خۇشاللىق) ماركىلىق كىچىك بىر خالتا نانە كەمپۈتى قويۇپ قويدى.

— قانچە پۇل بۇ؟

— ياق، ياق، بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان سوۋغام.

كىچىك بالا كوچىدا يىغلاۋاتقاندا ئاقكۆگۈل بىر تاغا ئۇنىڭغا كەمپۈت تۇتقۇزىدىغۇ... خۇددى شۇنداق بالىدەك كەمپۈتچى تاغىنى ئەيىبكارلارچە قارىدىم. شۇنى دەپ ئۆتۈپ كېتەي، بۇ تاغا بەلكىم مەندىن بەك قېرى ئەمەس ئىدى.

— بۈگۈن بىز چىق نەرسىلىرىمىزنى يوقاتتۇق، — دېدى ئۇ، — غەرب بىزنى يۇتتى، ئەزدى، بىزگە سىڭدى. شورپىمىز، كەمپۈتىمىز، تونىمىزغىچە ھەممە يېرىمىزگە كىرىپ ئىشىمىزنى تۈگەشتۈردى. ئەمما بىر كۈنى، مىڭ يىلدىن كېيىن بىر كۈنى، بۇ سۈيىقەستچى گۇرۇھنى گۇمران قىلىپ ئۇلارنى شورپىمىز، كەمپۈتلىرىمىز، روھىمىزنىڭ قېتىدىن چوقۇم تارتىپ چىقىرىپ، ئىنتىقامىمىزنى ئالىمىز. ھازىر نانە كەمپۈتىگىنى يە، بىكاردىن يىغلىما.

مەن ئىززىدىگەن تەسەللى مۇشۇمىدى، بىلمەيمەن. ئەمما كوچىدىكى ئاقكۆگۈل تاغىنىڭ چۆچىكىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغان

---

[①] نانە — تەركىبىدە شېكەر ماددىسى بولغان بىر خىل ئۆسۈملۈك، — ت.

بالىدەك بۇ تەسەللىنى بىر ھازا ئويلاپ باقتىم. ئاندىن ئەرزۇرۇملۇق ئىبراھىم ھەققىنىڭ[1] ياكى ياۋروپا ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەدىبلەرنىڭ ئوي-پىكرى كاللامغا كەلدى-دە، يېڭى بىر تەسەللى تاپتىم. ھەسرەت مەنبەسىنىڭ ئاشقازاندىن كاللىغا قەدەر يېيىلىدىغان زىيانلىق، قاپقارا بىر سۇيۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئۇلاردەك ئويلاپ، يېگەن-ئىچكىنىمگە دىققەت قىلىش قارارىغا كەلدىم.

شورپامغا نان ئۇشتۇپ ئاندىن ئىچىشكە باشلىدىم، ھارىقىمنى ئاۋايلاپ يۇتۇپ، بىر تىلىم قوغۇن بۇيرۇتتۇم. ئاپتوبۇس قوزغالغىچە، ئاشقازىنىدىكى ئالامەتلەرگە بەك دىققەت قىلىدىغان ئىھتىياتچان بوۋايدەك يېمەك-ئىچمەك بىلەن ھەپىلىشىپ تۇرۇپ قالدىم. ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئەڭ ئالدىدىكى بوش ئورۇندۇقلاردىن بىرىگە ئولتۇردۇم. چۈشىنىشلىك بولدىغۇ دەيمەن: مەن ھەمىشە ئولتۇرىدىغان 37-نومۇرلۇق ئورۇننى ئۆتمۈشۈم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسە بىلەن بىرلىكتە ئۇ يەردە تاشلاپ قويماقچى ئىدىم. ئۇخلاپ قاپتىمەن.

ئۇزۇن ۋە پۇتلۇن بىر ئۇيقۇنى پۇشۇلداپ ئۇخلاپ بولغاندىن كېيىن، سەھەرگە يېقىن بىر چاغدا ئاپتوبۇس توختىغاندا ئويغاندىم، مەدەنىيەتنىڭ چەت قاراۋۇللىرىدىن بىرىگە، يېڭى ئېچىلغان بىر زامانىۋى بېكەتكە كىردىم. تاملاردىكى ئاپتوموبىل بالونلىرىنى، بانكا ۋە CocaCola ئېلانلىرىدىكى گۈزەل، ئاقكۆڭۈل قىزلارنى، كالپىندار مەنزىرىلىرىنى، ۋارقىراپ-جارقىراپ مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتقان ئېلان خەتلىرىنىڭ جىلۋىلىك رەڭلىرىنى ۋە بىر بۇلۇڭدا ئۇستاتلىق بىلەن "تاللا بازار" دەپ يېزىلغان مال

---

[1] ئەرزۇرۇملۇق ئىبراھىم ھەققى (1703—1780)— تۈرك تەسەۋۋۇپچى، ئالىم، شائىر، —ت.

تەكچىسىنىڭ ئۈستىدىكى، قىيمىلىرى بولكا ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىلىن هامبۇرگ بولكىلىرىنىڭ، لەۋسۇرۇختەك قىزىل، زەپىرەڭدەك سېرىق، كېچىلىك چۈشتەك كۆك مارۇژنىلارنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈش مېنى بىر ئاز خۇشال قىلدى.

بېرىپ قەھۋە ئېلىپ، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇردۇم. ئۇدۇلۇمدىكى ئۈچ تېلېۋىزور ئېكرانىنىڭ ۋە ئۇنىڭ كۆچلۈك نۇرلىرىنىڭ ئاستىدا، يېپيېڭى ماركىسى بار پلاستىك قۇتىدىن ياڭيۇلىرىنىڭ ئۈستىگە پەمىدۇر تېتىتقۇسى تۆكەلمەيۋاتقان يارىشىملىق كىيىنگەن كىچىك قىزنى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىۋاتقان ئانىسىنى كۆزەتتىم. مېنىڭ ئالدىمدىمۇ ئۈستىدە ئالتۇندەك سېرىق هەرپلەر بار"ALTAT"ماركىلىق ئاشۇ تېتىتقۇدىن بىر قۇتا بار ئىدى. زادىلا ئېچىلمايدىغان، ئېچىلسا كىچىك قىزلارنىڭ كىيىملىرىنى مەينەت قىلىۋېتىدىغان ئۇ قۇتا ئېغىزلىرىنىڭ 30 دانىسىنى ئۈچ ئايدا تويلاپ، قۇتىنىڭ ئاستىدىكى ئادرېسقا ئەۋەتسەم، تەلىيىم چىقىپ قالسا ماڭا فىلورىدادىكى دىسنىي باغچىسىدا بىر هەپتە ئويناش پۇرسىتى بېرىلەتتى. شۇ ئەسنادا ئوتتۇرىدىكى تېلېۋىزوردا ۋاراتاغا بىر توپ كىردى.

هامبۇرگ بولكىسىغا نۆۋەت كۈتۈپ ئۈستەللەردە ئولتۇرۇۋاتقان باشقا ئەر قېرىنداشلىرىم بىلەن توپ كۆرۈۋاتقاندا، كۆز ئالدىمدىكى هاياتقا ئۇيغۇن ئاقىلانىلىق ۋە يۈزەكى بولمىغان ئۈمىدۋارلىق ئېچىمنى قاپلىدى. تېلېۋىزوردا پۇتبول كۆرۈشنى، يەكشەنبىلەردە ئۆيدە ئولتۇرۇپ هورۇنلۇق قىلىشنى، بەزى كېچىلىرى ئىچىپ قويۇشنى، قىزىمنى ئېلىپ پويىزلارنى تاماشا قىلغىلى پويىز ئىستانسىسىغا بېرىشنى، يېڭى پەمىدۇر تېتىتقۇلىرىنى تېتىپ بېقىشنى، كىتاب ئوقۇشنى، خوتۇنۇم بىلەن غەيۋەت قىلىشقاچ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشنى، تاماكا چېكىشنى، هازىرقىدەك خالىغان بىر يەردە ئولتۇرۇپ هۇزۇرلىنىپ قەھۋە ئىچىشنى ۋە

مۇشۇنداق مىگىلارچە ئىشنى ياخشى كۆرەتتىم. كۆتۈنۈشتە بىر ئاز دىققەت قىلسالا، مەسىلەن، كەمپۈتچى سۈرەيىيا ئەپەندىدەك ياشىيالىسام، قانداقلا بولمىسۇن، كەلگۈسىدە بۇ ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ زوقلىنىپ قىلالايدىغان يېرىم ئەسىرلىك ۋاقتىم بار ئىدى... توساتتىن ئۆيۈم، ئايالىم، قىزىمنى كۆرگۈم كەلدى. شەنبە كۈنى ئۆيگە بېرىپ قىزىم بىلەن قانداق ئوينىشىدىغانلىقىمنى، پويىز ئىستانسىسىدىكى تورتخانىدىن ئۇنىڭغا ئالىدىغان كەمپۈتلەرنى، كەچقۇرۇنلىرى قىزىم ھېلىقى باغچىدا ئويناۋاتقاندا ئايالىم بىلەن راۋرۇس، سېغىنىش بىلەن، ھورۇنلۇق قىلماستىن يېقىنچىلىق قىلىشىمنى، ئاندىن ھەممىمىز بىرلىكتە تېلېۋىزورغا قاراپ قىزىمنى قىچىقلاپ كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇشىمىزنى مەستانىلىق بىلەن خىيال قىلدىم.

ئۆيىقۇدىن كېيىن قەھۋە مېنى روھلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئاپتوبۇستا سەھەرگە يېقىن پەيدا بولغان ئۇ تىمتاس جىمجىتلىقتا شوپۇر ۋە ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە سەل كەينىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان مەن ئىككەيلەنلا ئۇخلىمىغانىدۇق. ئاغزىمدا نانە كەمپۈتى، كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ، خۇددى ھاياتىمنىڭ قالغان قىسمىغا ئوخشاش ھېچ تۈگىمەيدىغاندەك كۆرۈنۈۋاتقان بوز دالانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈپتۈز ئاسفالت يولغا نەزىرىمنى تىكىپ، يول ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈك سىزىقلارنى ساناپ، پات-پات ئۆتۈۋاتقان ئاپتوموبىللارنىڭ، ئاپتوبۇسلارنىڭ چىراغلىرىغا دىققەت بىلەن قاراپ سەھەرنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتاتتىم.

سەھەرنىڭ تۇنجى ئالامەتلىرىنى يېرىم سائەت ئۆتمەستىن، مېنىڭ ئوڭ تەرىپىمدىكى دېرىزىدىن (دېمەك شىمالغا كېتىۋاتاتتۇق) كۆرۈشكە باشلىدىم. ئاۋۋال قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە ئاسماننىڭ ۋە يەرنىڭ پاسىللىرى خىيالىي كۆرۈندى. شۇ ئەسنادا بۇ پاسىل سىزىقى بوز دالىدا تولۇق يورۇماي، قاراڭغۇ ئاسماندا بىر

بۆرجىكىدىن يىرتىلغان تاۋاردەك ھالەتتە قىزىل رەڭگە كىردى، ئەمما بۇ ئاقۇش قىزىل سىزىق شۇ قەدەر ئىنچىكە، شۇ قەدەر گۈزەل، شۇ قەدەر ئاجايىپ ئىدىكى، قاراڭغۇلۇقتا قاراپ باشقۇرغىلى بولمايدىغان ئاساۋ ئاتتەك ئۇچقاندەك چېپىۋاتقان جاپاكەشMagirus ۋە ئۇ ئېلىپ كېتىۋاتقان بىز يولۇچىلار توساتتىن ئۆزىمىزنى بىر بەھۇدە، مېخانىك جىددىيلىشىشنىڭ ئىچىدە ھېس قىلدۇق. ھېچكىم، ھەتتا كۆزىنى ئاسفالت يولغا تىككەن شوپۇرمۇ بۇنى ئاڭقىرالمايتتى.

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن سۇس قىزىللاشقان ئۇپۇق سىزىقىنىڭ ئەتراپىغا يېيىلغان بىلىنەر-بىلىنمەس يورۇقلۇقتىن شەرقتىكى قارا بۇلۇتلارنىڭ چۆرىسى ۋە ئاستىلىرى يورۇغاندەك بولدى. ئۇزۇن كېچە سەپىرى جەريانىدا ئاپتوبۇس ئۈستىگە يامغۇرنى تۆكۈپ تۇرغان بۇ ئازغۇن بۇلۇتلارنىڭ سۇس يورۇقلۇقتا كىرگەن ئاجايىپ شەكىللىرىگە قاراۋاتقىنىمدا بىر نەرسىنى بايقىدىم: بوز دالا تېخىچە قاپقاراڭغۇ بولغاچقا، ئالدىمىدىكى كەڭ ئەينەكتە ئاپتوبۇس ئىچىدىكى غۇۋا چىراغدا يورۇغان يۈزۈمنى، گەۋدەمنى ھەمدە ئاشۇ سېھىرلىك قىزىللىقنى، ئاجايىپ بۇلۇتلارنى ۋە سەۋرچانلىق بىلەن بىر-بىرىنى تەكرارلايدىغان يول سىزىقلىرىنى كۆرەلەيتتىم.

ئاپتوبۇسنىڭ ئالدى چىراغلىرى بىلەن يورۇيدىغان بۇ يول سىزىقلىرىغا قاراۋاتقاندا كاللامغا ھېلىقى نەقرات كەلدى. چاقلار سائەت-سائەتلەپ ئوخشاش تېزلىكتە ئايلىنىدۇ، ماتور ئوخشاش رېتىمدا گۈرۈلدەيدۇ، ھاياتمۇ شۇ يوسۇندا تەكرارلانغاندا، ھارغىن ئاپتوبۇستىكى ھارغىن، ئىچى پۇشۇق يولۇچى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىقىرىپ، سىمتاناپ تۇۋۇرۇكلىرى بىلەن بىرلىكتە تەكرارلايدىغان بىر نەقرات بار: ھايات نېمە؟ بىر ۋاقىت! ۋاقىت نېمە؟ بىر ھادىسە. ھادىسە نېمە؟ بىر ھايات، يېڭى بىر ھايات...

مانا مۇشۇنداق تەكرارلاۋاتاتتىم. بىر ياقتىن، ئاپتوبۇسنىڭ ئىچكى قاراڭغۇلۇقى بىلەن سىرتنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئوخشاش بولغان بۇ سېھىرلىك پەيتتە، ئالدى ئەينەكتىكى كۆرۈنۈشۈمنىڭ قاچان يوقىلىدىغانلىقى ۋە قاراڭغۇ بوز دالىدا تۇنجى ئېغىل كۆلەڭگۈسىنىڭ ۋە دەرەخ خىيالىتىنىڭ قاچان كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئۆزۈمدىن سوراۋاتاتتىم، توساتتىن بىر نۇر كۆزۈمنى قاماشتۇردى.

ئۇ يېڭى نۇردا، ئاپتوبۇسنىڭ ئوڭ تەرەپ ئالدى ئەينىكىدە پەرىشتىنى كۆردۈم.

ئۇ مەندىن سەل نېرىدا، ئەمما مەندىن شۇنچىلىك يىراقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ بىلدىم: ئۇ چوڭقۇر، يالىڭاچ، كۈچلۈك نۇر مەن ئۈچۈن ئۇ يەردە ئىدى. Magirus پۈتۈن تېزلىكى بىلەن بوز دالىدا ئىلگىرىلەۋاتسىمۇ، پەرىشتە ماڭا يېقىنلاشمايتتى، يا مەندىن يىراقلاشمايتتى. ئۇنىڭ پارلاق نۇرى ۋەجىدىن ئۇنىڭ نېمىگە دەل ئوخشىغانلىقىنىمۇ كۆرەلمەيۋاتاتتىم، ئەمما ئىچىمدە جانلىنىۋاتقان قىزىقچىلىق تۇيغۇسى، يەڭگىللىك، ئەركىنلىك سەۋەبىدىن ئۇنى تونىغانلىقىمنى بىلدىم.

ئۇ نە پارس رەسساملىرىدىكى پەرىشتىگە ، نە كەمپۈت قەغەزلىرىدىكى پەرىشتىگە ئوخشىمايتتى، نە ياۋروپا پەرىشتىلىرىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرىدىكى پەرىشتىگە، نە نەچچە يىلدىن بۇيان خىيالىمدا ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن نەرسىگە ئوخشىمايتتى.

توساتتىن ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېگۈم، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇم كەلدى. بەلكىم بۇ تېخىچە داۋاملىشىۋاتقان بىلىنەر-بىلىنمەس قىزىقچىلىق، ھەيرانلىق تۇيغۇسى تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك. ئەمما ئاۋازىم چىقمىدى، ئەنسىرىدىم. مەن دەسلەپ ھېس قىلغان دوستلۇق، يېقىنلىق ۋە شەپقەت ئىچىمدە تېخىچە تىرىك ئىدى؛ بۇلار بىلەن بەخت تاپماقچى بولدۇم ھەم بۇنىڭ نەچچە يىلدىن

بۇيان مەن كۈتۈۋاتقان بىر پەيت ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ ماگىنا ئاپتوبۇس تېزلىكىدىنمۇ تېز ھالدا كۆچىيىۋاتقان قورقۇنچۇمنى بېسىش ئۈچۈن ۋاقىتنىڭ، بالا-قازانىڭ، ھۇزۇرنىڭ، ئەسەرنىڭ، ھاياتنىڭ، يېڭى ھاياتنىڭ سىرلىرىنى تەقدىم قىلىشىنى ئارزۇ قىلدىم. ئەمما ئاقمىدى.

ئۇ مەندىن قانچىلىك يىراق، قانچىلىك ئاجايىپ بولسا شۇنچىلىك رەھىمسىز ئىدى. بۇ ئۇنىڭ رەھىمسىز بولماقچى ئىكەنلىكىدىن ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ شاھىد بولغانلىقى ۋە ئۇ چاغدا باشقا ھېچقانداق ئىش قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. ئۇ پەقەت غۇۋا قاراڭغۇ بوز دالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، Magirus نىڭ غىچىرلاپ تۇرغان ئالدى ئورۇندۇقىدا، ئىشەنگۈسىز سەھەر نۇرىدا جىددىيلىك ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە ئولتۇرغان مېنى كۆرۈۋاتاتتى. كەم-كۈتىسىز رەھىمسىزلىكنىڭ، چارىسىزلىقنىڭ چىدىغۇسىز كۈچىنى سەزدىم.

ئىختىيارسىز ھالدا شوپۇرغا قارىغىنىمدا، يورۇقلۇقنىڭ پۈتۈن ئالدى ئەينەكنى پەۋقۇلئاددە بىر كۈچتە قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئاتمىش-يەتمىش مېتىر نېرىدا ئۆتۈشۈپ كەتكەن ئىككى ئاپتوموبىل ئالدى چىرىغىنى بىزگە توغرىلاپ، بىزنى باستۇرۇش ئۈچۈن تېز يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. بالا-قازادىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى تۇيدۇم.

نەچچە يىللارنىڭ ئالدىدا بېشىمدىن كەچۈرگەن بالا-قازالاردىن كېيىن ھېس قىلغان ئۇ ھۇزۇرنىڭ كۈتۈلگەن نەتىجىسىنى ئەسلىدىم. بالا-قازادىن كېيىن خۇمارلىق ھالدا بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن "ئۆتۈش" تۇيغۇسىنى: يا ئۇ ياقتا، يا بۇ ياقتا بولالمىغان يولۇچىلارنىڭ بىر-بىرلىرى بىلەن جەننەتتىن قالغان بىر ۋاقىتتىن قېرىنداشلارچە تەڭ بەھرلىنىۋاتقاندەك بەختىيارلىق ئىلكىدە تولغىنىشلىرى يادىمدىن كەچتى. بىر دەمدىن كېيىن، ئۇخلاۋاتقان بارلىق يولۇچىلار ئويغىنىدۇ، سەھەرنىڭ جىمجىتلىقىنى

خۇشال ـ خورام ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار، قارىغۇلارچە ۋارقىراشلار بۇزىدۇ، ئىككى دۇنيا ئارىسىدىكى ئىشىكتە، يەرنىڭ تارتىش كۈچىگە ئۇچرىمايدىغان بىر ماكاننىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس چاقچاقلىرىنى تاپقانىدەك، قانلىق ئىچكى ئەزالارنىڭ، تۆكۈلگەن مېۋىلەرنىڭ، تىتىلغان بەدەنلەرنىڭ ۋە يىرتىلغان چامادانلاردىن ئېتىلىپ چىققان تارغاقلارنىڭ، ئاياغلارنىڭ ۋە باللار كىتابلىرىنىڭ بارلىقىنى ھەممىمىز بىرلىكتە ھەيرانلىق ۋە ھاياجان ئىلكىدە بايقايتتۇق.

ياق، ھەممىمىز بىرلىكتە ئەمەس. ئۇ تەڭداشسىز پەيتنى باشتىن كەچۈرەلەيدىغان تەلەيلىكلەر  بالا ـ قازا ئاجايىپ قاتتىق بىر ئاۋازدا پارتلىغاندىن كېيىن، ئارقا ئورۇندىكى ساق قالالىغان يولۇچىلارنىڭ ئارىسىدىن چىقاتتى. ئەڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ۋە كېلىۋاتقان ئاپتوموبىللارنىڭ چىرىغىغا  كىتابتىن چىېچىلغان ئاجايىپ نۇرغا كۆزلىرى قاماشقان ھالدا  ھەيرەت، قورقۇنچ ئىلكىدە قارىغانىدەك قاراۋاتقان مەن بولسام دەرھال يېڭى بىر دۇنياغا ئۆتۈپ كېتەتتىم.

بۇنىڭ ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرى ئىكەنلىكىنى تۇيدۇم. ھالبۇكى، مەن ئۆيۈمگە قايتماقچى ئىدىم؛ يېڭى بىر ھاياتقا ئۆتۈشنى ــ ئۆلۈشنى زادى خالىمايتتىم.

1992 ـ 1994 ـ يىللار، ئىستانبۇل

# ئۇيغۇرچە نەشرىگە تۇگەنچ سۆز

2006 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى، مەشھۇر يازغۇچى ئورخان پامۇك جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى چەت ئەل ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئورنىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 2008 - يىل 21 - ماي جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلدى. نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن ئاپتورنىڭ «يېڭى ھايات»، «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئىشلىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، نەشرىياتىمىزدىن ئۈچ مۇھەررىر ئاپتورنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە قانداق ئوي - ئۈمىدى بارلىقىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكىدە 23 - ماي ئاپتور لېكسىيە سۆزلەۋاتقان زالغا باردۇق. لېكسىيىدىن كېيىن ئاپتور بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق. ئاپتور بىز بىلەن تولىمۇ قىزغىن كۆرۈشتى. سالام - سەھەتلەردىن كېيىن ئاپتور بېيجىڭ ۋە شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەردىكى پائالىيىتىنىڭ تولىمۇ زىچ ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى، ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن تا كەچكىچە بولغان ۋاقتىنىڭ زىيارەت كۈنتەرتىپى بويىچە ئۆتىدىغانلىقىنى، بۇ ئارىلىقتىكى ۋاقتىغا ئۆزىنىڭ ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئازراق ئۆكۈندى، شۇنداقتىمۇ ئاپتور پائالىيەت تەشكىللىگۈچى تەرەپ ئادەملىرىنىڭ ھەدەپ ئالدىرىتىشىغا پەرۋا قىلماي بىز بىلەن ئون نەچچە مىنۇت قىزغىن پاراڭلاشتى. بىزمۇ ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ ھەقىقەتەن قىسلىقىنى ھېس قىلىپ كېلىش مۇددىئايىمىزنى ئۇدۇللا ئېيتتۇق. ئورخان پامۇك ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە بېيجىڭدىكى مەزگىلدە جەزمەن ۋاقىت چىقىرىپ بىز بىلەن تەپسىلىي پىكىرلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئالاقە نومۇرلىرىمىزنى قالدۇرۇپ خوشلاشتۇق.

25 ـ ماي شىدەندىكى بېيجىڭ كىتاب سارىيىدا ئاپتورنىڭ ئىمزا قويۇپ كىتاب سېتىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتتىن كېيىن بىز ئاپتور بىلەن يەنە كۆرۈشتۇق. ئاپتور ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە بېغىشلىما يېزىپ بەردى ھەمدە ئەسەرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ بىزگە مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلدى: "ئەسەرلىرىمنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇشنى ئويلاشقىنىڭلاردىن تولىمۇ سۆيۈندۈم. ئەسەرلىرىم ھازىرغا قەدەر قىرىق نەچچە خىل تىلدا نەشر قىلىندى. سىلەر ئامال بار تۈركچىدىن بىۋاستە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلساڭلار. ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە نەشر نۇسخىلىرىدا كېتىپ قالغان يەرلەر بار ئىكەن. «يېڭى ھايات»نى «ئىستانبۇل»، «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل»دىن كېيىنرەك نەشر قىلساڭلار ياخشىراق بولاتتى. چۈنكى «يېڭى ھايات» تىلى ئېغىر، قۇرۇلمىسى ئۆزگىچىرەك ئەسەر. مەن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان بۇ تۇنجى ئەسىرىم بىلەن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىمنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشنى خالىمايمەن."

ئاپتور يەنە باشقا ئەسەرلىرىنىمۇ ئۇيغۇرچە نەشر قىلىپ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇشىمىزغا ئىجازەت بېرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا بېرىش ئارزۇسى بولسىمۇ، بۇ قېتىم ۋاقتىنىڭ قىس بولۇشى سەۋەبلىك مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە بولغان سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشىمىزنى ئېيتتى. ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن سۆھبىتىمىز تولىمۇ قىسقا بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئاساسلىق مەقسەتلەرنى دېيىشكە ئۈلگۈردۇق ۋە ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىشىمىزغا ئىجازەت بېرىپ بېغىشلىما يېزىپ بەرگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتىپ خەيرلەشتۇق.

بۇ كىتاب تۈركىيە ئىلەتىشىم نەشرىياتىنىڭ 1994-يىل 1-نەشرى، 2002-يىل ئىستانبۇل 66-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据土耳其伊勒特欣出版社 1994 年第一版，2002 年伊斯坦布尔第 66 次印刷版本翻译出版。

تەكلىپلىك تەھرىر: توختى ھاجى تىللا
مەسئۇل مۇھەررىر : ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتور: مەلىكە ئابدۇقادىر

ئورخان پامۇك ( تۈركىيە)

# يېڭى ھايات

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەنۋەر مۇھەممەت

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 - 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ يىخۇي باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2008-يىل 7-ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2008-يىل 7-ئايدا بېيجىڭدا 1- قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850 × 1168م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 12
سانى : 4000 - 0001
باھاسى : 20.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-09189-8/I. 1903 (维 273)

特约编辑：托合提·提拉
责任编辑：牙库甫
责任校对：美丽克·阿不都卡德尔

图书在版编目(CIP)数据

新人生：维吾尔文/（土）帕慕克（pamuk,O.）著；
安瓦尔·买买提译.一北京：民族出版社，2008.3
ISBN 978-7-105-09189-8

Ⅰ.新… Ⅱ.①帕…②安… Ⅲ.长篇小说—土耳其—现代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I374.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2008)第039184号

出版发行：民族出版社 http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街14号 邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京艺辉印刷有限公司
版　　次：2008年7月第1版
2008年7月北京第1次印刷
开　　本：850×1168毫米 32开
印　　张：12
印　　数：0001-4000册
定　　价：20.00元
ISBN 978-7-105-09189-8/I.1903（维273）